ئايشەم ئەخمەت



# ئۆچمەس ئىزلار




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئايشەم ئەخمەت

# ئۆچمەس ئىزلار

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: بەختى روزى
ئەخمەت ھاشىم

# ئوچەس ئىزلار

ئايشەم ئەخمەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئىلى يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 850 × 1168 ملليمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 10098 · 704
تىرازى: 1—20,000
باھاسى: 0.83 يۈەن

## قىسقىچە مەزمۇنى

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا 1912 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇمۇلدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى زالىم ۋاڭ شامەخسۇتنىڭ ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ قۇمۇل خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە، زۇلمىنى پاش قىلىدۇ. شۇنداقلا تىپىك قەھرىمان باتۇر، موللانىيازلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق قۇمۇل خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ۋاڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

قەيەردە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. شامەخسۇتنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا قەددى پۈكۈلۈپ چىقىش يولى تاپالماي قالغان خەلق پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئاخىرى ۋاڭغا قارشى قوزغىلىدۇ. كۈرەشلەپ خۇدىنى بىلمەي قالغان شامەخسۇت بىر مەھەل قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئۇ چاغدا خەلقىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئازاتلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. لېكىن خەلقىنىڭ باتۇر، قەيسەر روھى كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارغا ھەقىقى ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

رومانىدا يەنە قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى، خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىشىلەرنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باپ........................................ 1
ئىككىنچى باپ........................................ 13
ئۈچىنچى باپ........................................ 29
تۆتىنچى باپ........................................ 44
بەشىنچى باپ........................................ 54
ئالتىنچى باپ........................................ 66
يەتتىنچى باپ........................................ 85
سەككىزىنچى باپ........................................ 95
توققۇزىنچى باپ........................................ 111
ئونىنچى باپ........................................ 121
ئون بىرىنچى باپ........................................ 136
ئون ئىككىنچى باپ........................................ 156
ئون ئۈچىنچى باپ........................................ 168
ئون تۆتىنچى باپ........................................ 177
ئون بەشىنچى باپ........................................ 199
ئون ئالتىنچى باپ........................................ 215
ئون يەتتىنچى باپ........................................ 223
ئون سەككىزىنچى باپ........................................ 241
ئون توققۇزىنچى باپ........................................ 256
يىگىرمىنچى باپ........................................ 268
يىگىرمە بىرىنچى باپ........................................ 281
يىگىرمە ئىككىنچى باپ........................................ 299

يىگىرمە ئۈچىنچى باپ........................................ 312

يىگىرمە تۆتىنچى باپ........................................ 326

يىگىرمە بەشىنچى باپ........................................ 341

يىگىرمە ئالتىنچى باپ........................................ 354

يىگىرمە يەتتىنچى باپ........................................ 365

يىگىرمە سەككىزىنچى باپ........................................ 381

يىگىرمە توققۇزىنچى باپ........................................ 390

ئوتتۇزىنچى باپ........................................ 402

ئوتتۇز بىرىنچى باپ........................................ 413

ئوتتۇز ئىككىنچى باپ........................................ 421

ئوتتۇز ئۈچىنچى باپ........................................ 431

## بىرىنچى باپ

يارىمنىڭ يارى بولسام،
يايلاقنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

توت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان 40 — 50 تۈتۈنلۈك بۇ كىچىككىنە تاغلىق يېزىنىڭ بىر تەرىپىدە قېلىن قارىغايلىق، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا، قىش - ياز ئېرىمەيدىغان قارلىق چوققىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قارلىق تاغ تەرەپتىن باشلانغان بىر غول ئېقىن مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. ئېقىن سۇنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ تىنىمسىز شاقىراشلىرى يېزىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاملىرىنىڭ تەگىدىن تولىسى قۇرام تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىغىنا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە باقى ئىسىملىك قويچى ئولتۇراتتى. ئۇ بۈگۈن قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ، قوي قوتىنىنىڭ قار ئاستىدا قالماسلىقى ئۈچۈن قوتان ئەتراپىغا قاشا ياساشقا كىرىشكەن ئىدى. ئوغلى باتۇرنى قارىغاي شاخلىرىنى كېسىپ تەييارلاپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى قاشا ئورنىنى ئويۇۋاتاتتى. باقى قويچى ئوتتۇرا بوي، قارا قاش ئادەم بولۇپ، كالتە قارا بۇرۇتلىرى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ خېلى ئىشلىگەندىن كېيىن سەل چارچاپ، گۈرجەگىنى يەرگە قويدى - دە، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتتى ۋە

ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە سايە قىلىپ كۈننىڭ كوزىنى قاماشتۇرغۇچ نۇرلىرىنى توسقان ھالدا ئوغلى باتۇر كەتكەن قارىغايلىق تەرەپكە قارىدى. قېلىن قارىغايزارلىق ئىچىدە ئىشلەۋاتقان باتۇر قارىغاي شاخلىرىنى كېسىپ، دوۋە-دوۋە قىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەربىر دوۋە ئاستىغا قويغان ھەم ئۇزۇن، ھەم يوغان شاخنىڭ غولىدىن تۇتۇپ پەسكە سورەپ ماڭدى. ئۇ شۇنداق تېز ھەم ئەپچىللىك بىلەن ئىشلەپ، بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا كەسكەن شاخلىرىنى پەسكە چۈشۈرۈۋالدى-دە، يۈز-كوزلىرىدىكى تەرلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بىرئاز دەم ئېلىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاخلارنى توشۇشقا باشلىدى.

باقى قويچى يىراقتىن شاخلارنى كوتىرىپ كېلىۋاتقان ئوغلىنى كورۇپ كوڭلى سۆيۈنگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: "مانا، ھايت-ھۇيت دىگۈچە ئوغلۇممۇ ئەسقىتىپ قالدى. پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولۇۋاتامدۇ؟" باقى قويچى ياردەملىشىش ئۈچۈن ئوغلى تەرەپكە ماڭدى.

باتۇر يىراقتىن دادىسىنى كورۇپ:

— دادا، بولدى سەن كەلمە. ئارام ئال، ئۆزەم توشۇۋېرىمەن، — دەپ ۋاقىرىدى.

— ماقۇل ئوغلۇم، — دىدى باقى قويچى كۈلۈپ تۇرۇپ، — داداڭنى ئاياۋاتىسەن-دە، بوپتۇ، ئىشلە، "يامغۇر بىلەن يەر كوكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر" ئىشچان بولساڭ باشقىلار ئالدىدا خار بولمايسەن — ئوغلۇم!

باتۇر كوتىرىپ كەلگەن شاخنى يول ياقىسىغا ئەپكېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن يەنە قارىغايلىققا ماڭدى.

— ئوغلۇم، — دىدى قويچى باتۇرنى يېرىم يولدا توختىتىپ، — شاخلارنى كوتەرمەي سورەپ كەل، جاپا تارتىپ قالىسەن.

— سورەپ كېلەي دىسەم، سىڭلىم ئوينايدىغان ئاۋۇ چىراي-

لىق گۈللەرنى چەيلىۋېتىدىكەن، — دېدى باتۇر رەڭگا-رەڭ
ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كورسىتىپ تۇرۇپ.

باقى قويچى كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ھەقىقەتەن
قىزى گۈلشەن ھەركۈنى مۇشۇ يەردىن دەستە-دەستە، رەڭدار
گۈللەرنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىغا بېرەتتى، ئۇينىڭ توردىكى ئويۇقلارغا
تىزىپ قوياتتى ياكى بۇ گۈللەردىن ھەرخىل نەرسىلەرنى ياساپ
ئويناپتتى. باقى قويچى ئوغلىنىڭ بەكمۇ زېرەكلىكىدىن مەمنۇن
بولۇپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى.

باتۇر شاخلارنى يىغىپ تۇرۇپ: "راست، سىڭلىم گۈلشەن
دوستى گۈلدەستە بىلەن بۈگۈن نەدە ئويناۋاتقاندۇ؟ ئەجەپ
بۇياققا كەلمىدى!" دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ
بۇ خىيالىنى مەھەللە تەرەپتىن ئورمانلىققا قاراپ كېلىۋاتقان
ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىشى بۇزۇۋەتتى. باتۇر يىراقتىنلا ھارۋا
ھەيدەپ كېلىۋاتقان كىشىنى تونۇدى-دە، خوشاللىقتىن شۇ
تەرەپكە قاراپ تايچاقلاردەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

— سادىق ئاكا، بۇ ھارۋىنى بىزگە ئەپكەلدىڭمۇ؟ — دېدى
باتۇر چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ، — بىر نەچچە كۈنلۈك ئىشنى بىر
كۈندىلا تۈگىتىمىزكەن-دە!

— قويلارنى يايلاققا قويۇۋېتىپ، ئاكامغا ئازراق ياردەملىشەي
دەپ مېڭىۋىدىم، تەلىيىمگە مەھەللىگە كەلگەندە گالى پالۋان
ئۇچرىشىپ قالدى دېگىنە، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى سادىق
ھارۋىنى توختىتىپ، — سالام بەردىم، "نەگە ماڭدىڭ ئۇكام"
دېدى. "ئاكام قاشا ياسىماقچىدى، باتۇر ئورمانلىقتا قارىغاي
شاخلىرىنى كېسىۋاتىدۇ، شۇلارغا ياردەملىشەي دەپ كېتىپ
بارىمەن" دېدىم. "شاخ توشۇيدىغان ئىش بولسا جاپا تارتىپ
قالمىسىلەر، بىزنىڭ ھارۋىنى ئېلىپ بار" دېدى. خوشال بولۇپ
كېتىپ "رەھمەت ئاكا" دېدىم-دە، ھارۋىنى ئېلىپ بۇياققا

ماگدىم. شاخلىرىڭ نەدە، ھارۋىغا چىق!

باتۇر سەكرەپ ھارۋىغا چىقتى ۋە سادىقنىڭ قولىدىن كالنىڭ ئاغامچىسىنى ئېلىپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— گالى پالۋان دىگەن ياخشى ئادەم ئوخشىمامدۇ، سادىق ئاكا؟

— سەن بىلمەيسەن ئۇكا، ئۇ كۆڭلى تۈز، ۋىجدانلىق ئادەم. ئۇنىڭ دادىسى ئوردىدا سوراقچى، لېكىن سوراقچى بولغان بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ناھايىتى ئادىل، ئوبدان ئادەممىش.

— ئوردىدىمۇ ياخشى ئادەملەر بولامدۇ، سادىق ئاكا؟ — باتۇر ھەيران بولۇپ سورىدى.

— سەن ھىلىقى بىزنى ئوقۇتقان ياش ئاخۇنۇم موللانىياز دىگەن كىشىنى بىلەمسەن، ھە، شۇ كىشىمۇ ئاشۇ گالى پالۋاننىڭ دادىسى سۇلتان ھاجى تاغلىقلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتسۇن، دەپ بىز تەرەپكە چىقارغان ئىكەن، كېيىن بۇ موللىمىزنىڭ تاغلىقلار ئىچىدە ئابرويى ئوسۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم دوغا① كورەلمەي ھەدىسلا ئۇنى: "گادايلارنى يولىدى، بايلارغا تىل تەككۈزدى، گادايلارنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى" دەپ ئوردىغا چېقىپتۇ. موللىمىز بۇ يەردىن شۇڭا كېتىپ قالغان ئىكەن.

باتۇرنىڭ كۆز ئالدىغا تاغلىق كەمبەغەللەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويغان، مېھرى ئىسسىق موللىسى كەلدى. "ھە، ئىش مۇنداقكەن-دە، موللىمىز ئىبراھىم دوغا دىگەن چايانىڭ كاساپىتىدىن كېتىپ قالغان ئىكەن-دە.

— بىلەمسەن، ئاشۇ موللىمىز گالى پالۋاننىڭ دادىسىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىگى توغرىسىدا كىشىلەرگە بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن ئىكەن.

باتۇر بىر چاغلاردا ئالدىغا ئۈچ پارچە كېسەكنى تىزىپ

---

① دوغا — قۇمۇلدا دورغا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەنسەپلىرىنىڭ بىرى.

قويۇپ، تېرە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىر پارچە تاختىغا خەت
يېزىپ ئۆگەنگىنىنى، ئاشۇ ئاقكۆڭۈل موللىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقى
بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە گۈلشەن، گۈلدەستىگە ئوخشاش نۇرغۇن
بالىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ موللىسىنى
سېغىندى.

— ئۇ موللىمىز ھازىر نەدىكەن سادىق ئاكا؟ — دېدى
باتۇر.

— ئىلگىرى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىستە يەنە ئوقۇۋاتىدىكەن.

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن قارىغاي شاخلىرى توپلانغان
جايغا كېلىپ قالدى. باتۇر ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كالىنىڭ
ئاغامچىسىنى ئارچا دەرىخىگە باغلىدى. ئاندىن دۆۋىلەنگەن
شاخلارنى رەتلەپ ھارۋىغا بېسىشقا باشلىدى. باتۇر بەكمۇ خۇشال
بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىش قىلغاچ بىردەم ناخشا ئېيتاتتى،
بىردەم ئىسقىرتاتتى. سادىق باتۇرنىڭ بۆلەكچىلا خۇشاللىقىغا
قاراپ: "بۇ بالا كىچىكىدىنلا شۇنداق ئىشلەمچان، ئەقىللىق بىر
بالا بولدى" دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ھارۋىغا
لىقمۇ-لىق بېسىلغان قارىغاي شاخلىرى ئۈستىدىن ئاغامچىنى
تاشلاپ، ھارۋىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزدى-دە، دېلاپ تۇرۇپ
باغلىدى. ئۇ باتۇرنىڭ ھارۋىنى ھەيدەشكە خۇشتار بولۇپ
ئالدىراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— باتۇر، ھارۋىنى سەن ھەيدەپ بېرىپ، تۆكۈۋېتىپ كەل،
مەن قالغانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇراي، — دېدى.

باتۇر خۇشاللىقىدا قامچىنى ئېگىز كۆتىرىپ، كالىنىڭ ئاغام-
چىسىنى سىلكىپ تارتىپ دېۋىتتى. ئىككى كالا پۇشۇلداپ مېڭىپ
كەتتى.

باقى قويچىنىڭ ئىنىسى سادىق ئوتتۇرا بوي، كەڭ كۆكرەكلىك،
ئاكىسىغىلا ئوخشايدىغان، ئەگتۇشلىرى ئىچىدە خۇش چاقچاق،

ئوچۇق كۆڭۈللۈكلۈكى بىلەن نامى چىققان يىگىت ئىدى. ئۇ بۇ يىل يىگىرمە ياشتىن ھالقىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سادىقنىڭ كۆڭلىدە ئاللاقانداق ئارزۇ-ئۈمىتلەر ئويغىنىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا بۈگۈن بۇ ھەيۋەتلىك قارىغايلىق ئۇنىڭ دۇشۇ ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى قوزغىغان بولسا كېرەك. يۈرەك ساداسىنى — خۇش ئاۋاز ناخشا بىلەن ئىزھار قىلىشقا باشلىدى:

جانىۋار تاپسا دەرەخنى،
بىردەم ئۈچۈپ بىردەم قونۇر.
ئارزۇلۇق يارىنى كۆرسە
ئۇسىغان باغرى قانۇر.

مەن ماڭدىم يوللار قاراڭغۇ،
جۈپ چىراق ئالدا كېرەك.
يارغىنەم يالغۇز ياتامدۇ،
يارغىمۇ ھەمرا كېرەك.

سادىقنىڭ خۇش ئاۋازىنى لەرزان سوققان تاغ شامىلى يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. قارىغايلىق ئىچىدىكى خىلمۇ-خىل ئۇچار قۇشلار گويا ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن مەمنۇن بولغاندەك شاختىن-شاخقا سەكرىشەتتى.

بۈگۈن باقى قويچىنىڭ دائىم ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ: "ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن خۇدايىم" دەيتتى ئۆز-ئۆزىگە.

باتۇر بىلەن سادىق قارىغاي شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، باقى قويچى قوتاننى ئايلاندۇرۇپ ئويۇپ چىققان ئېرىققا زىچ

قىلىپ بارخان تىكلىدى، ئاندىن ئىككى تەرىپىنى تۇپا بىلەن چىڭداپ چىققاندىن كېيىن تاش قويۇپ مۇستەھكەملىدى.

ئەتىگەندىن تىنماي ئىشلەپ چارچىغان باتۇر ئۇستەڭگە بېرىپ يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ، قىرغاقتا ئولتۇرۇپ بىر ئاز ئارام ئالدى. كۈن ئاستا-ئاستا تاغنىڭ كەينىگە موكىمەكتە ئىدى. ئۇ يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئاپپاق قويلارغا، كىچىككىنە قۇيرۇقلۇق پاخلانلارغا، سەكرەپ يۈرگەن ئوغلاقلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

باتۇرنىڭ بوغداي ئوڭلۈك، ئوماق چىرايىدىن نۇر يېغىپ، قاپ-قارا يوغان كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. باتۇرنىڭ چىراي شەكلى بەئەينى دادىسىغا ئوخشايتتى. يېشىنىڭ ئەمدىلا 14 تىن ئاشقىنىغا قارىماي جۇغدۇن، كۈشتۈنگىر يىگىتلەرنىڭ تۈسىنى ئالغان ئىدى. ئۇ تەگتۇشىرى ئارىسىدا خېلى بەستلىك، قابىل كورۈنەتتى. ئۇ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك دەرھال قولىنى يانچۇغىغا سالدى-دە، يانچۇغى-دىن كىچىككىنە يۇلغۇن ئاچىسىدىن ياسىۋالغان رەگەتكىسىنى ئېلىپ كوزى يەتكۈدەك يەردە كورۈنۈپ تۇرغان ئاق تاش ياكى قارا تاشنى بەلگە قىلىپ چەنلەپ تاش ئېتىپ ئويناشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇستەڭنىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىن "ئاپا، ئا-ا" دىگەن ئەنسىز ئاۋاز ئىشتىلدى. باتۇر ئۇچقاندەك شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. سىڭلىسى گۈلشەن بىلەن خوشنىسىنىڭ قىزى گۈلدەستە قىزىل گۈللۈك باسما كوينەكنىڭ ئېتەكلىرىدىكى زىرىق مىۋىسىنى تۈتقان پېتى بىر نەرسىدىن قورققاندەك يوغان بىر تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان ئىدى.

— نىمە بولدى؟ — دىدى باتۇر يېتىپ كېلىپ.

قىزلار قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ ئاستاغىنا:

— ئىلان، ئىلان، — دىيىشتى. باتۇر چوچۇپ:

— قېنى؟ — دېگىنىچە تاش تۈۋىلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— ئاۋۇ چار تاشنىڭ تۈۋىدە، چار ئىلان، ئوبدان قارا، ئاكا. ئۆزەڭگە پەخەس بول. قارا، ئۇ بىزگە تىلىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى گۈلشەن.

باتۇر چار تاش تۈۋىدىكى ئىلاننى كوردى. ئۇ قىزلارنى: "جىم تۇرۇڭلار" دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كوك تاشنىڭ كەينىگە ئۆتتى-دە، رەگەتكە بىلەن قارىغا ئېلىپ ئاتتى. تاش نەق ئىلاننىڭ كوزىگە تەگدى. ئۇ نەچچە قېتىم تولغىنىپ ئاخىرى يوغان بىر نانەك دۆگىلەك بولۇپ قالدى.

— ئۆلدى، ئۆلدى! — دەپ تەڭلا ۋاقىراشتى قىزلار. ئاندىن باتۇر گۈلشەن بىلەن گۈلدەستىگە قاراپ:

— سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟ دادام دائىم "ئۇ ياققا بارماڭلار، ئىلان بار" دەيتتىغۇ، يەنە نېمىشقا كەلدىڭلار؟ — دېدى.

— ئاپامغا دورا تەرگەن، — دېدى گۈلشەن ۋە ئېتىكىدىكى قىپ-قىزىل مارجاندەك زىرىقنى كورسەتتى. گۈلدەستىمۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئېتىكىنى ئېچىپ:

— مانا، مەنمۇ ئاپىڭىزغا دورا تەردىم، — دېدى.

باتۇر بىردىنلا ئاچچىغىدىن يېنىپ گۈلدەستىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ چاخچاق قىلدى:

— جۇۋاپسىز، بىر كۈنى ھەققىڭىزنى بېرىۋېتەرمەن... ۋاي-ۋۇي... تازىمۇ جىق تېرىپسىلەرغۇ؟ بۇ، ئاپامغا نەچچە يىلغىچە دورا قىلىشقا يېتىدۇ. مۇندىن كېيىن بۇ ياققا كەلمەڭلار، جۇمۇ بوۋغۇم!

گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. گۈلدەستە باتۇرغا

ئەكىلەپ:

— قېنى مېنىڭ ھەققىمنى قاچان بېرىسىز باتۇر ئاكا؟ — دېدى.

— سىز چوڭ بولغاندا بېرىۋېتىمەن.

— نىمە بېرىسىز؟

— نىمە سورىسىڭىز شۇنى بېرىمەن.

— ياق، ماڭا مۇشۇ رەگەتكىڭىزنى بېرىڭ باتۇر ئاكا، — دېدى گۈلدەستە باتۇرنىڭ قولىدىكى رەگەتكىگە ئېسىلىپ.

— رەگەتكىنى سىزگە بېرىۋەتسەم، ھالقىدەك ئىلانىنى نىمە بىلەن ئۆلتۈرىمەن؟

— ئۆزىمىز ئۆلتۈرۈۋېرىمىز - دە، — دېدى گۈلدەستە ئالدىراپ. باتۇر كۈلۈپ كەتتى، گۈلشەنمۇ گۈلدەستىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ رەگەتكىنى تالىشىشقا باشلىدى.

— ۋاي ئەخمەقلەر، سىلەر رەگەتكە ئېتىشنى بىلەمسىلەر! — دېدى باتۇر ۋە گۈلدەستىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنچۇ ھەققىڭىزگە شۇنداق چىرايلىق بىر پاخلان بېرەي بولامدۇ؟

— پاخلان؟ پاخلانلارنىڭ ھەممىسى گاڭ خوجامنىڭ تۇرسا، نەدىكى پاخلاننى بېرەتتىڭىز؟

— ئەمىسە كالا بېرەي، — دېدى باتۇر يەنە قىزىقچىلىق قىلىپ. گۈلشەن بىلەن گۈلدەستە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— گاڭ خوجامنىڭ بىر كالىسى يوقالسا، ئۇن قوي تولەتتۇۋا - لىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇن قوينى نەدىن تاپىسىز؟ — دېدى گۈلدەستە.

— توگە بەرمەمدىمەن!

ئىككى قىز يەنە كۈلدى.

— بىر توگىنى ماڭا بەرسىڭىز، گاڭ خوجامغا ئۇنبەش قوينى نەدىن تېپىپ بېرىسىز؟ — دېدى يەنە گۈلدەستە. باتۇر بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا باقى قويچىنىڭ يىراقتىن

گۈلشەننى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلشەن يۈگۈرگىنىچە دادىسى تەرەپكە كەتتى. گۈلدەستىمۇ ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، باتۇر توختاتتى:

— ھە، مەن سىزگە بىر پاخلان، بىر كالا. بىر تۇگە بېرىدىغان بولدۇم، سىز ماڭا نىمە بېرىسىز؟

باتۇر شۇ گەپنى قىلىغاچ ياپ - يېشىل ئوتلاق ئۈستىدە ئولتۇردى.

— مەنمۇ؟ — گۈلدەستە قەلەمدەك قاشلىرىنى، خۇما كوزلىرىنى ئويىنىتىپ بېشىنى سىلىكيان قىلىپ كۈلدى، — مەنمۇ، مەنمۇ سىزگە چىرايلىق بىر نەرسە بېرىمەن. گۈلدەستە شۇ گەپنى قىلىپلا قېچىشقا ئورۇنغان ئىدى، باتۇر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ سورىدى:

— نىمە ئۇ ئېيتىڭا؟

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، ئاندىن ئېيتىمەن.

— قاچمايسىز - ھە؟

— قاچمايمەن.

باتۇر ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى.

— زۇمرەت ئاچام سادىق ئاكامغا شۇنداق چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىق تىكىۋاتىدۇ. ئاستاغىنا شۇنى ئېلىۋېلىپ سىزگە بېرىمەن، — گۈلدەستە يەنە كېتىشكە تەمشەلدى. باتۇر گۈلدەستىنىڭ قولىدىن تۇتتى:

— زۇمرەت ئاچىڭىز سادىق ئاكامغا قانداق كەشتە ياغلىق تىكتى، سىز كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىغا كېپىنەك، بىر ئۇچىغا شۇنداق چىرايلىق بىر دانە گۈل تىكىپتۇ. تۈنۈگۈن زۇمرەت ئاچام بىر دوستىغا شۇنداق دەۋېتىپتىكەن ئاڭلىۋالدىم. قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، بولمىسا ئاپامغا دەيمەن.

باتۇر دەرھال گۈلدەستىنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى. گۈلدەستە قاچتى.

— ھەي يالغانچى توختاڭچۇ، — دېدى باتۇر ئۇناۋك قىلىپ، — راستىنلا ئاپىڭىزغا ئېيتامسىز؟

— ياق-ياق ئېيتمايمەن، — ئەمدى سىزنى ئاپام بىلەن دادامنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقۇزمايمەن، — گۈلدەستە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ئۇ باتۇردىن ئىككى ياش كىچىك، شوخ ۋە چىرايلىق قىز ئىدى. باتۇر ئۇنىڭ بوستاندەك يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇششاق ئورۇلگەن چاچلىرىغا قارىغىنىچە خېلى ئولتۇردى. ئىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ گۈلدەستە بىلەن دائىم چاخچاق قىلىپ بىللە ئوينىغۇسى كېلەتتى. ئەمما گۈلدەستە ئۇياتچان قىز بولغاچقا بىرەر ئېغىز سوز ئېغىر كەتسە ياكى قولىنى قاتتىقراق قىسىپ قويسا يىغلاپ قالاتتى، ھەتتا دادىسىغا ياكى ئاپىسىغا ئېيتىپ باتۇرنى قىزارتاتتى. باتۇر گۈلدەستىنى كورگەندە ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن دائىم دىگۈدەك چېقىشىپ چاخچاق قىلىشاتتى.

باتۇر ئاللاقانداق شېرىن خىياللار بىلەن يىراقتا كورۈنۈپ تۇرغان مەھەللىگە، ياپ-يېشىل مەجنۇن تاللارغا قاراپ بىردەم ئولتۇردى. سالقىن تاغ شامىلى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىپاپ، قولىغا ئىمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. مەھەللىنىڭ بىر تەرىپىدە رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن يايلاقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. قاياقتىندۇر پادىدىن قايتقان قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كاللارنىڭ مورەشلىرى ئاڭلاندى. باتۇر ئورنىدىن تۇردى. مورىلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار خۇددى بىر قەۋەت كوكۇش داكىدەك مەھەللە ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئانچە ئوتمەي قاش قارايدى. باتۇر بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى.

باتۇر گۈگۈم چۈشكەن مەزگىلدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئانىسى گۈلسۈمخان قازاندا قايناۋاتقان سۈتنى سورۇۋاتاتتى. ئۇ

ئوغلىنى كۆرۈپ:

— كەل بالام، كەل، ھېلىغىچە نەگە يوقالدىڭ ئېشىكنى يېسەيمە — دېگىنىچە ئۇچاققا يېقىن قويۇپ قويغان مىس كورىنى ئوت تەرەپكە ئاستا ئىتتىرىپ قويدى ۋە قاينىتىۋاتقان سۈتنى بىر-ئىككى سۈرۈپ قويۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، كۆپ يىللاردىن بېرى تۇتۇپ ئۆگىتىلگەن، ماي سىڭىپ قىزىرىپ ھەم سىلىقلانغان ياغاچ چوچەكنى قولىغا ئېلىپ، مىس كورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سۈتكە تۆگە سېلىپ ئەتكەن سۈتلۈك تۆگە ئۇماچنى ئۇستى ۋە ئوغلىغا ئۇزاتتى.

باتۇر ئاۋال ياغاچ قوشۇق بىلەن ئۇماچنى ئىلەشتۈرۈپ سوۋۇتتى. ئاندىن ئاغزىغا ئاشنى ئالماستىن دادىسى بىلەن گۈلشەننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى.

— ھەي بالام، ھەر باشتا مىڭ خىيال، سەن بىلمەيۋاتامسەن، ۋاڭنىڭ تومۇر چارۋا سانىغى ئېلىپ بارىدىغان ساناقچىلىرى يولغا چىقىپتۇدەك، بۇ يىل ئوتتۇزدەك قوي، ئۇچكە تۇغمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش قوي، ئىككى قوشقار قىشتىكى جۇدۇندا ئۆلۈپ كەتتى. داداڭ ئۆتنە-ياغام قىلىپ بولسىمۇ بۇ يىلقى ھېساۋاتتىن ئوتۇۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. شۇڭا شەرۇللا داداڭنىڭ ئۆيىگە بىرەر ياخشى مەسلىھەت بەرسە ئەجەپ ئەمەس دەپ كىرىپ كەتتى، — دېدى ئانىسى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

باتۇر ئانىسىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان تومۇر ساناقنى ئويلاشقا باشلىدى.

## ئىككىنچى باپ

ئىگىز تاغنىڭ باغرىغا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى،
ئاتا - ئانىدىن ئايرىغان،
زالىم ۋاڭنىڭ قامچىسى.

باقى بىر قوتان قوينىڭ جاۋاپكارلىغىنى يىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان "تومۇر چارۋا"① سانىغىنىنىڭ كۆلپىتى بىلەن تاماملايتتى. ئۇ تاققا چىققاندىن بۇيان يىلدا بىر قېتىم "تومۇر چارۋا" سانىغىنىڭ ھىساۋاتىنى بېرىپ تۇردى. بۇ ھىساپ ئۇنى قولىدا بار ھەممە نەرسىدىن ئايرىدى. بۇ يىل ياز ئايلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا بۇ تاغدا يەنە بىرىنچى بولۇپ تومۇر ساناق باشلانغان ئىدى. باقى بېقىۋاتقان قويدىن بەش قوي، ئوتتۇز قوزا - ئوغلاق، ئىككى قوشقار كەم چىقتى. بۇنى تولەش ئۈچۈن بىر كۆنلۈك قەرەل بېرىلدى. بۇ پالاكەت باقى بىلە گۈلسۈمخاننى خېلى پاراكەندىچىلىككە سالدى. ئۇلار بۇنى قانداقمۇ تولىيەلىسۇن! ھەر ئامال قىلىپمۇ بۇنىڭغا ياخشى چارە تاپالمىدى.

---

① تومۇر چارۋا — يىلدا ئوردىنىڭ چارۋا ساناقچىلىرى تاغلارغا چىقىپ، ۋاڭنىڭ ماللىرىنى بېقىۋاتقان چارۋىچىلاردىن چارۋا ھىساۋىنى ئالىدۇ. ئانا قوي يىلدا بىرنى، ئۆچكە ئىككىنى، كالا، توگە، ئات يىلدا بىردىن تۇغىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇ ھىساۋاتە بويىچە كەم چىققان ماللارنى چارۋا باققۇچى ئۆزى تولەيدۇ، شۇڭا ۋاڭنىڭ چارۋىلىرىنى خەلق "تومۇر چارۋا" دەپ ئاتىغان.

ئەتىسى ئۇشتۇمتۇت ساناقچىلارغا باش بولۇپ چىققان تەيجى ① باتۇرنى كەم چىققان ماللار ئۈچۈن ياسىن قازىغا توت يىل ئىشلەپ بېرىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى، ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان ئىدى:

باقى قويچى قويلىرىنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا تومۇر چارۋا سانىغىغا قاتناشقان ياسىن قازىنىڭ كوزى باتۇرغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ باتۇرنى چاققان، جىنى بار بالا ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياسىن قازى تەيجىنى يېنىغا تارتىپ "باقى قويچىنىڭ كەم چىققان ماللىرىنى تولەپ قويىمەن" دەپ باتۇرنى ئوزىگە 4 يىللىق چاكار قىلىپ بېرىشنى ئېيتتى.

ئەمدىلا كوزگە كورۈنۈپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قالغان باتۇر كۆتۈلمىگەندە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئايرىلدى.

باتۇر ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا ئوينىڭ ئىچىدە بىرخىل جىمجىتلىق هوكۇم سۈردى. گۈلسەنەمخان بىر ياغلىقتا ئىككى زاغرا ناننى چىگىپ ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئانىلىق مېهرى بىلەن ئوغلىغا غەمكىن تەلمۈردى.

— ئانا غەم يېمە، دادا سەنمۇ غەم يېمە، نېمە ئىلاجىمىز بار؟ ئۇلارغا توت يىل ئىشلەپ بەرسەم بېرەي، توت يىل دېگەن قوي باقسامۇ ئوتۇپ كېتىدىغۇ؟ — دېدى باتۇر ئاتا-ئانىسىنىڭ ياش بىلەن تولغان كوزلىرىگە تەلمۈرۈپ، — نېمىشقا يىغلايسىلەر، غەم قىلماڭلار، مەن ئۇلارغا بوزەك بولمايمەن!

لېكىن باتۇر شۇنداق دېسىمۇ ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىش

---

① تەيجى-ۋەزىر، باش مەسلىهەتچى مەنىسىدە بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىق تۈزۈمىدە باش تەيجى، چارۋىچىلىقتا مەسئۇل تەيجى، دېخانچىلىقتا مەسئۇل تەيجى قاتارلىق تەيجىلىرى بولغان.

ئۈنىڭغىمۇ ئېغىر كەلگەن ئىدى. ھەممە ئانىلارغا ئوخشاش ئۆز ئوغلىنىڭ ئەقىللىق، قورقۇمسىز، بەختلىك بولۇشىنى خالايدىغان گۈلسۈمخان ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ پىشانىسىگە سۆيدى، باتۇر كەتتى.

گۈلسۈمخان ئوغلى كېتىپ ئەتىسىلا تۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بولۇپ، بۇ قېتىم كېسەل ناھايىتى قاتتىق تۇتتى. ئۇنىڭ جۈدەك چىرايى ساغىرىپ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى. كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ھە دېگەندىلا باقى قويچىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاستا-ئاستا ئېسىنى يىغىپ، قومۇلدىكى قېيناتىسى تۇختى بوۋايغا خەت يازدى. خەتتە باتۇردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى. خوتۇنى گۈلسۈمخان ھەققىدە بولسا ئۇچۇق بىر نىمە يازمىدى، ئەمما "... مىجەزى ئازراق بۇزۇلۇپ قالدى، ئوڭشىلىپ قالسا ئۆزۈم بارىمەن" دەپلا ئەسكەرتتى. ئاق-قارىنى تولۇق پەرق ئېتىپ كېتەلمىگەن كىچىككىنە گۈلشەن ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ ھەر كۈنى: "ئاكام يوققۇ، ئاكام قېنى؟" دەپ يىغلايتتى. ھەتتا گايىدا تاماقمۇ يېگىلى ئۇنىمايتتى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن تولغان ساپ باللىق قەلبى ئاكىسىنى سېغىناتتى. باقى قويچى بولسا ئۇنى-بۇنى دەپ قىزىنى بەزلەپ قوياتتى.

بۇلار تاققا كۆچۈپ چىققاندىن بېرى گۈلسۈمخاننىڭ ئۇچۇق كۆڭۈل مۇلايىم تەبىئىتى خوشنىلىرىغا يېقىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى خولۇم-خوشنىلىرى ھەركۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى. خوشنىلار ئۇنىڭ ۋاقىتسىز سولاشقان گۈلگە ئوخشاش سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ ئەندىشىمۇ قىلىشاتتى. ھەتتا ئۆزلىرى بىلگىنىچە سەۋەپ ۋە دورا-دەرمەك ئىزلىشەتتى. خولۇم-خوشنىلىرىنىڭ قىلغان سەۋەپلىرى شىپا بولدىمۇ نىمە، گۈلسۈمخان ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى يېقىن خوشنىسى شەرۋاللا يىلقىچىنىڭ سېمىزرەك
كەلگەن ئاق يۈزلۈك، ئوچۇق يۈرەك ئايالى مېھرىخان چوڭ قىزى
گۈلدەستىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر چۆچەكتە ئاش كۆتەرگەن ھالدا
گۈلسۈمخاننى يوقلاپ كىرىپ كەلدى. گۈلسۈمخان مېھرىخانغا چاي
راسلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، مېھرىخان:
— ۋاي... جېنىم بوۋغۇم قويسىلا، چاي راسلايمەن دەپ
ئاۋارە بولمىسىلا، ھازىر ئاش ئۈستىدىن كىردىم، — دەپ گۈلسۈم-
خاننى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. گۈلشەن دوستى گۈلدەستە-
نىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ
كەتتى ـ دە، نىمە قىلىشىنى بىلمەي قانداقتۇ بىر كىتاپنى كۆتىرى-
ۋېلىپ:
— ماۋۇ بەك قىزىق كىتاپكەن، ئوقۇيمىز، مەيەكە كەل، —
دېدى ۋە ھەجەلەپ ئوقۇشقا باشلىدى.
مېھرىخان گۈلسۈمخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭ-
دىشىشقا باشلىدى:
— بۇ يۈرەك سېلىش ئاغرىقلىرى قاچان پەيدا بولغان بوۋ-
غۇم، يە كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ بارمىدى؟
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان گۈلسۈمخاننىڭ چىرايى بىردىنلا
ئېغىر قورقۇشتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ھەسرەت كۆلەڭگىسى
بىلەن قاپلاندى.
— ئاغرىغىمنى سوراپ قالدىلا، بۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبى بول-
مامدىغان، جېنىم ئاچا، بىز ئەسلىدىن تارتىپ باي خوجىلارنىڭ
ئالدىدا ئادەم ئەمەس، ئىتتىنمۇ پەس سانىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئانام
مېنى ساق تۇغقان ئىدى، مەن بۇ ئاغرىقنى ئون يېشىمدا تېپىۋال-
دىم، — گۈلسۈمخان قايغۇلۇق كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە كۆڭلى
بىئارام بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى.
مېھرىخان بولسا گۈلسۈمخاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى

كورۈپ ئوڭايسىزلاندى. نېمە دەپ سورىغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلدى - دە، ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ھەممەدىن سالامەتلىك ئەۋزەل، كوڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئۇيىلاۋەرگەن بىلەن دەرت ئۈستىگە دەرت بولىدۇ، — دېدى مېرىخان ۋە گۈلسۈمخاننىڭ ئۇزۇن چاچلىرىغا، ئىنچىكە تاشلىرىغا، زىلۋا بويلىرىغا قاراپ "بىچارە، ساق بولغان بولسا قانچە چىرايلىق بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە؟" دەپ ئويلاپ قالدى.

— ۋاي... جېنىم ئاچا، — دېدى گۈلسۈمخان، — كوز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن سوزىنى داۋام قىلىپ، — ھەممىمىزنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك ھەدەپ كوپىيىۋاتسا، دەرت ئۈستىگە دەرت قوشۇلۇۋاتسا قانداقمۇ ئويلىمايمەن دېگىلى بولىدۇ؟

ئۇلار بىردەم جىم بولۇشۇپ قالدى. مېرىخان بولسا يەنە گەپ قىلىپ گۈلسۈمخاننىڭ كوڭلىنى بىئارام قىلماي دەپ ئويلاپ ياندىماقچى بولدى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى. ئەمما گۈلسۈمخان:

— نېمە شۇنچە ئالدىرايدىلا ئاچا، بىردەم ئولتۇرسىلا، تېخى گېپىمىز توگىمىدىغۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئوزلىرى بىلەن تاڭ ئاتقىچە مۇڭداشسامۇ گېپىمىز توگىمەيدۇ. ئوزلە كېسەلچان، ئارام ئالسىلا.

— بىردەم ئولتۇرسىلا، كىرگەنلىرىگىمۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىدىغۇ؟

مېرىخان گۈلسۈمخاننىڭ كوڭلىنى ئاياپ يەنە ئولتۇردى.

كەچ كىرىپ قالغان ئىدى، باقى تويچى قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ قوراغا سولاپ قويغاندىن كېيىن ئويگە كىردى ۋە مېرىخان بىلەن تېپچىلىق ئامانلىق سوراشتى.

مېرىخان بىلەن گۈلسۈمخان قايتىدىن پاراڭغا چۈشتى. ئاخىرى گۈلسۈمخان ئون ياش ۋاقتىلىرىدا بولۇپ ئوتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى سوزلەپ بەردى:

بىر كۈنى ئانىسى شەرىخان گۈلسۈمدىن:

— ئىلياز خوجىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

— بىلىمەن، ئاپا، نېرىقى مەلىدىكى چوڭ دەرۋازىلىق هويلا شۇغۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى گۈلسۈم.

— هەئە... ئۇبدان قىزىم، مە، ماۋۇ دوپپىنى شۇ خوجىنىڭ خوتۇنى گۈل خېنىمغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى ئانا ۋە قولىدىكى زەر بېسىپ تىككەن دوپپىنى گۈلسۈمگە بەردى.

ئۇ چاغلاردا گۈلسۈمنىڭ ئاپىسى شەرىخان دوپپىغا زەر بېسىش چاشما تىكىشتە داڭ چىقارغان ئىدى. شۇڭا گۈل خېنىم شەرىخانغا بىر دوپپا بۇيرۇغان ئىدى. شەرىخان: "خېنىملارغا ياراپ قالسا، دەردىمىزگە ئازراق دەرمان بولار" دېگەن ئوي بىلەن دوپپىنى كېچە - كۈندۈز كوز يۇمماي ناهايىتى چىرايلىق تىكىپ چىققان ئىدى.

گۈلسۈم ياغلىققا ئوراغلىق دوپپىنى كوتىرىپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، شەرىخان قىزىدىن ئەنسىرەپ:

— بالام سەگەك بول، هويلىسىغا قاراپ كىرگىن جۇمۇ، ئىتلىرى يامان، چىشلىۋالمىسۇن يەنە، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

گۈلسۈم ئىلياز خوجىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاستا هويلىغا قارىدى. هويلىدا ئىت تۈگۈل بىرەر ئىنسانمۇ كورۈنمەيتتى. ئۇ هويلىغا كىردى، ئۇدۇلدا ئىچكەركى هويلىغا ئۆتىدىغان تاش پەلەمپەي كورۈندى. بۇ دەرۋازا تېخىمۇ هەيۋەتلىك بولۇپ، هەرخىل نەقىشلەر ئويۇلغان، دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچى ئۇتكۈزۈلگەن سېرىق مىسقا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان شىرنىڭ بېشى ئويۇلغان، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق، بىر قانىتى يېپىق تۇراتتى. گۈلسۈم بىر قولى بىلەن دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىچكەركى هويلىغا قارىدى، ئىت كورۈنمىدى. لېكىن ئۇدۇل-

دا بېقىننى تۇتۇپ بىر بالا ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ بالا بىر نىمە-
نى چاقىرغاندەك قىلدى ـ دە، شۇ ھامان يوغان بىر قارا ئىت-
ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. گۈلسۇم قورقۇپ كېتىپ "ئاپا" دېگىنىچە
كەينىگە قاچتى. ئۇن چامدام ماڭمايلا بىر ئىتقا يەنە نىككى ئىت
قوشۇلدى. گۈلسۇمنىڭ كۆزىگە ئاسمان يەر، يەر ئاسمان بولۇپ
كۆرۈندى. ئۇ يە ئالدىغا، يە كەينىگە قاچالماي ئۈن سېلىپ يىغ-
لاشقا باشلىدى ۋە يىقىلىپ چۈشتى.

ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇ ئۆينىڭ خىز-
مەتكارلىرىدىن بىرسى قولىدا توقماق كۆتەرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ
چىقتى ـ دە، ئىتلارنى قوغلىدى.

گۈلسۇمنىڭ يۈزىگە سوغاق سۇ سېپىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈر-
دى. گۈلسۇم ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان،
ئۈستىگە گۈللۈك، كۆلرەڭ ماتادىن كۆينەك كىيگەن بىر موماينى
كۆرۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئىست، ئىست بىچارە بالام، ۋاي خۇدايىم توختى ئاخۇن-
نىڭ قىزىمكەنغۇ؟ — دېدى موماي گۈلسۇمنىڭ يۈزىدىكى توپىلارنى
سۈرتۈپ تۇرۇپ ۋە پۇتىنىڭ ئىت چىشلىگەن يەرلىرىدىكى قانلار-
نى تازىلىغاندىن كېيىن گۈلسۇمنى كۆتىرىپ، ئىچكەركى ھويلىغا
ئېلىپ كىردى.

ئىتلىرىنى گۈلسۇمگە كۈشكۈرتۈپ قويغان ئىلياز خوجىنىڭ
ئوغلى خان خوجا ئىتلىرىنىڭ كارامىتىدىن ھوزۇرلانغان ھالدا
قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— خوجام، قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسىلا خۇدا راۋا
كۆرەرمۇ؟ بورىمۇ خوشنىسىغا يامانلىق سانىمايدۇ، بىچارە قىزغا
ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ — دېدى موماي خاپا بولۇپ.

— ئۇزىنىڭ شورى، — دەپ بېشىنى تولغىدى خان خوجا، —
ئۇ ئىشىكتە تۇرۇپ نېمىشقا مارىلايدىكەن؟

مومای ئۇنىڭغا گەپ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، گۈلسۈمنى يولغىنىچە دالانغا ئېلىپ كىردى ۋە ئاستا كاڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن قىزىل ماتا كۆينىكى پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ئىدى. يوتىسىنىڭ ئىت چىشلىگەن يەرلىرى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. گۈلسۈم شۇنداق قورقۇپ كەتكەن ئىدىكى، چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ دەسسەپ تۇرغىدەكمۇ ھالى يوق ئىدى. مومای گۈلسۈمگە قاراپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى-دە، گۈل خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ساغۇچ رەڭلىك، گۈللۈك تاۋاردا تىكىلگەن نىمچا كىيگەن گۈل خېنىم دالانغا چىقىپ كەلدى ۋە يالاڭ قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆپكۆك كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ مومايغا سۆزلىدى:

— بۇ چىركىن، ئىتلارغا چىقىلغان ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دوپپىسى؟

گۈلسۈم ئىتتىن قورقۇپ قاچقاندا دوپپا دەرۋازا تۈۋىدە چۈشۈپ قالغان ئىدى. مومای دوپپىنى تېپىپ كېلىپ، ياغلىقتىن ئېلىپ گۈل خېنىمغا ئۇزاتتى. خېنىم دوپپىنى كىيىپ ئەينەككە قارىدى ۋە كېيىن گۈلسۈمگە قاراپ:

— ئاناڭغا ئېيتىپ قوي، كېيىن رازى قىلارمەن، — دېدى-دە، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلسۈم ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ قاراپلا قالدى.

— بۇ ئاچكۆزلەردە ئىنساپ يوق بالام، — دېدى موماي نارازىلىق بىلەن بېشىنى چايقاپ، — يۈر بالام، مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي.

گۈلسۈم شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە جۆيلۈپ ياتالمىدى ۋە شۇ ياتقىنىچە يىگىرمە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شەرىخان بىلەن توختى ئاخۇن ئىلياز خوجىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قاغاپ

يۈرۈپ قىلمىغان سەۋدۇى قالمىدى...

بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن گۈلسۈمخاننىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش قۇيۇلدى.

— مېنىڭ بۇ كېسىلىم شۇنداق پەيدا بولغان. — دېدى گۈلسۈمخان ئاخىرىدا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ. — بۇ يالماۋۇزلارنىڭ دەردىنى دىڭ كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ دېسىلە!

گۈلسۈمخان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىغاندا گۈلشەن بىلەن گۈلدەستىمۇ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنى تاشلاپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىدى. ھازىر ئۇلارمۇ ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇختىماي ئۆلۈغ-كىچىك تىنىشاتتى.

— "ئاغرىق دېگەن تاغ يىقىلغاندەك كېلىدۇ، قىل سۇغۇرغاندەك چىقىدۇ" دېگەندەك، سېنىڭ كېسىلىڭ ئۆزەڭگىمۇ، بىزگىمۇ ئاز ئاۋارىچىلىق سالمىدى، خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتى بىلەن ھازىر خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى تولا ئويلاپ ئۆزەڭنى ئۆپراتما. بىزنى مۇشۇنداق ئازاپقا سالغان ئۇ ياۋۇزلارنىڭ خۇدا جاجىسىنى بېرەر، — دەپ قويدى باقى قويچى ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ.

— شۇنداق، — دېدى مېرىخان، — مال-دۇنياغا تويمىغان بۇ ئاچ بۆرىلەرگە خۇدايىمنىڭ كۆرسىتىدىغىنىغۇ باردۇ!

پاراڭ، تەسەللى بىلەن گۈلسۈمخاننىڭ كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئۇ باقى قويچىغا قاراپ:

— خۇداغا شۈكرى، مەن ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. ئەمدى تېزرەك قومۇلغا چۈشۈپ، بالىنى كۆرۈپ كەلسىلە. ئوغلۇمنىڭ تېچ-ئامانلىغىنى ئاڭلىسام، ئىنشائاللا، تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەرمەن، — دېدى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى مېرىخانمۇ باقى قويچىغا قاراپ، —

بۇ يەردىكى ئىشتىن غەم يېمىسىلە، دوغىنىڭ يەنە ئالۋاڭ-ياساقلىرى چىقىپ قالسا، كېچىكىپ قېلىشلىرى تۇرغان گەپ. ئەتە-ئۆگۈننىڭ ئىچىدىلا يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلسىلا.

— مەنمۇ نەچچە كۈندىن بېرى شۇنى ئويلىغان، — دېدى باقى قويچى، — چىن چىراقنىڭ پىلىگىنى سەل كۆتىرىپ قويۇپ، — سېنىڭ كېسەللىكىڭنى ئويلاپ، ئاغزىمدىن چىقىرالمىغان ئىدىم. ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭ، بۇ دورەم مەن بېرىپ كېلەي، يەنە بىر نۆۋەت سەن بېرىپ كېلەرسەن.

— بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى، — گەپكە ئارىلاشتى مېرىخان، — بېرىپ كەلسىلە، گۈلسۈمخاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان مانا بىز تۇرۇپتىمىزغۇ.

•

كۈز ئايلىرى بولسىمۇ ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. باقى قويچى كۆز يەتكۈسىز ساي ئىدىرلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە تولغان دەرت-ئەلەم يۈزلىرىگە ھارغىنلىقنىڭ سايىسىنى سالغان ئىدى. ئۇ پېشىنگە ئەزان ئېيتىلغاندا شەھەرنىڭ ئوردا قوۋۇق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىپ ئىشىگىدىن چۈشتى. ئوردا قوۋۇققا يانداپ كۈن چىقىش تەرەپكە سوزۇلغان ۋاڭ ئوردىسى ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باقى قويچى ئوردا تەرەپكە سوغاق بىر نەزەر تاشلاپ قويدى-دە، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان چوڭ يولنى بويلاپ ماڭدى. بۇ شەھەر گەرچە كىچىكرەك بولسىمۇ ھەممە نەرسىسى تەل ئىدى. ئاشپەز، ناۋاي، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋاقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. چوڭ كوچا ۋە ئارقا كوچىلاردا ئېگىز قەد كۆتىرىپ تۇرغان مەسچىت مۇنارلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. باقى قويچى ئوردىغا ئۇدۇل جايلاشقان چوڭ بىر مەھەللىنى ئايلىنىپ، ئوردىنىڭ كۈن چىقىش

تەرەپىدىكى قېيناتىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېشىكىنى باغلاپ قويۇپ، تىتىلىپ كەتكەن خۇرجۇننى كۆتەرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

قىزى گۈلسۈمخان، ئەۋرىسى باتۇرنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغاندا، كۈيوغلىنىڭ كىرىپ كېلىشى توختى بوۋاي بىلەن شەرىخان مومايىنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كۈيوغلىنى قارشى ئېلىشتى. باقى قويچى خۇرجۇننى قويۇپ قېيناتىسىنىڭ يېنىغا كونىراپ كەتكەن قارا كىگىز ئۈستىگە كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. دۇئادىن كېيىن ھال ئەھۋال سوراشتى. شەرىخان تەقەززالىق بىلەن قىزىنىڭ ئەھۋالىنى قايتا - قايتا سورىدى.

— ئۆزەممۇ ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ياخشىلانمىغىچە يولغا چىقالمىدىم. ياسىن قازى باتۇرنى ئېلىپ كەتكەندىن بېرى ئانىسى ئولتۇرسا - قوپسا شۇ بالىنىڭ غېمىدە بولۇپ قالدى. كېسىلىمۇ شۇ ئىشتىن باشلاندى، — دېدى باقى قويچى ۋە ئېغىر ئۇھ تارتىپ جىم بولدى. بوۋاي بىلەن موماي غەمكىن كۆزلىرى بىلەن بىر-بىرسىگە قاراشتى.

— ئەۋرىمىز باتۇرنىڭ ھالىدىن خېلى ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىمىز، — دېدى موماي ئۇھ تارتىپ، — ئاينىساپلار شۇ گۈدەكنىڭ يۈرىكىگىمۇ چاڭگال سالدى. تېنىلا ساق بولسا، توت يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەر، شۇنىسى بىچارە قىزىمىزغا ئۇۋال بولدىغۇ...— شەرىخان موماي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. توختى بوۋاي ئەلەم بىلەن:

— پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرمەكتىن باشقا نىمە ئامالىمىز بار؟ — دەپ قويدى.

غېرىپلىق يېغىپ تۇرغان بۇ ئۆيىنى بىر پەس ئېغىر جىمجىتلىق چۇلغىۋالدى.

شەرىخاننىڭ يېشى گەرچە 60 لارغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، تېتىك، خۇش پېئىل، دىلكەش، مۇلايىم ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قورۇقلار چىرماشقان ئاق يۈزى، چوڭ - چوڭ قارا كۆز ۋە قارا قاشلىرى، ئاق كىرىپ قالغان توم ئىككى ئۆرۈم چېچى ياشلىقىدىكى چىرايلىق جامالىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. توختى بوۋاي ياشلىقىدا ئايالىغا "ئاناڭ يۈزۈڭگە قارا كۈيە سۈركەپ يۈرمىگەن بولسا سېنى ئاللىقاچان ۋاڭلار تارتىپ كەتكەن بولاتتى" دەپ چاقچاق قىلسا، شەرىخان "ھە... ئانام مېنى قارىغا مىلەپ ئۆزلىرىگە ساقلىغان ئىكەن" — دەپ قوياتتى. شەرىخان ياش ۋاقتىلىرىدا ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال ئىدى.

باقى قويچى بۇ جەمجىتلىقنى بۇزۇپ، خۇرجۇننى يېنىغا تارتتى - دە:

— قۇرۇق كېلىپ قالدىم، گۈلسۈم ئاز بولسىمۇ بىر نەرسىلەرنى ئەۋەتكەنتى، — دەپ بىر تۈگۈننى چىقاردى، شەرىخان موماي بىر خالتا قۇرۇت، ئىرىمچىك، بىر ياغلىققا ئورالغان گۆشنى ئېلىپ:

— ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلاتتىڭلار، بوپتۇ، قۇرۇت بىلەن ئىرىمچىكنى باتۇرغا ئالغاچ بېرىڭ. قالغىنىنى خوشنىلارغا كىرگۈزەي، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئاۋارە بولماڭلار، — دېدى.

— بارنى تەڭ كۆرەمىز ئاپا، — دېدى باقى قويچى.

— تۈنۈگۈنلا قازىنىڭ نۆكىگە بىر ھارۋا توغۇن ئېلىپ بېرىپ، شۇ باھانىدا نەۋرەم باتۇرنى كۆرۈپ كەلدىم، — دېدى توختى بوۋاي سۆز باشلاپ، — قارىسام چىداشلىق بېرىپ ئۇتتۇۋالغاندەك قىلىدۇ. مەن بالىغا "قازىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما، چىدىغىن" دەپ نەسىھەتمۇ قىلىپ قويدۇم. ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. باتۇر بولسا كىچىك، تۆت يىل دېگەن ھايت - ھۇيت دېگۈچە تۈگەپ قالىدۇ. بالا جاپا تارتسىمۇ ئېغىر - يېنىك

ئىشلارغا كونۇپ قالار.

— ئۇ بەكمۇ ئەقىللىق بالا بولدى، — دەپ سۆز قىستۇردى شەرىخان موماي پەخىرلىنىپ، — تازا كۆشتۈڭگۈر بىر ئوغۇل بولۇپ چىقىدۇ، خۇدايىم ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

بىر دەمدىن كېيىن شەرىخان بىر قولىدا داستىخانغا ئوراقلىق نان، يەنە بىر قولىدا ئوبدان پىشقان سېرىق كوكچە قوغۇننى كوتىرىپ كىرىپ داستىخان سالدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆيوغلىنىڭ ھاردۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن شەرىخان خام قىيما قىلىپ، تاتلىققىنا سۇيقاش ئەتتى. تاماقتىن كېيىن باقى قويچى ئوغلىنى كورۇپ كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ ئىنساپسىزلاردىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ ئوغلۇم، — دەپ ئەسكەرتتى توختى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، — نەۋرەمنىڭ ياسىن قازىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى بىر تەقدىر، بىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلساق، ئۇنىڭ دەردىگە داۋا قىلغان بولىمىز. شۇڭا پەقەت بىر بالىغا "غەيرەتلىك بول، ھەممىگە چىدا" دەپ ئۇگەتكىنىمىز تۈزۈك.

— ماقۇل ئاتا، ئەمىسە مەن بېرىپ كېلەي.

بوۋاي بىرپەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى.

توختاخۇن بۇ يىل توپ-توغرا 65 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ دادىسى ئىشلەمچان، خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك بىر ئادەم ئىدى، بەش كۈرىلىك يېرىگە قوغۇن تېرىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ئۇ قوغۇنچىلىقتا داڭ چىقارغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى قوغۇنچى ئابلاخۇن دەپ ھورمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۇ يىلدا ھەرخىل قوغۇننىڭ تاللانغان ئۇرۇقلىرىنى كىچىك-كىچىك ياغاچ ساندۇقلارغا سېلىپ ساقلايتتى. قوغۇن تېرىش مەزگىلىدە قوغۇن ئۇرۇقى سورىغان كىشىلەرگە: "كېلەر يىل پىشقىنىنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ قوي" دەپ بېرەتتى.

قوغۇن پىشىشقى مەزگىلىدە ئابدۇل قوغۇنچىنىڭ قوغۇنلۇقى ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر كېلىپ قوغۇن سېتىۋالاتتى.

كېيىنكى يىللاردا ئوردا ئەمەلدارلىرى ئابدۇل قوغۇنچىنى قوغۇن تېرىيدىغان يېرى بىلەنلا ئوردا قوغۇنچىلىرى قاتارىغا ئۆتكۈزىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوغۇنچىنىڭ تاپاۋىتى ئۈزۈلدى. كېيىن ئوغلى توختىنى ئۆيلەپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى. توختىغا ئاتىسىدىن يەر-زېمىن قالمىغاچقا، ياسىن قازىنىڭ دادىسىدىن بەش كۈرلىك يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ جان بېقىشقا باشلىدى. لېكىن بىر نەچچە يىل كېچە-كۈندۈز ئىشلىسىمۇ، يەر ناچار، سېلىق ئېغىر، ئىجارىسى كۆپ بولغاچقا، توختى غورىبەتچىلىك ئىچىدە كۆپ قىينالدى. ئاخىرى ئايالى شەرىخاننىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئۈچ كۈرلىك يەرگە قوغۇن تېرىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

توختاخۇننىڭ دۇنيالىقتا تاپقىنى ئۈچ بالا بولسىمۇ، ئىككىسى بىر يىلى چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن، تۇرۇپ قالغىنى پەقەت مۇشۇ بىرلا قىزى گۈلسۇم ئىدى. گۈلسۇم بويىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتا-ئانىنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنى ئۆيىدىن چىقارغۇسى كەلمىدى.

تاغدىكى يىراق بىر تۇققىنى گۈلسۇمگە ئەلچى ئەۋەتتى. ھەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئوغلىنى ئىچ كۈيئوغۇللۇققا بەرمەكچى بولدى.

شۇندىن كېيىن باقى ئوغۇل قاتارىدا توختى بوۋاينىڭ ھويلىسىدا ئۆي تۇتۇپ قالغان ئىدى.

باقى توي قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئوغۇل تۇغۇلغاندىن كېيىن توختاخۇن خۇشال ھالدا بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئىسىم قويماقچى بولدى، ئۆي-

دىكىلەر "نېمەدەپ ئىسىم قوياركىن" دەپ توختىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. توختاخۇن ئەزان ئېيتىپ بولۇپ:

— ئېتى باتۇر بولسۇن، باتۇر! — دېدى.

هەيران بولغان شەرىخان:

— ۋاي...... ئاتام، نېمە دەۋاتىدىلا؟ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئاتلىرىدىن قويسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى.

— چىدام، غەيرەتلىك كىشى باتۇر بولىدۇ. ئۇغۇل بالا باتۇر بولسا خار بولمايدۇ. باتۇر بولسۇن، — دەپ جاۋاپ بەردى توختاخۇن.

باتۇر بەش ياشلارغا كىرگەندە باقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دادىسى توقسان ياشقا كىرىپ ۋاپات بولدى. ئانىسى بولسا قېرىپ قالغان، ۋاڭنىڭ بىر قورا قويىنى بېقىش شۇ ئائىلىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئىنىسى بولسا تېخى كىچىك، شۇڭا باقاخۇنمۇ، توختاخۇنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. بىر كۈنى توختاخۇن باقىنى چاقىرىپ:

— بۇ قارا كۈنلەر سىلەرنىڭ ئائىلىنىمۇ ۋەيران قىلدى. ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بار، ئاناڭغا قارىيالمايدۇ، ئۇكاڭ بولسا تېخى كىچىك. سەن باللىرىڭنى ئېلىپ تاققا كۆچۈپ چىقىپ ئاناڭغا قاراشقىن، ئاناڭغا يەنە بىرەر بالا-قازا يېتىپ قالمىسۇن، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شەرىخان "قىزىم كېلەمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن" دەپ يىغلاپمۇ باقتى، لېكىن توختاخۇن: "كىممۇ زەھەر يۇتۇپ، غەمسىنىپ يۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت" دەپتىكەن. سەن ئوبدان خىيال قىل، بىزنىڭ بېشىمىزغا غەم-قايغۇ كەلگەندە ئۇلار بىز بىلەن تەڭ قايغۇرغان. ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە قاراپ تۇرساق بولامدۇ. باللىرىمىز نەدىلا بولسا ئامان بولدى ئەمەسمۇ؟"

دەپ مومايىنى كوندۇردى.

باقى كۆلـۇمخاننى ۋە باللىرىنى ئېلىپ تاقتا كوچۈپ چىقىپ كەتتى، دىگەندەك ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئىككى ئايدىن كېيىن ۋاپات بولدى.

شۇندىن بېرى باقى دادىسى باقىان بىر قوتان قوينى بېقىپ، ۋاڭنىڭ قويچىلىرى قاتارىغا كىردى.

توختاخۇن بىلەن شەرىخان بولسا بەش يىلدىن بېرى ئەنە شۇ ئۆيدە يالغۇز كۈن كەچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

— نىمىلەرنى خىيال قىلىپ كېتىپ بارىلا؟ — مومايىنىڭ سوئالى بوۋاينىڭ خىيالىنى بولدى. ئۇ چوچۇپ بېشىنى كوتەردى - دە:

— ھەي ... ئانىسى، سېنىڭ بىلەن بىزدە خىيال توگەيدۇ دەمسەن، يەنە شۇ باللارنىڭ غېمى دىگىنە، — دەپ قويدى.

## ئۈچىنچى باپ

ئاق تىكەن گۈر ـ گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار ھەسرەت ئىچىدە
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

باقى قويچى قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ياسىن قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قومۇلغا مېڭىش ئالدىدا ئايالى گۈلسۈمخان: "خۇدايىم بالامنى يامان كۆزلەردىن نېرى قىلار، ھىلىقى ساقلاپ يۈرگەن ئىككى تۈلكە تېرىسىنى قازىغا ئالغاچ بارسىلا" دېگەن ئىدى. باقى قويچى شۇ گەپ بىلەن ئېلىۋالغان ئىككى تۈلكە تېرىسىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردا كېتىپ باراتتى.

ئۇ باتۇر دېمەتلىك بالىلارنىڭ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: "مېنىڭ بالامۇ ئاشۇلاردەك ئويناپ يۈرىدىغان بالىلاردىن ئىدى، مانا ئەمدى، يات كىشىلەرنىڭ قولىدا ئېغىر ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بىچارە بالام نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ؟" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

باقى چوڭ كوچىغا چىققاندا بىر تار كوچىدىن يوغان تورۇق ئات مىنگەن، ئۈستىگە قارا تاۋار تون، قارا ئورە بۆك كىيگەن ۋاڭنىڭ ئاكىسى ئىلياز خوجا چىقىپ كەلدى. ئىلياز خوجىنىڭ سېمىزلىكىدىن ئاتنىڭ بېلى ئېگىلىپ تۇراتتى. باقى قويچى تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان ئىلياز خوجىدىن قورقۇپ كېتىپ، كېتىۋاتقان يېرىدىلا تىزلانغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تازىم

قىلىپ ئولتۇردى. ئىلياز خوجا چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپ ئېرىقى كوچىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈستى - بېشىدىكى توپىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، يولغا راۋان بولدى.

جۈمە مېچىتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر كىشىنىڭ ئېگىز پەشتاقتا چىقىۋېلىپ ۋاقىراۋاتقانلىقىنى كوردى. ئۇ كىشى ۋاڭنىڭ جارچىسى بولۇپ، ئىككى قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ تۇرۇپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرايتتى:

هەي خالايىق جار:
ۋاڭ خوجامنىڭ يەرلىرىدە،
قوناق راسا باش بولدى
ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار،
قوناق ئومىسى باشلاندى!
هەي خالايىق جار:
هەممە چىقسۇن سەھەردە،
غول ئېرىقنىڭ ئۈستىگە
نان ۋە ئوزۇق ئوزەڭدىن،
جىگىپ چىققىن بىلىڭگە!
هەي خالايىق جار:
يارلىق چۈشتى ئاڭلاڭلار،
ئاڭلىمىدۇق دىمەڭلار،
جارغا چىقماي قالغانلار
دۈمبەم يېغىر دىمەڭلار!
هەي خالايىق جار:
...................

باقى قويچى ئاخىرقى گەپلەرنى ئاڭلىيالمىدى، "جار" سوزىنى

ئاڭلاپ بىر توپ باللار جۈمە مەچىتىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار نىمىلەرنىدۇ دەپ جارچىنى دورايتتى.

بىلىگە تاسما قامچا قىستۇرۇۋالغان جارچى ئۇزىنىڭ ئىززەت-ئابروينى توكۇۋاتقان باللارغا غەزەپلىنىپ ئالايدى. ئۇنىڭ ئىگىز پەشتاقتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كورگەندىن كېيىن باللار ھەش-پەش دىگۈچە قېچىپ كېتىشتى.

باقى قويچى قازىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئالدىغا يىتىپ كەلدى. قازىنىڭ ئويى يېشىل گۈمبەزلىك، پەشتاقلىرىغا نەقىشلەر ئويۇلغان چوڭ مەچىتنىڭ يىنىدا ئىدى. ئوينىڭ توۋەن تەرىپى قازىخانا بولۇپ، قازىخانىنىڭ ھوجرىلىرى، سوراقخانىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا رىشاتكىلىق تام ئىچىدە كورۇنۇپ تۇراتتى. مەچىت بىلەن قازىخانا بىر بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ، قازىنىڭ ئىشىك ئالدى بىر چوڭ ھويلىدەك كەڭ سەينا ئىدى. بۇ يەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان قۇدۇق، قۇدۇق ئەتراپىدا قۇچاق يەتكۇسىز ئۇچ توپ ئاق تېرەك پۇتۇن سەيناغا ھەتتا قازىخانا ھويلىسىغىچە سايە تاشلاپ تۇراتتى.

باقى قويچى قازىنىڭ ئىگىز تاملىق ھويلىسىغا كىردى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدى دەلىزلىك، ئىشىك-دەرىزىلىرى نەقىشلىك ياسالغان ئويلەر كورۇنۇپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر توپ جۇجەم شۇنچىلىك ئاينىغانكى، ھويلىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللىگەندەك كورۇنۇپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئويلەر ئالدىدا ئۇزۇم باراڭلىغى بولۇپ، ئۇزۇملەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، بۇ ئويلەردە قازىنىڭ ئوغلى ئولتۇراتتى. ئىچكىركى ھويلىدىكى قاتار ئويلەردە قازىنىڭ چوڭ-كىچىك خوتۇنلىرى ئولتۇراتتى.

باقى قويچى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەلىز ئالدىغا تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەرنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇ چاغدا ئۇدۇلدىكى ئويدىن تالىپ چىراي بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشى باقاخۇننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن "قازا-خۇنۇم نەدىكىن" دىگەن سوئالغا "ئىچكەركى ھويلىدا، چوڭ

خوتۇنىنىڭ ئۆيىدە" دەپ جاۋاپ بەردى. قازىنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ چىققان بىر قىز، بىر ئوغلىدىن باشقا نەۋرە - چەۋرىلىرى بولمىغاچقا، ھويلىنىڭ ئىچى بەك جىمجىت ئىدى. باقى قويچى ئىچكەركى ھويلىغا كىردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىشتىلگەندەك بولدى. باقى قويچى قەدىمىنى توختىتىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى.

— ھەي باتۇر!

— خوش.

— بۇ ياقتا قارا، ئاتقا بوغۇز بەردىڭمۇ؟

— خوش، بەردىم.

— ساماۋەرگە ئوت ياق. ھەي، ھەي، ناھايىتى ئاستا ھەركەت قىلسەڭدە! بولمىسا بۇ چاقچىچە چايمۇ قايناپ بولاتتى، ساماۋەرگە ئوتنى يېقىۋېتىپ، دەرھال ئات ئېغىلىدىكى قىغنى چىقار، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتخانىغا توپا توك!

— ئۆيدىكى ئىشلىرىڭنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىجاردە-كەشلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىجارىنى سۈيلە، — ئايالنىڭ سوزىگە قوشۇمچە قىلدى بىر ئەر. بۇ ياسىن قازىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— توگمەنگە سىر مۇنچە ئوگۈتنى ئاپىرىپ قويغىلى نەچچە كۈن بولدى. بۈگۈن كەچكىچە چوك تەيجىۋەگ خوجامنىڭ تارتىلىپ بولسا بىزنىڭكىنى تارتىدۇ، دەۋاتقانىدى، ئەتىگەنرەك توگمەنگە بارمىسا بولامدۇ؟ — دىدى ئايال.

— ھە، راست، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ دەرھال توگمەنگە بار. كېچىچە ئوخلاپ قالماي ئۇننى تارت، — دىدى قازى.

باقى قويچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، باتۇرنىڭ ھالىنى بىلدى. ئۇنىڭ يۈرەك باغرى سىرىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ: "ھەي... بىچارە ئوغلۇم، بۇنچىۋالا ئىشنىڭ قايسى بىرىنىڭ ھوددىسىدىن چىقار" دىگەنلەرنى كوڭلىدىن ئوتكۈزۈپ ئىچكىرىگە ماڭدى. بۇ چاغدا باتۇر ساماۋەر قويغىلى چىقىپ كەتكەن ئىدى.

قازى چوڭ خىرتۇنىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى مەخمەل كۆپە ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — سالام بەردى قويچى. كىچىككىنە چايخانىدا ساماۋەرگە ئوت يېقىۋاتقان باتۇر دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوچۇپ كەتتى ۋە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئاستا قارىدى، دادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن: "دادا!" دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، دادىسىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلگەن ئىدى. قازى باتۇرغا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن:

— باتۇر سەن ئىشلىرىڭغا قارا، مانا داداڭ سېنى كۆرگىلى كەپتۇ، — دەپ قويدى.

باقى قويچى نېمىلەرنىدۇ ئويلايتتى. ئوغلىغا نېمىلەرنىدۇ دېگۈسى كېلەتتى، بىراق ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. پەقەت ئورۇق، يىرىك قوللىرى بىلەن باتۇرنىڭ بېشىنى سىلاپ باغرىغا باستى.

— ھەي قويچى، — دېدى قازى باقى قويچىغا قاراپ ھىجىيىپ، — كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ، باتۇرمۇ سېنى سېغىنىپ قالغان ئىدى، قېنى باتۇر سەن ئىشلىرىڭنى تېزرەك تۈگەت، مەن داداڭ بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىشىۋالاي، جىنەستىنگە ئېيت (ئايال چاكار)، داداڭغا چاي راسلىسۇن.

باتۇر دادىسىدىن ئانىسىنى، سىڭلىسىنى تەكرار-تەكرار سوراپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ساماۋەرگە قارىغىلى چىقىپ كەتتى.

— خوش، — دېدى قازى بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بۇ ياققا قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ ئۆزەڭ؟

— خوش، جانابلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى بىلگەچ، ئوغلىمىزنى

كورۇپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، — باقى قويچى قولتۇغىغا قىستۇرۇۋالغان ئىككى تۈلكە تېرىسىنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاز بولسىمۇ جاناپلىرىغا... باللارنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ بىسەرەمجان بولدۇق. بۇياققا ماڭغىچە ئالدىراپ قالدىم.

قازى ئىسىل ئاشلانغان تۈلكە تېرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ كورگەندىن كېيىن:

— بىراق ماڭا، بىر جۈۋا چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ-ھە؟ — دېدى.

— خوش، قالغىنىنى بۇ يىل قىشتا جايلاپ يەتكۈزۈپ بېرەرمەن.

— ھە... بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، — دېدى قازى ۋە گەپنى باتۇرغا يۆتكىدى، — ئوغلۇڭنى تولىمۇ بولۇمسىز قىلىپ تەربىيىلەپسەن. ئىشقا بۇيرۇپ تۇرساڭ، ھاڭۋېقىپ تۇرغىنى تۇرغان، ھەي... ئىش ياقماسقا ئىت باقماس دېگەن شۇ-دە!

بۇ گەپ باقى قويچىنىڭ يۈرىگىگە يىڭنىدەك سانچىلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— خوش، قازى ئاخۇنۇم، بالىمىز تېخى كىچىك، پىشمىغان، ئەيىۋى بولسا كەچۈرسىلە، — دەپ ئەپۇ سورىدى. لېكىن تۇرۇپ ئۇنىڭ غەزىۋى كېلىپ مۇنۇ سۆزلەرنىمۇ دەپ تاشلىدى، — ھەر ئىش ئۆز يولىدا بولمىسا بولمايدۇ قازى ئاخۇنۇم، بالىمىز سىلە دېگەندەك ئۇنچە ھاڭۋاقتى، ھورۇن ئەمەس، بەلكى يۈكىنىڭ تولىلىغىدىن گاڭگىراپ قېلىۋاتقاندۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازىنىڭ ئۆگى ئۆچتى، "بۇ يالاڭتۆشنى قارا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بوسۇغامغا باسا-باسمايلا، تەنە قىلىۋاتقىنىنى!"

باقى قويچى يۇقۇرقى گەپنى قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان

قىلمىدى، بەلكى خوشال بولدى. لېكىن ئۇ قازىنىڭ ئۇڭگەن چىرايىنى كورۇپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى.

— ئوغلۇڭنىڭ ئېتىنى باتۇر دەپ قويۇپسەنۇ، باتۇر قىلىشقا ئەجرى قىلماپسەن، — دېدى قازى زەردە بىلەن، — قارىغاندا بالاڭـ نىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە نارازىدەك قىلىسەن، "ئوغۇل چوڭ قىلىپ موللىغا بەر، موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر" دېگەن سوزنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ. ساۋاپلىق ئىشتىن يۈز ئورۇش ياخشىلىقنىڭ نىشانى ئەمەس. ساڭا مەن ياردەم قىلىپ، گەدىنىڭدىكى قەرزنى تولەپ قويدۇم. ئوغلۇڭنى بىرنەچچە يىل تەربىيلەپ قويسام بۇ يامان قىلغىنىمۇ، قاراپ تۇرۇپ ماڭا گەپ ياندۇرغىنىڭ ئىنساپسىزلىق ئەمەسمۇ؟ — قازى ئورنىدىن تۇرۇپ كالىچىنى كىيدى-دە، — سىلەر نادان خەقلەر ساۋاپلىق ئىشنىمۇ چۈشەنـ مەيسىلەر، — دېگىنىچە ئاپتۇۋىنى كوتىرىپ نامازدىگەرگە تەرەت ئېلىشقا ماڭدى.

شۇ چاغدا باتۇرمۇ ئېغىلدىكى ئىشنى تۈگىتىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە دادىسىنىڭ بىر قىسما بولۇپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ:

— نىمە بولدى دادا، قازى سىنى بىر نەرسە دېدىمۇ؟ — دېدى ۋە ئۇيىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى، — ئانام ساقايدىمۇ دادا، گۈلشەنچۇ؟

— ساقايدى بالام، ساقايدى. كېلەركى قېتىمدا سېنى يوقـ لاپ ئاناڭمۇ كېلىدۇ.

— ھەر كۈنى ئانامنى چۈشەيمەن، بۇ يەر بولمايدىكەن دادا، سەن بىلەن كېتەيچۇ، تاپىنىم يەرگە تەگمەي شۇنچە ئىشلىسەممۇ، چوڭ قۇشناچ "نان قېپى، ناننى ھارام يەۋاتىسەن" دەپ تىللايدۇ. بىر ئىشنى قىلىۋاتسام يەنە بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. تېخى قازى بىر يەرگە بارسا ئېتىنى يېتىلەپ بارىمەن، قازى

يانغىچە تالادا تۇرىمەن. ھىلىغۇ ياز، قىشتا سوغاقتا قاندا ق قىلارمەن، زادىلا چىدىمىدىم دادا...

باتۇر يىغلىۋەتتى. باقى قويچىنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ شۇنچە كوپ ئىشلارنى قىلىپمۇ قازىىنى رازى قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىچىدە قازىنى قاغىدى.

— بالام، سەن ئوغۇل بالىغۇ، بوۋاڭ "يىگىت ئىشتا چىنىقىدۇ، يوپۇرماق بەرگىدە" دەيدىغان ئەمەسمۇ؟ بىرنەچچە يىل چىدىغىن. سەن چىدىمىساڭ، ئاناڭ بىلەن مېنى ئېغىرچىلىقتا سىلىپ قويىسەن، — دىدى قويچى ئوغلىنى بەزلەپ.

باتۇر دادىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى پەملەپ كوزلىرىنى سۈرتۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى:

— چىدايمەن دادا، چىدايمەن، ئانامغا ئېيتىپ قوي، مېنىڭدىن غەم قىلمىسۇن.

ھويلىدا قازىنىڭ ئاياق تېۋىشى ئاڭلاندى. ئاتا - بالىنىڭ سوزلىرى ئۈزۈلدى.

قازى بولسا، "بۇ ھاماقەت بالىغا گەپ ئۇگىتىپ، گەپ ئاڭلىمايدىغان قىلىپ قويىمىسۇن يەنە" دەپ ئويلىدى - دە، ئىشىككە يېقىنلاشتى ۋە ۋاقىردى:

— ھاي باتۇر! داداڭغا چاي بەردىڭلارمۇ؟ توگمەڭگە قاچان بارىسەن؟ ئەتە تۇگمەندىن قايتىپ ئىجارنى سۈيلە، ئاندىن خامانغا بېرىپ سامان توشۇۋاتقانلارغا قاراش، — بۇ قازىنىڭ باقى قويچىنى "تېزرەك كەت" دىگىنى ئىدى.

قازىنىڭ زەھەرلىك سوزلىرى باقى قويچىغا ئېغىر كەلدى. ئادەتتە كەم سوز، ئون ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز جاۋاپ قايتۇرىدىغان، ھەر - ھەر ئىشلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ يۈرىدىغان باقى قويچى دەرتىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، كېتىشكە تەمشەلدى.

باتۇر دادىسىنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، قولىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى:

— كەتمىگىن دادا، كەتمىگىن. بۈگۈن مەن بىلەن بىللە بول. بۈگۈن كېچە تۆگمەندە ئۆزەم يالغۇز ئۇن تارتىمەن، ماڭا ھەمرا بول.

باقى قويچىنىڭمۇ ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئوغلىغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ:

— ماقۇل بالام، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە تۆگمەنگە باراي،— دېدى. دادىسىنىڭ تۆگمەنگە بىللە بارىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، باتۇرنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى.

باتۇر بىلەن باقى قويچىنى ئۈستى-بېشى توزغاققا مىلەنگەن قېرى تۆگمەنچى كۈتۈۋالدى، ئۇ بۇلار بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ، ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن باتۇرغا قاراپ:

— ۋاقتىدا كەپسەن ئوغلۇم، چوڭ تەيجەۋەگىنىڭ ئاشلىغىنىمۇ تارتىپ بولدۇم، مانا ئەمدى، سەن بۇغدىيىڭنى تارتساڭمۇ بولىدۇ،— دېدى ۋە تارتىلغان ئۇننى تاغارغا قاچىلاشقا باشلىدى.

باتۇر ياردەملىشىپ تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بەردى.

— ماڭا قارا ئوغلۇم،— دېدى يەنە تۆگمەنچى باتۇرغا،— نەچچە كۈندىن بېرى ماڭا ئارام بولمىدى. داداڭمۇ كەپ قاپتۇ. ئەتە ئەتىگەندە "تومۇر توخۇ①" لارغا ئازراق دان بېرىپ قوي-

① تومۇر توخۇ — شۇچاغلاردا قومۇل تەۋەسىدە ۋاڭغا قاراشلىق 18 تۆگمەن بار بولۇپ، ھەر بىر تۆگمەندە 160 تىن توخۇ-ئۆدەك بېقىلاتتى. بۇ توخۇ-ئۆدەكلەر يىلدا ئون ئاي تۇغىدۇ، يۈتمەيدۇ، ئۆلمەيدۇ، بىر توخۇم كەم بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، شۇڭا "تومۇر توخۇ" دەپ ئاتالغان.

غىن، مەن بۇگۈن قايتىپ كېتىپ ئارام ئالاي.
— ماقۇل.
تۈگمەنچى سوگەنگە بۇغداينى قويۇپ بولغاندىن كېيىن قارا چىراقنىڭ پىلىگىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. تۈگمەندە ئاتا ـ بالا ئىككىسىلا قالدى.
قوشتىن چۈشكەن سۇنىڭ شاقىرىشى، تۈگمەن تېشىنىڭ غۇڭۇلداپ ئايلىنىشى بىر خىل ئەنسىزلىك پەيدا قىلغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، تۈگمەن ئىچىدىكى زەي پۇرىغىنىڭ بۇرۇنغا ئۇرۇپ تۇرۇشى، سىرتتىكى پاقىلارنىڭ كۇكۇرىشى كىشىنىڭ جېنىغا تېگەتتى. لېكىن بۇگۈن ئۇنداق ئەمەس. باتۇر دادىسى بىلەن بىللە، ئۇ كېچىچە ئۇنىڭ بىلەن بەھوزۇر مۇڭدىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. تۇرۇپلا ئۇزۇندىن بېرى ئېيتمىغان تاغ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قوياتتى، تۇرۇپ سەكرەپ كېلىپ دادىسىنىڭ بويىنغا ئېسىلاتتى. ھېچ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. چار چاشقىنمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. باقى ئوغلىنىڭ بېشىنى قاتمان قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:
— سەن يېتىپ ئۇخلا بالام، مەن قالغان بۇغداينى تارتىپ بولۇپ سېنى ئويغىتىمەن، — دېدى.
— ياق، دادا، بۇگۈن كېچە ئۇخلىمايمەن، سەن ئۇخلىۋالغىن.
— بولدى بالام ئۇنداق بولسا مەيەگە كەل، پاراڭلىشايلى.
باتۇر تايچاقلاردەك قىيغىتىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. باقى قويچى ئوغلىنى ئەكىلەتتى ۋە بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:
— ھە، ئوغلۇم، قازىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن بويان قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن، نىملەرنى كۆردۈڭ، قېنى سۆزلىگىنە!
— دادا، راست مەن بىر كۈنى بىزنى ئوقۇتقان ھېلىقى موللانىياز دادامنى كۆردۈم! — دېدى باتۇر بالىلارچە خوشال بولۇپ.

— شۇنداقمۇ، ئۇ كىشى نەدىكەن بالام؟
باتۇر توزغاقلار ساڭگىلاپ تۇرغان شىپقا كوزىنى تىكىپ، كورگەن - بىلگەنلىرىنى ھىكايە قىلىشقا باشلىدى.
باتۇر ياسىن قازىنىڭ ئۇيىگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى تاڭ سەھەردە قازى:
— باتۇر، ھەي باتۇر، تۇر ئورنىڭدىن! مەن سېنى ئوخلاتقىلى ئېلىپ كەلمىگەن، تاھارەت سۇيى تەييارلا، ئاندىن ئاتقا بوغۇز بەر، چايدىن كېيىن مەن بىلەن مەدرىسكە بارىسەن! — دەپ ۋاقىردى.
باتۇر ئۇيقۇلۇق كوزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا ئاندا - ساندا يۇلتۇزلار پاقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى ئوزىنىڭ خوجايىنىنىڭ قولىدىكى قول ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ "ياخشى ئاتىنىڭ تېرىسى قىيىن بولۇر، كون بولماس، ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى قول بولسىمۇ خار بولماس" — دىگەن سوزىنى ئويلىدى - دە، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى.
چايدىن كېيىن باتۇر قازىنى مەدرىسكە ئېلىپ باردى. مەدرىسكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ قازىنى يولەپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئاتنى مەدرىس ئالدىدىكى قارا ياغاچقا باغلاپ قويغاندىن كېيىن، قازىنىڭ كەينىدىن تاش پەلەمپەيلەرنى ئاتلاپ مەدرىسنىڭ كەڭ ھويلىسىغا كىردى.
بۇ مەدرىس 1820 - 1866 - يىللىرىدا ھوكۇم سۇرگەن مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ دەۋرىدە 1832 - يىلى بىنا قىلىنغان كاتتا مەدرىس ئىدى. بەي يەنخۇ① يېغىلىغىدىن كېيىن خەلق سەرسان - سەرگەردان بولۇپ تاغ ۋە باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىچى ئادەمسىز چولگە ئايلىنىپ قال-

① بەي يەنخۇ — مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ دەۋرلىرىدە ئۇرۇمچىدە تۇرغان خۇيزۇ ھەربى ئەمەلدار.

دى. شۇ سەۋەپتىن يۇزلەپ مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى يېتىشتۈر-
گەن بۇ مەدرىسەمۇ خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى.

شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە (1875 - 1928)
ئۇ "دىنىي موتىۋەرلەرنى كوپەيتكەندە يۇرتنى باشقۇرۇش ئاسان
بولىدۇ" دەپ ئويلاپ، بۇ مەدرىسىنى رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېي-
گەيتىپ سالدۇرغان ئىدى.

باتۇر ھەشەمەتلىك بۇ مەدرىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەيران
بولغان ھالدا ئەتراپىغا قارىدى. خىلمۇ - خىل گۈل نەقىشلەر
بىلەن بېزەلگەن قوچاق يەتكۈسىز تۈۋرۈكلەر دەلىزنى كوتىرىپ
تۇراتتى. يەرگە تاش يېيىتىلغان بولۇپ، ئىككى تەرىپى تالىپلار-
نىڭ ھوجرىسى، ئۇدۇلدىكىسى بولسا دەرسخانا ئىدى. ھوجرىلاردىن
"زەرەبە مازى، يېزدر بو مازارى، زەرە بەن مەستەر" دىگەندەك
ئاللىقانداق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى ۋە ھەر بىر ھوجرىغا يىغىل-
غان، باشلىرىغا ئاپپاق سەللە ئورىۋالغان، كوزلىرى كىتاپقا
تىكىلگەن تالىپلار قازىنىڭ كەلگەنلىگىنى كورۇپ، دەرھال
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، چەم تاشلىق قېلىن كىتاپلىرىنى
قولتۇقلىرىغا قىسىشىپ دەرسخانىغا مېڭىشتى.

باتۇر بىردەم مەدرىس ئىچىنى ئايلانغاندىن كېيىن، ئاستا
دەرسخانىغا كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇردى. تالىپلار رەتمۇ-
رەت ئولتۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىدا بولسا ياسىن قازى ۋاراقلىرى
ساغىرىپ كەتكەن يوغان كىتاپنى ئېچىپ قويۇپ سۇرلۇك ئولتۇراتت-
تى. ئۇ تالىپلارنىڭ ئوقۇشىنى مەنىستىمىگەن بىر قىياپەتتە تىڭشاپ،
گايىلىرىغا ئۇزۇن، گايىلىرىغا قىسقا قىلىپ مەنە ئېيتىپ بېرەتتى.
باتۇر قازىنىڭ مۇنۇ سوزلىرىنى ئاڭلىدى:

— ئاللاتائالا ئوز قۇدرىتى بىلەن تىرىكلەر ۋە ئولۇكلەرنى
جەم قىلىپ كىچىككىنە پىستە بادام ئۇچكىسىگە سىغدۇرالايدۇ.
ئاللاتائالا بۇ دۇنيادا ساۋاپ ئىش قىلغان مومىن بەندىلىرىنى

جەننەتكە بۆيرۇغان، ئۇلارغا جەننەتنىڭ سايە ـ سالقىن جايلىرىنى، راھەت ـ پاراغىتىنى، ئۇنىڭدىكى لەززەتلىك ھەۋزى كەۋسەر سۈيىنى، قاراكوز، ھور قىزلارنى ئاتا قىلغاندۇر...
ئىككى تەرەپتە ئۇز دەرىجىلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشقان تالىپلارنىڭ كوپچىلىگى بۇنى تەستىقلىغاندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشاتتى.
باتۇر ئۇيلىنىپ قالدى: "بۇ دۇنيادا ساۋاپ ئىش قىلغان مومىن بەندىلەر بىزغۇ، دادام بىلەن ئانامنىڭ بىر تال چۇمۇلىگە ئازارى تەككىنى يوق. ئاخىرەتتە كورىدىغان راھەتنى ھازىر كورسە بولماسمىدى؟" ئۇ ئىككىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ كوزىنى بىر ئۇقتىغا تىككەن ھالدا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كوزى بىردىنلا تالىپلار ئىچىدە ئولتۇرغان بويى ئىگىز، يۇزلىرى ئاق، قاشلىرى قاپ ـ قارا، تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر يېقىنلىق چىقىپ تۇرغان بىر كىشىگە چۈشتى. باتۇر ئۇنى تونۇدى. ئۇ تاقىتى چىقىپ باتۇرلارنى ئوقۇتقان موللانىياز ئىدى. باياتىن بېرى بۇ كىشى قازىنىڭ سوزلىرىگە ھېچ قانداق ئىپادە بىلدۇرمەي خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئەمدى ئۇ قازىغا تۇيۇقسىز سوئال قويدى:
— ئېيتقانلىرى دۇرۇست. ئاللاتائالا ھەممە بەندىنى باراۋەر قىلىپ ياراتقاندۇر. ۋاھالەنكى بەزىلەرنىڭ باي، بەزىلەرنىڭ گاداي بولۇشى نىمە ۋەجىدىن ئاخۇنۇم؟
بۇ سوئال باتۇرغا تولىمۇ يېقىپ كەتتى. قازى لاپ قىلىپ موللانىيازغا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن بۇ سوئالنى ياقتۇرمىغانلىغى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ چاندۇرماي جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:
— ئاللاتائالانىڭ بەزىلەرنى گاداي، بەزىلەرنى باي قىلىپ يارىتىشى تەقدىردىن. ئۇ ئۇز بەندىلىرىنىڭ ئىززەت مەرتىۋىلىرىنى

ۋە ئىسىلزادىلەرنى پەس تەبىقىلەردىن ئايرىش مەقسىتىدە، ئادەملەرنى ئىككى تەبىقىگە بۆلدى. مەسىلەن ئالساق، ئۇلۇغ ۋاكىمىزنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ دەرىجە بەخش ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋاكىمىز ئادالەتنى مۇشەررەپ قىلىپ، ئادەملەر ئارىسىدا سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇشقا، يۇرتنى سوراشقا مۇۋەپپەق بولدى...

باتۇر قازىنىڭ سۆزلىرىدىن زېرىكتى. موللانىياز بولسا، قازىغا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويدى.

باتۇر مەدرىسىنىڭ چوڭ ئىشىكىدىن سىرتقا چىقىپ، مەدرىس ۋەخپىلىرىنى تېرىيدىغان بىرقانچە دېخاننىڭ هارۋىلاردا نان ۋە بۇغداي ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. باتۇر بىر دېخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ هارۋىلاردىكى نەرسىلەرنى نېمە قىلغىلى ئېلىپ كەلدىڭلار، ئاكا؟

دېخان باتۇرغا قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

— سەن تېخى بىلمەمسەن بالام؟ مەدرىسكە تاپشۇرىمىز، ئۆزەڭ نېمە قىلىپ يۈرسەن بۇ يەردە؟

— مەن قازىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بالا.

دېخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدى.

— هە، ئۇستازىڭ موللانىيازنى شۇ مەدرىستە كۆرۈپسەن-دە، ئوغلۇم؟ — دېدى باقى قويچى باتۇرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن.

— هەئە، ئۇ ئادەم هېلىمۇ شۇ مەدرىستە، — دېدى باتۇر هاياجانلىنىپ.

— سېنى تونۇماسلىقى مۇمكىن. موللانىياز ناهايىتى ئېسىل ئادەم. ئۇ توختى بوۋاكىنى، مېنى، هەممىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ. كېيىن پەنە بېرىپ قالساڭ تونۇشلۇق بېرىپ قويغىن.

باتۇر دادىسىغا يەنە قازىنىڭ ئىنتايىن ھالىگەر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇزىنىڭ قىلىۋاتقان ئېغىر ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئاتا - بالا ئىككىسى ھوزۇرلىنىپ پاراڭلىشىپ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراق كۆز يۇمۇشتى. ئەتىسى باقى قويچى ئوغلىغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى ۋە يەنە كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

## تۆتىنچى باپ

سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان قازى بەگ.
بولماس ئىشنى قىپ قويۇپ،
ئوياتتا قالغان قازى بەگ.

بۈگۈن قازىخانا ھويلىسىغا ئارقا - ئارقىدىن دەۋاگەرلەر كېلىشكە باشلىدى. قازى ئۇلارغا ھويلىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى، چاقىرتقاندا بىردىن كىرىشنى ئۇقتۇردى ۋە باتۇرغا چاي دەملەپ كىرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى قازىخانىنىڭ سوراقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ھويلىدا تۇرغان دەۋاگەرلەر ئىچىدە مۇسىبەت بىلەن كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن، بېشىغا قارا دوپپا كىيگەن، ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن ياشانغان بىر كىشى تۇراتتى. ئۇ ئەمگەكتە پىشىپ قاداقلىشىپ كەتكەن تاشتەك مۇشتىنى تۈگۈپ، يەرگە قاراپ تۇرغان ئىشرەت ئوغرىغا غەزەپ بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئوچۇق مەيدىسىدىن قارا تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان، يىرتىلىپ كەتكەن ئۇزۇن چاپىنىنىڭ بېلىدىن كىرلەشكەن ئاق ماتا پوتا باغلىۋالغان، كونا كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىشرەت ئوغرى بولسا، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ ئەتراپىغا قارايتتى. ئۇ داڭلىق ئوغرى ۋە قىمارۋاز بولۇپ، يېقىندا قاتىللىق قىلىپ قولغا چۈشكەن، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولمايلا قېچىپ كەتكەن ئىدى. بۈگۈن ئۇنى دەۋاگەرلەر تۇتۇۋېلىپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

دەۋاگەرلەر قازىنىڭ چاقىرىشىنى كۈتۈپ سىرتتا تۇرۇشقىنىدا ئۈستىگە قارا مارى دوخاۋىسىدىن ئۆزۈن پەلتو كىيگەن، ھال رەڭ بورتۇمشال بىلەن يۈزىنى ياپقان بىر ئايال كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ قازىخانىغا كىرىپ كەتتى.

سوراقخانا تامنى چورىدەپ ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئازادە، چوڭ ئۆي ئىدى. توردىكى سۇپىنىڭ ئۈستىگە بولسا قىپ-قىزىل گىلەم، كۆپلەر سېلىنغان بولۇپ، كالتە پۇتلۇق، يوغان يومۇلاق شىرە قويۇلغان ئىدى. بۇ قازىنىڭ ئورنى ئىدى. نىمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن كاتىپلىرى تېخىچىلا يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى.

قازى ئايالنى تونۇپ، ئەجەپلەنگەن ھەم خوشال بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، ئايال سوراقخانىدا باشقا كىشىنىڭ يوقلۇغىنى بىلگەندىن كېيىن، لىچەكنى قىيا ئاچتى-دە، كۆزلىرىنى ئۈينىتىپ قازىغا بىر بېقىش قىلدى. قازى ھودۇققان ھالدا ئايالدىن ھال-ئەھۋال سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرى بولغاچقا، تېچ ئامان كېتىۋاتىمىز، جاناپلىرى كەم دىدار بولۇپ كەتتىلىغۇ؟ يوللىرىغا شۇنچە قارىساقمۇ بىر كېلىپ كېتەي دېمىدىلە،— ئايال شۇنچىلىك ناز بىلەن جىلۋە قىلىپ سۆزلەيتتىكى، قازىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئايالدىن ئۈزمەي سۆزلىدى:

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ھاجەتلىرى ئۈچۈن جېنىمىز تەسەددۇق......

— ھاجىتىمىزغۇ كۆپ...،— ئايال ئىتتىك سىرتقا قاراپ قويۇدى-دە، قازىغا قاشلىرىنى ئېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— ھازىرچە مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم...

— خوش ئېيتسىلا، ئېيتسىلا.

— ئۆيىمىزدىكى ھالىقى شەقىقە بەك ئۇسال بىر نەرسە

چىقىپ قالدى، ئاخۇنۇم. "نەسلى پەسنىڭ نەسلى پەس" دېگەندەك ئوغلىمىزنى نەسلى پەسنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويۇپ جېنىمىزدىن جاق تويۇۋاتىمىز. بۇ ئۇياتسىز نەسلى بۇزۇق خوتۇن ئىكەن.

— خوش، خوش. ئۇ بىزنىڭ مەدرىستە ئوقۇۋاتقان موللانىيازنىڭ سىڭلىسىغۇ- ھە خېنىم؟

— شۇنداق.

— خوش، ئۇ نائەھلى نېمە ئىشلارنى قىلدى، سۆزلىسىلەچۇ؟

— راستىنى ئېيتسام، ئۇ كۆڭلۈمدىكىدەك كېلىن چىقمىدى. جاناپلىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىلە ئۇدۇل كېلىپ ئۇدۇل قايتىدىلىغۇ؟

— ھە، ھە، شۇنداق. نېمە ئىش بولدى خېنىم؟ — قازىنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىكى ھاياسىز كۈلۈمسىرەش يوقالدى.

— ئۇ شەققە بىزنىڭ كۈندىشىمىز ئىكەن، — ئايالنىڭ ئاۋازى پەسلىدى، — مەھەللىمىزدىكى بىر ئايالغا: "قازى بۇ ئۆيگە كۆپ كېلىدۇ. ھە دېسىلا قېيناتىمىز يوق چاغلاردا كېلىپ، قېيىنانىمىز بىلەن كەچ-كەچلەرگىچە پاراڭلىشىدۇ" دەپتۇ. ھېلىقى كۈنى مەن جاناپلىرىنى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىققاندا كۆرۈپ قالغان ئىدى. ئۇ بىزنى ماراپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگەردى. بىرنى دېسەم ئىككىنى دەيدۇ. ئېغىز غېرىچىلىقىنى غىرىچلىغان.

— ھىم......، — قازى سەل قورققاندەك بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ يەنە سورىدى، — يەنە قانداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، خېنىم؟

— ۋاي ئاخۇنۇم، بۇ گەپنىمۇ خوشنىمىزدىن ئاڭلاپ قالدىم، بىز ئاڭلىمىغان يەنە نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ، كىم بىلىدۇ؟

قازى لېۋىنى چىشلىدى.

شۇ ئەسنادا باتۇر چېنە-چەينەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

قازى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا سوزلەۋاتاتتى:

— ئۇ قارايۈزنىڭ ئاكىسى مەدرىستىمۇ قاراگوجۇر سوئاللارنى سوراپ دىنىمىزغا شىك كەلتۈرۈۋاتىدۇ، — قازى گېپىنى توختىتىپ باتۇرغا ھومىيىپ قارىدى. باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — شەرىئەت يولىغا نامۇناسىپ ئىشلارغا چارە كورۈش بىزنىڭ ھەققىمىز. ئۇ قارايۈزنىڭ جاجىسىنى بەرمەي بولمايدۇ!

— خوش، — ئايال قازىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، — مەن جاناپلىرىغا يەنە بىر نەرسىنى دەپ قوياي. مۇللانىيازنىڭ توختى قوغۇنچى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟ ئاڭلىسام توختى قوغۇنچى جاناپلىرى ئۈستىدىمۇ بىر نەرسە توقۇپتىمىش.

— نىمە دەپ نەرسە توقۇپتۇ ئۇ ھايۋان؟ — قازىنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— "سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۇنى لېيىتقان قازىبەگ. بولماس ئىشنى قىپ قويۇپ ئۇياتقا قالغان قازىبەگ" دىگەنىدەك گەپلەر ئوخشايدۇ. ئىشقىلىپ بۇلار جاناپلىرىنىڭ شەنىنى بۇلغاۋېتىپتۇ.

قازىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— خەپ ئىپلاسلار! — قازى ئالدىدىكى نەقىشلىك شىرەنى مۇشتلىدى.

ئايال قازىنىڭ بۇنچە چىچاڭشىپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— نىمە بولسىمۇ بۇ بۇزۇقلارنىڭ ئەدىپىنى ۋاقتىدا بەرمىسە بولمايدۇ. بۇلاردىن بىزگە ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

قازى ئويلانغىنىچە بىرپەس جىم ئولتۇردى، لېكىن ئالدىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغان، قاشلىرىغا ئۇسما قويۇپ، يۈزلىرىگە ئۇپا ئەڭلىك سۈرگەن بۇ ئايال ئۇنىڭ ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈشىگە يول قويمىدى. ئۇ يەنە ھەممىنى ئۇنتۇپ كۈلۈمسىرىدى — دە، ئايالغا

شەھۋانىلىق بىلەن تەلمۈرۈپ:

— بۇ ئەھۋاللاردىن پېقىرنى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانلىرى ناھايىتى ياخشى بولدى خېنىم، ئۆزلىرىمۇ خاتىرجەم بولسىلا، — دىدى.

— خوش، مەن قايتاي، بىرىپ تۇرسىلا ئاخۇنۇم.

— بارىمەن، بارىمەن، — قازى ئايالنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشرەت ئوغرىنى چاقىردى.

كىشىلەر قىسىپ دەسسەپ كېتىۋاتقان ئايالغا قاراپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى:

— ھەجەر ئاپپاق دىمىدىمىمۇ، ھونۇس شۇ!

— بۇ ھازازۇل دەللال بۇ يەردە ئەتىگەندە نىمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

— قازى ئاخۇنۇمنى كورگىلى كەلگەندۇ!

— توغرا، يېقىندا قازى ئاخۇنۇم بىر قىزغا ئۆيلەندى ئەمەسمۇ، قازى بۇنىڭ يېنىغا بارمىغاندىن كېيىن ئولتۇرالماي قالدىدە!..

ئىشرەت ئوغرى سوراقخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىشىكنى چىڭ يېپىپلا پوتىسىغا تۈگۈپ كەلگەن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ قازىغا تەڭلىدى:

— ئاتا - ئانامنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ نويىسىلا ئاخۇنۇم. ئانامنىڭ ئەمچىگىنى قاتتىق چىشلىگەن ئوخشايمەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئولۇپ قالار دىمىگەن. تۇيۇقسىز ماڭا بۇ پىشكەللىك كەلدى. جاناپلىرى بولمىغان بولسىلا ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتەتتى. ئەمدى مېنى يەنە ئۆزلىرى قۇتقۇزمىسىلا، باشقىلار قۇتقۇزالمايدۇ.

قازى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى دەۋانى بىر نەچچە قېتىم سورىغان، ھەر قېتىمدا دەۋانى ئۇنىڭ بەرگەن پۇلىنىڭ يۈزى بىلەنلا ھەل

قىلغان ئىدى. بۇگۈن بولسا، ئۇنى ئاسانلا قۇتقۇزۇۋېتەلمەيتتى، شۇڭا قازى دۇدۇقلاپ:

— ئامال قىلىپ كورەي، ھازىرچە سېنى تەيجىۋەككە ئەۋەتىمەن. ئۇتكەنكى سوغاڭ بىلەن ئەھۋالىڭنى تەيجىگە يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم. تەيجى بېگىم بىر ئامال قىلار. ھازىر چىقىپ تۇر، — دېدى.

ئىشرەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسىبەتلىك سوپى دىخان كىردى. سوپى دىخاتكوز يېشى قىلىپ، بىگۇنا ئولگەن ئوغلى ئۈچۈن ھەسرەتلەندى. ئىشرەت ئوغرىغا چارە كورمەي، ئەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشنى سوزۇپ كېلىۋاتقان شەرىئەت ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى.

— ھەر كىشىنىڭ قانداق تەرىقەتتە ئولۇشى، شۇ كىشىنىڭ پىشانىسىگە پۇتۇلگەندۇر، — دەپ گەپ باشلىدى قازى بىپەرۋا بىر ھالەتتە، — ئوغلۇڭغا كەلگەن ئولۇممۇ پىشانىسىدىن. بۇنىڭغا ئەلھۇكمۇلىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق. ئۇتكەن ئىش ئوتۇپ كەتتى. ئىشرەتمۇ ئوغلۇڭنى ئورۇپ ئولتۇرۇپ قوياي دېمىگەن، تەقدىر شۇنداق بولغان. بىر بەندە ئۈچۈن يەنە بىر بەندىنى نابۇت قىلىش، ئاللامۇ راۋا كورمەس، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن شەرىئەتنى قارىلاپ ئولتۇرۇپسەن، ئۇنداقتا گۇناكار ئوزەڭ بولۇپ قالىسەن، بىلىپ قوي، خۇدانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ!

سوپى دىخانىڭ كوزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقنىدى.

— جانىغا جان، ئالىمەن! — دېدى سوپى دىخان، — يەنە ئالتە ئوغلۇم بار. دەۋانى ئوزلىرى سورىمىسىلا بىز ئوزىمىز سورايمىز. ئۇنىڭ جاجىسىنى تاياق - توقماق بېرىدۇ. زادى بۇ قىمارۋاز ئوغرىنى شەرىئەت بىر تەرەپ قىلامدۇ - قىلمامدۇ؟

سوپى دىخانىڭ سوزى شۇ يەرگە كەلگەندە، غەزەپكە تولغان ئالتە كىشى ئىشرەتنى پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي سورىگەن پېتى ئويگە ئېلىپ كىردى - دە، قازىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى،

ئىشرەتنىڭ يۈز ـ كوزى، پۈتۈن ئۈستى ـ بېشى توپىغا مىلەنگەن ئىدى.

— جانىغا جان ئالىمىز! — دېيىشتى ئۇلار ۋاقىراپ، — بۇ كانتۇ ھەر قانداق جازاغا لايىق! ئۇنىمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلىدۇ؟ ئاۋال شەرىئەت ھوكۇم چىقارسۇن، ئاندىن تەيجىنىڭ ئالدىغا بارىمىز، مەيلى ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا بارساقمۇ باردۇق!

قازى تەمتىرەپ قالدى. سىرتتا تۇرغان باشقا دەۋاگەرلەرمۇ ئۆيگە تىقىلىشىپ كىرىشتى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئىشرەت ئوغرىنىڭ سوپى دىخاننىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگەنلىكىنى ۋە ئوغلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ھەممىيلەن ئاڭلىغان ئىدى. كەلگەن دەۋاگەرلەر ئۆز دەۋالىرىنى ئۇنتۇپ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ كەتتى.

— "دەۋاگەر بوش كەلسە، قازى مۇتىھەم بولۇر" دىگەن گەپ راست ئىكەن ـ ھە؟

— ئوغرىنىڭ كېپى ئۇنۇڭ بوپتىمۇ؟...

قازىخانىنىڭ ئىچى غەلۋە ـ غوغا بىلەن تولۇپ كەتتى. سوپى دىخاننىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت تومۇرچى قولىدا بازغان كوتەرگەن ھالدا ئىشرەت ئوغرىنى ھازىرلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئەلپازدا ھومىيىپ تۇراتتى.

— غەۋغا قىلماڭلار، غەۋغا قىلماڭلار، — ۋاقىرىدى قازى ھولۇققان ھالدا، — دەۋانى سورىمايمەن دىگىنىم يوقتۇ؟ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن يە خۇن ھەققى تولىتىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئۆلۈم بۇيرۇش دىگەن گەپ بار. لېكىن بۇنىڭ بىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىن، بىرسى ۋاڭ خوجامنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش، مەن بۇ دەۋانى ئوردىغا مەلۇم قىلىمەن، قانداق دەيسىلەر؟

— ۋەقەنى تولۇق يېزىپ موھرىڭىزنى بېسىڭ، خەتنى ئېلىپ ئوردىغا ئۆزىمىز بارىمىز! — دىدى مامۇت تومۇرچى قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

قازى تومۇرچىنىڭ تاغدەك ھەيۋەتلىك بەستى، غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە قاراپ، بىرئاز قورقتى بولغاي، قولىغا قەلەم ئېلىپ خەت يېزىشقا ئولتۇردى.

قازى ھودۇقۇش ئىچىدە خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، موھرىنى باستى. قازىخانىدىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشرەتنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا قاراپ كېتىشتى. قازى غەم-ئەندىشە ئىچىدە يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ھېلىقى پۇلنى تۇتۇپ خىيالغا كەتتى.

ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالدى. يېنىدىكى ياردەمچىلىرى، كاتىپلىرىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ئۇ، ئىشرەت ئوغرىنىڭ ئىشىدىن ئانچە ئەنسىرىمىسىمۇ، ھەجەر ئاپپاقنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلمىغاندا چاۋىسى چىتقا يېيىلاتتى. ئۇ خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. يېڭىدىن كەلگەن دەۋاگەرلەرنى بولسا "بۈگۈن ۋاقتىم يوق" دەپ ياندۇردى.

ئاخىرى ئۇ دىنىي ساھەدىكى ھامىيچىسى نىياز ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ باتۇرنى چاقىردى. ئالدىدا بويىنىنى ئېگىپ تۇرغان باتۇرغا قازىنىڭ كۆزلىرى نەشتەردەك تىكىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈستىدە نەزمە توقۇغان توختى قوغۇنچىنىڭ نەۋرىسى باتۇرغا ئۆچمەنلىكى تۇتقان ئىدى.

— ئاتنى تەييارلا!

باتۇر بىردەمدىلا ئاتنى تەييارلىدى ۋە قازىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرگەندىن كېيىن نىياز ئەلەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

بۇلار ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، نىياز ئەلەم قايسى بىر بەگنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئۇنىڭ موھرىگە ئويۇلىدىغان بىر نەزمىگە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى قەلەمنى دۈۋەتكە سانچىپ قويۇپ، قازىنى تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى. قازى رەسمىي يوسۇندىن كېيىن ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەلىۋى بويىچە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ

ئۆلتۈردى. ئارىدا ئىچلىق، ئامانلىق سورايدىغان سوزلەر تۈگىدى. قازىنىڭ كەيپىياتىدا بىرخىل سۇسلۇق، خوشياقماسلىق ۋە سوزلىرىدە خوشامەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىگىز-پەسلىكنى سەزگەن نىياز ئەلەم قازىنى يوغان پەنجىرە يېنىغا قويۇلغان نەقىشلىك شىرە ئۈستىدىكى قەغەزلەرگە جەلپ قىلدى-دە، قازىدىن تېخى يېزىپ بولۇنمىغان بىر نەزمىنى تولۇقلاپ بېرىشنى سورىدى:

— بۇ نەزمىنىڭ بېشى بەگنى شۇنچىلىك ماختاپ ئەرش-ئەلاغا كوتىرىشى كېرەككى، ئاخىرىدا پۇقرانىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكىنى تەكىتلەش ۋە مانا مۇشۇ قاپىيىدە، يەنى باشتا «بىيھار» دېيىلدىمۇ، ئاخىرىدا «زىنھار» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇ-لۇشى كېرەك.

قازىنىڭ بۈگۈن ھېچنەرسىگە ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، ئويلىنىپ قالدى. لېكىن نىياز ئەلەمنىڭ ئۆزىگە بولغان دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، توۋەندىكى نەزمىنى يازدى:

شۈكرىلىللا ئولدۇم شۇ كۈندە پۇقرا چاپىلغان داغىدىن،

نە ئۈچۈندۇركىم، مىۋە يەپ تۇرىمەن شەرىئەتنىڭ باغىدىن.

نىياز ئەلەم قازىنىڭ ھەسرىتىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— خوش ئاخۇنۇم، كوڭۈللىرىگە بىرەر مالاللىق يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بىر بۇنداق ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرسەك بولماس، — دېدى.

— بۇ بەش كۈنلۈك پانى ئالەمدە، — دەپ سوز باشلىدى قازى، — پۇقرالار ھاجىتىنى شەرىئەت ھوكمى بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامنى ۋە جاناپلىرىنى خوشال ئەيلەپ، دۇئالىرىنىڭ بەركاتىدا ئوبدان ئوتتوۋاتاتتىم، لېكىن دىنىمىزغا شەك كەلتۈرگۈچىلەر، سىلى، بىزنى قارىلىغۇچىلار چىقىۋاتىدۇ، — قازى جىم بولۇپ سەل ئويلانغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — بۇلار ئەسلىدىن

جاناپلىرىغا مەلۇم كىشىلەردۇر...

قازى خېلىغىچە ئۇرغۇن ئەرسىلەرنى ئۇچمەنلىك، ئادالەتسىزلىك بىلەن سۆزلەپ مولانىياز ۋە توختى قوغۇنچىنى سۆكتى.

قازىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نىياز ئەلەم ئۇنىڭ مەقسىدىگە چۈشەندى ۋە دېدى:

— جاناپلىرىدەك مۇتىۋەر كىشىلەرگە داغ يەتكۈزۈش شەرىئەت يۈزىگە قارا چاپلىغانلىقتۇر، ئاسماندىكى يامغۇرنىڭ ياغمىغى، زېمىندىكى ئاباداتلارنىڭ كۆكەرمىگى ئەۋلىيالارنىڭ قەدەم بەركاتىدىن بولغان. بۇ يولغا نۇقسان يەتكۈزگۈچىلەرنى ئاللا ئۆزى شەرمەندە قىلىدۇ. شەرمەندىلەرنىڭ جازاسىنى ھەر نەپەستە بېرىپ تۇرۇش — ئۆز قۇللىرىغا مۇتلەق قىلىنغان قانۇنى رەسمىيەتتۇ، ئۇ گادايلارغا ھەرگىزمۇ رەھىم قىلماسلىق لازىم......

شۇ ئەسنادا نىياز ئەلەمنىڭ ئايلى شىرەگە داستىخان سالدى-دە، قايماقلىق چاي ۋە قەن-گېزەكلەرنى تىزىۋەتتى، ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ئىمىلەرنىدۇ مەسلىھەت قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلدى. قازى ئالاھىدە روھلىنىپ ئۆيىگە قايتتى.

## بەشىنچى باپ

باقﻘا كىردىم دەپتىمەن،
ئىچىگە دەرتنى ساپتىمەن.
پىنھانىدا ھەسرەت يۇتۇپ،
ئۆتەرىمنى بىلمەپتىمەن.

— بۈگۈن جۈمە. كوچا كىشىلەرگە لىق تولغان، ئۇردا قوۋۇق دەرۋازىسىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى ئاشپۇزۇللاردىن ھەر خىل تاماقلارنىڭ مېزىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇردىغا ئېلىپ بارىدىغان كەڭ تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە-چېۋە سېتىۋاتقان باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋاقىراشلىرى كوچىنى بىر ئالغان ئىدى.

توساتتىنلا ھەممىنىڭ دىققىتى چوڭ يول تەرەپكە بۇرۇلدى. يىراقتىن سوپى دىخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىشرەت ئوغرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. قولى كەينىگە باغلانغان ئىشرەت ئوغرى بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا سورۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تاماشا كورگۈچى بىر توپ ئۇششاق بالا ۋە چوڭ ئادەملەر كېلىشىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۆزۈندىن بۇيان ھەممە ئادەمنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان ئىشرەت ئوغرىنىڭ تۇتۇلغانلىقىغا خوشال بولغان ئىدى ھەم سوپى دىخاننىڭ ئولتۇرۇلگەن ئوغلىغا ئېچىنىپ ئۆزئارا سوزلىشەتتى.

ئىشرەت ئوغرى قوغۇن-تاۋۇز سېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، كىمدۇر ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ شاپاقلارنى ئاتتى. شۇنىڭ-

دىن كېيىن ئۈششاق بالىلار تاش-كېسەكلەرنى ئېتىشقا باشلىدى. كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۆر-ئۆرگا قالغاندەك، ئىشرەت ئوغرىمۇ كىشىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە كۆمۈلۈپ، يوشۇرۇنىدىغان كاما تاپالماي قالغان ئىدى. ئۇ قورقۇپ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئوردا ئالدىدىكى قاراۋۇللار كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توستى. ئوردىنىڭ ئۈچىنچى ئىشىگىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان پو ئاتقۇچىمۇ ۋەس-ۋەسىگە چۈشۈپ، تىزىپ قويۇلغان ئۈچ پونىڭ ئۈستىدىكى ياپقۇچلارنى ئاچتى.

قاراۋۇللار ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قالغان كىشىلەرنى ئوردىنىڭ بىرىنچى ئىشىگىدە قالدۇرۇپ، ئوغرى بىلەن سوپى دىخاننىڭ ئوغۇللىرىنى سوراقخانىنىڭ سىرتە-دىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆينىڭ تاملىرىدا دەرە، پالاق، غولدا، سىم قامچىلار ئېسىقلىق تۇراتتى. قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى يوغان خام سېمىز ئادەم ۋەقەنى قايتا-قايتا سوراپ، ئەھۋالنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، دەۋاگەرلەرگە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى سوراقچى بەگلەرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قاراۋۇل باشلىقى قايتىپ چىقىپ، سوپى دىخان بىلەن ئىشرەت ئوغرىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

سوراقخانىنىڭ ئىچى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئىدى. ئۆينىڭ تۆرىدە قارا دۇخاۋا بىلەن تاشلانغان دىۋانلار، ئوتتۇرىدا بولسا، چىلان ياغىچىدىن ياسىلىپ، ياڭاق مېغىزى بىلەن پاقىرىتىلغان، ئۈستىگە سېرىق ئىپەك داستىخانلار سېلىنغان يوغان شىرە، ئۈستەللەر تۇراتتى. شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە ئالتۇن ھەل بىلەن گۈل چىقىرىلغان پەتنۇس، دەۋەت، قەلەم، دەستە-دەستە قەغەزلەر تۇراتتى.

دەۋاندا ئىگىز بوي، ئورۇق زاھىر تەيجى گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پاقىراپ تۇرغان ئورا كۆزلىرى، ئاپتاپ كۆرمىگەن قانسىز ياغاق يۈزلىرى، شالاڭ قارا ساقاللىرى كىشىگە تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يان تەرەپتىكى دەۋاندا بولسا، بەستلىك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق قاشلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن مېھرىۋانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، سالاپەتلىك سۇلتان مىرغەزەپ① ئولتۇراتتى.

دەۋاگەرلەر ئىشىكتىن كىرىپلا سوراقچى بەگلەرگە تىز پۈكۈپ تازىم قىلدى.

زاھىر تەيجى ئىشرەتنىڭ كەينىدە تۇرغان قاراۋۇل بېشىغا قاراپ:

— قولىنى يېشىۋېتىڭلار، — دېدى.

قاراۋۇل بېشى دەرھال ئىشرەتنىڭ قولىنى بوشاتتى.

ئىترىگەن تەنگە ئىسسىق چاي ھوزۇر بەرگەندەك ئىشرەت ئوغرى كۆزىنىڭ قىرى بىلەن زاھىر تەيجىگە قاراپ، تايغان ئۆز ئىگىسىگە ئەركىلىگەندەك يېلىنىش بىلەن ھىجىيىپ قويدى. سۇلتان مىرغەزەپ سوپى دىخانغا قاراپ:

— سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دەپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى.

سۇلتان مىرغەزەپ زاھىر تەيجىنىڭ سوراق قىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. تەيجى بولسا سۆزنى نەدىن باشلاشنى ئويلىمىغاندەك بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىپ سوپى دىخانغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى-دە، سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سېنىڭ ئوغلۇڭ بۇنى نەدىن تۇتۇۋاپتۇ؟

— خوش، بىزنىڭ ئېغىلدىن تەقسىر.

---

① مىرغەزەپ — گۇناكارلارنى جازالىغۇچى ۋە ۋاڭنىڭ قاماقخانىلىرىنى باشقۇرغۇچى.

— قوي ئوغرىلىماقچى بولغىنى راستمىكەن؟
— قوينى بوغۇزلاپ تاغارغا قاچىلاۋاتقاندا تۇتۇلغان. ئۆلتۈرۈلگەن قوينى يۇرت - جامائەت، ھەتتا ئىمام - مەزىندىن تارتىپ ھەممىسى كۆردى.
— ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا، ئوغلۇڭدىنمۇ باشقا يەنە كۆرگەن ئادەم بارمۇ؟
سوپى دىخان بۇ سۆزنى چۈشەنمەي زاھىر تەيجىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.
— مەن سەندىن، — دەپ چۈشەندۈردى تەيجى سەل خاپا بولۇپ، — ئاشۇ كېچىسى بۇ ئوغرىلىق قىلغان جايدا ئوغرىنى كۆرگەن يەنە باشقا ئادەم بارمۇ دەپ سوراۋاتىمەن!
— يېرىم كېچىدە ئوغرىدىن باشقا كىم بولاتتى خوجام؟ — دەپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى سوپى دىخان، — تۈن يېرىم بولغاندا بالا ھاجەتكە چىقىپ بۇ ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئېغىلدىكى ئەنسىز چېلىكنى ئاڭلاپ چىقساق ئاللىقاچان بالىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇپ بوپتۇ، — سوپى دىخاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلاپ تاشلىدى، — بىر بالىنى ئۇن سەككىز يىل بېقىپ چوڭ قىلماق ئاسانمۇ خوجام؟ بولدى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆردۇق، جانغا جان، قانغا قان ئالىمىز! — غەزەپتىن ئۇنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.
— سىلەرنىڭ بۇرۇن ئىشرەت بىلەن بىرەر ئاداۋىتىڭلار بولغانمۇ؟ — يەنە سورىدى زاھىر تەيجى ئەزمىلىك بىلەن.
بۇ سوئالدىن سۇلتان مىرغەزەپنىڭ ئىچى پۇشتى - دە، ئىشرەت ئوغرىغا غەزەپلىك تىكىلىپ ئۆزى سوئال سوراشقا باشلىدى:
— سەن مۇشۇنىڭ بىلەن قانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلدىڭ؟ قانچە ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ؟

باياتىن سەل روھى كۆتىرىلىپ قالغان ئىشرەت:
— خوش، بۇنىڭ ئۆيدە ئوغرىلىققا چۈشكىنىمۇ يوق ئىدى. ئوغرىنى قاچۇرۇپ قويۇپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەندەك مۆمىن ئادەمنى تۇتتۇۋالدى، — دەپ ھەممە جىنايەتىدىن تاندى.
بۇنى ئاڭلاپ غەزىۋى ئۆرلىگەن سوپى دىخان سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوغرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى ۋە ئوغرىغا قاراپ سوزلەپ كەتتى:
— ھەي! سەن يولدىن تۇتۇلدۇڭمۇ ياكى ئېغىلدىن؟! سەن قانداق قىلىپ ئۆز جىنايەتىڭدىن تېنىۋالالايسەن؟! كەسپىي ئوغرى ئىكەنلىگىڭنى كىم بىلمەيدۇ سېنىڭ! بايىلا قازىنىڭ ئالدىدا "ئۇلتۇرۇپ قوياي دەپ ئورمىغان ئىدىم" دىمىگەنمىدىڭ؟! — ئۇنىڭ ئاپپاق ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. كوزلىرى ئوت چاقنىغاندەك ياندى.
سۇلتان مىرغەزەپ سوپى دىخانغا سەۋرى قىلىشنى ئىيتتى ۋە قاراۋۇل بېشىغا قاراپ:
— ئەپچىقىڭلار بۇنى، پۇتىغا دوگگە، بوينىغا قوۋۇق سېلىپ سولاپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
ئىشرەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مىرغەزەپ سوپى دىخاندىن سورىدى:
— قازىنىڭ خېتى قېنى؟
سوپى دىخان ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ، مىرغەزەپكە ئىككى قوللاپ سۇندى. مىرغەزەپ قازىنىڭ موھرى بېسىلغان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن زاھىر تەيجىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
— خەتتىمۇ ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق يېزىلىپتۇ، — دىدى ۋە سوپى دىخانغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — سىز ھازىر ئۆيىڭىزگە قايتىپ تۇرۇڭ. بۇ ئوغرىنىڭ پەيمانى توشتى، ئەمدى ئۇ جەزمەن ئۆز

جازاسىنى تارتىدۇ. بىز ئالدى بىلەن بۇ ۋەقەنى ۋاڭ خوجامغا مەلۇم قىلىمىز.

سوپى دىخان سۇلتان مىرغەزەپكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تازىم قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

مىجەزى چۈس ئۆزۈندىن بېرى ئوردىدىكى بەزى ناھەق ئىشلاردىن نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مىرغەزەپ سوراتخانا بوش قالغاندىن كېيىن زاھىر تەيجىگە قاراپ:

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغرىنىڭ ئوخولىسىنى ئۇستۇرۇپ قويغانلىرى قانداق بولغىنى؟ — دىدى.

— ماجرانىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرۇپلا، جازالىساق بولامتى؟ — دىدى تەيجى نارازى بولغاندەك.

— مەسىلە تولىمۇ ئېنىق، — كەسكىن جاۋاپ بەردى مىرغەزەپ، — ئۆزۈندىن بۇيان قولغا چۈشمەي يۈرگەن، پۇقرانى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان بۇ ئوغرى يەنە ئادەم ئولتۇرۇپ قولغا چۈشكەن تۇرسا، ئۇنىڭغا دەرھال جازا بېرىپ پۇقرالارنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتكىنىمىز تۈزۈك-تە!

— پۇقرانىڭ ئېچىدە ئاداۋەت يۈزىسىدىن تۆھمەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، بۇ مەسىلىنىمۇ ئوبدانراق ئويلىماي بولمايدۇ!

— قازىنىڭ ماۋۇ خېتىنى ئوبدانراق ئوقۇپ باقسىلا تەقسىر، مىرغەزەپ قازىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

تەيجى ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مەنسىتمىگەندەك دىدى:

— بىلمىگەنگە بولۇشما، دىگەن گەپ بار، قازىنىڭ يازغانلىرىنى ئوبدان ئوقۇدۇم. بۇ خەتتىن شۇنەرسە مەلۇمكى، سوپى دىخاننىڭ ئالتە ئوغلى بازغان كوتىرىپ كېلىپ قازىنى مۇشۇنداق خەت يېزىشقا مەجبۇر قىلغان. ئىنساپ ۋە دىيانەت يۈزىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىش ھەق بويىچە بىرلۇشى كېرەك! — دىدى.

مىرغەزەپ خەتنىڭ ئىما-ئىشارەت بىلەن يېزىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ "ئالتە ئوغۇل بازغان كوتىرىپ ئالدىمغا كېلىۋالدى......" دېگەن ئىبارىلەر تەيجىگە قىلىنىۋاتقان ئىشارەت ئەمەسمۇ-ھە؟ بۇلارنىڭ تىلى بىر" دەپ ئويلىدى ۋە تەيجىنى ئاگاھلاندۇردى:

— "قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنىدۇ" دېگەن گەپ بار. يۇقىرىلارنىڭ جىنىغا تېگىۋاتقان مۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

— كۆز كۆرمىگەن ئىشنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىش پاراسەتلىك كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس، — تەيجى تەنە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

غەزەپلەنگەن سۇلتان مىرغەزەپ دىۋاننىڭ تۇتقۇچلىرىنى چىكىپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ئۆزۈندىن بېرى بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىز قەبىھ ئىشلار ئۆتمەكتە ئىدى. گەرچە سۇلتان مىرغەزەپ ئوردىدىكى مۇھىم ئىشلارنى بېجىرگۈچى ھېساپلانسىمۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ خاھىشىدىن سىرت بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خېلىدىن بۇيان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇ كۆڭلىدىكىنى ۋاڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي سۆزلىشىشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن "ئالدىرىماسلىق كېرەك" دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى. بۈگۈندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى:

ۋاڭ ناھايىتى زور ھەشەمەت بىلەن ئوۋغا چىقتى. توسقاغىغا① بارغاندا، ۋاڭنىڭ كالىلىرىنى باقىدىغان پادىچىنىڭ كىچىككىنە كەپىسى ۋە كالىلار كۆرۈندى. ۋاڭ خىزمەتچىلىرىگە:

— خەۋەر قىلىڭلار، سۈت-قايماق تەييارلىسۇن، — دەپ بۇي-

① توسقاغا — قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

رۇق قىلدى.

پادىچى بوۋاي ئولارغا:

— مېنىڭ بېقىۋاتقىنىم ئۆي - كالا تۇرسا، سۈت - قايماق نەدە بولسۇن؟ — دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ گەپنى خىزمەتچىلەر ۋاڭغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ۋاڭ خاپا بولۇپ ۋاقىراپ كەتتى:

— ئۇ هارامزادىنى دەرهال هەيدەپ كېلىڭلار. ئەدەپسىزلىك قىلغىنىنى قارا!

ۋاڭنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بوۋاينى سورەپ ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ شۇ يەردىلا بوۋاينى 40 غولدا ئۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي زىنداندا تاشلاشنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

مىرغەزەپ بوۋايغا ئىچىندى. بوۋاينى ئۇردىغا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتقان چاپارمەنلەرگە ياخشى سوزلەرنى قىلىپ، بوۋاينى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ۋاڭ ئۇ يەردىن ئۇتۇپ ئودەكلىككە باردى. ۋاڭ كولدىكى ياۋا ئودەكلەرگە قارىتىپ ئوق چىقارغاندا بىر ئودەك ئولدى. ۋاڭ دەرهال بىر كا①سىنى ئودەكنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. كا ۋاڭنىڭ تەرسا مىجەزىنى بىلگەچكە، كولنىڭ تىرەن - تېيىزلىقىغا قارىماستىنلا سۇغا كىرىپ كېتىپ چىقالماي ئولدى...... بۇنداق ئىشلار هەركۈنى بولۇپ تۇراتتى. بىگۇنا ئادەملەرنىڭ جېنى ۋاڭنىڭ ئالدىدا بىر چىۋىنچىمۇ تەڭ تۇرمايتتى. بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مىڭىسى قوچۇلۇپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سوراقخانىدىن سىرتقا چىقتى، لېكىن جازالاش ئويىدىن بىر خىل ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

① كا — ۋاڭنىڭ خىزمەتچىسى.

مىرغەزەپ يەنە چىداپ تۇرالماي، جازالاش ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. جاللاتلار بىر ياش دېخان يىگىتنى ئۇرۇپ قانغا بويىۋەتكەن ئىدى. مىرغەزەپ ئۆزىنى ئاران - ئاران بېسىۋېلىپ زاھىر تەيجىدىن سورىدى:

— ئۇنىڭ گۇناسى نېمىكەن؟

— تۈنۈگۈن ۋاڭ خوجام مەگەش ئوردىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا بۇ مەلئۇن ئىشەك مىنىپ ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپتۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى تەيجى ئاچچىقىنى بىلەن، — ھەممىگە ئاياننىكى، ۋاڭ خوجام ھەر قېتىم سىرتقا چىقىدىغان چاغدا ئۈچ قېتىم پو ئېتىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتلىقلار ئاتتىن، ئىشەكلىكلەر ئىشەكتىن چۈشىدۇ، پىيادىلەرمۇ قەدىمىنى توختىتىپ، ۋاڭ غوجامغا ھورمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ ھارامزادە بولسا بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇنا ئۆتكۈزگەن.

مىرغەزەپ غولدا تۇتقانلارغا قاراپ:

— بولدى قىلىڭلار، — دىدى - دە، ئىتتىك كېلىپ دېخان يىگىتنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سورىدى:

— ۋاڭ خوجامغا بىھورمەتلىك قىلغىنىڭ راستمۇ؟

— يوغىسۇ بېگىم، ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەپ بولۇپ كېتىپ، دورا ئالغىلى چىققان. دورىنى ئېلىپ ئالدىراپ ئۆيگە ياندىم. خىيالىم ئۆيدىكى كېسەللەردە بولۇپ قاپتۇ. تار كوچىدىن چوڭ يولغا چىقىشىمغا تۇيۇقسىز ۋاڭ غوجامغا ئۇچرىشىپ قالدىم. دەرھال ئىشەكتىن چۈشۈپ تازىم قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ قاراپ تۇرۇپ مېنى يەنە تۇتۇپ كېلىشتى. رەھىم قىلىشىڭلا بېگىم، ئۆيدىكىلەرگە قارايدىغان مەندىن بولەك ئادەم يوق ...، — يىگىت يىغلىۋەتتى.

— ئادەم بىخۇت بولسا ھەر بالاغا ئۇچرايدۇ، — دىدى مىرغەزەپ، — بۇندىن كېيىن سەگەك بول، چىق ماڭ!

يىگىت تازىم قىلدى ۋە زەخىملەنگەن پۇتىنى سورەپ جازاخانىدىن چىقىپ كەتتى.

زاھىر تەيجى نىمە دىيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. مىرغەزەپ بولسا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خىيالدىن بىرى ئويلاپ يۈرگەن سوزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ھەزرەتلىرىنىڭ مىجەزى چۇس. بىراق ھەممە ئىشنى ئاچچىققا يولەپ قىلىۋەرسەك بولماس. ئوزلىرى ئاڭلىلا، ئۇنىڭ ئوي ئىچىدىكىلىرى ئاغرىپ يېتىپتۇ. راست، دىگەندەك مۇشۇ بىر ئايدىن بىرى نۇرغۇن ئويلەردە تەپىنىڭ ئازاۋىنى تارتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. ئىشنىڭ يۈز بىرىش جەريانىنى سۈرۈشتۈرۈپ كورمەيلا، كورگەننىلا جازالاۋەرسەك پۇقرالارنىڭ نۇۋالىغا قالىمىز. يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن كىشىلەرنى جازاغا تارتىۋەرمەيلى تەقسىر.

— پۇقرا دىگەننىڭ ئۇستىخىنى قارا، كوڭلىمۇ قارا بولىدۇ، — دىدى زاھىر تەيجى چىچىلىپ، — ئۇلار راست - يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ سوزلەۋېرىدۇ. بۇنداقلارغا رەھىم قىلغاننىڭ ئوزى، ۋاڭ خوجامغا قارا يۈزلۈك قىلغانلىق بولىدۇ. ئوزلىرىنىڭ پۇقرالارغا مۇنچە رەھىمدىللىق قىلىشتىكى مۇددىئالىرىنى چۈشىنەلمىدىم! — تەيجى شۇ سوزنى قىلدى - دە، جازالاش ئويىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى مىرغەزەپ ئويگە كىلىپلا تاۋى بۇزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

ئەككى كۈندىن كېيىن ھىلىقى يىگىت ئۇشتۇمتۇت مىرغەزەپنىڭ ئويىگە كىرىپ كەلدى - دە، ھال ئېيتىشقا باشلىدى:

— زاھىر تەيجى بىزنىڭ ئويدىكى ھەممەيلەننىڭ نومغا پالانغانلىغىنى ئۇقتۇردى. بىگىم، ئويدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغرىق، قانداقمۇ نومغا كوچۇپ بارالايمىز؟ ئوزلىرى بىر رەھىم قىلىپ، ۋاڭ خوجامدىن گۇنايىمىزنى تىلەپ قويغان بولسىلا، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولساق......

بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ غەزەپتىن مىرغەزەپنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. لىكىن ئۇ ئوزىنى بىسىۋېلىپ:

— بولىدۇ، مەن ئەتىلا ئۇردىغا بارىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ،— دېدى.

خوشال بولۇپ كەتكەن دىخان يىگىت كەينىگە يانماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، مىرغەزەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

— ئىسمىم بەستەم.— دېدى جۇل-جۇل كىيىملىك بۇ يىگىت.

— قايسى مەھەللىدىن؟

يىگىت ئۇلتۇرۇشلۇق مەھەللىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، سۇلتان مىرغەزەپنىڭ يادىغا موللانىياز كەلدى. چۈنكى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ياسىن قازى موللانىياز ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئىدى: موللانىيازمۇ شۇ مەھەللىدە بولغاچقا يىگىتتىن بەزى ئەھۋاللارنى سوراپ باقماقچى بولدى:

— سىز شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق موللانىيازنى تونۇمىسىز؟

— تونۇيمەن. خوشنىمىز بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئوبدان ئادەم.

— خوش، قانداق ئوبدان؟

— خالىس، بىردەك كەمبەغەللەرنىڭ دەردىنى بىلىدىغان ئادەم. يۇرت ئىچىدە: "موللانىياز ياسىن قازىنىڭ يامان ئىشلىرىنى بىلىپ قاپتىكەن، شۇڭا ياسىن قازى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ" دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ.

— ھە، يەنىچۇ؟

— باشقا گەپ ئاڭلىمىدىم.

— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن.

دىخان يىگىت ئوردىدىكى بۇ چوڭ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇلايىم سۆزلىشىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، تازىم قىلىپ قايتىپ چىقىپ كەتتى.

يىگىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلتان مىرغەزەپنىڭ كاللىسىدا: "مەدرىستىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ھەلىقى شىكايەتتە ياسىن قازىنىڭ قولى بار ئىكەن-دە، بۇ ئىشنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش كېرەك" دىگەن ئوي كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تەيجى ۋە قازىلارنىڭ كەينىدە تۇرغان بىر قارا گەۋدە... شامەخسۇت ۋاڭ پەيدا بولدى. "قازى قارىلىغاننىڭ قايسىسى ساق قالدى؟ ۋاڭنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ بىر ئوچۇم كىشىلەر قىلىمەن دىگەننى قىلىۋاتامدۇ؟" بۇلارنى ئويلىغانسېرى مىرغەزەپنىڭ يەنە سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى.

## ئالتىنچى باپ

گەر قاراغا چومۇلسە كىشى،
ئۇز ئاياغى بىلەن.
ئابى زەمزەم بىرلە ئاقارماس،
ھەرنىچۇك يۇغان بىلەن.

موللانىياز ياسىن قازى ئۇچۇن زور ۋەھىمە قورقۇنچلۇق بىز كۇشەندە بولۇپ ئۇتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. ئۇ مەدرىستىكى ياش تالىپلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان كونا قائىدە-يوسۇنلارغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماقتا، سامانىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۇرتمەكتە ئىدى. ئىلگىرى ياسىن قازى نىمە دىسە "خوش" دەپ بېشىنى ئېگىپ موللا مۇشۇك بولۇپ ئولتۇرىدىغان تالىپلار ھازىر خېلىلا ھوكۇرەيدىغان ھەر خىل ناشۇكۇر، كۇپىرانى سوز-لەر بىلەن قازىنىڭ ئاغزىنى غىرىچلايدىغان، لوقما سالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا بەزى تالىپلار تەپتارتماي: "قازى ئاخۇنۇم، بىز ئوقۇۋاتقان كالامۇشىرىپتا كىشىنىڭ ھەقىقىنى يې-شىش ھارام دەپ يېزىلغان، ئۇزلىرىمۇ بىزگە شۇنداق دەپ تە-لىم بېرىپ كېلىۋاتىدىلا، ۋاھالەنكى ھازىرقى باي، ئۇلىمالىرىمىز-نىڭ، ئوردا ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ قايسى بىرسى كىشىنىڭ ھەققىنى يىمىدۇق دىيەلەيدۇ؟ قۇرئاندا ئېيتىلغان بۇ قائىدە-نىزاملار ئۇچ يۇز ئاتمىش كۇن ئېغىز ئەمگەكتىن باش كوتىرەلمەيدىغان كەم-بەغەللەر، كۇن بويى ئاچ قوساق يۇرىدىغان غېرىپ-غورۇۋالار ئۇچۇنلا چىقىرىلغانمىدى؟!" دىگەندەك قورقۇنچلۇق سوئاللارنى سو-

رايىتتى. ياسىن قازى بۇ خىل غەلىتە ئىشلارنىڭ بىردىن-بىر قۇتراتقۇچىسى چوقۇم موللا نىياز دەپ ھۆكۈم قىلاتتى. ياسىن قازىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغىنى ئۇنىڭ ھەجەر ئاپپاق بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىنى خەلقى-ئالەمگە يېيىپ، جامائەت ئىچىدە ئابرويىنى دەپسەندە قىلماقتا ئىدى. كوچا-كويلاردا، يەغىلىش، سورۇنلاردا قازى ئۈستىدىكى ھەر خىل مەسخىرىلىك نەزمىلەرنىڭ تارقىلىشىغىمۇ پۈتۈنلەي موللانىياز سەۋەبچى بولماقتا ئىدى. ئەگەر قازىنىڭ قولىدىن كەلسە موللا نىيازنى ئىككى ئېزغىغا ئېلىپ چايناپ يۇرىكىۋەتسە كوڭلى ئارام تاپاتتى، بىراق ئىش ئۇنداق ئوڭاي بولمىسا كېرەك. "كوتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال" دىگەندەك بۇنىڭ ئەكسىچە موللانىيازنىڭ ئەل-جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى ناھايىتى تېز يۇقۇرى كوتىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى دەرھال كوزدىن يوقىتىشنىڭ تەسلىكىمۇ مانا شۇ يەردە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قازى ئۇياق-بۇياقتا خېلى قاتراپ باقتى. زاھىر تەيجى، نىياز ئەلەممۇ ئانچە كارغا كەلمىدى. بولۇپمۇ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ موللانىياز ھەققىدە ياسىن قازىغا يازغان جاۋاپ خېتى ئۇنىڭ كوڭلىنى ئىنتايىن غەش قىلدى. ياسىن قازىنىڭ شۇنچە باش قاتۇرۇپ توقۇپ چىققان شىكايىتىگە مىرغەزەپ: " تەكشۈرمەي تۇرۇپلا بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىمايلى، پۇقرالارنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاپ قويمىز" دەپ يازغان ئىدى. ھەتتا ئۇنى مەدرىستىن قوغلاپ چىقىرىشقىمۇ قوشۇلماپتۇ...

مۇشۇ ئىشلار تۇپەيلى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان قازىنىڭ بېشى قېتىپ، ئوز گوشىنى ئوزى يىگۇدەك بولۇپ يۇرەتتى. ئۇ تۇزۇك بىر نەرسە يىمەيدىغان، ئارتۇق گەپ خالىمايدىغان، قاپىغى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا يېقىندا ئەمرىگە ئالغان چىرايلىق كىچىك خوتۇنىنىڭ ئەركىلەش، سۇركىلىشلىرىمۇ

ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قازىنىڭ ئۆيىگە توختى قوغۇنچىنىڭ مەھەللىسىدىكى ئىدرىس ئىمام كىرىپ كەلدى. ئۇ: موللانىيازنىڭ دائىم توختى قوغۇنچى قاتارلىق مەھەللىدىكى يالاڭتوشلار بىلەن ئىچە-ئىچىلەپ سوقا-سوھبەتلەردە بولۇۋاتقانلىقىنى، قۇمۇل مۇقامىنى تولۇقلاش دېگەندەك يوقىلاڭ بانىلار بىلەن خۇپىيانە ھەركەتلەردە بولۇۋاتقانلىقىنى، كېيىن-ئالگىرى ئىمام ئۆزىگە بىرەر گەپ كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىنئالا بۇ يەرگە مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ياسىن قازى خۇددى بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىدرىس ئىمامغا ئۇنىڭ گەپ-سۆز، ھەركەتلىرىگە خۇپىيانە نەزەر سېلىپ يۈرۈشنى ۋە پات-پات كېلىپ خەۋەر قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

ئىمام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرھال ئوردىغا بېرىپ، بۇ ئىشلاردىن ۋاڭنى خەۋەردار قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن يەنە ئويلىنىپ قالدى. "ھازىرلا يۈگۈرۈپ بارغىنىم بىلەن موللانىيازنىڭ ۋاڭغا قارشى ئىشلىرىدىن زادى نېمىنى بىلىمەن؟ قولغا چىققۇدەك دەلىل-ئىسپات بولمىسا بولمايدۇ. سەل-پەل ئۆزەمنى بېسىۋالاي، سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ. بىر مەھەل ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇنى جايلاپ، بىرەر ساپاققا ئىگە بولۇۋالاي، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىماق ئاسانغۇ!"

قازى يەنە ئۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى. تۇرۇپلا ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. تۇرۇپلا ساقىلىنى يالماپ قوشۇمىسىنى تۈرەتتى-دە، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قوياتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ باتۇرنى يېنىغا چاقىردى.

باتۇر ئۇيگە كىرگەندىن كېيىن، قازى مۇلايىم بىر قىياپەتتە سۆزلىدى:

— بېرى كەل، بىر نەرسىنى ئېيتقىلى قىلىپ قويىاي "خوجا خۇرسەن بولمىسا قۇل خىزمەتنى بىكارىدۇر" دەيدىغان گەپ بار. قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنىڭ بىر قىسمىدىن ئەلۋەتتە رازىمەن. سەن مېنى تولۇق رازى قىلساڭلا، توت يىل ئەمەس، مۇشۇ ئىككى يىل توشسىلا، ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋېتىمەن. مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىم: ھەر قاچان ماڭا راست گەپ قىلىشىڭ، سورىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىشىڭ كېرەك. ئاڭلىدىڭمۇ؟ - ھەيران بولغان باتۇر بىلىنەر-بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن قازى يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈن دەن ساڭا ئىجازەت بېرىمەن، ئۇيۇڭگە بېرىپ بوۋاڭ بىلەن موماڭنى كۆرۈپ كېلسەن، لېكىن بوۋاڭنىڭ ئۇيىدە كىم بار، نىمە ھەقتە پاراڭ سېلىشىۋاتىدۇ، تولۇغى بىلەن ماڭا ئېيتىپ بېرىسەن، ماقۇلمۇ؟

باتۇر قازىنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىنىڭ يوقلۇغىنى ھىس قىلدى. لېكىن ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن خوشال بولغان قىياپەتكە كىرىپ "ماقۇل" دەپ جاۋاپ بەردى.

باتۇر بوۋىسىنىڭ ئۇيىگە كېتىۋاتقاندا قانداق چاپسان ماڭغانلىغىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۇيىگە كىرىپ كەلگەندە بوۋىسى موللانىياز بىلەن سامان قەغەزگە ئېگىلگەن ھالدا بىر نەرسە ئوقۇۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئىككىيلەن تەڭلا بېشىنى كوتىرىپ باتۇرنى كوردى. توختى بوۋاي ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن نەۋرىسىنى كورۇپ خوشاللىغىدىن ئورنىدىن تۇردى-دە:

— ۋاھ، قانداق ئەھۋالىڭ، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن بالام؟— دەپ ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلىدى. باتۇر موللانىياز بىلەنمۇ كو-

رۇشۇپ بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋىسى باتۇردىن هال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، مومىسىنىڭ تاققا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئازراق ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ باتۇرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— ئەتە-ئۆگۈننىڭ ئىچىدە موماڭ ئاناڭنى ئېلىپ كېلىپ قالار، — دەپ قويدى بوۋىسى باتۇرنىڭ كۆڭلىنى تېچلاندۇرۇپ.

كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈننىڭ نۇرى ئۆيىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي پاكىز ھەم رەتلىك بولۇپ، بۇلۇڭدا بىر دانە غىجەك ۋە ئوتتۇرىدا بىر بىرىگە ئۇلانغان يوغان سامان قەغەزلەر تۇراتتى. باتۇر ئۇنىڭغا يېزىلغان چىرايلىق خەتلەرگە قاراپ زوقلىنىپ سورىدى:

— بۇ نىمە، بوۋا؟

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ قىزىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇمۇ، بۇ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى. خەلقنىڭ خوشاللىغىنى، مۇڭ-زارىنى ئىزهار قىلىدىغان ناخشىلار. قۇمۇل خەلقىنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقىنى رەتلەپ، توپلاپ، پۈتۈپ قويغىمىز كەپ قالدى بالام. بەزىلەر ناخشا ئېيتىشنى بىلىدۇ، ئەمما تەرتىپ-قائىدىسىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بېيىتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدۇ. بىز بۇنى ئەمدى رەتلەپ قويۇۋاتىمىز. بوپتۇمۇ بالام؟

باتۇر خوشاللىق بىلەن "بوپتۇ" دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بوۋىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان موللانىياز دىگەن كىشىگە قاراپ ھۆرمەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. موللانىياز يېزىۋاتقان نەزمىسىنى تۈگىتىپ دۈۋەت-قەلەمنى توختى بوۋايغا ئۇزاتتى. بوۋاي دۈۋەت-قەلەمنى ئاۋايلاپ مورا ئۈستىگە ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، يېڭى يېزىلغان نەزمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

موللانىياز ئادىتى بويىچە قولىغا غىجەكنى ئېلىپ ھىلى

يازغان نەزمىسىنىڭ ئاھاڭىنى توختى بوۋايغا تەستىقلاتماقچى بولدى-دە، غىجەكنى سازلاپ يېقىملىق بىر ئاھاڭغا چېلىشقا باشلىدى:

نەزەلدىن تائەبەت كوڭلۈم،
قۇتۇلماس ئىشقى بالاسىدىن.
يۈرەكلەردە نىلەر بولدى،
شۇ كوڭۈلنىڭ ماجراسىدىن.
.............................

بوۋاي ئاڭلاۋېتىپ مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى. بۇ ھازىرلا يېزىپ تولۇقلانغان ئۇزھال مۇقامىنىڭ بېيىتى ئىدى. موللانىياز يەنە بىرئاز چېلىپ غىجەكنى تامغا يولەپ قويدى. ئۇلار گويا بىر كۈنلۈك ئىغىر ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تۈگەتكەندەك ئۆزلىرىنى يېنىك ھېس قىلىشتى. موللانىياز ئەمدى باتۇرغا قاراپ سورىدى:

— ئوغلۇم بۈگۈن بوۋامنى يوقلاپ كېلەي دەپ كەلدىڭمۇ؟

— نەچچە ۋاقىتتىن ئۆيگە بېرىپ كېلەي دېسەم زادىلا ئۈنىمىغان، — دېدى باتۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈن قازى ئۆزىچىلا بېرىپ كەل دېدىغۇ-تاڭ.

باتۇر قازىنىڭ ئۆيگە ئىمامنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە قازىخانىغا ھەجەر ئاپپاق دېگەن ئايالنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بەردى. چۈنكى باتۇر ھەجەر ئاپپاق كەلگەندىن كېيىن، قازىنىڭ غەم-غۇسسىغا چۈشۈپ، پۈتى كويگەن توخۇدەك ئالدىراپ يۈرگىنىنى بايقىغان ئىدى.

توختى بوۋاي بىلەن موللانىياز باتۇرنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىمىلەرنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ جىم ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن توختى بوۋاي سوز ئاچتى:

— ھە، مۇنداق دېگىن، بۈگۈن سېنى قازى بۇياقتا يولغا ساپتۇ-دە. جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا بولسا كېرەك بالام. قېنى ئېيتقىنا، ھەجەر ئاپپاق قازىنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بېرىپتۇ؟

— مەن ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىم،— دەپ سۆزلەشكە باشلىدى باتۇر،— قازىغا چاي قۇيۇپ بەرگىلى كىرسەم، قازى ھەدەپ: "ئۇ يۈزى قارىنىڭ ئاكىسى مەدرىستە قارا گۈجۈر سوئاللارنى سوراپ، دىنىمىزغا شەك كەلتۈرۈۋاتىدۇ" دەۋاتقان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. قارىسام ئۇ خوتۇن قازىنىڭ ئاچچىقى كەلگۈدەك بىر نېمە دېگەن چېغى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— ھە......— دېدى موللانىياز،— دېمەك گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتقان ئىكەن-دە! كېلىن ھەققىدىمۇ بىر نېمە دېدىمۇ؟

— ئاڭلىمىدىم.

موللانىياز كۈلۈپ قويدى.

— راست،— باتۇر ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سۆزلەپ كەتتى،— بوۋا، سېنىمۇ، موللانىياز دادامنىمۇ ئاشۇ خوتۇن كەلگەن كۈنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا چېقىشتۇردى.

— ئەلەم ئاخۇنۇممۇ كەلگەنمۇ؟— ئالدىراپ سورىدى بوۋاي.

— ياق، قازى ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.

— مەن ئۇنىڭ ئىتىنى يېتىلەپ بارغانتىم، مەن ھويلىدا پەنجىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانتىم، ئۆينىڭ ئىچىدە ئەلەم بىلەن قازى ئىككىسى ئۇزۇن گۇدۇڭلاشتى. ئاۋال قازى موللانىياز دادامنى: دىنىمىزغا شەك كەلتۈرۈۋاتىدۇ، ناھايىتى يامان ئادەم، دېدى. ئاندىن بوۋا سېنى: موللانىياز بىلەن تىلى بىر، يېقىندا ئۈستۈمدىن پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپتۇ، دېدى. ئاندىن يەنە بىر خوتۇن توغرىسىدىمۇ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. بەزى گەپلىرىنى ئۇققىلى بولمىدى.

توختى بوۋاي بىلەن موللا نىياز باتۇرنىڭ گەپلىرىدىن قازىنىڭ سۈيىقەستىنى چۈشەندى.

ئۇلار بىر پەس جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىشتى:

— قورققان ئالدىن مۇشت كوتىرەر، دىگەن شۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قازىنىڭ ئۆز ئەيىۋىنى يېپىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇستىلىقى، — دىدى موللانىياز، — قارىغاندا ھىلىقى نەزىمۇ ئۇنىڭ قولىغا يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— چوقۇم يېتىپتۇ! — دىدى توختى بوۋاي.

— مەن ئىلياز خوجىنىڭ سودىگەرچىلىكىنى قىلىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن يەرگە باردىم. بېيجىڭ، روسىيە، ئەرەپ تەرەپلەرگىمۇ باردىم. ھەممە يەردە ياسىن قازىدەك مەلئۇنلار بار ئىكەن. بۇ ئىپلاس ھازىر مېنىڭ پېيىمگە چۈشتى. بېلىمنى چىڭ باغلاپ قويدۇم، توختىكا، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان!

توختى بوۋاي موللانىيازنىڭ سۆزىدىن روھلىنىپ، پەخىرلەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. باتۇر موللانىيازنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى. موللانىيازنىڭ ئاق كويىنىگى ئۈستىدىكى قارا مۇۋۇت ئۇزۇن چاپىنى ۋە يارىشىملىق ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ئۇنىڭغا سىن بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت يىغىپ تۇرغان پوغان بەستى، پاكىز كېيىنىپ يۈرۈشلىرى كوپىنى كورگەن، تەجرىبىلىك، قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

باتۇر موللانىياز بىلەن بوۋىسىنىڭ سۆزلىرىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا قازىنىڭ بۇلارغا نىمە ئۈچۈن ئۆچ ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدى.

موللانىياز ئۆزىگە مۇلايىم تىكىلىپ ئولتۇرغان باتۇرغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، بېلىگە باغلىغان سېرىق شايى پوتىسىنى

پەشتى-دە، قايتىدىن چىڭراق باغلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىرى-دىكى چىڭگىلاپ تۇرغان قوش-قوش كۆمۈش بىلەيزۈكلەر باتۇرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. "پالۋان ئىكەن" دەپ ئويلىدى باتۇر. چۈنكى ئۇ چاغلاردا پالۋان دەپ ئاتالغانلار چامباش ئوي-نايتتى، قىلىچۋازلىق قىلاتتى. قوللىرىغا كۆمۈش بىلەيزۈكلەر سې-لىۋېلىپ، بىر بىرى بىلەن مۇشتلىشاتتى.

موللا نىياز باتۇرغا:

— ئىش مۇشۇنداق ئوغلۇم، قازى سېنى بۇ يەرگە بىكار ئەۋەتمىگەن، ئويدە كىملەر بار، كۆزىتىپ باقسۇن، دىگەن. ئۇلار-نىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويدۇڭمۇ بولدى. خۇددى غالجىر ئىتتەك سېنى تالايدۇ. ئەمدى مەن ھېچنىمىدىن قورقمايمەن. سەن قايتىپ بېرىپ مېنى كورگەنلىگىڭنى قازىغا ئېيتقىن، ئۇنداق قىلمىساڭ تەنبىھتىن قۇتۇلالمايسەن. سېنى خورلاپ قويدۇ.

— ياق، ئېيتمايمەن! — دىدى باتۇر بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ قەتئىلىك بىلەن.

— توختىمكا، نەۋرەڭنىڭ خېلى جىگىرى بار ئىكەن. ئەقىللىق بالا بوپتۇ بۇ! — دەپ كۈلۈپ قويدى.

باتۇر چۈشتە بوۋىسى ۋە موللانىياز دادىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاز ئويناغاندىن كېيىن كەتمەكچى بولدى. توختى بوۋاي ئويۇقتىكى ياغاچ ساندۇق-نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر خالتىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىگدە، چىلان قاتارلىق قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ نەۋرىسىنىڭ يانچۇغىنى تولدۇرۇپ قويدى ۋە:

— ئەتە-ئۆگۈنگىچە يەنە بىر كەلگىن، موماڭ كېلىپ قالىدۇ، — دىدى.

باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ، موللانىياز ۋە بوۋىسى بىلەن خوش-لىشىپ چىقىپ كەتتى.

باتۇر قازىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، قازى مېچىتكە چىقماي ئۆيىدە ناماز ئوتەۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن قازى باتۇرنى چاقىردى:

— باتۇر، بۇياققا كەل!

باتۇر بويىنىنى ئېگىپ ئۇنىڭ نىمە دىيىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— بېرىپ كەلدىڭمۇ؟

— بېرىپ كەلدىم.

— بوۋاڭنىڭ ئۆيىدە كىم بار ئىكەن؟

— بوۋام.

— يەنىچۇ؟

— ھېچكىم.

— نىمە دىدىڭ؟! ھۇ، قاپچى مۇناپىق، قاراپ تۇرۇپ مېنى ئالداۋاتقىنىنى قارا! موللانىياز نىمە دىدى ساڭا، بوۋاڭ بىلەن نىمە دىيىشىۋېتىپتۇ؟ راست گەپ قىل!

— مەن ئۇ ئادەمنى كورمىدىم، — باتۇر راستىنلا ھېچكىمنى كورمىگەندەك خاتىرجەم جاۋاپ بەردى.

ياسىن قازىنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى:

— ھۇ. قاپچى! مېنى ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ بىلىپ قوي، مۇندىن كېيىن ئاتا - ئاناڭ كەلسە كورۇشتۇرمەيمەن. بوۋاڭ- نىڭ ئۆيىگىمۇ بارغۇزمايمەن، — ھارام تاماق!

مىڭ تاياقتىن قاتتىق بىلىنگەن بۇ سوزلەر باتۇرنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى.

— سەن بىلەن كېيىن سوزلىشىمەن، ھازىر بېرىپ ئىلياز خوجا ئۆيىدە بارمۇ-يوق بىلىپ كەل!

— خوش، — باتۇر چىقىپ كەتتى.

قازى موللانىيازنى ئىلياز خوجىغا چېقىپ، ئۇنى تېزرەك كوزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى.

باتۇر ئىلياز خوجىنىڭ يامان ئىتلىرى بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئىلياز خوجىنىڭ تاشقارقى دەرۋازىسى ئالدىدا بىرەر كىشىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خېلىغىچە كۈتۈپ تۇردى. ئاخىرى باتۇردىن ئىككى ياشتەك كىچىك، ئەمما سەل ئورۇقراق كەلگەن، كوزلىرى يوغان، بۇغداي ئوڭلۇك بىر بالا قولىدا بىر خالتا بۇغداي كوتەرگەن هالدا چىقىپ كەلدى.

— هوي، توختىغىنا، — دىدى باتۇر بالىنى چاقىرىپ.

بالا توختاپ، كوزلىرىنى باتۇرغا تىكىپ كۈلۈمسىرىدى، — ئىلياز خوجا ئويىدە بارمۇ؟

"يوق" دىگەندەك بېشىنى چايقاپ يولىغا راۋان بولدى ئۇ بالا. باتۇر بۇ بالىنى كىمگىدۇ بىرسىگە ئوخشاتقاندەك بولدى - دە، ئارقىدىن يېتىشىپ كېلىپ:

— سەن مۇشۇ ئويدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— هەئە، مەن ئىلياز خوجىنىڭ يىللىقچىسى.

— قانچە ۋاخ بولدى؟

— يېقىندا كەلدىم. دادام ئىلياز خوجىنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئېرىيتتى. بۇيىل ئىجارە هەققىنى تولىيەلمىگەندىن كېيىن مېنى ئىشلەشكە تۇتتۇۋالدى.

— كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ ئىسمىڭ نىمە؟

— ئىسمىم كامال، سوپى دىخاننىڭ ئوغلى بولىمەن.

باتۇر بىر چاغلاردا بىللە ئويناىدىغان كامالنى غۇۋا يادىغا ئالدى - دە:

— كامالمۇ سەن، مېنى تونۇمۇدۇڭمۇ؟ مەن باتۇر، توختى قوغونچىنىڭ نەۋرىسى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدۇەتتى.

كامال كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ باتۇرغا قارىدى - دە، قولىدىكى خالتىنى يەرگە قويۇپ، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ كەتتى ۋە ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئاخىردا باتۇر:

— قارغۇ خوجاڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

ئىلياز خوجا دائىم بىر كوزىنى قىسىپ يۈرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى قارغۇ خوجا دېيىشەتتى. كامال ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ باتۇرغا ئەسكەرتتى:

— قارغۇ دېگىنىڭنى ئاڭلاپ قالسا ئۇرىدۇ. ئۇنداق دېمە جۇمۇ؟ يېقىندا بىرسى "قارغۇ خوجا" دەپ قويغان ئىكەن، ئۇنىڭغا "مېھماندارچىلىقتا" چىللاپ كېلىپ غالچىلىرىغا قاتتىق ئۇرغۇزدى. بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما. بالاغا قالىسەن، — كامال باتۇرغا يېقىن كېلىپ ئاستا سورىدى، — قارغۇ خوجىنى ئىزلەپ كەلگەنمىدىڭ؟

— قازى بېرىپ باق دەپ ئەۋەتكەن، — دېدى باتۇر.

— ئۇ ئۆيدە بار. تۈنۈگۈندىن بېرى نېمە بولغانلىقى، ۋاڭ خوجامنى تىللاپ قاغىدى. كەچقۇرۇن ئاغرىپ قالدىم، دەپ ياتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئارقا ھويلىغا كىرىۋېلىپ چىقمىدى. ئۇ بىزگە "بىرسى مېنى ئىزلەپ كەلسە يوق دەڭلار" دېگەن، — دېدى كامال.

— بوپتۇ، ئەمىسە مەنمۇ يوقكەن دەپ كېتەۋېرەي.

— بىردەم ئوينىۋاپ كەتمەمسەن؟ — دېدى باتۇردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن كامال.

— ياق، كېتەي، بولمىسا قازى ئۇرىدۇ، — دېدى باتۇر ۋە دوستى كامالنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، — قولۇڭ بوشىغاندا بارغىن، بۈگۈن ئىككىمىز ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، مەن بەك خوشال بولدۇم، — دېدى.

— ماقۇل، مەنمۇ بارىمەن، سەنمۇ كەلگىن.

ئىككى دوست بىر بىرىدىن كوزى قىيماي ئىلاجسىز ئايرىلىشتى.

باتۇر قازىغا "ئىلياز خوجام ئۆيدە يوق ئىكەن" دېگەن

خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

قازى باتۇرغا ھومىيىپ قارىدى ۋە:

— كىمدىن سورىدىڭ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

— شۇ ئۆيدە ئىشلەيدىغان كامال دېگەن بالىدىن.

— نەگە كېتىپتۇدەك؟

— ئۇنى سورىمىدىم.

— ئىشىڭنى قىل، لايغەزەل!

باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازى توش يانچۇغىغا سېلىپ قويغان خەتنى يەنە قولىغا ئالدى-دە، ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ: "مۇللانىيازنى تەكشۈرمەي تۇرۇپلا مەدرىستىن قوغلاشقا بولماس، ئۇنداق بولمىسا، پۇقرالارنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ قويىمىز" دېگەن مەزمۇندا قازىغا يازغان خېتى ئىدى.

مىرغەزەپنىڭ تۈز كوكۇللۇك بىلەن يازغان بۇ خېتى قازىنىڭ يەنە غەزىۋىنى ئۆرلەتتى. گويا بۇ خەت ئۇنىڭغا ھاقارەتتەك تۇيۇلدى. "بەزى ئىشلار مىرغەزەپكە يەتتىمۇ-نىمە؟" دېگەن گۇماننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى-دە، مىرغەزەپنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ بارغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىرىشىنىڭمۇ سەۋەۋى بار ئىدى. قازى بىلەن سوزى چىقىشالمىغان ھەجەر ئاپپاق بولسا نەزەر شاھزادىنىڭ "مۇھىم ئىشلىرى" نى قىلىدىغان ئايال، ناۋادا بۇ ھەقتىكى گەپ-سوز نەزەر شاھزادىگە يەتسە، شاھزادە قازىنى ئۇردۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتىشتىن يالتايمايدۇ. ئوتكەندە نەزەر بىر سىپا① نىڭ ئىنىگىسى بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، "مېنىڭ يۈزۈمنى قىلماي، نامەھرەملىك قىلدى" دەپ قاتتىق-ئۇرغۇزدى.

قازىنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. ئەگەر ئۇ ئوزى ئۈستىدە سوز-چوچەك تارقىتىۋاتقانلارنى دەرھال جايلىۋەتمەيدىغان بولسا،

① سىپا — ئوردا خىزمەتچىسى.

چاتاق چىقاتتى. قازى مۇشۇ ھەقتە خىيالغا چوكۇپ ئولتۇرغاندا، ئويگە بىر بالا كىرىپ سالام بەردى.

— ھە، كىمنى ئىزلەيسەن؟

— خوجام ئۇزلىرىنى چىللىدى، مەن خوجاننىڭ ئويىدىكى بالا.

— ھە، خوجاڭ ئويدە بارمىدى؟

— بار ئىدى، — جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى كامال، — "بىرسى ئىزلەپ كەلسە يوق دەڭلار" دىگەن. شۇڭا بايا كەلگەن باتۇر ئاكامغا يوق دىگەنتىم. كېيىن خوجام ئاڭلاپ مېنى ئەۋەتتى.

كامالنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قازىغا جان كىردى ۋە دەرھال ئىلياز خوجىنىڭ ئويىگە جابدۇندى.

ئىلياز خوجا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئاكىسى. شامەخسۇت ۋاڭ بۇرۇنقى ۋاڭنىڭ قىزىغا ئويلەنمىگەن بولسا ۋاڭلىق ئەلۋەتتە ئىلياز خوجىغا قالغان بولاتتى. چۈنكى ئىلياز خوجىنىڭ دادىسى بۇرۇنقى ۋاڭنىڭ يارامىلىق تەيجىسى بولغان.

شۇ چاغدىكى ۋاڭ مۇھەممەت بىشىر (1820 — 1866- يىللىرىدا دەۋر سۈرگەن) نىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، توغۇلۇشتىلا لەقۋا ئىدى. شۇڭا ۋاڭ ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەيجىسى فۇجۇڭ① بىلەن بىرلىشىپ يۇرت باشقۇردى ھەم ۋاڭنىڭ قىزىنى كىچىك ئوغلى شامەخسۇتقا ئېلىپ بەردى. تەيجى ئوزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىليازنى ۋاڭلىققا تەيىنلەشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاڭنىڭ خوتۇنى كويوغلى شامەخسۇتنى ۋاڭلىققا تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىپ خانلىققا خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلياز خوجىنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلمەيدۇ، دادىسى ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن" فۇجۇڭ ئىليازنى چەتكە قېقىپ، كويوغلىنى يېنىغا تارتىدۇ.

③ فۇجۇڭ — ۋاڭنىڭ خوتۇنى (مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ خوتۇنى مېھرىبانۇ كوزدە تۇتۇلىدۇ).

ئاخىر شامەخسۇتنىڭ ۋاڭلىقتا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە 1875-يىلى خاندىن بۇيرۇق چىقىدۇ.

قۇجۇق ئولگەندىن كېيىن ئىلياز ئىنىسى شامەخسۇت بىلەن ئۇچلىشىشكە باشلايدۇ. دادىسىدىن قالغان يەر-زېمىن، مال-مۈلۈكنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئالىدۇ. ئۇ قارىراق كەلگەن، تولىمۇ سېمىز، تەلۋە مىجەز، زەھەر سوزلۇك ئادەم بولۇپ، ياسىنىپ يۈرەتتى. گايىدا ۋاڭلىق سۈپەتكە، گايىدا ۋەزىرلىك سۈپەتكە، گايىدا بولسا ئىشان سۈپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىچە كورەڭلەپ يۈرەتتى. خەلقنى خالىغىنىچە بوزەك قىلاتتى. دادىسىدىن قالغان 360 دادەنلىك يەرنى ئىجارىگە بېرىپ يىلدا نۇرغۇن ئىجارە ھەققى يىغىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغدا قوتان-قوتان مېلى، يىلقا-يىلقا ئېتى بولۇپ، ھەر يىلى ۋاڭنىڭ ساناقچىلىرى بىلەن تەڭ دىگۇدەك ئۆز ئالدىغا تومۇر ساناق ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى مەخسۇس سودىگەرلىرى ھەر تەرەپكە قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك، كاتتا سېلىنغان ئۆيلىرى ۋە بىر نەچچە ئورۇندا باغ، سارايلىرى بولۇپ، راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ياسىن قازى ئىلياز خوجىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تاش پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قوۋۇقنىڭ ئالدىدا توختاپ كەينىدىن كېلىۋاتقان كامالدىن سورىدى:

— خوجام قايسى ئۆيدە؟

— ئىچكەركى ھويلىدا.

قازى سەل كېكىرتىكىنى قىرىپ يوتەلگەندىن كېيىن توت چاسا كەڭ ھويلىغا كىردى. ئىلياز خوجىنىڭ ئوغلى خان خوجا ئوگزىدە كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەتراپنى كەپتەرلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى قاپلىغان ئىدى.

قازى تار يول ئارقىلىق كىچىك نەگمەش ئىشىكتىن ئوتتىدە، كەڭ پىشايۋانلىق ھويلىغا كىرىپ كەلدى. پىشايۋانلىق، سۈپە-

نىڭ ئۈستىگە قىپ-قىزىل گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدىكى نەچچە قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئىلياز خوجا كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇغىدىكى توت تال كۈمۈش شارچىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېتىلىپ تۇرغان كۈمۈش شارچىلار ۋال-ۋۇل چاقنايتتى. ئىلياز خوجا قازىنى كۆرۈپ، "كېلىڭ" دېگەن مەنىدە باش ئىشارىسى قىلدى. قازى سۇپىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا توختاپ ئېگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول ئېچىپ خوجىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىدى ۋە گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېتىپ ھال-ئەھۋال سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى خوجا خاپا ھالدا، — ئىناپسىز كىشى قىلسا ۋاڭلىق، ئۇنىڭدىن ياخشى گادايلىق. مانا قاراڭ، ئۇ ئالتۇن تەختتە، مەن بولسام يەردە، يېرتقۇچ يولۋاسنىڭ بالىلىرىمۇ بىر-بىرسىگە مېھرىۋان كېلىدۇ، ئۇلار ئاتىسى تېپىپ كەلگەن ئوزۇقلۇقنى تالاشماي يېيىشىدۇ. لېكىن بىز......، — خوجا غەزەپلىنىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلمىدى.

قازى بىر پەس ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— كايىمىسىلا خوجام، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئەزىز بەندىلىرىنى ھېچقاچان خار قىلغان ئەمەس، — دەپ قويدى.

سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن ئىلياز خوجا ئۆي چاكارلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى-دە، ئۆزى ئالدىدا ماڭدى.

مەرەپلىرى تەيتىللا، كىمخاپ، ئەتلەس قاتارلىق ھەرخىل ئېسىل رەختلەردىن تىكىلگەن يوتقان-كۆرپىلەر بىلەن تولغان، كۈمۈش قوزۇقلارغا ئالتۇن يالىتىلغان پەتنۇسلار، تام سائەتلىرى ئېسىلغان ئاجايىپ ياسىداق مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن قازىنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا يۇقۇرى ئۆتۈپ ئولتۇرۇشىغا، تامدىكى سائەتنىڭ كىچىككىنە ئېشىگى "تىرىق" قىلىپ

ئاخىر شامەخسۇتنىڭ ۋاڭلىققا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە 1875-يىلى خاندىن بۇيرۇق چىقتى.

فۇجۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئىلياز ئىنىسى شامەخسۇت بىلەن ئۇچلىشىشكە باشلايدۇ. دادىسىدىن قالغان يەر-زېمىن، مال-مۈلۈكنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئالىدۇ. ئۇ قاربراق كەلگەن، تولىمۇ سېمىز، تەلۋە مىجەز، زەھەر سوزلۇك ئادەم بولۇپ، ياسىنىپ يۈرەتتى. گايىدا ۋاڭلىق سۈپەتكە، گايىدا ۋەزىرلىك سۈپەتكە، گايىدا بولسا ئىشان سۈپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىچە كورەڭلەپ يۈرەتتى. خەلقنى خالىغىنىچە بوزەك قىلاتتى. دادىسىدىن قالغان 360 دادەن-لىك يەرنى ئىجارىگە بېرىپ يىلدا نۇرغۇن ئىجارە ھەققى يىغۋالات-تى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدا قوتان-قوتان مېلى، يىلقا-يىلقا ئېتى بولۇپ، ھەر يىلى ۋاڭنىڭ ساناقچىلىرى بىلەن تەڭ دىگۈدەك ئۆز ئالدىغا تومۇر ساناق ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى مەخسۇس سودى-گەرلىرى ھەر تەرەپكە قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك، كاتتا سېلىنغان ئۆيلىرى ۋە بىر نەچچە ئورۇندا باغ، سارايلىرى بولۇپ، راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ياسىن قازى ئىلياز خوجىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تاش پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قوۋۇقنىڭ ئالدىدا توختاپ كەينىدىن كېلىۋاتقان كامالدىن سورىدى:

— خوجام قايسى ئۆيدە؟

— ئىچكەركى هويلىدا.

قازى سەل كېكىرتىكىنى قىرىپ يوتەلگەندىن كېيىن توت چاسا كەڭ هويلىغا كىردى. ئىلياز خوجىنىڭ ئوغلى خان خوجا ئوگزىدە كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەتراپنى كەپتەرلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى قاپلىغان ئىدى.

قازى تار يول ئارقىلىق كىچىك نەگمەش ئىشىكتىن ئوتتى-دە، كەڭ پېشايۋانلىق هويلىغا كىرىپ كەلدى. پېشايۋانلىق، سۈپە-

نىڭ ئۈستىگە قىپ-قىزىل گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدىكى ئەچچە قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئىلياز خوجا كەپتەر تۇخۇسى چوڭلۇغىدىكى توت تال كۆمۈش شارچىسىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېتىلىپ تۇرغان كۆمۈش شارچىلار ۋال-ۋۇل چاقنايتتى. ئىلياز خوجا قازىنى كۆرۈپ، "كېلىڭ" دېگەن مەنىدە باش ئىشارىسى قىلدى. قازى سۇپىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا توختاپ ئېگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول ئېچىپ خوجىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىدى ۋە گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېتىپ هال-ئەھۋال سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى خوجا خاپا هالدا، — ئىناپسىز كىشى قىلسا ۋاڭلىق، ئۇنىڭدىن ياخشى گادايلىق. مانا قاراڭ، ئۇ ئالتۇن تەختتە، مەن بولسام يەردە، يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ باللىرىمۇ بىر-بىرسىگە مېھرىۋان كېلىدۇ. ئۇلار ئاتىسى تېپىپ كەلگەن ئوزۇقلۇقنى تالاشماي يېيىشىدۇ. لېكىن بىز......، — خوجا غەزەپلىنىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلمىدى.

قازى بىر پەس ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— كايىمىسلا خوجام، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئەزىز بەندىلىرىنى هېچقاچان خار قىلغان ئەمەس، — دەپ قويدى.

سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن ئىلياز خوجا ئوي چاكارلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنى ئويگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى-دە، ئۆزى ئالدىدا ماڭدى.

مەرەپلىرى تەيتىللا، كىمخاپ، ئەتلەس قاتارلىق هەرخىل ئېسىل رەختلەردىن تىكىلگەن يوتقان-كۆرپىلەر بىلەن تولغان، كۆمۈش قوزۇقلارغا ئالتۇن يالىتىلغان پەتنۇسلار، تام سائەتلىرى ئېسىلغان ئاجايىپ ياساداق مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن قازىنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا يوقىرى ئوتۇپ ئولتۇرۇشىغا، تامدىكى سائەتنىڭ كىچىككىنە ئىشىگى "تىرىق" قىلىپ

ئېچىلدى ـ دە، بىر كاككۇك چىقىپ "كاككۇك، كاككۇك" دەپ توت قېتىم سايرىدى، ئارقىدىن جاڭ ئۇردى. ئىلياز خوجا مەيدە يانچۇقىدىن زەنجىرلىك ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

قازى بۇ موجىزىلەرنى كۆرۈپ سەل قىزغانغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن قەستەن يېقىنچىلىق قىلىپ:

— خوجام بۇ مۆجىزىلەر كاتتىغۇ؟ — دەپ قويدى.

— بۇ موجىزىلەر ساندۇق ـ ساندۇقلاردا تولۇپ يېتىپتۇ، — دېدى خوجا ئاچچىق بىلەن تەنىدە قىلىپ، — ئوردىدىكىلەر بىزنى قانچىلىك قىسىپ تۇرسىمۇ، توققۇزىمىزنىڭ تەل ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بىلىپ تۇرسۇن، ۋاڭغا ئېيتىڭ، خالىسا بۇ مۆجىزىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتسۇن!

قازى يېقىندا ۋاڭنىڭ ئىلياز خوجىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى ئوردا دەپتەرگە يېزىش، تاغدىكى مال ـ چارۋىلىرىنى ئوردا چارۋىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە پەرمان چىقارغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان غەۋغاغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بىرەر ئېغىز زىيادە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— خۇدايى تائالا دۇنيالىرىنىڭ بەرىكىتىنى بەرسۇن خوجام. قارا يۈز مۇللانىياز ھەزرەتلىرىنىڭ قىرىق توگىلىك ماللىرىغا زىيان سالمىغان بولسا ئىدى، شۇنچە دۇنيا بىلەن ئالەمنى سېتىۋېلىشلىرى مۇمكىن ئىدى.

ئىلياز خوجا بۇندىن نەچچە يىللار ئىلگىرى قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن قىرىق توگىلىك مېلى ئۈچۈن خېلى كېسەل تارتقان، ئاھ ئۇرۇپ قاراقچىلارنى يەتتە پۇشتىدىن يەتمىش پۇشتىغىچە قاغىغان ئىدى. ئۇنىڭ توگىسىنى ھەيدىگەن ياش مۇللانىيازنى بولسا قاراقچىلار ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىغان ئىدى.

ئۇ ساقايغاندىن كېيىن، ئىشتىن قوغلانغان ئىدى. بۇلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇرۇنقى ئىشلار بولسىمۇ، ھازىر قازىنىڭ موللانىيازنى چېپىپ ئۇتۇشى، خوجىنىڭ كونا يارىسىغا تۇز سەپتى.

— شۇ چاغدىكى ھەممە ئىش موللانىيازنىڭ خامۇشلۇغىدىن، ئەقىلسىزلىقىدىن بولغان ئەمەس، ئۇ، ھەززەتلىرىنىڭ بايلىقىنى كۆرەلمىگەن. — قازى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ سوزلەشكە باشلىدى، — ھازىرقى ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى مالنىڭ ھەممىسىنى قاراقچىلار ئېلىپ كەتمىگەن. ھەزرەتلىرى ئوپىلاپ كورسىلە، ئۇ ياقا يۇرتلاردا نەچچە يىللار ئوقۇدۇم، خوتۇن ئالدىم دەپ يۇردى. بۇ دۇنيانى ئۇ شۇ جايلاردا بېسىقتۇرۇپ يۇرگەن بولۇشى ئېھتىمال.

ئىلياز خوجا گۇمانلانغان ھالدا قازىغا قاراپ قويۇپ جىم ئولتۇردى.

قازى گەپنى ئايلاندۇرۇپ يەنە سوزلەشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇق. يەنى مەسىلەن، ئۇ، دىنىدىن يۈز ئورىگەن كاپىر، ئۇنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرى كوپ. ئەپۇسكى ئۇ ھازىرغىچە جازاسىنى تارتماي كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دىدى خوجا چېچىلغان ھالدا، — گورىدە تۇڭگۇز قوپسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۇزەمنى كورسىتىپ قويىمەن!

— ئۇ بىرلا ئادەم ئەمەس دىسىلە، ئۇنىڭ توختى قوغۇنچى بىلەن تىلى بىر. توختى قوغۇنچى ھەزرەتلىرىنىڭ مېچىتىنىڭ ئادىمى بولسىمۇ، ئۇبدان نىمە ئەمەس. ئاڭلىشىمچە سىلى - بىزنىڭ ئۇستىمىزدىمۇ گەپ - چوچەك تارقىتىپ يۇرۇپتۇ......

بۇ گەپلەر ئىلياز خوجىنىڭ ئېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ بوغۇلغان ئاۋازدا سوزلەپ كەتتى:

— بىلىمەن، توختى قوغۇنچىمۇ بىر مۇناپىق، لېكىن قىزىق يېرى - گادايى پۇقرالارنىڭ ئىچىدە سىز - بىزنىڭ توختى قوغۇن-

چىدەك ئىناۋىتىمىز يوق. گادايلار بىزنى ئىلاجىسىزلىقتىن ھۆرمەت-
لىشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى قارا. ئۆتكەندە توخ-
تى قوغۇنچى دېگەن قېرى مېنىڭ توغرامدا بىر نەزمە توقۇپتىمىش،
راستىمۇ؟

— راست-راست، مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدى قازى تېخە-
مۇ ئېچىتىپ، — ئەمدى بۇ گادايلارغا يول قويۇۋېرىشكە بولمايدۇ،
مەن بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىشكە كېلە-
ۋىدىم.

ئىككىسى چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ موللانىياز ھەققىدە، ئۇزۇن
پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى......

## يەتتىنچى باپ

شاخى كېسىلگەن دەرەخنىڭ،
بولمايدۇ ھەرگىز سايىسى.
تىرىك ئۆلەمدۇ كىشى،
ئۈزۈلسە يۈرەكنىڭ پارچىسى.

بۇ يىل ئون ئىككى تاغ رايونىدا تومۇر چارۋا سانىغى بۇرۇنقىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك باشلاندى. تومۇر چارۋا سانىغىنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشى ۋاڭنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ھەددى ھېسابسىز كۆپەيتەتتى. ۋاڭغا قاراشلىق ماللىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر پايدىلىنىۋاتقان يايلاقلارمۇ تارتىۋېلىندى.

تومۇر ساناقتا چارۋىچىلار ۋاڭنىڭ كەم چىققان ماللىرىنى خايال قىلماي تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. تۆلىيەلمىگەنلەر قاتتىق جازالىناتتى.

بۇ قېتىمقى ساناقتا تۇغۇلمىغان، ئۆلۈپ كەتكەن قوزىلار، بورە يەپ كەتكەن، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن قويلار، قىشتا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ياققان قار ئاپىتىدىن ئۆلۈپ كەتكەن قويلارنىڭ ھەممىسى باقى قويچىنىڭ گەدىنىگە چۈشتى. باقى قويچىنىڭ بۇنى تۆلەشكە ھېچ ئامالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كەم چىققان قويلار ھېساۋىغا باتۇر قازىغا ئۆمۈر بويى ئىشلەپ تۆلەيدۇ، دەپ خەت پۈتۈلدى. خەت پۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تومۇر ساناق ئېلىۋاتقان تەيجى كۆمۈش تامغىسىنى باستى.

كوزلىردىن تارام - تارام ياش قۇيۇلۇپ ئېغىر قايغۇ ھەس-

رەتكە تولغان باقى قويچى بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ، ئوزىنى يوقاتقان هالدا ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە بۇ قېتىمقى تومۇر ساناقنىڭ يەنە قانداق پاجىه بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىغىنى ئويلاپ بىئارام بولۇپ، كېسەل ياتقان گۈلسۈمخان ئېرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سۇلغۇن چىرايىنى كورگەندىن كېيىن ئەنسىزلىك ئىچىدە سورىدى:

— قانداق بولدى، دادىسى؟

باقى قويچى هوڭگىرىتىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئەمما ئۇ ئاغرىقچان خوتۇننى ئاياپ ئوزىنى زورىغا بېسىۋالدى. لېكىن ئىچىگە پاتماي تۇرغان دەرتنى يوشۇرالمىدى.

— بۇ قانخورلار بالىمىزنىلا قەستلىگىلى تۇردى. ۋاڭنىڭ قويلىرىنى باقمىز، دەپ بالىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق — خوتۇن!

— ھە؟! — گۈلسۈمخان تىترەپ كەتتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ياستۇقتىن ئورە بولدى - دە، غەزەپ بىلەن سوزلەپ كەتتى. — بىزگە سېلىۋاتقان زۇلمىنى ئاز دەپ، بالامنىمۇ تارتىۋالمادىكەن؟ بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ بۇلار بىلەن ئوزەم سوزلىشەمەن!

غەزەپلەنگەن گۈلسۈمخان ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا ماڭماقچى بولدى. باقى قويچى ئۇنى قولتۇغىدىن يولۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئوزەڭنى ئايا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ سوزىمىز ئوتەمدۇ؟ سەۋرى قىلغىن، بالىمىزنىڭ ئامانلىغىنى تىلەيلى.

— سەۋرى قىلىۋەرسەك ھەممىمىزنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ يالماۋۇزلار. مېنى توسمىسىلا، جېنىمنى ئالسىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋېلىپ كېلەي!

باقى قويچى خوتۇننى تۇتۇۋالدى. گۈلسۈمخان ئېرىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، ساناق مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. باقى قويچى

خوتۇنىنى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئەنسىرەپ ئۇنى يۆلەپ ماڭدى. ئۇ ساناق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى قارىغايلىققا كەلگەندە، قارىغايلىققا باغلاغلىق تۇرغان ئىنگەرلەنگەن بىر نەچچە ئاتنى كۆردى. ئۇ يەردە ئاتچىلار سۆزلىشىۋاتاتتى. گۈلسۈمخان ئاتچىلارنىڭ "تەيجىنىڭ ئېتىنىڭ قارنىنى بۆرە يېرىۋېتىپتۇ" دېۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

گۈلسۈمخان ساناق مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، ئىزدىيىپ تۇرغان تەيجىنى كۆردى-دە، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ غەزەپلەنگەن هالدا سورىدى:

— تەيجىۋەگ خوجام، مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆمۈر بويى قول قىلىشقا خەت پۈتۈشۈپلا، بۇ نىمە ۋەجىدىن؟

— نىمە ۋەجىدىن بولاتتى، — دېدى تەيجى گۈلسۈمخانغا ئالىيىپ ۋە شالىنى چىچىپ سۆزلەپ كەتتى، — ۋاڭ خوجامنىڭ كەم چىققان قويلىرىنى ئوغلۇڭ ئۆمۈر بويى ئىشلەپ بەرسىمۇ تولەپ بولالمايدۇ، قەرزىنى تولىيەلمىگەچكە شۇنداق خەت پۈتۈلدى!

— ئۇنداق بولسا، مەن ھەزرەتلىرىدىن شۇنى سوراي: مانا ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنىمۇ بۆرە يېرىۋېتىپتىغۇ، بۇنى كىمدىن تولەتمەكچىدىلە؟

— بۇ خۇدانىڭ تەقدىرى، خۇدادىن كەلگەن بالا-قازا، بۇنىڭغا چارە يوق!

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ كەم چىققان ماللارنى قەستەن يوق قىلىۋەتمىدۇق. خۇدادىن كەلگەن تەقدىرگە كۆز يۇمۇپ، يالغۇز ئوغلۇمنى ئۆمۈرلۈك قۇللۇققا تۇتسىلا بۇنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟

— نىمە دەپ كاپشىۋاتىدۇ-ماۋۇ، كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار بۇ نامەھرەمنى!

بىر غالچا يۈگۈرۈپ كېلىپ گۈلسۈمخانغا ئېتىلدى ۋە قامچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇرماقچى بولۇۋىدى، باقى قويچى ئۇنىڭ قولىنى

ئامبۇردەك قىسىپ تۇتتۇۋالدى.

مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ گۈلسۈمخاننىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ كەتتى ۋە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پۈتۈنلەي تاماقتىن قالدى. شەرىخان ئانا ئەنسىرەپ ئۇنى قومۇلغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ پىكىرگە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. ئۇلار ئىككى ئىشەككە چىغرىق ياساپ قومۇلغا مېڭىش تەرەددۇتى قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز گۈلسۈمخاننىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ قالدى. ئۇ ھۇشىدىن كېتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. بۇ پىچىرلاشلاردىن ئوغلى باتۇرنىڭ ئىسمىنىلا ئۇققىلى بولاتتى. گۈلشەن ئانىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سارغايغان يۈزلىرىگە، يۇمۇلۇۋاتقان كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلايتتى. شەرىخان موماي بىرەر ئىشنى تۇيغاندەك، چوچۇپ قىزىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، يۈزلىرىنى سىلىدى. گۈلسۈمخان بىر ھازادىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ تو-رۇسقا تىكىلىپ بىر قارىدى-دە، كۆزىنى ئاستا يۇمدى.

— گۈلسۈمخان! جېنىم بالام...... گۈلسۈمخان!

شەرىخان ئەندىكىپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاش-قا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆي ئىچىدە ئېچىنىشلىق يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى.

باقى قويچى گۈلسۈمخاننىڭ باش تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇ-رۇپ يىغا ئارىلاش ئايەت ئوقۇماقتا. ئانچە ئۇتمەي خولۇم-خوشنىلار كىرىپ كېلىشتى. گۈلسۈمخان جان ئۈزگەن ئىدى......

مومايلاردىن بىرسى كېلىپ گۈلسۈمخاننىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇردى ۋە ئېڭىكىنى قوشۇپ، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى چاتتى.

سادىق بىر ئامال قىلىپ توختى بوۋاي بىلەن باتۇرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چىقتى.

.

سادىق توختى بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئىشىكتىن

كىرىپلا بىر چىددى ئەھۋالنىڭ بارلىغىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنىلار چىرايىنى قايغۇ باسقان ھالدا ئولتۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئورۇندا توختى بوۋاي كوزىنى يۇمۇپ ياتاتتى.

ئۇيىدىكىلەر سادىقنى باش ئىشارىسى بىلەن قارشى ئالدى. شەرىخانىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراشتى. كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن جىم بولۇشتى.

سادىق ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن نىمە ئەھۋال بولغانلىقىنى نىمە دىيىشىنى، نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر پەس گاڭگىراپ قالدى. كېيىن باشقىلاردىن ئۇققۇشىچە، مۇنداق ئەھۋال بولغانلىقىنى بىلدى.

بۈگۈندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قازى ئىلىياز خوجا بىلەن بىرلىشىپ مۇللانىيازنى ئوتىماقچى بولغان. بۇنى توختى بوۋاي كا - مالدىن ئۇقۇپ مۇللانىيازنى قاياققىدۇ قاچۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قازى دەردىنى توختى بوۋايدىن ئالماقچى بولۇپ بۈگۈن كېچىدە بىر نەچچە چوماقچىلىرىنى ئەۋەتىپ قاتتىق ئۇرغۇزغان.

"ھەي نىمە كەلگۈلۈك بۇ! — دەپ ئويلىدى سادىق كوزلى - رىدىن ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، — ئۇياقتا قىزى ۋاپات بولۇپ ئېغىر مۇسىبەت بولۇۋاتسا، بۇ يەردە بىچارە بوۋاي زالىملاردىن تاياق يەپ ھۇشسىز يېتىپتۇ......"

بىر ھازادىن كېيىن بوۋاي نۇرسىز كوزلىرىنى ئاستا ئېچىپ سادىقنى كوردى ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس پىچىرلاپ سوردى:

— سادىقمۇسەن ...... قاچان كەلدىڭ بالام؟ قىزىم قالداق - راق؟

سادىق نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى - دە، بىلىنـ دۇرمەي:

— ياخشى، ئۇلار ئەتە - ئوگۈنىڭ ئىچىدە قومۇلغا قايتىپ كەلمەكچى، مەن ئوزەم بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىم، — دەپ قويدى.

بوۋاي يەنە نېمىلەرنىدۇ سوراشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، گەپ قىلالماي جىمىپ قالدى، ئويدىكىلەر بوۋاينىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىدىن خوشال بولۇشۇپ دەرھال چاي ئىچكۈزۈشتى. بىر نەچچەيلەن تىۋىپ ئىزلەپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەقلىڭنى ئىشلەتتىڭ بالام، — دېيىشتى كېيىن تۇققانلار سادىقنى سىرتقا چاقىرىپ، — بوۋاي ھازىرچە ئۇقمىسۇن، بىر ئۆلۈمنى ئىككى قىلمايلى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، توختى بوۋاي ئاستا-ئاستا ئاماققا كىرىشىپ ساقىيىشقا باشلىدى.

شەرىخان موماي تاغدا قىزىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە ھازا ئېچىپ توختى بوۋايغا ئەھۋالنى ئاشكارىلىدى.

باتۇر بۈگۈن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى. ئىچكىركى ئويدىن قازى چىقىپ:

— باتۇر، باشقا ئىشىڭنى قويۇپ تۇرۇپ قازىخانىنىڭ ھويلىسىنى تازىلا، ھويلىدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئورۇندۇقنى ئەپچىقىپ تەييارلا، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باتۇرنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. چۈنكى بۇ قازى بىرەرسىگە شەرىئەت ھۆكمى ئېلان قىلىدىغان چاغدا بولىدىغان ئىش ئىدى. "قازى بۈگۈن يەنە قايسى بىچارىنى جازالايدىكىنە؟" باتۇر شۇ خىيال بىلەن بېشىنى سالغان ھالدا، قازىخانا ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتىگەنلىك چاي ئىچىلىپ بولۇنغان، شەھەردە تىرىكچىلىك ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلاپ تۇرغاچقا قۇياش كۆرۈنمەيتتى. قازىخانا ئالدىغا تۇرغۇن

ئادەملەر يىغىلىشقان ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن قازى گىدەيگەن ھالدا ئۆز ئادەملىرى بىلەن قازىخانىغا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ئادەملەر گۇرۇلدەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئوتمەي بىر نەچچە يايى چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئايالنى سورەپ كىرىشتى. بۇ ياش ئايالنىڭ كوزلىرىدىن غەزەپلىك ئوت چاقنايتتى.

باتۇر بۇ ئايالنى تونۇمىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان ھالدا قاراپلا قالدى.

قازى ئالاھىدە گىلەملەر سېلىنغان سۇپىدىكى يولەنچۇكلۇك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، جامائەتكە بىر قۇر كوز يۇگۇرتۇپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇ يولدىن چىققان ئىمانسىز! — دەپ سوز باشلىۋىدى، ئايال بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ:

— كىمنىڭ يولدىن چىققانلىقىنى ئەھلى - جامائەت ئوبدان بىلىدۇ، يولدىن چىققان ئىمانسىز دىگەن سەن! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋاقىراشتى يايىلار.

قازى ئايالنىڭ سوزىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ سوزىنى داۋام قىلدى:

— دىنىي شەرى ئاللاتائالانىڭ قانۇنىدۇر. دىنىدىن بەزگەن، يولدىن چىققان بۇ ئىپلاس ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى شۇبۇ كۇنلەردە شەرىي ئىشلىرىغا، بىزدەك قازى - ئولىمالارغا قارا چاپلىدى. بىزگە قارا چاپلىغانلىق، بىزنى ھاقارەتلىگەنلىكنىڭ ئوزى، دىنىي شەرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. بۇنداقلار قاتتىق جازاغا لايىقتۇر. شۇ سەۋەپتىن مەھكىمە شەرىي بۇنىڭغا قىرىق پالاق ئۇرۇش ۋە خوشنار خېنىمغا تاپشۇرۇشنى ھوكۇم قىلىدۇ!

قازىنىڭ سوزى توگىگەندىن كېيىن قىيا - چىيا باشلاندى. ئايال پالاقتا بېسىلدى. ئايال قازىغا لەنەت سوزلىرىنى ياغدۇراتتى.

20 پالاق ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئايالنىڭ ئاۋازى توختاپ، ھۇشىدىن كەتتى......

بۇ ھالغا ئېچىنغان باتۇر يېنىدا تۇرغان جول ـ جۇل چاپان ـ لىق بىر دىخاندىن:

— ئاكا، بۇ كىمنىڭ ئايىلى؟ — دەپ سورىدى. دىخان ھەي ـ رەتلىك كۆزلىرى بىلەن باتۇرغا قاراپ قويۇپ:

— سەن تونۇمامسەن، بۇ مەدرىسىتىن قوغلانغان ھېلىقى موللانىياز دېگەن ئادەمنىڭ سىڭلىسى. ھەجەر ئاپپاقنىڭ كېلىنى مايىنۇرخان بولىدۇ، — دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

«ھە موللانىياز دادامنىڭ سىڭلىسى ئىكەن ـ دە! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قازى قاغاپ يۈرگەن ئايال شۇكەن ـ دە!» دېگەن ـ لەرنى ئويلاپ دىخاندىن يەنە سورىدى:

— بۇ ئايالنىڭ نىمە گۇناسى بار ئىكەن؟

— ھىم......نىمە گۇناسى بولاتتى دەيسەن؟ — دىخان يېنىدىكى ئادەمگە قاراپ قويۇپ سۆزلىرىنى داۋام قىلدى، — بۇ يەردە جازا ـ لىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا گۇناكار دېگىلى بولمايدۇ — ئوغلۇم. دۇنيادا سەن چۈشەنمەيدىغان ئىشلار نۇرغۇن. موللانىياز دېگەن ئېسىل ئادەم. ئۇ ئېھتىمال قازىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا كېرەك. ئاڭلىساق ئۇ ئادەممۇ بىر ياققا قاچقان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ دەردىنى تۇققانلىرىدىن ئېلىۋاتقاندۇ!

باتۇر ئەمدى ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ـ دە: «ھەي ئىست، — دەپ ئويلىدى، — ئەمدى بۇ بىچارە ئايال خۇشنار خېنىمغا تاپشۇرۇلسا چاتاق بوپتۇ، ئېغىر ئازاپتىن ئۆمۈرۋايەت قۇتۇلالمايدۇ ـ دە!»

باتۇرنىڭ كۆز ئالدىدا خۇشنار خېنىمنىڭ ياۋۇز تەلەتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

خۇشنار خېنىم ۋاڭنىڭ باش تەيجىسىنىڭ خوتۇنى بولۇپ،

ئۇنى كىشىلەر "كىچىك نوم" دەپ ئاتىشاتتى. ۋاڭ ئەر گۇناكارلارنى زىندانغا تاشلاش، خىلمۇ-خىل جازالاش ۋە قىيناشلاردىن تاشقىرى نومغا، شىگىشىگشاغا، كومۇرلۇككە پالاپ ئېغىر ئەمگەككە سالاتتى. ئايال گۇناكارلارنى بولسا، خۇشنار، خېنىمغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى. ھەددىدىن ئاشقان بۇ زالىم ئايالنىڭ مەخسۇس تۇرمە، ئەمگەك مەيدانلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئايال گۇناكارلاردىن ساق چىققانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. كوپ قىسمى ئېغىر ئەمگەك، ئازاپ ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلاتتى. بۇ ئايالدىن بەزى بەگلەرمۇ خېلى تەپتارتاتتى. بىر قېتىم باتۇر تەن قۇرۇلۇشى يوغان، پېشانىسىدىن ئېڭىگىچە قارا داغ قاپلىغان، ھىڭگاڭ چىش بۇ سەت ئايالنى كورگەن ئىدى. ئۇ جۇلۇگشى مەھەللىسىدىكى بىر دېخاننىڭ ئايىلىنى سېرىق تاۋاردىن كوينەك كىيىپ قويغانلىقى ئۈچۈن جازالىغانىتى①. قازىخانا ھويلىسىدا كوتىرىلگەن قىيا-چىيا ئاۋازلار باتۇرنىڭ خىيالىنى بولدى.

قازى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ گۇناكار، دەرھال خۇشنار خېنىمغا تاپشۇرۇلسۇن! — دەپ سوراقنى تۈگەتتى. دەرە ئۇرۇلغان ئايال ھۇشىغا كېلىپ قازىنى تىللاۋاتاتتى، ياساۋۇللار ئۇنى داقىرىتىپ سورەپ ماڭدى. ئۇ ھەدەپ تېپچەكلەيتتى. ئۇزۇن كىشىلەر بىچارە ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ئۇنىڭ تارتىشىپ قاراپ قېلىشتى. غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەن باتۇرنىڭ ياۋۇز قازىنى ئۇرۇپ، گۇناسىز بىچارە ئايالنى ئازات قىلىۋەتكۈسى كېلىپ تۇرالماي قالدى. بىراق نېمە ئامال، ئۇ تېخى كىچىك-تە!

— باتۇر، ھەي باتۇر!

---

① ۋاڭنىڭ ئائىچا، خېنىملىرى سېرىق يىپەك رەختلەردە كىيىم كىيەتتى، پۇقرالارنىڭ ئاياللىرى شۇ خىلدىكى رەختلەردە كىيىم كىيسە جازالىناتتى.

تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، باتۇر ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ نىمىگىدۇ ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن كامالنى كورگەندىن كىيىن:

— ۋۇي كامالغۇ سەن، قانداق ئەھۋالىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ بىلەن باللارچە سەكرەپ كورۇشۇپ كەتتى.

— ھازىرلا، سىنى ئىزلەپ كېلىشىم، — دېدى كامال، ئۇ نىمىنىدۇ ئېيتىشتىن قىسلىۋاتقاندەك ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

— مىنى نىمىگە ئىزلىگەنتىڭ؟

— ئۇزۇندىن بۇيان بوۋاڭنىڭ ئويىگە بارمىغان ئوخشايسەن — ھە؟

— بۇ ئىپلاس قازى بارغىلى قويمايۋاتسا قانداق بارىمەن، ئاداش؟

— بوۋاڭدى قوي، باشقا ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا تاشلا، بوۋاڭنىڭكىگە بىرىپ كەلگىن.

— نىمە بوپتۇ ئاداش، ئاپام، موماملار تاغدىن كەپتىمۇ؟

— ئويىگە بارغاندا بىلەرسەن، — دىدى كامال ۋە ناھايىتى تەسلىكتە قوشۇپ قويدى، — ھەر ھالدا ئويۇڭدە بىرەر مۇسىبەت بولغان ئوخشايدۇ، مەنمۇ تونۇگۇن ئۇققان، كېلەلمىدىم، ئىتتىك ماڭغىن!

باتۇرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈرىگى قالايمىقان سېلىپ كەتتى. ئۇ كامالغا قاراپ:

— رەھمەت ئاداش، مەن ھازىرلا باراي، قازىدىن سوراپمۇ ئولتۇرمايمەن، قولىدىن كەلگىنىنى قىلمامدۇ!

باتۇر قازىنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ بوۋىسىنىڭ ئويىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كاللىسىنى خىلمۇ-خىل قالايمىقان خىياللار قاپلىۋالغان ئىدى. تۇرۇپ ئاپىسىدىن، تۇرۇپلا بوۋىسىدىن ئەنسىرەيتتى. "ئويۇمدە بىرەر ئىش بولغان بولسا مۇشۇ قازى بىلمەي قالامدۇ؟ قارا، ماڭا گەپ قىلمىغىنىنى! بۇ ئىپلاسلار ئادەم ئەمەس، زادى ئادەم ئەمەس!" ئۇ توختىماي يۈگۈرەيتتى......

## سەككىزىنچى باپ

ھاشا بولى ئۈچ كۈنلۈك،
بىزگە چۈشكەن مۈشكۈللۈك.
بايلار بولسا بىر كۈنلۈك،
كەمبەغەلگە يۈز كۈنلۈك.

ۋاڭ موللانىيازنى تۇتۇش ھەققىدە يەنە پەرمان چىقاردى. پەرماندا "پەيغەمبەر ئەۋلادى ئۇلۇغ ۋاڭىمىزغا ئاھانەت قىلغان، دىنىدىن بەزگەن دەھرى......" دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ پەرمان جۈمە كۈنى نامازدىن كېيىن خالايىققا جاكالاندى ھەم تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە ئىنئام بېرىشمۇ ئۇقتۇرۇلدى.

توختاخۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، موللانىيازغا بولۇۋاتقان قەستىنىڭ ئېغىرلىغىنى ھېس قىلدى. لېكىن يەنە "ئۇ ئۆزىنى ئاسانلىقچە تۇتقۇزۇپ قويماس" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. موللانىياز ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىر بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئادالەتسىزلىكلەر ھەققىدىمۇ ئويلايتتى. ئۆزىنىڭ ئۇرۇلغانلىغى، باتۇرنىڭ ئۆمۈرلۈك قوللۇققا چۈشۈپ قېلىشى، قىزى گۈلسۈمخاننىڭ ئۆلۈمى قاتارلىق سانسىز ئادالەتسىزلىكلەر توختاخۇننىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ئوتىنى لاۋۇلداتماقتا ئىدى. ئۇ دەرتمەنلەرگە تولىمۇ مېھرىۋان، مۇلايىم، خۇش خۇي، چاخچاقچى بولغاچقا، يېقىملىق، دىلنى ئېرىتكۈچى سۆزلىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاللايتتى. چوڭ-كىچىك دېمەي ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن ئادالەتسىز زالىملارنى بولسا، ئاچچىق تىل ئاستىغا

ئېلىپ قاتتىق مەسخىرە قىلاتتى. گايىدا ئۇلارغا كېلىشتۈرۈپ لەقەم قوياتتى. بۇ لەقەم ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ شۇ كىشىنىڭ ئىسمىغا چېتىلىپ كېتەتتى. ھەتتا خۇشنار خېنىمغا "كىچىك نوم" دېگەن لەقەمنىمۇ توختى بوۋاي قويغان ئىدى. ياسىن قازى ھەققىدە، ئۇنىڭ ھەجەر ئاپپاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى موللانىيازدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەرخىل قوشاق - نەزمىلەرنى توقۇپ، ئۇنى خەلقى ئالەم ئالدىدا قاتتىق شەرمەندە قىلدى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى.

قازىنىڭ مەھەللىسىدە توختى بوۋاينىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ئۇ نەۋرىسىنىڭ تويىغا توختى بوۋاينى تەكلىپ قىلغان ئىدى. توختى بوۋاي بۇ تويغا قانداقلا بولمىسۇن بېرىشنى قارار قىلدى. ئەمما شەرىخان بوۋاينىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، قازى بىلەن تاكاللىشىپ يەنە بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى بېرىشتىن توستى:

— بارمايلا قويسىلا، ئۇ تويغا قازىمۇ بارىدۇ، ئۇ بىر نىمە دېسە، ئۇلار بىر نىمە دەپ، كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالمىسىلا، ئىت دېگەن ئىتلىقىنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

لېكىن توختاخۇن گەۋدىسىنى ھاسىسىغا يۆلەپ تويىغا باردى. تويغا كەلگەن كونا ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ بىرىيىل ئاغرىق تارتقاندەك جۇدەك چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، تۆرگە چىقىرىشتى. خېلىدىن كېيىن ياسىن قازى ياسانغان ھالدا چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆرەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تويدىكىلەر قازىنى كۆرۈپ دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، لېكىن توختى بوۋاي كۆرمىگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋەردى. قازى ھىلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن توختى بوۋايغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، بىر ئۆكسۈپ، بىر قىزاردى - دە، توختى بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممىسىنىڭ كۆزى ئىككى

تەرەپكە — بىر قازىغا، بىر توختى بوۋايغا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جىمجىتلىقنى ئاخىرى قازى بۇزۇپ، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئەيىپلىك تۇغۇلۇپ قالغان بالىسى ھەققىدە پاراڭ باشلىدى ۋە خېلىغىچە مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئاندىن:

— خۇدايىمنىڭ قىسمىتى ھەر خىلدۇر. ئەيىپلىك تۇغۇلۇش خۇدانىڭ بۇيرۇغى بولسىمۇ، شۇ شور پېشانە ئاتا-ئانىنىڭ خۇداغا قىلغان تائەت-ئىبادىتىگىمۇ باغلىقتۇر، — دېدى.

توختاخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويدى-دە، گەپ قىلماي ئولتۇردى. لېكىن قازى ھەدەپ كۆرەڭلەپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلىمەكتە ئىدى. تۇرۇپلا شەرىئەت قائىدىلىرى، تۇرۇپلا پۇقرالاردىكى دىنسىزلىق، مۇرتەتلىك ھەققىدە گەپ قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ دىنىي ئۆلىما، موللىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە گەپ سېتىپ كېلىپ ئۆزىنى ماختىغىلى تۇرغاندا، توختى بوۋاي زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ قازىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— قازى ئاخۇنۇم، ئېيتقانلىرى توغرا، لېكىن موللىلارمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم بولسا كېرەك، بەزى ئەڭ رەسۋا ئىشنى قىلىدىغان موللىلارمۇ بار. بۇ توغرىدا خەلق ئىچىدە نۇرغۇن نەزمىلەر بار ئىدى. بىرسى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى، ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

قازىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، مېھمانلار تەڭلا:

— ھە، توختىكا، قىزىق نەزمىلەردىن ئېيتىڭا، تويى قىزىسۇن! — دەپ ۋاقىراشتى.

توختى بوۋاي كۆپچىلىككە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئېيتىشقا باشلىدى:

بىر كاتتا موللا كىلىپتۇ خانىدىن،
سىپسىغى تورگە پۈراپتۇ ماگدىدىن.
بۇ مېنىڭ قىلغان سوزۇم،
ئۆتەر قاتتىق غۇلدىدىن
ھاياسىزلىق چىقىپتۇ،
ھەممىنى بىلگەن موللىدىن...

ئۇيىنىڭ ئىچىدىن بىردىنلا كۈلكە كوتىرىلدى. بەزىلەر "يەنە بىرنى ئېيتقىنا!" دەپ ۋاقىردى.

قازى ئالاق - جالاق بولۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. كوزلىرى ھۇقۇشنىڭ كوزىدەك پاقىرىدى. ئۇ ئىززەت - ئابروينى يەرگە ئۇرىدىغان بۇ قاتتىق سوز بورىنى ئالدىدا نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى - دە. يەر ئاستىدىن توختاخۇنغا قاراپ ھومايدى.

— توختى بوۋاي يەنە بىر نەزمىنى باشلىدى:

تاش بىلەن مېچىت قوپاردۇق
سايىدۇر جەينىماس.
موللىمىز سىزدەكلا بولسا،
ئۇلىمەك كېتەرمىز بىناماز.
مەن بۇ سوزنى ئېيتقىنىمدىن،
ئېيتمىغىنىم ياخشى، بىراق —
ھەقنى بىلمەس ئادىمىدىن،
بىلىە ھايۋان ياخشىراق.
...........................

ئۇيىنىڭ ئىچىدە يەنە قاتتىق كۈلكە كوتىرىلدى. توختى بوۋاينى ماختىغان سوزلەر، ئاپىرىن ئۇقۇشلار ئەۋجىگە چىقتى.

ياسىن قازىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ساقاللىرى دىر-دىر تىترەپ كەتتى: "ھەممىدىن يامىنى، خەلقى ئالەم ئالدىدا سوز تارقىتىپ ئابرويىمغا نۇقسان يەتكۈزگۈچى موللانىياز بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم، يامىنى ئۇشۇ قېرىكەن-دە! خەپ توختاپ تۇر....."

دەپ ئويلىدى قازى ئىچىدە. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لام-جىم دېمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بەزى يالاقچىلىرى ئۇنى بۇ ئۇسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەپنى توي ئۈستىگە باشلىدى. لېكىن كۆرۈك توخۇدەك بولۇپ قالغان قازىنىڭ مېزىلىك پولۇغمۇ ئىشتىھاسى تارتمىدى. ئانچە ئۆتمەيلا بىر ئىشنى بانا قىلىپ كېتىپ قالدى.

توختى بوۋاي بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ خوشال كۈلۈپ قويدى-دە، ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى: "قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ" دېگەندەك نېمىدىن قورقاتتىم، قېرىدىم، ئىككى پۇتۇم گورگە ساڭگىلىدى. ئۆمرۈم جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتتى، يەنە قىلساڭ شۇنچىلىك قىلىشارسەن. سەن ئىپلاسلار بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان!...."

— ھوي دادىسى، بۇياققا چىقسىلا!

ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ يۈرگەن شەرىخاننىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى بوۋاينىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. توختى بوۋاي چوچۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە:

— نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ ئالدىراپ ھويلىغا چىقتى. ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلى بوۋاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. كوچىدا كىملەرنىڭدۇ ۋاقىراش-جاقىراشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ئاڭلاۋاتامدىلا؟ — دېدى شەرىخان ئەندىشە قىلغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋە بوۋايغا قاراپ سوزىنى داۋام قىلدى، — ئوردىنىڭ جارچىسى ئۇستەڭ چېپىشقا چىقىڭلار دەپ جار سېلىۋاتىدۇ!

بوۋاي ئاجىز كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كوچىغا قۇلاق سالدى.

چارچىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى خېلى يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم، ئىشىتمىدىم دېمەڭلار! ھەر بىر تۈتۈندىن بىردىن ئەر ئۇستەڭ چېپىشقا ماڭسۇن! كوك بېشىغا تاپان ھەققى تۆلۈق تۆلەنسۇن! كىمكى ئۇستەڭ چېپىشقا چىقمىسا قاتتىق جازالىنىپ نومغا پالىنىدۇ! خالايىق.....

— ھەي، بۇ نەس باسقان ئۇستەڭ چېپىش يەنە چىقىپتۇ! — دېدى توختى بوۋاي غەزەپ بىلەن بېشىنى چايقاپ ۋە شەرىپخاننىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىغا قاراپ داۋام قىلدى. — كوتىرىلمەڭ ساڭگىلىتىۋال، دىگىنى شۇ-دە! كوك بېشى دىگەن غالىجا ھېلى يېتىپ كېلىدۇ خوتۇن، قانداقمۇ قىلارسىز؟

شەرىپخان گەپ قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپلا قالدى.

قۇمۇل تەۋەسىدە 66 ئۇستەڭ بولۇپ، پۈتۈن يەرلەر شۇ ئۇستەڭلەردىن سۇ ئىچەتتى. بۇ ئۇستەڭلەرنى بولسا بىر نەچچە مىراپ-بەگلەر باشقۇراتتى. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلى كېلىش بىلەنلا ئۇستەڭ چېپىش، قاش ياساش، بۇلاقلارنىڭ كوزىنى ئېچىش باشلىناتتى. بۇنىڭغا ھەرقايسى ئۆيدىن بىر كىشى چىقىپ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى بىلەن ئىشلەيتتى. خەلق ئىشقا ھەيدىگەن مىراپ، بەگ ۋە كوكبېشىلارغا تاپان ھەققى تۆلەيتتى. لېكىن سۇ پۈتۈنلەي ۋاڭنىڭ، تەيجىنىڭ ۋە خوجىلارنىڭ يەرلىرىگە ئاقاتتى. ئەگەر پۇقرالار مىراپ-بەگلەردىن بىسوراق سۇغا تېگىپ قويغان بولسا 20 سەر كۆمۈش جەرىمانە قوياتتى. شۇڭا دىخانلار يەرلىرىنى ۋاقتىدا سۇغىرالمايتتى.

بۇ يىل سۇ تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. پۇقرالار ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋاڭ خوجىلارنىڭ يەرلىرىگىمۇ سۇ يېتىشمەي قالدى. شۇ كۈنلەردە ۋاڭ بەگ، سىپاھلىرى بىلەن ئوۋغا چىقتى. ئۇ كوكيارغا كەلگەندە، شۇ يەردە ئېقىۋاتقان سۇنى كورۇپ ئەجەپلەندى ۋە

ئۇستەڭ چېپىپ، بۇ سۇنى قۇمۇلغا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا شۇ يەردىلا پەرمان چىقاردى. بۇ ئىشقا زاھىر تەيجىنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى.

تەيجى ئۆز چاپارمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن خەلقنى ياش - قېرى دېمەستىن ھاشاغا ھەيدىمەكتە ئىدى.

جارچى كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ، بىرمۇ ئادەم قالماي ھەممىنىڭ ئۇستەڭ چېپىشىغا چىقىشىنى جاكالىدى. كىشىلەر نان - ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى كۆتىرىشىپ كوكيار تەرەپكە ئاقتى.

ئۆيمۇ - ئۆي ئاردلاپ كىشىلەرنى ئۇستەڭگە ھەيدەپ يۈرگەن مىراپ بېگى ئۇزۇن ئۆتمەي توختاخۇننىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى - دە، ھويلىدا تۇرغان توختاخۇننى كۆرۈپ:

— ئېرىڭگىزگە سۇ كېرەكمۇ - يوق، توختاخۇن؟ — دەپ تەنەددى قىلىپ سورىدى.

— ھالىمدىن كەتتىم ئۇكا، بۇ ھالىم بىلەن قانداق چىقاي، بارغىنىم بىلەنمۇ ئىشلەپ بېرەلمەيمەن، — دېدى توختاخۇن.

— مەن سېنىڭ ھالىڭنى سورىغىنىم يوق، سۇ كېرەكمۇ - يوق دەۋاتىمەن! — دەپ ۋاقىرىدى مىراپ.

— سەنلەرگە ھال ئېيتىشقۇ ئۆلۈكتىن ئىمان سورىغاندەكلا بىر ئىش، ئىنسان بولغاندىن كېيىن غەرەز ئۇقار دەپتىمەن. بوپتۇ، چىقسام چىقتىم! — دېدى توختاخۇن زەردە بىلەن ۋە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مەن چىقاي، — شەرىخان توختاخۇننى توستى ۋە نان-پان تەييارلاشقا كىرىشتى. ئېكىن توختاخۇن:

— سەن قال، ئۆزەم چىقىمەن، — دېدى. بوۋاينىڭ ئەھۋالى شەرىخانغا مەلۇم ئىدى. شۇڭا خاتىرجەم بولالماي ئۇمۇ بوۋاي بىلەن بىللە يولغا چىقماقچى بولدى. شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت كوك-يېشى كىرىپ كېلىپ:

— سىلەر تاپان ھەققى تۆلەپسىلەر، ھازىر تۆلەۋېتىڭلار، — دېدى.

— تاپان ھەققى؟ — توختاخۇن غەزەپلىنىپ تىترەپ كەتتى.

— بىلمەمسىلەر تېخى؟ سىلەرنى ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار دەپ كەينىڭلەردە سوكۇلداپ يۈرۈپ ئاياقلىرىمىزنىڭ چەمى تېشىلدى، سوگى ئۈپرايدۇ، تاپان ھەققى تۆلىمىسەڭلەر بولامدۇ؟

— مۇشۇ قېرى جېنىم بىلەن ئۇستەڭگە باراي دەۋاتقىنىم يەتمەي، يەنە تېخى تاپان ھەققى تۆلەمدىمەن؟ سىلەردە ئىنساپ، بارمۇ-يوق؟! — بوۋاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋاقىرىۋەتتى.

— ھەي، تولا گەپ قىلماي، تاپان ھەققى تۆلە! — كوكبېشى قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ توختاخۇننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

قورقۇپ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەت شەرىخان بوۋايغا قامچا تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، كۈمۈش ھالقىسىنى ئېلىپ كوكبېشىغا سۇندى:

— مانا ماۋۇنى ئال، جېنىمىز ئامان بولسا، ئۆلۈپ قالماسمىز!

كوكبېشى ھالقىنى قولىغا ئېلىپ قاياققىدۇ غايىپ بولدى.

كىشىلەر شۇۋرىغان، جۇدۇن-چاپقۇندىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كەڭ سايلىقتىن گەمىلەرنى قازدى. بۇيەردە نە سۇ، نە ئىسسىق تاماق بولسۇن؟ زاغرا ناننى قۇرۇق يەپ ئازاپ ئىچىدە ئىشلىمەكتە ئىدى.

مىراپ بەگلەر ئازادە ياسالغان چوڭ چېدىرلار ئىچىدە راھەتلىنىپ يېتىشاتتى. كوكبېشىلار بولسا، قوللىرىنى ئارقىغا قىلىشىپ ۋاقىراپ-جاقىرىشاتتى، ھاشارچىلارنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىلىرىنى ئوينىتاتتى. تەيجى ۋە ئاخۇنلار ئارىلاپ ئالاھىدە كېلىپ ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشەتتى.

كىشىلەر ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي زورلۇق ۋە ئازاپ-ئۇ-

قوبەت ئىچىدە ئىشلەيتتى. قانچىلىرى ھالىدىن كەتتى، قانچىلىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى ئايلاردىن كېيىن ئۆستەڭمۇ پۈتتى، ئەمما ئۆستەڭگە سۇ قويۇپ بېرىلگەندە شۇنچە ئۇلۇغ سۇمۇ ئاقمىدى. سۇ ئۆستەڭگە كىرىش بىلەن يەرگە سىڭىپ كېتەتتى. تەكشى، تۈتاش ئۆپقانلىق يەردە قېزىلغان ئۆستەڭدە قانداقمۇ سۇ ئاقسۇن!

غەزەپلەنگەن زاھىر تەيجى ئىتنى چاپتۇرۇپ ئۆستەڭنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاخىرى ياسىن قازىنى چاقىرتىپ كىتاپقا قاراپ پەتىۋا چىقىرىشنى بۇيرۇدى.

قازى شۇ ھامان كىشىلەرنى يىغىپ:

— سۇ ئاقمىغان ئۆستەڭگە كىگىز يېيىتماق لازىمدۇر، — دىگەن پەتىۋانى چىقاردى.

تەيجى بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن خەلققە كىگىز سېلىقى سالدى.

زۇلۇم-زورلۇقتىن قورقۇپ كەتكەن خەلق ئۆيلىرىدىن كونا-يېڭى كىگىزلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۆستەڭگە يېيىتتى. يېيىتىلغان كىگىزنىڭ ئۈستىنى تاشلار بىلەن باستۇرۇپ سۇنى قويۇپ بەردى، ئەمما سۇ يەنىلا ئاقمىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قازى ئۆستەڭدە ئىشلەۋاتقانلارنى يىغىپ مۇنداق يارلىقنى جاكالىدى:

— بىز ئۆستەڭنى بىرنەچچە ئايلار ئىشلەپ پۈتكۈزگەن بولساقمۇ ئىشنى چالا قىلىپتىمىز. ئۆستەڭگە كىگىز يېيىتقاندىن كېيىنمۇ سۇ ئاقماسلىق ئۆستەڭ تېگىدە چوڭ ئۆپقانلارنىڭ بارلىقىدىن بىشارەتتۇر. بىز بۇ ئۆپقانلارنى تىندۇرۇۋەتمىسەك، يەنىلا سۇ ماڭمايدۇ، شۇڭا ھەممىڭلار يەنە بىر ئاي ئىشلەيسىلەر، نەدە ئۆپقان بولسا تىندۇرۇۋېتىسىلەر.

تەيجى تاغ باغرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— تاغ باغرىدىن نەم توپا ئېلىپ كېلىپ تىندۇرۇپ، ئۇبدان قاڭداپ چىقىسىلەر، يەمەك-ئىچمەكلەر يەنە ئۆزەڭلاردىن، كىمكى

بۇ ئىشتىن بويۇن تولغىسا قاتتىق جازالىنىدۇ!

بۇ يېڭى بۇيرۇق بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئەمگەكتىن ھالسىرىغان خەلقنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى. كىشىلەر غەزەپلىنىپ غۇلغۇلا كوتەردى:

— يەنە ئىشلەمدىكەنمىز؟

— شۇنچە كوپ ئۇيپقانىنى قانداقمۇ تىندۇرۇپ بولغىلى بولىدۇ؟!

— قارا سايدا قېنىمىزنى چاچقىلى يارالغان ئوخشىمامدۇق؟

كىشىلەر توختىماي ۋاقىرىشاتتى، قازى ۋە تەيجىنىڭ سوزىگە نارازىلىق بىلدۇرۇشەتتى. تەيجى بىلەن قازى بۇخىل نارازىلىق - غۇلغۇلىلارغا قۇلاق سالمىدى. ئۇلار يارلىقنى قايتىدىن جاكالاش ئۇچۇن جارچىغا ئىشارەت قىلدى. جارچى يەنە ۋاقىراپ تەيجىنىڭ سوزىنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

تەيجى بىلەن قازى مەخسۇس چېدىرغا كىرىپ كېتىشتى. ئانچە ئوتمەي جارچىمۇ خەلقنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ كېتىپ قالدى. توختاخۇن يېنىدىكىلەرگە قاراپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بۇلارنىڭ نەپسى ئۇيپقاندىنمۇ يامان، ئۇيپقانىنى تىندۇرۇشقا بىزدە نىمە ئامال بولسۇن؟ بۇلار بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالماقچى!— دىدى.

— توغرا ئېيتتىڭ ئاكا. بىزدە نىمە ئامال بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە تېرىپ قويغان يەرلىرىمىز قاغجىراپ ياتىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر ئاي ئىشلىسەك، دىخانچىلىق قىلالمىساق كېلەر يىلى ھاك بىلەن زاك يەمدۇق!

— ياق، نىمە بولسىمۇ تەيجىۋەگكە ھالىمىزنى ئېيتايلى، بىزگە رەھىم قىلسۇن، ئەگەرچەندە ئىشلىگۇدەك بولساق كوزلۇككە ئاشلىقلىرىمىزنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئىشلەيلى.

— توختى ئاكا، سەن بېرىپ ئېيتساڭ، پۇقرالارنىڭ تەلۋى دەپ يەتكۇزسەڭ قانداق؟

كىشىلەر شۇ تەرىقىدە ئۇزاق مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن توختاخۇننى بارغىن دېيىشتى. خەلقنىڭ بۇ ھالىنى كورۇپ توختاخۇن ياق دېيەلەمدۇ؟ خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. ئۇ تەيجىنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكتە تۇرغان ياساۋۇلدىن ئىچكىرى كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ياساۋۇل:

— تەيجىۋەگ خوجام ھازىر ئارام ئېلىۋاتىدۇ، كېيىن كەل، — دەپ كىرگۈزمىدى. بوۋاي پۇقرانىڭ تەلۋىنى تەيجىگە يەتكۈزمەكچى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشقا باشلىدى.

تەيجى سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ "كىم بۇ ئۇزى؟" دەپ قۇلاق سالدى. قازى تەيجىنىڭ يېنىغا يېقىنراق كېلىپ:

— ھېلىقى توختى بوۋاي دېگەن شۇ، ھەممە ماجرانى تۇغدۇرۇۋاتقان قېرى شۇ. بولمىسا پۇقرانىڭ ئىشلىمەيمىز دەيدىغان ھەددى يوق! — دېدى. ئاچچىقى كەلگەن تەيجى يېنىدىكى سىپاھىغا "ئېلىپ كىرىڭلار" دەپ ئىشارەت قىلدى.

توختاخۇن چېدىرغا كىرىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئىجازەت بەرسىلە بېگىم، پۇقرالارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئېيتقىلى كىردىم، — دېدى.

ياسىن قازى توختى بوۋايغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى. تەيجى "سوزلەۋە" دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھەرقانداق ئىش ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمنىڭ رىزالىغى بىلەن بولسىمۇ، ئاجىز بەندىلەرنىڭ كوز يېشىدىن خۇدامۇ تەسىرلىنەر دەۋاتىمىز. ئاللاتائالا ئىگەم، ئاجىز بەندىلىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىشنى خالايدۇ. ئەگەر ئىنساپ غەپلەت تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇلۇپ، ئالۋاڭ-ياساق كۈندىن-كۈنگە كۆپەيتىلسە پۇقرالارغا ئۇۋال بولىدۇ. مانا كورۇپ تۇرۇپلاكى، ئاجىز پۇقرا بۇ پايانسىز چولدە نە ئاش، نە ئۇيقۇ يوق نەچچە ئاي ئىشلىدى. ھەممىسى ھالىدىن كەتتى. يەنە ئىشلەشكە قۇربى يېتەرمۇ؟ شۇڭا

بىز پۇقرالارنىڭ تەلىۋى شۇكى، ئۇپقاننى تىندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋال ئۇپقاننى ئېچىش كېرەك. ئاندىن تىندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭغا نەچچە يىللىق مېھنەت كېتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ داۋامى كېلەر كۈزگە ياكى كېلەر يىلغا قالدۇرۇلسا دېگەن تەلەپنى قىلىمىز.

ھازىر تېرىقچىلىق ۋاقتى بولۇپ قالدى. قايتىپ دېخانچىلىقىمىزنى قىلىۋالساق دېمەكچى، ئويلىشىپ بېقىشسىلا.

توختاخۇننىڭ گېپى تۈگىمەيلا تەيجى ۋاقىرىدى:

— خېلى گەپتان ئىكەنسەنغۇ! دېخانچىلىق قىلىش ئۈچۈن سۇ كېرەك! پۇقرالارغا سۇ كېرەك ئەمەسمىكەن؟!

— خوش، — دەپ بېشىنى ئەگدى توختاخۇن ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — دېخانچىلىققا سۇ كېرەكلىكىنى پۇقرالار ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ئايدىن بۇيان قاتتىق قاخشاپ ئىشلىدى. ئەمدى يەنە ئىشلەۋېرىشكە چىدىغۇدەك ھالى قالمىدى. سۇ ئاقمىغان ئۆستەڭگە ئىشلەۋەرگەن بىلەن كېلەر يىلى نېمە يەيمىز، نېمە ئىچىمىز دېيىشىۋاتىدۇ، تەقسىر......

— كاپىشىما! سېنىڭ تىلىڭ بەك ئۇزىراپ كېتىپتۇ. جېنىڭدىن تويغان ئوخشىمامسەن؟!

— خوش، ھەق سۆزنى قىلدىم بېگىم، ئاجىز پۇقرانىڭ تەلىۋىنى يەتكۈزدۇم. ئويلاپ كۆرسىلە، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ-دە!

— ئەمدى بىلدىم، خەقنى ئىشتىن يالتايتىۋاتقان سەن ئىكەنسەن-دە! قېنى مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىمىگىنىنى كۆرەي! — تەيجى ئاچچىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ياساۋۇللارغا ۋاقىرىدى، — بۇ قېرىنى باغلاپ ئېلىپ چىقىڭلار!

ياساۋۇللار بوۋاينى باغلاپ سىرتقا ئېلىپ ماڭغاندا، قازىنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپ تەيجىگە پىچىرلىدى:

— ياخشى بولدى تەيجى بېگىم، بۇنىڭ ئەدىۋىنى بەرسەك

قالغىنىنىڭ ئىشى ئوڭاي. ئوبدان قىلدىلا بەگىم، نادان پۇقراغا پەندىيات بولسۇن ئۈچۈن، بۇنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ جازالاش كېرەك!

ياساۋۇللار بوۋاينى سۆرەپ-ئىتتىرىپ دىڭگۇدەك خەلقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چىقتى.

تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىن شامال قورقۇنچلۇق گۈرۈلدەيتتى. قۇم-توپىلار يۈز-كۆزلەرگە ئۇرۇپ، ئاچ-يالىڭاچ خەلقنى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. كىشىلەر توختاخۇن نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلەركىن، دەپ دەككە-دۈككىدە تۇرۇشقىنىدا، ئەنە شۇنداق كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردى. تەيجى قازىنىڭ ئوت قىزىرۇقلۇق قىلىشى بىلەن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ توختاخۇننى ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى-دە، كىشىلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:

— كىمدە-كىم ئوستەڭ چېپىش ئىشىمىزغا دولا چىقىرىپ، قارشى تۇرىدىكەن. ئەسلىدىكى قائىدىمىز بويىچە ئۇنىڭ جازاسى 40 غوادا ئۇرۇش بولىدۇ. بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇ مەلئۇندەك جىندىن تويغانلار بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا كىرۋەرسۇن!

كىشىلەر توپى بىردىنلا تەۋرەپ غۇلغۇلا كۆتەردى:

— تەلەپنى بىز قويغان بەگىم، ھەممىمىزنى تەڭ جازالىسىلا، توختى ئاكامدا گۇنا يوق!

توختاخۇننىڭ ئەزرۇي قايناپ-تاشتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا، پۈتۈن ئۆمرىدە تارتقان دەرت-ئەلەملەر يىغىلىپ تاشقىنغا ئايلانغاندەك ۋە بۇ تاشقىن دۇۋەرەپ كېلىپ قارا كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغاندەك بىر قارشىلىق كۈچىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى. ئۇ بارلىق ئاۋازى بىلەن خەلقى ئالەم ئالدىدا بۇ زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى جاكالىماقچى بولدى. لېكىن قازىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ياساۋۇللار

ئۇنى سۆزلىگىلى قويمىدى.

بۇ ناھەقچىلىققا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان خەلق توختاخۇننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ياساۋۇللار ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ بوۋاينى توپ ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ يالغۇز جايدا جازالىماقچى بولۇشتى، لېكىن خەلق كوپ ئىدى. بىر نەچچە ياساۋۇل نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. پەقەت بىرسىلا توختاخۇننىڭ باغلاغلىق قوللىرىدىن تارتىپ سىرتقا سورىمەكتە ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، سايلىقنى يېرىپ بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئالدى بىلەن قازى ئات چېپىپ كەلگەن كىشىنى تونۇدى. ئۇ باتۇر ئىدى. "ۋاھ، نىمە بولغاندۇ-ھە. باتۇر نىمە ئۈچۈن بىھەل بىر چاغدا بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ. يە ئۆيدە بىرەر بالا-قازا يۈز بەردىمىكىن." قازى شۇ خىياللار بىلەن غەلۋە-غوغا قىلىۋاتقان كىشىلەر تەرەپكە قارىدى. باتۇر بۇ چاغدا، توپ-توغرا ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ كەتكەن خەلق ئىچىگە كېلىپ توختىدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ نىمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى پەملىدى. توختى بوۋاينى ئۇرۇش-تۇردۇرماسلىق ئۈستىدە بولۇۋاتقان غەلۋە-غوغا پەلەككە كوتىرىلگەن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كورگەن باتۇرنىڭ غەزىۋى ئۆرلىدى. ئۇ: "بۇ ياساۋۇللار بوۋامنى تۇتۇپ كەتمەكچى ياكى ئۇرماقچى بولۇۋاتسا كېرەك" دىگەن خىيالنى ئوتكۈزدى-دە، قوشۇمىسى تۈرۈلدى ۋە ئۇچقاندەك كېلىپ قولىدىكى قامچىسى بىلەن ياساۋۇلنىڭ باش-كوزىگە بىر نەچچىنى ئۇردى.

ياساۋۇل بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن چۆچۈپ، ئۆزىنى قاچۇردى. كىشىلەر توختاخۇننى قۇتقۇزۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ باتۇرنىڭ كېلىپ قالغانلىقىغا ئانچە سەپسالمىغان ئىدى. ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان باتۇرغا قارىشىپ ھەيران

قىلىشتى. تۇختاخۇن نەۋرىسىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا كىشىلەرگە: "بۇ مېنىڭ نەۋرەم، باتۇر" دېدى. باتۇر ھېلىقى ياساۋۇلنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندا، قالغان ياساۋۇللار باتۇرنى تۇتۇپ باغلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا قازى يامان نەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۈگۈرۈپ كەلدى-دە:

— ھاي باتۇر! قولۇڭنى تارت! قامچىنى تاشلا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. باتۇر توختاپ قازىغا ھومايغان ھالدا يىراقتىن قاراپ تۇردى.

— سەن نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ گاڭ خوجامنىڭ ياساۋۇللىرىنى ئۇرساڭ بولامدۇ؟ — قازى ۋارقىراپ ياساۋۇللارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇۋام ياساۋۇللارغا نېمە قىپتۇ؟ نېمىشقا بۇۋامنى ئۇرۇدىكەن؟! — باتۇر كۆزلىرىدىن نەپرەت ياغدۇرۇپ ياساۋۇللارغا قارىدى. قازى باتۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا ئىدى. قازى بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ھېلىقى قامچا يېگەن ياساۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ باتۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئەمما قازى ياساۋۇلنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ:

— قويۇۋەت! بۇنى ئۆزىمىز جازالايمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاخىرى قازى ياساۋۇلنى مىڭ تەسلىكتە ئايرىپ ئۇنى ئەيىپلىدى:

— سەن بالا بىلەن تەڭ بولامسەن؟ بولدى قىل، بۇنىڭ ئەدۋىنى ئۆزەم بېرىمەن!

ياساۋۇل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ: "راستىنلا مەن ئەخمەق ئىكەنمەن. خەقنى ئۇر دېيىش بىلەنلا ئۇرۇش گۇنا ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىر ئويۇنچۇق بولۇپ قاپتۇق، بىگۇنا خەقنى نېمىشقا ئۇرىمەن؟ قويە بۇنداق ئىشنى!" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن

ئۆتكۈزدى - دە، ياساۋۇللۇق قىلمايمەن، دەپ خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى.

قازى ئۇنى ئۇچكەن هالدا خەلق ئارىسىغا كېلىپ نەۋرىسىگە هاياجان ئىچىدە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان توختى بوۋايغا قاراپ: "ئىت ئىگىسىنى دورىمىسا هارام" دەپ تويدى. ئاندىن ئۇزىنى تۇتۇۋالغان هالدا باتۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— هەي، سەن بۇياققا نېمىشقا كەلگەنتىڭ، شۇنى دېگىنە! — دېدى.

باتۇر ئەهۋالنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ئاخۇنۇم، ئۇزلىرى كەتكەندىن كېيىن، چوڭ قوشناچ ئاغرىپ بىر نەچچە كۈن ياتقان. بۈگۈن ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققان ئىكەن، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، هەممىمىز ئۇنى كوتىرىپ ئۈيگە ئېلىپ كىردۇق. تىلىدىن قېلىپ سوزلىيەلمىدى، ئەهۋال خېلى ئېغىر. تېۋىپ چاقىرىپ كەلسەن، تېۋىپمۇ ئامال قىلالمىدى. شۇڭا كەلگەنتىم.

قازى دائىم بېشى ئاغرىپ يۈرىدىغان خوتۇنىنىڭ ئېغىر هالدا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— تېۋىپ نېمە دېدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى قازى.

— تېۋىپ، بۇ خەتەرلىك كېسەل، دەرهال قازى ئاخۇنۇمنى چاقىرىڭلار دېدى.

قازى ئالاق - جالاق بولۇپ ئالدىراپ قالدى.

— تېز بول، ئاتنى ئېلىپ كەل.

ئانچە ئۇتمەي قازى ئالدىراپ ئۈيگە قايتتى.

قازىنىڭ كەتكىنىدىن خوشال بولغان خەلق، ئىشلىمەيمىز، دەپ چېڭ تۇردى. تەيجى ياساۋۇللارنى ئىشقا سېلىپ خېلى هەركەتلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، غەزەپتە كەلگەن خەلققە تەڭ كېلەلمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كىشلەرمۇ بىر - بىرلەپ قايتىشقا باشلىدى.

# توققۇزىنچى باپ

ئاسمانغا چىقاي دېسەن،
بۇلۇتنى مىنەي دېسەن.
ئۆزەڭ قىپ يامانلىقنى،
كىملەرنى يامان دەيسەن؟

قازى بۈگۈن سۇلتان مىرغەزەپنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ، مىرغەزەپنىڭ ئالدىغا بارايمۇ-بارمايمۇ، دەپ ئويلاپ كۆردى. لېكىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش سوراقچىسى چاقىرتىۋاتسا بارماي بولامدۇ؟ ئۇ زادى نېمە مەقسەت، نېمە ئىش بىلەن مېنى چاقىرىشى مۇمكىن؟ ئۇ بۇ ھەقتە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ "ئوغرى گۇمانخور" دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئىلىيازخوجا، زاھىر تەيجى بىلەن بىرلىشىپ قىلىۋاتقان بەزى خۇپىيانە ئىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ "قېنى بارغاندا بىر گەپ بولار" دەپ مېڭىشقا تەييارلاندى.

سۇلتان مىرغەزەپ قازىنى ئىش ئۈستىدە قارشى ئالدى. ئۇلار سالام سائەت قىلىشتى. قازى دىۋانغا كېلىپ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مىرغەزەپكە سەپسېلىپ سىپايىلىق بىلەن:

— مىجەزلىرى ئوڭلىنىپ قالدىمۇ ھاجىم؟ — دەپ سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، — قىسقا جاۋاپ بەردى مىرغەزەپ ۋە ئالدىدىكى قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، —

جاناپلىرىنى خېلى كۈتتۈم بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمىكىن، دەپمۇ ئويلىدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۇزلىرى بىلەن كورۇشۇشكە مېنىڭ پۇرسىتىم تەگمىدى. بۈگۈن بىرئاز ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم.

— خوش، — دېدى قازى سەل قىسىلىپ.

مىرغەزەپ قازىغا قاراپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈن مېنىڭ ئۇزلىرىدىن سورايدىغىنىم ئىككى ئىش، بىرسى ئىشرەت ئوغرى ھەققىدىكى، ئىككىنچىسى موللانىياز ھەققىدىكى ۋەقە. بۇ ئىشلارنىڭ ئۇزلىرىگە چېتىشلىق تەرىپى بولغىنى ئۈچۈن ئېنىقلاپ كورۇشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى ئۇردىغا كېلىۋاتقان ئەرزلەردە خەلق ئىشرەت ئوغرىنىڭ ھېچقانداق جازالانماي قويۇپ بېرىلگەنلىكى، موللا نىيازنىڭ توھمەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈستىدە نارازى بولۇپ شىكايەت قىلىشىۋاتىدۇ. — قازى بېشىنى سېلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. مىرغەزەپ قازىدىن كوزىنى ئۈزمەي سوزلىمەكتە ئىدى، — بىز ھەقتائالا ئالدىدا گۇناكار بولۇشنى خالىمايمىز. ئاللاتائالا ھەممە قىلمىش-ئەتمىشلىرىمىزنى كورۇپ-بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. پۇقرالار بىزنىڭ قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرىمىزنىڭ تېگىگە يېتىپ تەھقىقلاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بەزى ئىشلار ھەققىدە ئۇز گۇمانىنى، گۇۋا-ئىسپاتلىرىنى قويۇشقا ھەقلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىنى، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئادىل بولۇشىغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — مىرغەزەپ سەل تىنىۋېلىپ يەنە ئەسكەرتتى، — "ئوغرى دەۋانىڭ ئورۇغى" دىگەندەك، ئىشرەت ئوغرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى توغرىلىق كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەرز-شىكايەتلەر بىزنى قىسىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ھەقتە زاھىر تەيجى بىلەن نەچچە رەت توقۇنۇشۇپمۇ قالدۇق. ئەمدى مېنىڭ ئەينى ئەھۋالنى ۋاڭ خوجامغا ئىنكاس قىلىشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قازىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى ۋە قولاقلىرىغىـ
چە قىزىرىپ كەتتى:

— ناھايىتى ياخشى، — ئالدىراپ جاۋاپ بەردى قازى. — ناھا-
يىتى ياخشى. مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ تۇرغىنى مۇشۇ كانتونىڭ ئىشى ئىدى.
ئەپسۇسكى ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىدىن مېنىڭمۇ
ئانچىلا خەۋىرىم يوق بېگىم، — قازى بۇ گەپ بىلەن ئۆزىنى
قاچۇرماقچى بولغان ئىدى، لېكىن، مىرغەزەپ دەرھال ئۇنىڭ
سوزىنى بولدى:

— ئۇنداقتا، ئۇزلىرى ئىشرەت ئوغرى ھەققىدە بۇرۇن زاھىر
تەيجى بىلەن كورۇشكەنمىدىلە؟

— يوقسۇ، بېگىم، ئۇ ھەقتە سوزلەشكىنىم يوق، ئىشرەت ئوغرى
تەيجىنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارغان بولسا كېرەك.

— ئۇنىڭ تەيجىنىڭ ئالدىغا بارغانلىغىنى قانداق بىلدىلا؟

— ئۆزەمنىڭ خىيالى.

مىرغەزەپ كۈلدى. بۇ كۈلۈشتە مۇنداق بىر سەۋەپ بار
ئىدى: سۇلتان مىرغەزەپ ئىشرەت ئوغرىنى قويۇپ بەرگەنلىگى
ھەققىدە نارازى بولۇپ زاھىر تەيجى بىلەن سوزلەشكىنىدە
تەيجى "شەرىئەتنىڭ قازىسى بولغان كىشى ئىشرەتنى ئاقلاپ ئويۇمگە
نەچچە رەت كەلدى. شەرىئەت ئاقلىسا مەن نىمە ئۈچۈن قارىلاي-
دىكەنمەن؟" دىگەن ئىدى.

مىرغەزەپ قازىنىڭ كوزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ سورىدى:

— ئەمىسە گەپ، تەيجى بېگىمدە ئىكەن-دە، شۇنداقمۇ؟

— ئېھتىمال، شۇنداق بېگىم.

— ئوغرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئوغرىنىڭ شېرىگى بولۇشى
كېرەك. "ئوغرىنىڭ شېرىگى يانچۇقچى" دەيدىغان گەپ بار. شۇ
ۋەجىدىن ئېھتىمالكى بۇ ئارىدا مەلۇم بىر سىر بولۇشى مۇمكىن،
ئۇنداق بولمىغاندا، جازاغا لايىق بولۇپ تۇرغان ئوغرى جىمجىتلا

قويۇپ بېرىلسە، قانات ئاستىغا ئېلىنسا. بۇ قانداق كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، بۇ، كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، بېگىم.

قازىنىڭ ئوڭايسىز ھالىتىدىن ئالدىقاچان بىر خۇلاسىگە كېلىپ قالغان مىرغەزەپ بۇ گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچى مەسىلىگە كۆچتى.

— خوش، يەنە بىر ئىش، — دېدى مىرغەزەپ، — ئىلگىرى موللانىياز بىلەن ئۇزلىرىنىڭ بىرەر ئاداۋەتلىرى بولغانمىكەن؟

— مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ بىرەرسىگە ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرۈشى نامۇناسىپ ئىشتۇر. مەدرىستە تالاش-تارتىشلار بولسىمۇ، ئۇمۇ ئىلىم-بىلىم ھەققىدىكى ئىشلار بولۇپ، مۇناسىۋىتىمىز ئادەتتىكىچە ئىدى.

— ئۇنداقتا ئۇنى مەدرىستىدىن قوغلىۋېتىشكە نېمە سەۋەپچى بولدى؟

— ئۇنىڭ سەۋەبى ئۇزلىرىگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئۇزلىرىمۇ رازى بولغانغۇ؟ بۇ ھەقتە پىكرىمنى خەت ئارقىلىق ئۇزلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ؟

— سىلى ماڭا خەت يېزىشتىن ئىلگىرى ئۇ مەدرىستىدىن قوغ-لىنىپ بولغان. رازىلىق دېگەنىنىڭ ئۆزى تەكشۈرۈشتىن كېيىن بولىدۇ. موللانىياز ھەققىدە پەقەت سىلىنىڭ ئېيتقانلىرىنىلا ئاڭلا-دىم، ۋاھالەنكى، موللانىيازنىڭ ئاغزىدىن ۋە باشقىلاردىن بۇ ھەقتە ھېچنېمە ئاڭلىمىغان تۇرسام، قانداق قىلىپ مەن ئۇنى مەدرىستىن قوغلىۋېتىشكە رازىلىق بىلدۈرگەن بولىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قوغلىۋېتىش ھەققىدە ئۇچۇق بىر نەرسە دېمىدىلە. بۇ ھەقتە پاراڭ بولمىدىغۇ، شۇنداقمۇ؟

قازى لام-جىم دېيەلمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. مىرغەزەپ قازىغا نەپرەتلىنىپ قاراپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— موللانىياز ھەققىدىكى ئىش مېنى ھەرخىل گۇمانلارغا سالدى. ھازىر ئۇ ھەققە يېزىلغان ئەرزلەر ئۇنى تامامەن ئاقلاپ، ئۇزلىرىنى قارىلاپ تۇرۇپتۇ.

قازى يەنە قىزاردى. ئۇ كېكىرتىكىنى قىرىپ، قۇرۇق يۇتىلىپ قويۇپ سوز ئاچتى:

— ھازىر پۇقرالار ئىچىدە نىيىتى يامان مەخلۇقلار كوپىيىپ كەتتى بېگىم. شۇڭا مېنىڭدەك بىر ئاجىز بەندە، خۇدانىڭ قۇلىنى ھاقارەتلەيدىغانلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. ھەر نىمە بولسىمۇ ئۇزلىرى بىزنىڭ قاياشىمىز. ئۇزلىرىدىن ھەقنى-ھەق، ناھەقنى-ناھەق دەپ ئايرىيدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.— قازى ئوزىنى مىسكىن كورسىتىپ، مىرغەزەپكە قاراپ قويدى. مىرغەزەپ قازىنىڭ قارا كوڭۇل، يالغانچى ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھىس قىلدى. "دىمەك موللانىيازنىڭ مەدرىستىن قوغلىنىشى ئۇزلىرىنىڭ رازىلىقلىرىدىن بولدى، دەپ كوزىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ ماڭا تۇھمەت قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىكەن" دەپ ئويلىدى مىرغەزەپ.

— خوپ،— دىدى مىرغەزەپ قولىنى دىۋاننىڭ تۇتقۇچىغا ئۇرۇپ،— كېيىن يەنە كورۇشەرمىز، بۇ ھەقتىكى پىكىرلەر ئانچە ئۇچۇق بولمىدى، ئۇزلىرىمۇ بۇ ئىشلار ھەققىدە يەنە بىر تەھقىقلاپ كورسىلە.

— خوش، بولىدۇ بېگىم،— قازى چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

— يەنە بىر گەپ،— دىدى مىرغەزەپ ئۇنى توختىتىۋېلىپ،— تۈنۈگۈن لۆكچۈن ۋاڭدىن ۋاڭ خوجامنىڭ قىزىغا ئەلچىلەر كېلىشىپتۇ، بۈگۈن كەچتە ۋاڭ خوجام ھوزۇرىدا بۇ ھەقتە مەسلىھەت بولماقچى ئىكەن، ئۇزلىرىنىڭمۇ كېلىپ قاتنىشىپ بېرىشلىرىنى ئېيتقان. ۋاقتىدا ئىلتىپات قىلۇرلا.

— خوش، خوش، ناھايىتى ياخشى،— قازى بىر نەرسە دىگۈسى كېلىپ ئاغزىنى ئومەللەپ بولۇپ، نىمە ئۈچۈندۇر گەپ

قىلماي چىقىپ كەتتى.

قازى قاتتىق ۋەس-ۋەسگە چۈشتى ۋە بېشىغا ئېغىر تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ھېس قىلىپ، ئالدىراپ زاھىر تەيجىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

قازى زاھىر تەيجىنىڭ نەقىشلىك چوڭ دەرۋازىسىدىن كى-رىشىگە، تۇيۇقسىز يوغان توت غاز قاناتلىرىنى كېرىپ، غاقىلداپ كېلىپ قازىغا ئېتىلدى. ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن قازى ئالمان-تالمان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئىگىز پېشايۋانغا چىقىۋالدى. ئۇ پېشاي-ۋاندا بىر پەس ئورنىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن تەيجىنىڭ سارىيىغا قۇلاق سالدى.

ساراي ئىچىدىن نەغمە-ناۋا ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتات-تى. "بۇ بېگىمىز بەزمە قىلىشنى زادىلا تاشلىمايدۇ-دە" دەپ ئويلىدى قازى ئىچىدە.

شۇ ئارىدا سىرتقا چىققان سىپاھلاردىن بىرسى قازىنى كۆرۈپ قالدى-دە:

— ۋوي، قازى ئاخۇنۇم، قېنى مەرھەمەت، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ سارايغا باشلىدى.

مېھمانلار قازى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

تەيجى خۇشال بولۇپ، قازىنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— بۈگۈن خىيالىمىزدا يوقلا بۇ بەزمە قۇرۇلۇپ قالدى، بونمىسا سىزگە ئادەم ئەۋەتەر ئىدىم، — دېدى تەيجى.

— رەھمەت، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، — دېدى قازى تەيجىگە خۇشامەت قىلىپ.

ھەر ئىككى بەگنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تونۇر كاۋىپى، ھەرخىل مېۋە-چىۋە، سەيلەر بىلەن تولغان ئىدى. پەستىكى ئورۇندۇقلاردا بولسا، سازەندە، ناخشىچىلار ئولتۇراتتى. ئۇلار تەيجىنىڭ ئارزۇسى بويى-

چە قايسى ئاھاڭنى چال دېسە، شۇنى چېلىشاتتى.

تەيجى بىر پەستىن كېيىن ناخشىچىلارغا قاراپ:

— ھېلىقى "سەن پادىشا سەن" دىگەننى ئېيتىڭلار، دەدى.

بۇ ناخشا ئەسلىدە ئوردىدىكى بىر ناخشىچى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بولۇپ، ۋاڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ناخشىچىنى نوم زىندانغا تاشلىغان. ناخشىچىلار بۇ ناخشىنى ئېيتىشتىن قورقۇپ "بولماسمىكىن، خوجام، بولماسمىكىن" دېيىشتى. لېكىن تەيجى:

— ۋاڭ غوجام ناخشىنىڭ ئىگىسىنى جازالىدى. ناخشىنى جازالىمىدىغۇ؟ ئاڭلىسام ئۇنىڭ ئاھاڭى بەك ياخشى ئىمىش. كىشىلەر قۇمۇل مۇقاملىرىغا يىگىدىن بىر مۇقام قوشۇلغان دېيىشىدىكەن. مەن بىر ئاڭلاپ باقاي، ماڭا كېرىگى ناخشىنىڭ سۆزى ئەمەس، ئاھاڭى. قېنى ئېيتىڭلار، — دەدى.

سازچىلار يۈرەكنى تىترەتكۈدەك مۇقامنى باشلىدى. بۇنىڭ ئاھاڭى ناھايىتى مۇڭلۇق ھەم يېقىملىق ئىدى:

ئەي قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ شاھى،
ساڭا يەتمەس نىمىشقا قول-بەندىلەر ئاھى.
بولماس ئىدى بۇ زامانەڭ قول-يوقسۇلغا تار،
ئەگەر ساڭا يەتسە يوقسۇل بەندىلەر ئاھى.

قايتارما:

سەن پادىشا سەن، مەن بىر گاداي،
رەھىم ئەيلىگەيسەن بىچارىلەرگە.

— ئېيتىۋېرىڭلار، ئېيتىۋېرىڭلار، نىمىدىگەن ياخشى-ھە! — دەپ ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى تەيجى.

شۇ چاغدا قازى ئاغزىنى تەيجىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ گەپ قوشتى:

— بۇ ناخشىنى ئېيتقانلىرىنى مىرغەزەپ ئاڭلاپ قالسا، ھايالسىز ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزلىرىگە مالالچى-

لىق بولۇرمىكىن، ھېلىمۇ ۋاڭغا ئېيتىدىغان گەپ-سۆزلىرىنى يىغىپ قويۇپتۇ. ھەممىسى ھەزرەتلىرى بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىكەن.

— نېمە دېسە دېمەمدۇ، — دېدى تەيجى بىپەرۋالىق بىلەن، — ناھايىتى كەلسە مىرغەزەپ مېنىڭ تەيجىلىكىمنىلا ئالۇر. پۇل-مال دېسە مەندە بار. ھەممە نەرسەم يېتىپ ئاشىدۇ. مەن يەنىلا ئېلياز خوجامدەك خوجا بولۇپ ئۆتۈۋېرىمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى قازى گېپىنىڭ جايىدىن چىقىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — ھەزرەتلىرى ئۆز رەقىپلىرىنى چۈشەنمەيلا. ئۇ ئەتە-ئۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ تەيجىلىك ئورۇنلىرىنىغۇ ئالىدۇ. تېخى سىلىنى ئوردىدىنمۇ چىقىرىۋېتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ.

— تەيجى ئەجەبلىنىپ قازىغا قارىدى. چۈنكى باشتىكى گەپنى تەيجىلىك دېگەن ۋاڭنىڭ پۇشتىغا خاس ئىش، مىرغەزەپنىڭ تەيجى بولۇشى يوق گەپ، دەپ ئويلىغاچقا، شۇنداقلا دەپ قويغان ئىدى. ئەمدى قازىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇڭا ئۇ قازىغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا:

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ گېپىمنىڭ ئاساسى بار خوجام، قازى گەپنى باشتىن باشلىدى، — بۈگۈن مېنى مىرغەزەپ چاقىرتىپتۇ، مەقسەت ھەزرەتلىرى بىلەن ماڭا ئورا قېزىش، ئىشرەت بىلەن موللانىياز ۋەقەسىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ چېتىشلىقىڭلار بار دەۋاتىدۇ، بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھەتتا ھەزرەتلىرىنى "ئوغرىنى ئاقلىدى، ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى بولىدۇ" دەپ ھاقارەتلىدى. قارىسىلا ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى؟ ھەزرەتلىرى بىلەن بىز جىم يېتىۋەرسەك ئۇ خېلى ئىشلارنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تەيجىنىڭ كەيپى ئۇچتى. مىرغەزەپكە بولغان ئاداۋىتى كۈچەيدى.

— راست شۇنداق دېدىما؟

— بەرھەق شۇنداق دېدى. يالغان گەپ قىلغان بەندىنىڭ تىلىنى كەسكۈلۈك. خوجام تىلىم قۇرۇپ كەتسۇن. نەسلى پەسنىڭ نەسلى پەس دېگەندەك. نەسلىدە ئۇردا خىزمىتىگە لايىق ئادەم ئەمەس ئىدى. "گادايىنى ھورمەت قىلساڭ چورۇغى بىلەن تۆرگە چىقۇر" دېگەن شۇدە. ئۇ ھازىر ئۇردىنى قالايمىقان قىلىۋاتىدۇ. بىر ھەركەت قىلمىساق، ۋاڭنىمۇ ئۇزىگە ئىشەندۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن!

قازى تەيجى بىلەن مىرغەزەپ ئولتۇرىسىدىكى ئاداۋەتكە كېلىشتۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇردى.

تەيجىنىڭ زەردىسى قاينىدى، ئۇ بەزمىنى توختاتتى. سازچىلار تەيجىگە تازىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بەزمىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان بەگلەر تەيجىدىكى خوشياقماسلىق، ئاچچىقلىنىشتەك ئاسادىيى ئوزگىرىشنى كورۇپ ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خوشلىشىشقا باشلىدى.

قازى بىلەن تەيجى يالغۇز قالدى. قازى سۇلتان مىرغەزەپنىڭ گەپلىرىنى يەنە باشتىن سوزلەشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سۇلتان مىرغەزەپ ھەققىدە خېلىغىچە غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىپ، ئۇنى ۋاڭغا قانداق چېقىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشتى.

— بۇگۈن كەچقۇرۇن بولىدىغان مەسلىھەتتىن خەۋەرلىرى بارمىكىن؟ — سورىدى قازى.

— بار، ئىمىن خوجا ئورۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنى بۇياققا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ، شۇ مەسلىھەت بولسا كېرەك.

— ھە، — دەپ قازى ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىر نىمىلەرنى ئويلىدى. ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ توي مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاڭنىڭ كوڭلىنى ئېلىش ئىدى. شۇڭا يەنە سورىدى:

— شۇنداق بولغاندا بۇ توي قاچانلاردا بولار؟

—كېلەر يىل كۈزدە بولارمىكىن، بۇ ۋاڭ خوجامنىڭ قىزى-
نىڭ تويى، بىرەر-يېرىم يىل تەييارلىق بىلەن قىلمىسا بولامدۇ؟
—ئۇنداق بولسا،—دېدى قازى بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپ،—مىرغەزەپ بۇ ئىشنى ئىنقىلاپ بىر باشقا ئېلىپ چىقىپ بولغىچە بىز ئالدىن ھەرىكەت قىلىپ ۋاڭنى خەۋەرلەندۈرەيلى. ئىشنى شۇنداق جايلايلىكى—ھەممە بالايى-ئاپەتنىڭ بېشى سۇلتان مىرغەزەپ، ئۇنى ئۆردىدىن ھەيدىمىگەندە غەۋغا تىنجىمايدۇ، دەيلى.

ئۇلار يەنە ئۇزاققىچە مەسلىھەتلەشتى......

## ئونىنچى باپ

يول ياقىسى ئىگىز ئۆردا،
قاراپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئالۋاڭ - سېلىق دەستىدىن،
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدىلا قازىنىڭ چاچ - ساقاللىرى خېلى ئاقىرىپ كەتتى. باتۇر بولسا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېلىۋاتقان چوڭ بىر يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاشلىرى بولسا قايرىلغان كامالچىدەك بىر - بىرسىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن، گەۋدىسى يېتىلىپ كېلىۋاتقان پالۋانلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئالغان ئىدى. ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرى كامال بىلەن ئۇزۇنغىچە سۆزلەشتى. باتۇر كامالغا:

— بۇ زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئامال قىلىپ بۇ يۇرتتىن قېچىپ كېتەيلى. قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— قاچايلى، نەگىلا بارساق جان باقالايمىز، — دېدى كامال ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ. باتۇر ئويلانغاندەك بىر پەس جىم بولۇپ قالدى ۋە قوشۇپ قويدى:

— ئويلاپ قارىسام، مۇشۇنداقلا كەتسەك بولمىغۇدەك. نەچچە يىلدىن ئاز جاپا تارتتۇقمۇ؟ بىر ئامال قىلىپ بۇلارنىڭ ئەدۆبىنى راسا بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن كەتسەك بىر ئاز دەردى-

مىز چىقاتتى.
— راست ئېيتىسەن ئاداش، بىز ھازىر كىچىك بالا ئەمەس-تە، ھەممىنى بىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇلارغا ئۆزىمىزنى ئوبدان كورسىتىپ قويماي بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىشىمىزغا كەلگەننى كورەمدۇق!
ئۇلار بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. خىيالدىن كېيىن كامال باتۇرغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ:
— سەن ھىلىقى چاغدا ياساۋۇلنى ئۇرغاندىن كېيىن قازى ھىچنەرسە دىمىدىما. ئەجەپ ئاسانلا قۇتۇلۇپ قاپسەنغۇ، ئاداش؟ بۇ ئىشىڭدىن كىشىلەر بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشىپتۇ. سېنى راستىنلا باتۇر ئىكەن دىيىشىۋاتىدۇ، — دىدى. باتۇر دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ بىشىنى سىلاپ تۇرۇپ كۇلۇپ كەتتى ۋە جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:
— ئۇ كۇنى راستلا كوزۇمگە ھىچنىمە كورۇنمەي قالدى دىگىنە! ئەگەر قۇشناچىنىڭ ئولۇمى بولۇپ قالمىغان بولسا مېنى قازى خېلى بىر نىمىلەر قىلاتتى. قازى شۇ ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ قالدى.
— شۇنداق قىلايلى ئاداش، — دىدى كامال قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، — بۇلارنىڭ ئەدىۋىنى قانداق بېرىش توغرىسىدا سەنمۇ ئوبدانراق ئويلانغىن، مەنمۇ ئويلىناي.
— ماقۇل ئەمىسە، پات - پات كورۇشۇپ تۇرايلى.
مۇشۇ سوھبەت بولۇپ بىرنەچچە كۇن ئوتمەيلا ئەھۋال ئوشتۇمتۇت ئوزگىرىپ كەتتى. بىر كۇنى ئەتىگەندە قازى:
— باتۇر، ئاتنى تەييارلا، ئوردىغا بارىمىز! — دىدى.
باتۇر، "ئوردىدا نىمە قىلىمىز، قازى ئوردىغا بارسا مېنى ئېلىپ بارمايتتىغۇ" دىگەن خىيال بىلەن ئاتنى تەييارلىدى.
— مەيەگە كەل، — دەپ چاقىردى قازى. باتۇر قازىنىڭ

ئالدىغا كىرگەندىن كېيىن ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر مۇلايىم قىياپەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى، — يۈز-كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ، مۇنۇ كىيىملەرنى كىيىۋال، ۋاڭ ھوزۇرىغا بۇ ئۈستى-بېشىڭ بىلەن بارساڭ بولماس.

باتۇر: "ئېھتىمال مېنى يېڭى بىر پالاكەت كۈتۈۋاتسا كېرەك" دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ بارمايمەن دېيەلمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقىشتى.

يېقىندىن بويان ۋاڭ شاھەخسۇت قىزى خان پوجىزىڭنى ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىغا بەرمەكچى ۋە بۇ تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، چوڭ تەييارلىققا كىرىشكەن ئىدى.

ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى زىننەتلىمەكچى بولۇپ، پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى تاشكېسەردىن ئۇزۇنلۇغى ئۈچ گەز، كەڭلىگى ئىككى چى، قېلىنلىغى بىر چى كېلىدىغان تاش ئېلىپ كېلىشكە ھەيدىدى.

تويلۇق ئۈچۈن ئىككى يۈز تۆگە، يۈز ئات، يۈز كالا، مىڭ قوي، ئىككى يۈز دادەن بۇغداي، يۈز دادەن گۈرۈچ، يۈز دادەن قوناق، يۈز دادەن كۈنجۈت، يۈز دادەن زىغىر، يۈز دادەن زاراڭزا، يۈز دادەن كەندىر، مىڭ جىڭ ئۈزۈم، مىڭ جىڭ قاق، مىڭ جىڭ ھاراق، يۈز تاختا چاي، يۈز سەر ئالتۇن، مىڭ سەر كۈمۈش، يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ئايرىم ھالدا، قىشلىق كۈنگە بىردىن 90 دانە جۇۋا ۋە پاختىلىق كىيىم؛ يازلىق ھەر خىل يىپەك رەختتىن 90 قۇر، كۈز ۋە ئەتىيازلىق 180 قۇر ئەستەرلىك كىيىم؛ مىڭ قۇتا ئەترە، 360 مەشۇت ياغلىق، رومال، مىڭ شىرە-

لىك ھەر خىل يېمەكلىكلەر سېلىنغان ئىدى.①

تويى كۆچۈرۈش راسخودىغا كەلگەندە لۈكچۈن ۋاڭى يەتتە قۇدۇقتىچە بولغان چىقىمىنى، شامەخسۇت ۋاڭ ئۇنىڭ بېرىسىدىن قۇمۇلغىچە بولغان چىقىمىنى تۆلىمەكچى. قىرىق كېچە-كۈندۈز تويى قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى.

تويى تەييارلىقى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان كېڭەشتە ياسىن قازى خۇشامەتچىلىك قىلىپ: "خان پۇچۇڭ ئاغىچام ۋاڭ خوجامنىڭ بىردىن-بىر ئەززەتلىك قىزى. ئۇنىڭ تويى قەدىمىي پادىشالارنىڭ تويىدىنمۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى زۆرۈر. بۇ ئۇلۇغ ۋاڭىمىزنىڭ شان-شۆھرىتى ئۈچۈندۇر" دېگەن ئىدى. شۇ بويىچە پۈتۈن قۇمۇل خەلقى بار-يوق دېمەي تويغا سوغا ئېلىپ كېلىشى شەرت دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغ تەرەپتىكىلەر بىر جۈپ ئات، ئون بەشتىن قوي ياكى بىردىن كالا، بىردىن تۆگە، باشقا تەرەپتىكىلەر ھەر بىر ئۆيدىن تۆققۇزدىن مايلىق نان، بىر كىيىملىكتىن ئەل رەخت، تۆگەنچىلەر بىر كىيىملىكتىن رەخت، قىرىقتىن ئۆدەك، توخۇ، يۈزدىن تۇخۇم، يەنە باغۋەنلەر يۈز جىڭدىن ھەر خىل قۇرۇتقان مېۋە، بىر كىيىملىك رەخت، قوغۇنچىلار يۈز جىڭدىن قوغۇن قېقى، بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈرۈلگەن.

ھازىر جاكاچى كوچىدا مۇشۇ بەلگىلىمىلەرنى جاكالاۋاتاتتى.

قارا خېچىر مىنگەن جاكاچى ئۆيمۇ-ئۆي، كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاقىرايتتى. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇ بىر خورازنىڭ قىچقىرىشى ئاڭلاندى. جاكاچى ھولۇققان ھالدا دەرھال خېچىرىنى شۇ تەرەپكە قايرىدى-دە:

— كۈندۈزى توخۇ چىللىسا ۋاڭنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تىللىگەنلىك

---

① بۇ سانلىق مەلۇماتلار، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «قۇمۇل تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش دوكلادى» دىن ئېلىندى.

بولىدۇ. خان پۇچۇڭ خېنىمنىڭ تويىغا نارازىلىق قىلمىۋاتقان قاي-سىڭنىڭ توخۇسى! — دەپ ۋاقىرىدى. ئەتراپتا تاماشا كورۇپ تۇر-غان كىشىلەر جاكاچىغا قاراپ، مەسخىرىلىك كۇلۇشەتتى.

— كۇندۇزى چىللىدى دەپ توخۇلارنى ئۇلتۇرۇۋەتسەك توي-غا ئاپىرىدىغان توخو-تۇخۇم نەدىن كېلىدۇ؟ — دېدى كىمدۇ بىرسى.

— بولىسىمۇ ئاپىرىسەن، بولمىسىمۇ ئاپىرىسەن، — دېدى جاكاچى ئالدىراپ ۋە يېقىنلا يەردە كېلىۋاتقان ياسىن قازىنى كورۇپ خېچىردىن سەكرەپ چۇشۇپ سالام بەردى-دە، نېرىقى كوچىغا كىرىپ كەتتى.

باتۇر ھەر خىل خىياللار بىلەن قازىنىڭ كەينىدىن كېلىۋا-تاتتى.

ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىنلاشتى. ئوردا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شىمالىي سېپىلگە تىرەلگەن. ئوردىنىڭ تاشقارقى ئىشىگى غەرپ تەرەپكە قارىغان، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرد-پىدە يوغان ئىككى توپ سىدە بار ئىدى.

ئوردىنىڭ ئىچى-تېشى توي تەييارلىقى بىلەن قايناپ كەت-كەن ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر تاملارنى سۇۋاش، يەرگە تاش يات-قۇزۇش، ناغراخانىنى ياساش، ئىگىز-پەسنى تۇزلەش، كونىنى يېڭى قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

قازى ئوردا ئالدىغا كېلىپ خېچىردىن چۇشتى ۋە قاراۋۇل باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇن-دى. بۇ زاھىر تەيجى ئوز قولى بىلەن يازغان قازىنىڭ ۋاڭغا سوغا قىلىدىغان قۇلچاقنى ئېلىپ كىرىش توغرىسىدىكى خەت ئىدى. قاراۋۇل بېشى قازىغا بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوردا ئىچىگە كىرىشكە ئىجازەت بەردى.

باتۇر قازىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ ئوردا ئىچىدىكى تاملار-

غا سىزىلغان رەسىملەرگە قارىدى. بىر تەرەپتىكى تامغا كۈن چىقىۋاتقان كورۇنۇش سىزىلغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىكى تامغا بىر توپ ئارچا دەرىخى شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان خانىلىق تامغا ۋە بىر مايمۇننىڭ قولىنى سۇنۇپ تامغىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقان كورۇنۇش سىزىلغان ئىدى. يەنە قانداقتۇر، قۇشلارنىڭ ئىمىر-چىمىر رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. باتۇر قازىنىڭ كەينىدىن قالماي دىگۈدەك ماڭدى. قازى تۇتىنچى ئىشىكتىن ئۆتۈپ، زاھىر تەيجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ۋاڭنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ بېرىشنى كۈتتى. تەيجى قازىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەچكە ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ تەخت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

قازى زاھىر تەيجىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەندە باتۇر ئىشىك تۈۋىدە قالغان ئىدى. ئۇ ساك-ئامبارلارغا سىۋاق بېرىۋاتقان كىشىلەرنى كوردى. ئۇلارنى يونۇس كاتىۋال① باشقۇرۇۋاتاتتى. يونۇس كاتىۋال قولىدىكى تاياقنى شىلتىپ يۈرۈپ، لاي ئېتىش، سۇ توشۇش ئىشلىرىغا ئادەم ئاجرىتىۋاتاتتى. ئىرىراقتا چۆچۈق تۇتتۇۋالغان يەنە بىر كاتىۋال لاي توشۇۋاتقانلارنى "چاپسان ماڭ، چاپسان!" دەپ چۆچۈق بىلەن ئۇراتتى. باتۇر بۇ ئەھۋاللارنى كورۈپ قايغۇغا چوكتى. ئانچە ئۆتمەي قازى تەيجى بىلەن بىللە قايتىپ چىقتى.

ئۇلار ئۇلۇق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ داتاڭغا قاراپ ماڭدى. ئىككى تەرىپى پەس، ئوتتۇرىسى ئىگىزرەك ياسالغان بۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاڭدىن باشقا ھېچكىم ماڭمايتتى. ئۇلار داتاڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپتە قاتار تىزىلىپ تۇرغان 40 پالۋان قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. تەيجى پالۋان باشلىقىغا بىر نىمىلەرنى دىگەندىن كېيىن ئۇلار يول بېرىشتى.

باتۇر داتاڭنىڭ ئىككى تەرەپتىكى تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان،

① كاتىۋال — لايچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

سىرلانغان ياغاچ جازا ئىچىدە ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. يوغان قىلىچ، ساپاقلىق نەيزە، مىلتىق، يا ۋە يا ئوقلىرى سۈرلۈك چاقنايتتى، بۇنىڭدىن باتۇرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

قاراڭغۇ دالاندا ۋاڭنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرى جىددىي ھالدا چېپىشىپ يۈرەتتى. بۇ يەردىكى ۋاڭنىڭ مەخسۇس كۆزەتچى-لىرى يەنە ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. تەيجى بۇلارغىمۇ بايىقىدەك بىر نىمىلەرنى دېگەندىن كېيىن يول بەردى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەر ئولتۇرىدىغان ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. تەيجى ۋاڭنىڭ مەلۇمچىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ۋاڭ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. مەلۇم-چى چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كىردى-دە، ۋاڭنىڭ ئىجازەت بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

قازى باتۇرنى ۋاڭنىڭ مەخسۇس مېچىتنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەينادا قالدۇرۇپ، ئۆزى گۈللۈك پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرى كۆ-تىرىلدى. قازى يوغان زەمبىرەكلەر تىزىلغان سەينادىكى ئالا-يېشىل دۇخاۋدىن تون كىيگەن بەگلەرگە ئېھتىرام بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئاستا ئاچتى.

بۇ ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى باتۇردا زىندان ۋە قاراڭغۇ گۆندىخانىغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل يامان تەسىرات پەيدا قىل-دى. ئۇ ئۆزىنى سوغاق ھەم مانانلاشقان ھاۋا ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، تۇيۇقسىز چىققان دەھشەتلىك قارا بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن بىر تال يوپۇرماقتەك يېتىم ھېس قىلىشقا باشلىدى......

ئۇنىڭ توردىكى ئىككى گەز ئېگىزلىكتە ياسالغان ھەشە-مەتلىك تەخت ئۈستىدە ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن،

يوغان چېتىر كوزلۇك ۋاڭ شامەخسۇت تەسۋى سىرىپ ئولتۇراتتى. ئالتۇن قاپلانغان تەختنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھانىڭ ئويما سۈرىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. تەخت ئۈستىگە يىپەك گىلەملەر سېلىنغان، گىلەم ئۈستىگە كىمخاپ كۆرپىلەر، تەتىللا قاپلىق ماموق ياستۇقلار تاشلانغان ئىدى. تەختنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۇزۇن چىنجۇ① قويۇلغان. چىنجۇنىڭ ئويما نەقىشلىك گۈللىرى ئاجايىپ چىرايلىق، نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ گۈللەر خۇددى چىنجۇنىڭ ئاستىدىن ئېچىلىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. چىنجۇنىڭ ئۈستىگە خانلىق تەرىپىدىن سوغا قىلىنغان ھەر خىل پار- پۇر چىنە- قاچىلار، ئۆي جاھازلىرى تىزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن نەرسىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ۋال- ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. ئىككى تامغا بىربىرىگە ئۇدۇل قىلىپ، چوڭ تام سائەتلىرى، ياندىكى تامدا بولسا يوڭ قەلەم بىلەن سىزىلغان جۇڭگو خەرىتىسى، خەرىتىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرنەچچە مىلتىق، يا ۋە يا ئوقلىرى ئېسىغلىق تۇراتتى. تامنى چۆرىدەپ دىۋانلار قويۇلغان ئىدى. سىرتتىكى ئاياق تېۋىشىنى ئاڭلاپ ۋاڭ بېشىنى كۆتەردى.

ياسىن قازى سىپايىلىق بىلەن كىرىپ، پۈكۈلۈپ قۇللۇق قىلدى ۋە دۇئاغا قول ئېچىپ ئىچىدە تۇرغۇن ئايەتلەرنى شۇۋىرلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن:

— ھەزرىتى ۋاڭ خوجامنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — دەپ يۈز سىپىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

ۋاڭ قازىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھەزرىتى ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟ —

① چىنجۇ — ئالدى ئويما نەقىشلىك قىلىپ ئىشلەنگەن ئۇزۇن شىرە.

دەپ سورىدى قازى يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ئاللاتائالانىڭ بەركىتىدە، — دىدى ۋاڭ.
— ئاللاتائالا ھەزرەتلىرىدەك پادىشالارغا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ، — دەپ خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى قازى، — ھەممە نەرسىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن قىلىدىغان قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار ئىنسان ئەۋلاتلىرى ئىچىدە ھەزرەتلىرىدەك ئۇلۇغ پادىشالارغا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ. ھەزرەتلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان، ئادالەت بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان بۇ پادىشالىق ئاللاتائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئىنئامىدۇر......
— ئارى راست، ئىنشائاللا شۇنداق، — دەپ ھەشقاللا ئېيتتى ۋاڭ ۋە قازىغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى، — پۇقرالار ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى بىلەنلا بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ. بۇ يولدا ھەر بىرىڭلارنىڭ ئەمگىكى سىڭگەندۇر.
قازى ئۆز خۇشامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كورۇۋاتقانلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ يەنە بىر قېتىم تازىم قىلدى ھەمدە ئورغۇن خۇشامەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مەقسىدىنى ئېيتىشقا كىرىشتى:
— ھەزرەتلىرىنىڭ قۇلى — پېقىر، بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىر قۇل تەربىيىلەپ، ئىلمىي ساۋاتلىق قىلدىم. يۈرۈش - تۇرۇش، يوسۇن - قائىدىلەرنى ئوردىغا خاس خىسلەتلەردە تەربىيىلىدىم. مەن بۇ قۇلنى ئالى سەلتەنەتلىك تاجى تەخت مەلىكىسى، ئاي يۈجۈڭ خېنىمنىڭ توي مەرىكىسى مۇناسىۋىتى بىلەن، ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تەقدىم قىلماقچىمەن. قوبۇل كورگەيلا، ھەممىمىزنىڭ بەختى - سائادىتى ھەزرەتلىرىگە باغلىقتۇر. ھەزرەتلىرى بىزنىڭ شان - شوھرىتىمىز، بىز ھەزرەتلىرى ئۈچۈن جان بېرىشكە ھەقلىق، كېچە - كۈندۈز ھەق نامازلىرىمىزدا ھەزرەتلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، كوڭۈللىرىنىڭ خۇرسەندىلىكىنى خۇدادىن تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز......

ماختاپاش، خوشامەتلەرگە ئۇگنىپ قالغان ھەتتا كوڭلى دائىم شۇنى تارتىپ تۇرىدىغان ۋاڭ ئۇزىنىڭ خوشال بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپ كۇلۇمسىرىدى ۋە باش ئىشارىسى بىلەن قازىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. قازى ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە تازىم قىلغاندىن كېيىن، كەينىچە مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتتا قالغان باتۇرنى چاقىردى. باتۇر كىرىپ قازىنىڭ ئوگەتكىنى بويىچە ۋاڭغا تازىم قىلدى. ۋاڭ قىيا بېقىپ باتۇرنىڭ كېلىشكەن قامىتى، يىگىتلىك ھوسنىگە قىزىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇل ئىكەنلىكىنى كورۇپ شاھزادە نەزەرگە چاكالىققا لايىق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى - دە، يېنىدىكى سېرىق يىپەك يىپنى تارتقان ئىدى، ئالتۇن قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كەتتى. ھايال بولماي بىر خىزمەتچى كىرىپ تازىم قىلدى، ۋاڭ ئۇنىڭغا:

— دۇنيادا بىردىن - بىر مىراسخورۇم ئوغلۇم نەزەر غوجىغا بۇ بالا چاكارلىققا بېرىلسۇن! — دىدى.

خىزمەتچى "خوش" دەپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، كەينىچە ماڭغان پېتى باتۇرنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ قويۇق قاشلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر تۇگۇن پەيدا بولۇپ سەل تۇرۇلدى، يوغان كوزلىرىنىڭ ئېقى تېخىمۇ كوپىيىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئاق سېرىق يۇزدە قورۇقلار پەيدا بولغاندەك بولدى - دە، ئويلانغان ھالدا قازىدىن سورىدى:

— ئۇنىڭ كوزلىرى غەلىتى كورۇنىدىغۇ؟ كىمنىڭ پۇشتى ئوزى؟

— خوش، كوكيار ئۇستەڭىنىڭ پۇتۇشىگە قارشىلىق قىلغان توختى قوغۇنچىنىڭ نەۋرىسى، بۇ گودەك ۋاقتىدا تومۇر چارۋىدا كەم چىققان ماللارنى تولەپ قويغىنىم ئۇچۇن تۇتۇپ بېرىلگەن قۇل ئىدى، — دەپ چۇشەندۇردى قازى.

— مەن سىزگە شۇنى ئېيتاي، — دېدى ۋاڭ تەكىتلەپ، —
بىز تەرەپتىن بەش دەپ تونۇلغان قۇللارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى
ئاللادىن كۆرىدىغانلىرى ئاز. ئۇنداقلارنىڭ كۆڭلىدە بىزگە ئۆچمەن-
لىك ساقلانغان، بۇنى ھەر قاچان ئەستە تۇتۇش لازىمدۇر!

قازى ئۇڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. يەنە ئىر-
غىپ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى:

— دېگەنلىرى بەرھەق، ئەمما لېكىن بۇ بالا ناھايىتى
ئىنساپلىق، قويدىنمۇ يۇۋاش، ئەقلى - ھۇشى جايىدا، نەزەر خوجامغا
ياققۇدەك چاكار بولالايدۇ. ئالەمنىڭ زىننىتى، قومۇل تۇپرىغىنىڭ
قۇدرەتلىك تۇۋرۇكى — ھەزرەتلىرىنىڭ ئەقلى مىڭ ھەسسە زىيادە، —
ھىلىگەر خوشامەتچى ياسىن قازى ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەپ ۋاڭغا
چۈشەندۈردى. ۋاڭنىڭ چىرايى يەنە ئېچىلدى. قازىنىڭ كۆڭلى
بىرئاز خاتىرجەم بولدى.

— سىزنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان ياردىمىڭىز چوڭ بولۇۋاتىدۇ.
ئۆتكەندە ئوردا، خانىقالارنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىززەتلىك ئۇل-
مالارنى ھاقارەتلەپ، ئوردىغا ئەرز يازغان ھىلىقى دىنسىز تېپىلدىمۇ؟

— ھەزرەتلىرىدەك قۇدرەتلىك پادىشانىڭ سايىسىدە ئاسمانغا
چىقسا تاپىمىز، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتىپ چىقىرىدىغان
قۇدرىتىمىز بار. ئۇمۇ پات - يېقىندا تۇتۇلغۇسى. بەش شەھەر، ئون
ئىككى تاغنىڭ ھەممىسىگە شەكلى، نۇقسانلىرىنى، جىنايى قىلمىشلىرى-
نى يېزىپ پەرمانلار ئەۋەتتۇق، ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ.

ۋاڭ بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ نىمىدۇ بىر نەرسىنى ئويلىغان-
دىن كېيىن، قازىغا قاراپ دېدى:

— ئاڭلىسام، سىزنىڭ ئەلياز بىلەن ئارىڭىز يېقىن ئوخشاي-
دۇ. ئوغلىنى ئوي - ئوچاقلىقمۇ قىلىپ قويۇپسىز. ئەگەر، ئۇنىڭ
بىلەن مۇئامىلىڭىز قويۇق بولسا، شۇنى ئېيتىپ قويۇڭكى، ئەتياز-
دىن باشلاپ ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىلىق يەر-

لەرگە ئۆتكۈزۈۋېلىندۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تاغدىكى يىلقىلىرى، كالىلىرى، قويلىرىمۇ ئوردىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ئوردىنىڭ مىراسلىرىدۇر، — ۋاڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا زەردىسى قايىنغانلىقتىن سەل قىزىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ قازىنى راستىنلا بۇ ئىشنىڭ ھوددىسىدىن چىقىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا جىددى قىلىپ يەنە سۆزلىدى، — خانلىق قۇمۇلغا مېنى ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىگەن نەچچە يىللاردىن بېرى مەن ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلدىم. ئەمدى يول قويۇشقا بولمايدۇ!

قازى گاڭگىرىغان ھالدا تەمتىرەپ قۇللۇق قىلدى، لېكىن ئۇ يەنىلا سىنالغان كەسپىنى ئىشقا سېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز ھەزرەتلىرى ئاتقان ئوققا ئوخشايمىز. نەگە ئۇدۇللاپ ئاتسىلا شۇ يەرگە تېگىپ، ھەزرەتلىرىگە خاتىرجەملىك بېرىمىز. بىزگە ئاتىدەك پانا بولۇپ، مېھىر-شەپقەتلىرىنى ئاتا قىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا چوڭ ئىناۋەت-ئابرويغا ئىگە قىلدىلا. پېقىر خىزمەتلىرىگە تەييار. ئىلىيازغا ئوخشاشلار ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا رو چىۋىنگە مىسالدۇر. ئاتقان ئوق قايتماس.

ۋاڭ يەنە ئەسكەرتتى:

— توي كۈنلىرىگىمۇ ئاز قالدى، بۇ تويىنىڭ كاتتا ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن ياردەم قولىڭىزنى تېخىمۇ ئۇزۇن قىلغايسىز. بىزگە قارشى بەتنىيەتلەرگىمۇ كۆز قۇلاق بولغايسىز.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە مىڭ مەرتىۋە خىزمەتلىرىگە تەييارمىز.

ۋاڭ قازىدىن تولۇق رازى بولغىنى ئۈچۈن چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت بەردى. قازى پۈكۈلۈپ تازىم قىلغان پېتى كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

باتۇرنىڭ قازىغا قۇللۇققا تۇتۇلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان

ئىدى. ئۇ بۈگۈن يەنە ئۆزىنىڭ ئوردىغا ئۆمۈرلۈك سېتىلغانلىغى-
نى بىلدى. ئۇنىڭ كۆكرىكى سىقىلغاندەك، بەدەنلىرىنى
قىسقۇچ بىلەن قىسىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەتراپىغا ھەم ھەيران
قېلىپ، ھەم چۆچۈپ قاراپ قوياتتى.

ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئوردا خىزمەتچىسىنىڭ
چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، ئەمما جوغدۇن كىشى ئىدى. ئۇ ئالدىدا
ماڭغىنى ئۈچۈن باتۇر ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار
بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي ماڭغان پېتى نەزەر شاھزادىسىنىڭ ھوج-
را - سارايلىرى بار باققا يېتىپ كەلدى. بۇ باغ رەڭمۇ - رەڭ
گۈللەرگە، ھەر خىل مېۋىلەرگە تولغان ئىدى. كۆلدە بولسا،
نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كىشى نىلۇپەر
كۆلنىڭ يېنىدا توختاپ باتۇرغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە سورىدى:

— سەن مېنى تونۇۋاتامسەن؟

باتۇر بۇ كىشىنى بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە كۆپ قېتىم كۆرگەن
ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال تونۇدى، لېكىن ئىسمىنى يادىغا ئالالمى-
سىمۇ ئالدىراپ:

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، — دەۋەتتى.

— توختى قوغۇنچى ياخشى بۇرادىرىم، — دېدى ئۇ كىشى
ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — بوۋاڭ مېنىڭ بىردىن - بىر سىردىشىم،
دەردى - ھالىمىزنى ئېيتىشىپ تۇرىدىغان مۇڭدىشىم ئىدى، لېكىن
نەچچە يىلدىن بېرى بوۋاڭنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

باتۇر بۇ كىشىنىڭ مېھرى - مۇھەببەتلىك قەلبىدىن تەسىرلە-
نىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ قورۇق چۈشكەن يۈزلىرى-
دە ئازاپ، دەرت - ئەلەمنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنسىمۇ، لېكىن يەنىلا
ئۈمىت، ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— ئەمدى مېنى بىلمەكچى بولساڭ، — دەپ گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى ئۇ كىشى، — مەنمۇ ئوردىنىڭ بىر قولى. مەندە نە ئۆي -

ماكان، نە خوتۇن بالا-چاقا بولسۇن؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ئۆمرۈمنىڭ كۈنى ئېگىلدى. مەندىكى ئۈمىت-ئارزۇلار تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى. سەن بولساڭ ياش، بۇ يەرگە كىرىپ قىلىشىڭ خۇدانىڭ تەقدىرى، ئېكىنزە، بۇ يەردە مېنىڭدەك قېرىغىچە تۇرۇپ قالما، ياخشى نىيەت-ئارزۇلىرىڭغا يەتكۈزسۇن خۇدايىم. سەن تېخى ئاستا-ئاستا چۈشىنىسەن بالام. بۇلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان. دۇنيادىكى پۈتۈن شەرمەندىلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئوردىدا بار. شۇڭا مەن ئاللاتائالادىن كېچە-كۈندۈز: "يە مېنى بۇ ئوردىدىن قۇتقۇزغىن ياكى ئاتا-ئانامنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكىن" دەپ تىلەۋاتىمەن.

باتۇر بۇ كىشىگە ئېچىندى. ئۇنىڭ ساپ قەلبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئوردىدا ئۆزىگە تونۇش، ياخشى ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن خوشال بولۇپ:

— ئاتا، سىز بۇيەردە ئىكەنسىز، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتىم؟ — دەۋەتتى بالىلارچە ئەنسىرەش بىلەن.

بۇ كىشى باتۇرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىدى:

— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، نەزەر شاھزادىنىڭ مىجەزى ئوسال، دىگىنىنى قىلمىساڭ ئىتتەك ئېسىلىدۇ.

— ئېھتىيات قىلىمەن ئاتا، قاراپ تۇرۇپ ئۆزەمنى ئىتقا چىشلەتمەسمەن.

— يارايسەن ئوغلۇم. خېلى پىشقاندەك كۆرۈنىسەن.

— ئېيتىڭىز نىمە ئاتا؟ — سورىدى باتۇر.

— مېنى ھەممىسى ئوردا قۇلى دېيىشىدۇ، ئاتامدىن تارتىپ ئوردا خىزمىتىدە ئۆتكەن ئىكەن. ئەسلىدە ئاتامنى ئوردا قۇلى دېيىشىدىكەن، ئەمدى بولسا مېنىمۇ ئوردا قۇلى دېيىشىدۇ، ئېتىم تۇرسۇن، ئىچىڭ پۇشسا، بىرەر ئەھۋال بولسا مېنى ئىزلىگىن.

— رەھمەت، ماقۇل ئاتا، — دىدى باتۇر مەنمۇن بولۇپ.

باتۇر تۇرسۇن ئاتىدىن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىماق-

چى بولغان ئىدى. لېكىن ۋاقىت يار بەرمەيتتى.
ئۇلار ئالدى دەلىزلىك قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىدى. بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - تاماشا
ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ئۇ، ئەنە شۇ ئۆيدە، — دېدى تۇرسۇن ئاتا، — بەزمە قىلى-
شىۋاتىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ ئۇردىسىمۇ پۈتىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ
مەگەشتە ئالاھىدە مەگەش ئوردىسىنى سالدۇردى. يېقىندا شۇ
يەرگە كۆچۈپ چىقىدۇ، — سۆزلەشكەچ ئۇلار ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ
قالدى. تۇرسۇن ئاتا نەزەرنىڭ مەلۇمچىسىگە ئەھۋالنى يەتكۈزدى.
باتۇر شاھزادىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىلدى. شاھزادە ئىرەن-
چەكلىك بىلەن باتۇرغا سەپسېلىپ قارىدى. شاھزادىنىڭ كۆز-
لىرى ئەتىگەن چەككەن ئەپيۇننىڭ ۋە ھېلى ئىچكەن شاراپنىڭ
تەسىرىدىن قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۇستىگە پۈزۈر تون
كىيگەن، توننىڭ ھەممە يېرىگە زەردىن تۇرلۇك گۈل ۋە ئەجدىھا-
نىڭ سۈرەتلىرى بېسىلغان ئىدى. شاھزادىنىڭ قىياپىتىدىن مەن-
مەنلىك چىقىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ياش بولسىمۇ، كۆز قوۋۇرۇق-
لىرىدا پەيدا بولغان بىلىنەر - بىلىنمەس قورۇقلار ئۇيقۇسىز تۈنلەر-
دىكى ئىچىملىك، ئەيش - ئىشرەتنىڭ بەلگىلىرى بولۇپ قالغان ئىدى.
ئۇ باتۇرغا سەپسېلىپ قاراپ چىقىقاندىن كېيىن، خىزمەت-
چىسىگە قاراپ دېدى:
— بۇ قانچە ياشقا كىرىپتۇ؟
خىزمەتچى باتۇرغا قاراپ سوئالنى تەكرارلىدى.
— بۇ يىل جۇجەم پىششىقىدا ئون ئالتە ياشقا كىردىم، —
جاۋاپ بەردى باتۇر.
— قېنى بۇنى ياساندۇرۇڭلار، مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن، —
بۇيرۇدى شاھزادە.
خىزمەتچىلەر باتۇرنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە نەزەر-
نىڭ يېنىدا تۇرىدىغان چاكارلارغا خاس ياساندۇردى.

## ئون بىرىنچى باپ

يوقۇرى بارغۇم تولا
باراي دېسەم كارىم تولا.
شول غېرىپلىق شەھەردە،
جېنىم قەپەزدە مۇپتىلا.

ۋاڭنىڭ قىزى پۇجۇڭنىڭ تويى ئاخىرى بولدى، پۈتۈن شەھەردە
ناغرا-سۇناي قايناپ كەتتى. توي باشلىنىشتىن بۇرۇن ۋاڭ ئور-
دىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەرگىمۇ ئارام بولمىدى. ئۇلارغىمۇ يېڭى يار-
لىق چۈشۈرۈلۈپ، خېنىم-ئاغىچىلار ئۈچۈن قات موخازىلىق ئالتۇن
بوك، قاداق، چېچىق چاچ پوپۇك، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈ-
زۈك، كىيىملەرگە قادايدىغان ئالتۇن قۇببىلار ياساتتۇردى. ئۇنىڭ-
دىن تاشقىرى بەگ-غوجىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ يۈگەن، قۇشقۇن،
ئۈزەڭگە باغلىرىغا ئورنىتىدىغان ھەرخىل ئالتۇن قۇببىلارنى ياسات-
تۇردى.

سەيپۇڭلارغا: كىمخاپ، تەيتەللا، بەقەسەم شايى - ئەتلەس-
لەردىن ھەرخىل تونلارنى تىكتۈردى.

مۇزدۇزلارغا: ئۆتۈك، مەسە، ھەرخىل ئاياق، مىنىدىغان ئات-
لار ئۈچۈن يۈگەن، قۇشقۇن، ئۈزەڭگە باغلىرىنى تىكتۈردى.

ھەرقايسى جايلاردىن ئۇستا سازچى، نەغمىچى، ناخشىچى،
كانايچى، سۇنايچى، ناغرىچىلار كەلتۈرۈلدى.

باتۇر شاھزادىگە ئاش-تاماق تۇشۇش، چاي ئۈتۈش ۋە-
زىپىسىنى، ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن، بورچىخانىدىكى (ئاشخانىدىكى)

ئىسلام بىلەن تونۇشتى. ئۇمۇ ۋاڭغا سوغا قىلىنغان بىر قۇل بولۇپ، بورچىخانىدا سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. باتۇر شاھزادىنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرى، سىلكىش، دۇشكەللەشلىرى ئاستىدا ئىشلەپ جېنىدىن جاق تويغان بولسىمۇ، ئىسلامنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى، قىزىقچىلىقى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن بىر ئامال قىلىپ كۈننى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. باتۇر ۋاقىت تاپسىلا ئىسلام بىلەن سىرداشاتتى، ئۇنىڭغا ھال - دەردىنى ئېيتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ، بىر بىرىگە ئىجىل بولۇپ كەتتى.

تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدا تاماشا قىزىپ كەتكەن ئىدى. ۋاڭ - خوجام، ئاغىچا - خېنىملار ئايرىم - ئايرىم ھوجرىلاردا بەزمە - تاماشا بىلەن مەشغۇل ئىدى. نەزەر شاھزادىمۇ سىڭلىسىنىڭ توي - مەرىكىسىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كۈندە ئۆتكۈزۈۋاتقان بەزمە - باراۋەتلىرىنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن كۈندە يېڭى - يېڭى قىز - ئاياللار كەلتۈرۈلۈپ تۇردى. بۇ قىقاس - چۇقانلىق بەزمە، ئەيش - ئىشرەتلەر باتۇرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى، شاھزادىگە نىسبەتەن نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

بىر كۈنى شاھزادە قىلىدىغان ئىش تاپالمىغاندەك باتۇر بىلەن ئىسلامنى چاقىرىپ:

— سىلەر، ئەتە، بىرسىڭلار ئايال، بىرسىڭلار ئەر بولۇپ بىر قېتىم ئويۇن كۆرسىتىسىلەر، ئويۇنىڭلار شۇنداق قىزىق بولسۇنكى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتسۇن، — دەپ بۇيرۇدى. باتۇر بۇ غەلىتە بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۆزىنى توختاتقان ئىسلام شاھزادىگە بويىنىنى ئېگىپ:

— خوش شاھزادە خوجام، بۇيرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرىمىز.

شەرتى بىرىنى سوكۇپ، بىرىنى ماختىساقمۇ بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، ئىشقىلىپ كۆلكىلىك بىر ئويۇن بولسۇن.

ئىسلام باتۇرنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا شاھزادىگە ۋەدە قىلىپ، باتۇرنى ئەگەشتۇرۇپ بورچىخانىغا كىردى.

باتۇر ئىسلامنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بىرمەقسەدى بارلىقىنى بىلىپ، بورچىخانىغا كىرگەندىن كېيىن:

— باشقا ئىش بولسىمۇ مەيلىدى ئىسلام ئاكا، بىرىڭ ئەر، بىرىڭ ئايال بولۇپ ئويۇن كورسىتىسەن دېگىنى قانداق گەپ؟ — دەپ غۇڭشىدى.

— ئالدىرىما، بىز ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قىزىق ئويۇن كورسىتەيلىكى، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا بۇ خوجىلارنى شەرمەندە قىلىپ، پېشىنى كوتىرەلمەس قىلىۋېتەيلى. ئويۇن دېگەن بۇلارنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرىدىنلا چىقىدۇ! — دېدى ئىسلام ۋە باتۇرغا ئۆز قوسقىدىكى پىلانىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى كېچە شاھزادە ئالدىدا قويۇپ بېرىدىغان ئويۇننى مەشق قىلىشتى.

تويىنىڭ قىرىقىنچى كېچىسىمۇ يېتىپ كەلدى.

شاھزادىنىڭ باراۋەتخانىسى رەڭمۇ-رەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، گازۋاي چىراقلار يېقىلغان ئىدى. بۈگۈن شاھزادىنىڭ يارلىقى بىلەن تەييارلانغان ئويۇنلار كورسىتىلىشكە باشلاندى. ئاخىرى نوۋەت ئىسلام بىلەن باتۇرغا كەلدى. شۇ ئەسنادا مەيدانغا ئاۋال ئىلياز خوجىنىڭ ئوغلى خان خوجىغا ئوخشاش ياسانغان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ يىگىتنىڭ بېلىنى تۈتۈپ ئېگىشلىرى، سەت كۈلۈشلىرى، بەئەينى خان خوجىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ خان خوجىغا ئوخشاش يوق بۇرۇتىنى سىلاپ، كوزىنى قىسىپ قويىدۇ-دە، ئۇياق-بۇياقنى مارىلاشقا باشلىدى. بۇنى كورۇپ مېھمانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نەزەر شاھزادىمۇ "خان

خوجىنىڭ ئۆزى مەيدانغا چىقىپ قالدىمۇ- نېمە" دېگەن گۇمان بىلەن بوينىنى سوزۇپ توختىماي كۆلەتتى. خان خوجىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ مەيداندا بار بولۇپ، خۇدۇكسىنگەن ھالدا ئۇياق-بۇياققا قاراپ قوياتتى.

يىگىت ئۇياق-بۇياقنى مارىلاپ تۇرغان چاغدا چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۈستىگە گۈللۈك ماتادىن كۆينەك كىيىپ، بېشىغا رومال سالغان بولۇپ، ئۇزۇن ماتا ئىشتاننىڭ گۈللۈك پۇشقاقلىرى چىقىپ تۇراتتى. يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ، قاشلىرىغا ئىنچىگە قىلىپ كۆيە سۈرگەن ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىسى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى. بۇ ئىسلام بولۇپ، ئاددى دېخان قىزلىرىدەك ياسانغان ئىدى. ئۇ ئۈنىنى ئىنچىكە چىقىرىپ سازچىلارغا:

— نەغەم① ناخشىسىغا چېلىڭلار، — دېدى. خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان نەغەم ناخشىسىنىڭ سازى شوخ، ئۇسسۇللۇق بولۇپ مەسخىرىلىك ئېيتىشىش ئىدى.

ئايال يىگىتنى كۆرۈپ بېشىغا سالغان ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ بېيىت ئېيتتى:

توققۇز تونلۇق، تورۇق ئاتلىق،
كىمنىڭ ئوغلى سەن.
ئۇ خىيلاردىن② بۇ خىيلارغا
نەدەپ يۈرىسەن.

يىگىت بۇرۇتىنى سىلاپ، كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

---

① نەغەم — قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۇسسۇللۇق ئېيتىشىش.
② خىي — مەھەللە.

تام بېشىدا ئولتۇرغان،
بويىنى ئالا بوز لاچىن.
سېنى ئىزلەپ مەن كەلدىم،
قېنى ئۆيۈڭگە باشلىغىن.

قىز يىگىتنى تونۇغاندەك بولۇپ، تۆمشۈغىنى ئۇچلاپ، مەس-خىرە بىلەن كۈلدى ۋە:
— ھە، مۇنداق دېسىلە بېگىم، سىلىكەنلا، — دېدى.
يىگىت گەپ قىلىپ:
— ھە، مەن، — دېگىنىچە قىزغا ئاچكوزلۇك بىلەن قارىدى. شۇ چاغدا شوخ مۇزىكا بىلەن بىللە قىز ناخشا باشلىدى:

سېنىڭ ئېتىڭ نەغەمدۇر،
شۇنداق يۈرسەڭ بولامدۇ.
كېچە - كۈندۈز تالادا،
جۇگان ساڭا قارامدۇ.

قىزنىڭ ناخشىسى توختىغان ھامان يىگىت جاۋاپ بەردى:

سېنىڭ ئېتىڭ بەخىسا،
بۇلبۇل كېلىپ سايرىسا.
يۈگرۈپ - يۈگرۈپ تېگەرسەن
بىزدەك ئەرلەر قارىسا.

ئۇيىنىڭ ئىچىدە كۈلكە كوتىرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەركىتىمۇ بەك كۈلكىلىك ئىدى.
قىز يەنە باشلىدى:

ئاچمىغان قاپاق، چاقمىغان ياڭاق،
كىمنىڭ خالىسەن؟
ئەقلىڭنىڭ يوقلۇغىدىن،
ھەممە قىزغا باقىسەن،
قىزلار ساڭا باقمىسا،
ئىشىك مارىلاپ ياتىسەن.

قىزنىڭ شاڭخوسى ھەممەيلەننى يەنە كۈلدۈرۈۋەتتى. كىشىلەر بىر ئۆيۈننى كورسەتكۈچىگە قارىسا، بىر مېھمانلار ئىچىدە ئولتۇرغان خان خوجىغا قارىشاتتى. خان خوجىنى بولسا تەر باستى. ئۇ: "بۇ ئۆيۈننى نەزەر مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان ئوخشايدۇ، بۇ ئارقىلىق مېنى رەسۋا قىلماقچى، قېنى مەن رەسۋا بولامدىمەن، ئۇزەڭمۇ......" دىگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

يىگىت جاۋاپ ناخشىسىنى باشلىدى:

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
بەگ - خوجامنىڭ بىرىمەن.
قىز - جۇگانىغا سوز ئاچقان،
يىگىتلەرنىڭ پىرىمەن.
كەلدىم سىنى كورگىلى،
شىكەر لىۋىڭدىن سۈيگۈلى.
تاسلا قالدىم بەختىما،
ھەسرىتىڭدىن ئولگىلى.

ئۇلار مەيداننى ئايلىنىپ ئۇسۇل ئوينىغاندىن كىيىن قىز يەنە ناخشا ئېيتتى:

ئاتىنىڭ ئوبدىنى باردۇر،
ناۋاتنىڭ تاتلىغى باردۇر.

سېنىڭدەكنى سۆيمەسمەن،
ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى باردۇر.

قىزنىڭ ناخشىسىغا ئۇلاپلا يىگىت باشلىدى:

تال دەپتىمەن تال ـ دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسەن.
كوڭلى يېقىن يار دەپتىمەن،
يىراق ئىكەنسەن.

قىز:

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ،
چالسام راۋاپتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ،
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

يىگىت:

بۇ مېنىڭ شۇم تەلىيىم،
تەلەي ئىچىدە بەختى يوق.
شۇنچە قىزغا سوز سالسام،
بىرمۇ قىزنىڭ مەيلى يوق......

كوتىرىلگەن كۆلكىلەر ئۇيىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. نەزەر شاھزادىمۇ ئىككى يانپېشىغا ئۇرۇپ ئۇزۇنغىچە كۆلدى. ئۇ خىيالىدا بۇ ئىككىسىگە بەش تاغاردىن ئون تاغار بۇغداي مۇكاپات بېرىشنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، سىپالىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ ئويۇن بولماي قالدى، قارىسىلا، خان خوجام يامانلاپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر نەچچە بەگ يىگىتلەرنىڭ بېشى سىلىنىپ كەتتى.

ئۇ يېقىنى ئۆيلىمىغان نەزەر "ھە؟" دېگىنىچە كۆلكىدىن توختاپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

قىزنى كوچۇرۇش ئۈچۈن يۇقۇرى ئوردىدىن تۆۋەن ئوردىغىچە توققۇز ئورۇندا ئارچا دەرىخى بىلەن گۈلخان يېقىلىپ، ئىسرىق سېلىندى ۋە ئوتنىڭ ئۈستىگە ئەتىر چېچىپ تۇردى. ھەمدە ھەربىر گۈلخان ئەتراپىدا ئۈچ توگە، ئۈچ كالا، ئۈچ ئات، توقسان قوي بوغۇزلىنىپ تۇردى. قىزنى سېرىق رەڭلىك تەختىراۋانغا سېلىپ، سەككىز ئايال كوتىرىپ ماڭدى. قىز سېرىق تەيىتىللا چاپان كىيگەن بولۇپ، چاپاننىڭ كوكرەك، مۈرە، جەينەك تەرىپىگە ئىككىدىن، دۈمبىسىگە بىرتال پىيالىنىڭ ئاغزىدەك ئالتۇن قۇببىلار ئورنىتىلغان ئىدى. قۇببىلارنىڭ ئىچىگە تۈرلۈك ئېسىل كوزلەر، ئالماس، ياقۇت، لەئلى، جاۋاھىر ئورنىتىلغان، بېشىغا مەرۋايىتتىن تور قىلىپ توقۇلغان يوغان ياغلىق سالغان، بېشىدا ئالتۇن قات موخازىلىق ئورە بوك، ئورە بوكنىڭ ئالدىغا سەگۈنچەك، قىل قاشلار قادالغان. قىزنىڭ ئالدىدا توققۇز ئاخۇن قۇرئان ئوقۇپ، قىسرىق ئىشان ھاپىزلىرى بىلەن مۇناجات ئېيتىپ ماڭاتتى.

قىزنى ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن، ۋاڭنىڭ پۈتۈن ئەجداتلىرى ئۈچۈن توققۇز پو، قىزنىڭ تويى ئۈچۈن توققۇز پو، توي ئۈچۈن كەلگەن بەگ-خېنىملارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن توققۇز پو ئېتىلدى. قىزنى كوچۇرۇپ ماڭغان بەگلەر "خۇدايىم پاشا قىزغا توققۇز ئوغۇل، بىر قىز ئاتا قىلسۇن، توققۇز ئوغۇلنىڭ ھەربىرى توققۇز ئەۋلادىغىچە پادىشا بولسۇن" دەپ توۋلىشىپ ماڭدى. ئەختىراۋاننىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن توت ئەر، بەش قىزنىڭ پېشانىسىگە "پاشا قىزنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كورۇشى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ

ئازات قىلىندى" دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى.

ياسىن قازىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن "ئۇلۇغ پاشا قىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ دائىملىق قول بولۇشى ئۈچۈن خۇدا ھەققىدە يۈز سەر ئالتۇن، مىڭ سەر كۈمۈش، ئۈچ يۈز توگە، يۈز ئات، يۈز كالا، مىڭ قوي سەدىقە بېرىلدى! يەنە يۈز تاغار بۇغداي، يۈز تاغار گۈرۈچ، يۈز تاغار قوناق، يۈز تاغار تېرىق سەدىقە بېرىلدى!" دەپ ئۈنلىرى بوغۇلغىچە توۋلاپ ماڭدى.

ۋاڭنىڭ قىزىنىڭ تويى بىلەن بەگ - خوجىلار، ئاخۇن موللىلار بېيىپ كەتتى. "سەدىقە" دېگەننىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى.

نەزەر شاھزادە ئىسلام بىلەن باتۇر كورسەتكەن ئويۇندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بەگ - خوجىلارنىڭ گاداي دىخان قىزلىرىنى بوزەك قىلماقچى بولغان، لېكىن گاداي دىخان قىزلىرىنىڭ ساپ پاك ۋىجدانىنى كورسەتكەن بۇ ئويۇنغا زەھرى قاينىدى، "دەزى بارنىڭ دەزىگە تېگەر" دېگەندەك ئۆزىگىمۇ دەز كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ ئولتۇرغان ئىدى. يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان سىپاھلاردىن بىرسى بىر پارچە خەت كوتىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندى. خەت خان خوجا تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇدى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كوڭلىگە: "...... ئاخشامقى ئويۇننى قەستەن ئويناتقان ...... ماڭا قىلغان تەخلىتتىن كورە، ئۆزىگە تەخلىت قىلىنغان بولسا مۇۋاپىق بولار ئىدى......" دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر قاتتىق تەگدى. كېچىدىن بېرى خىيال قىلىپ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان شاھزادە:

— ھىلقى ئىككى گەدەنكەشنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ھايال بولماي باتۇر بىلەن ئىسلام ئېلىپ كىرىلدى. شاھزادە ئۇلارنىڭ گۇناسىنى ئېلان قىلمايلا ئىسلامنى كورسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇنۇ گەدەنكەشنىڭ بېشىغا كىرسىن قۇيۇپ ئوت يېقىڭلار — دەپ بۇيرۇدى. يالاقچىلار دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، ئىسلامنىڭ بېشىغا كىرسىن توكتى. ئىسلام بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان ھالدا غەزەپ بىلەن نەزەردىن سورىدى:

— گۇناسىز جازالانسام كىم مېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن. شاھزادە خوجام، ئاۋال گۇنايىمنى ئۇقاي!

— تېخىچە گۇنايىڭنى بىلمىدىڭمۇ قەلەندەر! — ۋاقىردى نەزەر — ئوت يېقىڭلار!

شاھزادىنىڭ رەھىمسىزلىگىدىن غەزەپلەنگەن باتۇر ۋاقىراپ خىزمەتچىلەرنى چاقىردى. تۇرسۇن ئاتا باشلىق بىر نەچچەيلەن كىرىپ ئۇنىڭ گۇنايىنى تىلىۋالدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن شاھزادە تاماق ۋاقتىدا كا، سىپالىرىغا "كېچە بوۋامنى چۈشەپ قاپتىمەن، بۈگۈن قەۋرىستانلىققا چىقىپ ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا-تىلاۋەت قىلىمەن" دەپ ئۇقتۇردى ۋە ئادەملىرىنى باشلاپ قەۋرىستانلىققا ماڭدى. ئۇ قەۋرىستانلىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر گور قېزىشنى بۇيرۇدى، بۇنىڭغا ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ "شاھزادە بۈگۈن بىرسىنى تىرىك كومەمدۇ، نىمە، بۇ نىمە قىلىۋاتقىنى......" دەپ ئويلاشتى.

— ئۆلۈكنى كومىدىغان گورگە ئوخشاش كولاڭلار، تاماشا قىلىمىز. ئادەمنى ياتقۇزۇپ يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن مۇڭكىر-نەكىر كىرىدۇ، دېيىشىدۇ. بىز تىرىكتىن بىرىنى كومۈپ باقايلى. راستىنلا كىرەمدىكىن. ھاھ.-ھاھ-ھا! كولاڭلار، راۋۇرۇس كولاڭلار!

ئاخىرى گورمۇ پۈتتى، نەزەر قولىنى جۇنۇپ باتۇرنى كورسەتتى:

— قېنى، سەن يېتىپ كورگىنە. يەتتە كەتمەن توپا تاشلاندىغاندىن كېيىن دىققەت قىلغىن، راستلا مۆككىر-نەكىر كىرەمدىكىن؟

باتۇر مۇشۇنداق قىلىدىغانلىغىنى بىلىپ تۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ غەزەپ بىلەن نەزەرگە قاراپ هومايدى.

— هە! سەن تېخى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمامسەن؟ تېنىڭمۇ-جېنىڭمۇ قولۇمدا، قېنى گورگە چۈش، چۈشە!

نەزەرنىڭ ئاغزىدىن شولگەي ئېقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاق پاختىسى كورۈنۈپ تۇرغان كوزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى. بىر سىپا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاق ياغلىق بىلەن شولگەيلىرىنى سۈرتكەن بولۇپ ئۇنىڭ قولىغىغا شىۋىرلىدى:

— تۈنۈگۈنلا هاشىر بەگنى ئۇزلىرىنىڭ يارلىقلىرى بىلەن تاياقتا باسقان ئىدۇق، ئولۇپ قالدى. ئۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئوردا ئالدىغا كېلىپ غەۋغا كوتىرىۋېتىپتۇ، ئەمدى بۇ قىلغانلىرى قانداق بولار خوجام؟ يېقىندىن بېرى پۇقرالار هېچ بانا تاپالماي تۇرۇپتۇ. پۇقراغۇ بىر گەپ، هاشىر بەگ بولسا دادىلىرىغا يېقىن كىشىلەردىن، ئۇزلىرىگە بىرەر گەپ كېلىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ماڭ، ئىشىڭنى قىل! هاشىر دىگەن ئۇ گەدەنكەش نىممىشقا كېچىلەردە مېنىڭ ئويۇمنى ياقىلاپ يۇرىدىكەن؟ گونا ئۇزىدە، هېچكىم ماڭا بىر نىمە دىيەلمەيدۇ! — هوكىرىدى نەزەر ۋە باتۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ياقىسىدىن ئالدى-دە، ئۇنى سورەپ گورگە تىققاقچى بولدى. ئەمما باتۇر بىر كۈچ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا غەزنۇي تېشىپ تۇرغان ئىسلام ئوقتەك ئېتىلىپ نەزەرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— ئادەمنى تىرىك گورگە كومگەن نەدە بار؟ — دىدى ئىسلام،

نەزەرنىڭ كۆزىگە خەنجەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ.
— ۋۇھ، ھارامتاماق، سەن تېخى مېنى — ۋاڭ نەۋلادىنى ھاقارەت قىلماقچىمۇ؟!
— بىز ھېچكىمنى ھاقارەت قىلمىدۇق!
— ئاخشامچۇ؟
— ئۇمۇ ھەزرەتلىرىنىڭ يارلىغى بويىچە بولغان ئىش.
— مەن سىلەرگە خان خوجىنى دوراپ بەر دىگەنمىدىم؟
— بىزمۇ ئۇ خوجىنى دورىمىدۇق.

ئىسلام نەزەرنىڭ ئالدىدا ئەيمەنمەستىن توپ-توغرا جاۋاپ بەرمەكتە ئىدى. ئارىغا سىپالاردىن بىرى چۈشتى-دە:

— بولدى، بولدى، ئېغىز غىرىشلىغىچە بولما، ئەخمەق، — دەپ ئىسلامغا ھەيۋە قىلىپ نەزەرنى نېرى ئېلىپ كەتتى. نەزەر ئۇنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ بۇيرۇدى:

— بۇ ئىككى مۇناپىقنى بۇگۈنلا ئوردىدىن قوغلاپ كومۇرلۇككە پالاڭلار، يەرنىڭ ئاستىدا ئىشلەپ چىرىپ ئۆلسۇن!

تۇرسۇن ئاتا شاھزادىنىڭ باتۇرنى ئۆز يېنىدىن قوغلىغانلىغىنى ئاڭلاپ بىرئاز خۇشال بولدى. "ئۇ يەردىن قۇتۇلغىنى ھەر ھالدا ياخشى بوپتۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ. تۇرسۇن ئاتا شۇ خىيال بىلەن باتۇرنى ئوردىنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئېلىپ قېلىشقا كىرىشتى. لېكىن زاھىر تەيجى شاھزادىنىڭ جاھانى بېشىغا كىيىشىدىن قورقۇپ ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. ياسىن قازى باتۇر بىلەن زەرەتكالىقتا بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ باتۇرغا ئاچچىغى كەلدى ھەمدە "ۋاڭ ئاڭلاپ قىلىپ، مۇنداق جىدەلخورنى سوغا قىپتۇمۇ دىسە، ماڭا سەت بولىدۇ" دىگەننى ئويلاپ ۋەس-ۋەسگە چۈشۈپ قالدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن "نېمە بولسىمۇ ئىلياز خوجىنىڭ ئوغلىنى سوكۇپتۇ، بۇنى ۋاڭ ئاڭلىسا قازى مېنىڭ تەرىپىمدە بولغىنى ئۈچۈن ئويدىكى قولچاققىمۇ شۇنداق تەربىي قىپتۇ" دەپ مېنىڭدىن خۇشال

بولىدۇ، دىگەننىمۇ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ زاھىر تەيجىگە ئېيتىپ، باتۇرنى ۋاڭنىڭ مەخسۇس بورچىخانىسىغا ئېلىپ قالدى.

شۇندىن ئېتىۋارەن باتۇر تۇرسۇن ئاتىنىڭ يېنىدا بىللە يېتىپ بورچىخانىغا سۇ توشۇيدىغان بولدى.

باتۇر تۇرسۇن ئاتا بىلەن ئوردىنىڭ بورچىخانىسىدا تىنماي ئىشلەپ توپ-توغرا ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا ئۇ قامەت-لىك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشى مەنئى قىلىنغاچقا، ئۇ دادىسىنى، بوۋىسىنى، موممىسىنى ۋە گۈلشەننى بىر قېتىممۇ كورمىدى. ئۇ دائىم دادىسىنىڭ جەبرى-جاپالىرىنى، ئېغىر كۈنلىرىنى ئويلايتتى. ئۇ كوپ قېتىملار تۇرسۇن ئاتىغا: "مەن بۇ ئوردىدىن قېچىپ كېتىمەن" دىگىنىدە، تۇرسۇن ئاتا غەمكىن كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ: "ھەي، مۇشۇ يەردىنمۇ قېچىشقا بولامدۇ، ئويلاپ باققىنا، ھازىر سەن قانچە ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋپسەن؟ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس" دەيتتى. گايىدا كومۇرلۈككە كەتكەن ئىسلامنى، گايىدا كامالنى ئويلايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، خىيال سۈرگەن ھالدا ئولتۇ-راتتى. تۇرسۇن ئاتا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۇلۇپ:

— نىمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ يېنىغا كەلدى.

— تۈنۈگۈن سىز بۇرۇنقى سۇ توشۇيدىغان يىگىتنى ئۆلۈپ كەتتى، دىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر خىيالىنى يىغىپ.

تۇرسۇن ئاتا ھەسرەت بىلەن قاتتىق خورسىنغان ھالدا سوزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق، ئۆلۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا بۇلار ئولتۇرۇ-

ۋەتتى. ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمىدى. ئۇنىڭ ئېتى جامال ئىدى.
ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتلار سۇ توشۇپ يۈردى. كېيىن ۋاڭ نەدىندۇر بىر
يەردە ناھايىتى يوغان بىر قارچىغىنىڭ بارلىغىنى ئاڭلاپ قېلىپ،
جامالنى ئاشۇ قۇشنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئۇرغۇن جاپا-
مۇشەققەت تارتىپ قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپ، ئاخىرى قۇشنى تۇتۇپ
كەلدى. جامال بىر ياقتىن سۇ توشۇسا، بىر ياقتىن قۇشنى باقاتتى.
ئۇ كېچىسىمۇ ئۇخلىماي قۇشقا قارايتتى. بىر كېچىسى جامال نەچچە
كېچە ئۇخلىماي ئۇيقۇسىراپ كەتكەنلىكتىن ئۇخلاپ قاپتۇ. قۇش
بولسا سۇ توشۇغۇزۇلغان يوغان بىر ئىدىشقا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ-
تۇ. ۋاڭ بۇنى بىلىپ جامالنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن
قانخورلار جامالنى ئۇرۇپلا كەتتى. مەن چىداپ تۇرالماي ھە-
نىمە دەپ باقتىم، بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىمىدىغان، ئاخىرى جامال
ھۇشىدىن كەتتى. مەن كېچىچە ئۇخلىماي ئۇنىڭ يارىلىرىنى تاڭ-
دىم، تاڭ ئاتار چاغدا ئۇ جان ئۈزدى......

تۇرسۇن ئاتا قاتتىق ئۇھ تارتىپ بىر پەس جىم ئولتۇردى
ۋە غاڭزىسىغا تاماكا سېلىپ، تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قاتتىق بىر
شوراپ، يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ساڭا يېقىندىلا بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:
بىر كۈنى ۋاڭ ئوۋچىلىرىغا يىلپىز ئوۋلاپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.
ئوۋچىلار تاغۇ-تاشلاردا يۈرۈپ نەچچە كېچە-كۈندۈز ئىزلەپتۇ.
ئاخىرى ئۇلار بىر تاققا كەلگىنىدە بەش-ئالتىدەك يىلپىز بىراقلا
ئۇچراپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتكەن ئوۋچىلار ئوق
چىقىرىپتۇ. بىراق ئۇلار ئۆلمەپتۇ. ئوۋچىلار كەينىدىن قوغلىماقچى
بولۇپ، ئۇلار كۆرۈنگەن جايغا كېلىپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ تۇرۇ-
شىغا، ئۇۋىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان يىلپىزلار بىراقلا چىقىپ
ئادەملەرگە ھۇجۇم قىپتۇ، بۇ يېقىن ئارىلىقتىكى ھۇجۇم ئوۋچىلار-
نى تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ، ئۇلارمۇ ئوق چىقىرىپ نەچچىسىنى ئۆلتۈ-

رۇپتۇ. لېكىن يىرتقۇچلار ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يۈز-كۆزىنىڭ تېرىلىرى تىلىنغان، پۇت-قوللىرى قىيما-چىيما يارىلە-نىپ كەتكەن بىر ئوۋچى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندە نۇرغۇن قوراللىق كىشى بېرىپ ھېلىقى ئىككى ئوۋچىنىڭ ئۆلۈگىنىمۇ تاپال-ماي كەلدى.

تۇرسۇن ئاتىنىڭ يىرتقۇچ يىلۋىز ھەققىدىكى پارىڭىنى ئاڭلاپ، باتۇرنىڭ خىيالى ياسىن قازىغا كەتتى. ئۇ يەنە خىيال-لىرىنى يىغىپ ئوۋچىلارغا ئېچىنىپ:

— بىچارىلەر يوقكەن دەپ قايتىپ كەلسىچۇ؟ — دەپ قويدى.

— ھازىرقى زاماندىچۇ، كورگەن-كورمىگىنىگنىڭ ھەممىسى زۇلۇم، مۇنداق ئىشلارنى سوزلىسەم، بىر نەچچە كۈنگىچىمۇ تۈگىمەيدۇ، — تۇرسۇن ئاتا ھەسرەتلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى غې-رىپ-مۇساپىر بولۇپ ئۆتكەنلىگىنى يادىغا ئالدى، — قانداق قىلىمىز ئەمدى. كورۈۋاتقان كۈنۈڭ شۇ......

ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

غېرىپدۇرمەن، غېرىپدۇرمەن،
زار غېرىپدۇرمەن.
غېرىبلىقتا زەپىرەڭدەك،
ساغىرىپدۇرمەن.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ
ئۈنى ھەر جايدا غېرىپ.
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى،
سەن مۇساپىر مەن غېرىپ.

باتۇر مۇڭلۇق، يېتىملىق، دەرت-ئەلەم بىلەن تولغان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرسۇن ئاتىغا قاردى. تۇرسۇن ئاتا قانداقتۇر

بىر ئىچكى ئېزىلىش، تېخىچە ئۇنتۇلمىغان بىر يۆرەك ئارزۇسى بىلەن ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئەجەپ ياخشى ئېيتتىڭىز، نىمە دىگەن ياخشى ناخشا بۇ؟ — دىدى باتۇر تەسىرلەنگەن ھالدا.

تۇرسۇن ئاتا غەيرەتلەنگەندەك، قەددىنى رۇسلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز مانا شۇنداق غېرىپ، مۇساپىر بولۇپ ئۆتۈۋاتىمىز. لېكىن مەن ساڭا ئېيتسام "بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەت مەندە" دىگەندەك، نى-نى پادىشالار ئۆتتى. قۇمۇلدىمۇ نى-نى ۋاڭلار ئۆتتى. شامەخسۇت ۋاڭنىڭ قېيناتىسىنى ئالساق ئۇمۇ ئۇزۇن يىللار ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئاخىرى بېشى كېسىلدى. بۇنداق ئىشنى يەنە بولمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ. خۇدايى تائالا ئەزىز قىلغاننى دائىملا ئەزىز قىلمايدۇ. خار بولغاننىمۇ دائىملا خار قىلمايدۇ. "بىر ئەلگە باق، بىر يەرگە" دەپتىكەن. ساڭا يەنە بىر ئىشنى ئېيتسام، ھازىرچۇ، كىشىلەر كۈندە دىگۈدەك زۇلۇمغا چىدىماي ۋاڭغا ئەرز يېزىۋاتىدۇ. ھەتتا توپلىشىپ كېلىپ ئوردا ئالدىدا غەۋغا كوتىرىۋاتىدۇ. ئېرىق-ئېرىق سۇلار قوشۇلسا دەريا بولىدۇ-غۇ، پۇقرانىڭ كۈچى قوشۇلسا تاغنىمۇ ئۆرۈپ تاشلايدۇ!

باتۇر بۇ مەنىلىك، چوڭقۇر سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇزۇندىن بويان كوڭلىدە تۈگۈچلەنگەن بىر نەرسە يېشىلگەندەك بىرخىل سېزىمغا كەلدى. ئۇ تۇرسۇن ئاتىنىڭ سوزلىرىنى يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ ئولتۇردى.

تۇرسۇن ئاتا باتۇرنى زېرىكتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرسۇن ئاتا ئۈشتۈمتۈت ئوردىدىن ھەيدەلدى. بۇنىڭغا مۇنۇ ئىش سەۋەپ بولغان ئىدى: ئوردىدا سېتىۋېلىنغان ئون بەش

ياشلىق چىنارخان، ئانارخان قاتارلىق دىدەك قىزلار بار ئىدى. ئۇلار ۋاڭنىڭ خوتۇنى پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ مەخسۇس خىزمىتىنى قىلاتتى. پۇجۇڭ "چىنارخان ئوردىدىكى ئەر قۇللار بىلەن گەپلەشىپ يۈرگىدەك" دىگەن تۆھمەت گەپنى ئاڭلاپ چىنارخانغا ئۆچ بولۇپ قالدى.

زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. پۇجۇڭ ئالتۇن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. چىنارخان پۇجۇڭنىڭ يۈز-كوزىنى يۇيۇش ئۈچۈن چاقىرىۋاتقانلىغىنى بىلىپ، ئالتۇن يالتىلغان ئاپتۇ-چىلاپچىنى كوتىرىپ كىرىپ، پۇجۇڭ ئالدىدا تىزلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇشقا رۇسلاندى. پۇجۇڭ چىنارخاننى يەۋىتەدىغاندەك زەردە بىلەن:

—قۇي!— دىدى.

چىنارخان ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدى.

—قۇي!— دەپ يەنە زەردە قىلدى پۇجۇڭ.

چىنارخان سۇنى توختاتماي قۇياتتى.

—قۇي!— دىدى پۇجۇڭ چىنارخانغا نەشتەردەك تىكىلىپ.

چىنارخان ئاپتۇۋىدىكى سۇنى قۇيۇپ بولدى. لېكىن پۇجۇڭ يەنىلا "قۇي" دىگەن سوزنى تەكرارلاپ ۋاقىراۋەردى. ئەمدى ئۇنىڭ قولىغا سۇ چۈشمىدى. شۇ چاغدا تەرسا پۇجۇڭ چىلاپچىنى كوتىرىپ، ئۇنىڭدىكى يۇندىنى چىنارخاننىڭ يۈزىگە شالاقىدە چاچتى. يەرگە سىلىقلىق يىپەك گىلەم، تەيتىلىلا كوپە، ماۋۇق ياستۇقلارغا يۇندا چاچراپ رەسۋا قىلىۋەتتى. شۇندىن كېيىن پۇجۇڭ ھازىرلا جان ئالىدىغان ئەزرائىلدەك، ئۇيىنىڭ ئىچىنى بېشىغا كىيىپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئاڭغىچە پۇجۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىرى ئويگە پالاقلاپ كىرىپ كېلىشتى. پۇجۇڭ ئۇلارغا:

—بۇ بەخشەندە، سىركىلىك، سوغ زىمىستاندا قولۇمغا سوغاق

سىڭ قويدى. سوغاق قانداق بولىدىكەن، ئۆزىمۇ بىر كۆرۈپ باقسۇن. بۇنى بۈگۈن تاش پەلەمپەيدە يالاڭغاچ تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

كېيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، ئىچ كېيىملىرى قالغاندا چىنارخان ئۇنى سالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يالاقچىلار ئۇنىمىدى. چىنارخان شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، ئۆزىنى يان تەرەپكە ئاتتىدە، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئوردىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزلىگەن بولسىمۇ ھېچيەردىن تېپىلمىدى.

بۇ ۋەقەنى بىلگەن تۇرسۇن ئاتا، چىنارخاننى ئىزلەپ يۈرگەن يايىلارغا "نومۇسسىزلار! پۈجۈڭ ئاچچىقىدا دېگەن بولسىمۇ، سىلەردە ئىمان دېگەن نەرسە يوقمۇ؟" دەپ كايىدى. خايال بولماي بۇ گەپ پۈجۈڭگا، پۈجۈڭ ئارقىلىق ۋاڭغا يەتتى. ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ: "ئۇ قېرىغاندا ئالجىپتۇ، ئوردىدىن ھەيدەڭلار ئۇنى، شىڭشىڭشا يولىدا ھارۋا ھەيدىسۇن" دەپ بۇيرۇدى.

تۇرسۇن ئاتا باتۇر بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا باتۇرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

— دەردى بار بوستاندا ياتقىچە، چول باياۋان ياخشىراق، دەپتىكەن ئوغاۋم. مەن بۇ دوزاقتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم. قېرىلىقنىڭ دەردى دەرمانسىزلىقتا، ياشلىقنىڭ باھارى ئۇنىڭ كۈچ ۋە ھوسىنىدە، سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىلىپ بۇ دوزاقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىن، — دېدى.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، لەپىلدەپ قېلىن قار ياغدى. باتۇر بورچىخانىغا ئوتۇن ئاپىرىش ئۈچۈن ئوتۇنخانىغا كەلدى. ئۈستى يېرىم يېپىلغان، قوشقاچ ئۇگىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ چوڭ ئوتۇنخانىدا قاتتىق-قۇرۇق ئوتۇنلار ئىگىز-ئىگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئوتۇنخانىنىڭ ئوچۇق يېرىنى قار بېسىپ كەتكەن. باتۇر گۈرجەك بىلەن يول ئېچىپ، ئوتۇنخانىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇ قو-

رۇقراق ئوتۇنلارنى تاللاپ، يوغانلىرىنى پالتا بىلەن ياردى. سوغاق ئۇنىڭ قوللىرىنى ۋە يۈزلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ مۇزلىغان قوللىرىنى گايىدا بىر بىرىگە سۈركەپ قوياتتى. گايىدا قويىنغا تىقىپ سەل ئىسسىتىۋالاتتى-دە، يەنە ئوتۇن ياراتتى. يېرىپ بولغان ئوتۇنلارنى بورچىخانىغا توشۇيتتى. كېيىن يېرىشقا ئەپلىك ئوتۇنلارنى تاللاش ئۈچۈن، ئوتۇنلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ئوتۇنلار ئارىسىدا تۇرغان بىر قىز كۆرۈنگەندەك بولدى. "ۋوي! نىمە بۇ!"—دىدى باتۇر كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭغا قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىر تال يوغان سوكسوكنى بېشىدىن ئىگىز كۆتىرىپ غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇرغان ھالدا توڭلاپ قېتىپ قالغان چىنارخاننى كۆرگەن ئىدى. قىزنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

باتۇر ئېسىنى يىغىپ خېلىغىچە چىنارخانغا قارىدى.

چىنارخان ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل بىر قىز ئىدى. ھىلىمۇ ئۇنىڭ كوينەكچان زىلۋا بويلىرى گويا دەھشەتلىك سوغاققا پىسەنت قىلمىغاندەك، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. تېقىمىغا چۈشىدىغان بوستان چاچلىرىنىڭ يېرىمى ئالدىدا، يېرىمى ئارقىدا چۇۋۇلۇپ تۇراتتى. چىنارخاننىڭ قىزلىق ھوسنىگە تولغان گۈزەل جامالى سولاشقان. ئاناردەك يۈزلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، باتۇرنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كېچىدە پارلاپ تۇرغان ئايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

چىنارخاننىڭ غەزەپ بىلەن بىر تال سوكسوكنى ئىگىز كۆتىرىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئېھتىمال ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن قىساس ئالماقچى بولغان بولسا كېرەك... باتۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا "قانداق ياخشى

قىز-ھەۋ؟ ئۇ ئۇز ۋىجدانى يولىدا! ھالاك بولدى-دە!" دېگەن خى-
يالنى كوڭلىدىن ئۆتكۆزۆپ، قىزنىڭ ساپ ۋىجدانىغا، قەيسەرلىگى-
گە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ كوڭلىگە ئۇزى كورگەن، تونۇغان،
بىلگەن قىزلار، بولۇپمۇ گۆلدەستە كەلدى. گۆلدەستىنىڭ شوخ-يې-
قىملىق قىلىقلىرى ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئوتتى. باتۇر گۆلدەستى-
نىڭمۇ چىنارخاندەك باتۇر، چىدامىلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى.

## ئون ئىككىنچى باپ

ئېتىكىمگە قان توكۇلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
شۇم پەلەكنىڭ دەستىدە،
قاتتى زەپ باشىم مېنىڭ.

كۈز پەسلى، ئۇستەڭ ياقىلىرىدىكى تال-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ساغىرىپ يەرگە توكۇلمەكتە ئىدى. ئاندا-ساندا كورۇنۇپ تۇرغان ئازغانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنى ياداپ ئوسكەن زىرىقنىڭ ئۇنچىدەك قىزىرىپ تۇرغان مېۋىلىرى سولاشقان ئىدى.

ئۇستەڭ بويىدىكى يوغان تاش ئۇستىدە خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغان باقى قويچى كوزلىرىنى يىراقلارغا تىكەتتى. ئۇ خوتۇنى گۇلسۇمخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۆڭلەرنى ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ئوتكۇزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلىدىغىنى شۇكى، خوتۇنىنىڭ قىرىق نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن ئوغلىنى كورۇپ كېلىشكە قوغلىغا چۇشكەندە ياسىن قازى قويچىنى دەرۋازا ئالدىدا توساپ: "ۋاڭ خوجامنىڭ كەم چىققان ماللىرىنى ھازىر تولە، ئوغلۇڭنى ئېلىپ كەت!" دىگەن ئىدى. ئۇزى گاداي بولسىمۇ كوڭلى قىلدەك ئىنچىكە قويچى تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى-دە، بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ: "ئولۇپلا قالمسام، بۇ قەرزنى ئەتىيازغىچە تولەپ ئوغلۇمنى قايتۇرۇۋالىمەن" دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۇزۇپ تاققا قايتىپ چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئىنىسى سادىقنى قوي بېقىشقا قويۇپ

ئۆزى بولسا بىر پاخلان ياكى بىرەر ئوغلاق ئۈچۈن كىشىلەرگە
ئىشلەپ بېرىشكە كىرىشتى، لېكىن ئۇنى بۇ ئېغىر مۇشەققەتلەر ئىككى
پۈكلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەمدىن، كوزى نەمدىن خالى بولماي ئۆتمەكتە
ئىدى. ئۇ ھازىر قەرز ئۈچۈن تەييارلاۋاتقان ئوغلاق-پاخلانلارنى
كۆڭلىدە ساناپ چىقتى، لېكىن بۇ خىيالىلا ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۆكىسى سادىق چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش
كېرەك. بۇنى ئۆيلەپ قويۇش ھەققىدە شەرۇللا يىلقىچى بىلەن
كېلىشىپ قويغان. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئەل-يۇرتنىڭ ئالدى-
دا تۈزۈكرەك توي قىلىش كېرەك. چۈنكى ھەممىسىنىڭ تونۇش-
بىلىش، ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇققىنى بار-دە! بۇنىڭغىمۇ بىر نەچ-
چە باش مال كېرەك. باقى قويچىنىڭ بېشى تاشتەك قاتتى. ئۇ
خانلىققا سوغا قىلىنىدىغان ئاتلارنى بېقىشقا كەتكەن شەرۇللا يىلقى-
چىنىڭ پاتراق قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

ئۇ خىيالغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە قاي-
تىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. بىردىنلا يىراقتىن قىشلاق-
قا كوچۇپ كېلىۋاتقان شەرۇللا يىلقىچىنى كورۇپ قالدى، شەرۇللا
يىلقىچى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، دائىم تاغ ئارىلىرىدا ئات بېقىپ
يۈرگىنى ئۈچۈن سوغاق شامال كېچىككىنە ئورۇق يۈزلىرىنى قاراي-
تىۋەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ پۇتىغا چورۇق تارتىپ كۆلرەك ماتا-
دىن ئىشتان-چاپان كىيىۋالغان ئىدى، باقى قويچىغا شەرۇللا تې-
خىمۇ ياداپ كەتكەندەك كورۇندى. شەرۇللا ئىشەككە ئارتىلغان تو-
قاچلارغا ئىككى بالىنى سېلىپ، قىزى گۈلدەستىنى مىندۈرۈپ كەل-
مەكتە ئىدى. باقى قويچى شەرۇللا بىلەن كورۇشۇپ ھال-ئەھ-
ۋال سورىدى.

ئىشەك ئۈستىدە ئولتۇرغان ئوماق قىز گۈلدەستە باقى قوي-
چىدىن دوستى گۈلشەننى سورىدى. قويچى:

— دوستىڭىزنى مۇسسى بىلەن بوۋىسىنىڭ كورگىسى كەپتە-

كەن، قومۇلغا ئاپىرىپ قويدۇم، — دېدى ۋە شەرۇللادىن سورىدى:

— گۈلدەستە چوپ-چوڭلا قىز بولۇپ قاپتۇ، ئۆي ئىشلىرىغا ئەسقىتىپ قالغاندۇ؟

قىز بالا دېگەن ئۇسكىلەك بولىدىكەن، — دېدى شەرۇللا قىزىغا قاراپ قويۇپ، — ئۆي ئىشلىرىغىمۇ ئەسقاتتى. ئەمما لېكىنزە بۇنىڭ ئوقۇيدىغىنى كىتاپ، ھەر كۈنى بېشىنى كۆتەرمەي كىتاپ ئوقۇيدۇ.

— نېمە بولسىمۇ بالا دېگەننىڭ ئۆز يېنىدا بولغىنى ياخشىكەن، — دېدى باقى قويچى.

بۇ گەپ بىلەن ھەممىسلا باتۇرنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. گۈلدەستە باتۇر ھەققىدە باقى قويچىدىن بىر نەرسە دەپ سوردماقچى بولدى-يۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر دىمەكچى بولغان سوزىنى دېيەلمىدى، لېكىن ئوزىنى سەل ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ كەينىدە كېلىۋاتقان ئانىسىغا قارىغان بولۇپ تۇرۇپ قالدى. مېھرىخانمۇ ئاتنىڭ ئارقا ئالدىغا ئىككى بالىسىنى مىنگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. باقى قويچى مېھرىخان بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

ئۇلار ئات-ئۇلاقلىرىنى يېتىلەپ ھال-مۇڭ قىلغاچ شەرۇللانىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىشتى. يولدا تاغنىڭ دوغىسى ئىبراھىم ئۇچراشتى. شەرۇللا بىلەن باقى قويچى ئۇنىڭغا تەڭلا سالام بېرىشتى. ئىبراھىم دوغا بويى پاكار، بىر پۈتى سەل قىسقا بولغاچقا ئاقساپ ماڭىدىغان، خام سېمىز، يالاڭقاپاق، كوزىنىڭ ئېقى تولا بىر ئادەم ئىدى. ئۇ كىدەيگەن ھالدا:

— ھە شەرۇللا قايتىپ كەلدىڭمۇ، ۋاڭ خوجامنىڭ خانلىقىغا سوغا قىلىدىغان ئاتلىرىنى ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەنسەن؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، — جاۋاپ بەردى شەرۇللا بېشىنى ئېگىپ.

ئىبراھىم دوغىنىڭ مېرىخان يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئاتقا كۆزى چۈشتى - دە: "بۇ ئات ئەجەپ كېلىشكەن ئاتكەنغۇ، بۇنداق ئات ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدۇ" دەپ ئويلىدى ۋە بىر ئامال قىلىپ بۇ ئاتنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— ھە، بۇ ئات سېنىڭمۇ شەرۇللا؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ بېگىم، چوڭ ئاتامنىڭ ئېتى، كوچۇش ئىشى بىلەن ئېلىپ تۇرغان ئىدىم، ئەتىگىچە ئاپىرىپ بېرىمەن.

— يالغان سوزلىمە، — دېدى دوغا. ئۈستىگە خۇددى جىگەررەڭ مەخمەل يېپىپ قويغاندەك چىرايلىق كېلىشكەن ئاتتىن كوزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — چوڭ ئاتاڭدا بۇنداق ئات نىمىش قىلسۇن، ھەقىچان ۋاڭ خوجامنىڭ ئاتلىرىدىن ئوغرىلانغان ئات بۇ!

— توۋا دېسىلە بېگىم، — دەرھاللا رەت قىلدى شەرۇللا، — بۇنداق دېسىلە قاراپ تۇرۇپ بىزگە ئۇۋال بولىدۇ. ۋاڭ خوجامنىڭ ئاتلىرىغا خىيانەت قىلىش چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىش......

— نىمە بولسىمۇ بىز بۇنى سۈرۈشتە قىلىمىز! — دېدى دوغا كېتىۋېتىپ.

— تۇفى! — دەپ يەرگۇ تۇكۈردى شەرۇللا دوغا كەتكەندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، — بۇ قىزىلكوزلەرنىڭ گېپىنى قارىماملىغان! ۋاڭنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپ تارتقان جەبرى - جاپالىرىمىز ئازدەك، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت قىلىۋاتقىنىنى تېخى!

شەرۇللا ھەسرەت بىلەن باقى قويچىغا قاراپ قويىدى.

— ھەي، قانداق قىلىدىغان ئىشكىن؟ — دەپ قاتتىق خورسىندى باقى قويچى، — ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەڭ، ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەڭ، يەر قاتتىق، ئۇھ پىچاق سۆڭەككە يەتتىغۇ!

شەرۇللا مېرىخاننى ئۆيگە بېرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى جاي-

لاشتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۇزى باقى قويچى بىلەن ئاستا ماڭـ-دى ۋە ئىبراھىم دوغىنىڭ يايلاققا بېرىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلـ-غانلىغى ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقەنى سوزلەپ بەردى:

بىر كۇنى ئىبراھىم دوغا شەرۇللانى چاقىرىپ "خانلىققا سو-غا قىلىدىغان ئاتلارنى بىر يىل باقسەن" دەپ تاپشۇردى. لې-كىن شەرۇللا بالىلىرىم كوپ، ياردەملىشىدىغان چوڭراق ئادىمىم يوق، ماڭا رەھىم قىلىڭلا بېگىم دەپ يالۋۇردى. دوغا گېپىدىن يانمىدى، شەرۇللا نائىلاج بالىلىرىنى ئېلىپ يىلقا بېقىشقا كەتتى.

شەرۇللا تاپشۇرۇۋالغان بۇ ئاتلار ئالاھىدە بېقىلىدىغان ئات-لار بولۇپ، خالىغان جايدا ئوتلىشى شەرت ئىدى. ئۇنى توسۇش-قا، سولاپ قويۇشقا، باغلاپ قويۇشقا، مىنىپ يۇرۇشكە ھەرگىز بولمايتتى. لېكىن يازنىڭ ئىسسىق كۇنلىرى ئاتلار بىر جايدا ئوت-لىماي ھەر ياققا چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كوكويۇن چېقىپ ئاتلار يىراق جايلارغا قېچىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا شەرۇللا ئىنتايىن جاپا تارتاتتى. خوتۇن-بالىلىرىمۇ ئات بېقىش، يوقاپ كەتكەن ئاتلارنى ئىزلەش بىلەن ئاۋارە بولاتتى. كېچىلىرى توزۇك ئۇخلىيالمايتتى، ھەتتا تاماقنىمۇ ۋاقتىدا يىيەلمەيتتى. ئا-خىرى بولماي شەرۇللا يامان ئاتلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى چۇشەپ قويۇپ بېقىشقا باشلىدى. شۇ كۇنلەردە ئىبراھىم دوغا ئاتلارنىڭ قانداق بېقىلىۋاتقانلىغىنى كورمەكچى بولۇپ كېلىپ قالدى، پۇتلىرى چۇشەپ قويۇلغان ئاتلارنى كورۇپ ئۇنىڭ سەپرايى ئورلىدى:

— خانلىققا سوغا قىلىنىدىغان ئاتلارنى نېمىشقا باغلاپ قوي-دۇڭ؟ سېنى مۇشۇنداق باقسۇن دەپ بۇيرۇغانمىدۇق! ۋۇي بېمە. چوڭ گاداي!

ئۇ ۋاقىرىغىنىچە قامچىسىنى ئوينىتىپ، شەرۇللانى قوغلاپ، يۇرۇپ ئۇرۇپ كەتتى.

قامچا ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن تويى ئېچىدىكىلەرگىمۇ تەگدى. قامچا ئاستىدا قالغان ئېرىنى ھىمايە قىلىۋاتقان مېرىخانىمۇ، دادىسى بىلەن ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان بالىلىرىغىمۇ قامچا تەگدى......

شەرۈللا يىقىلىپ قۇرۇقتى ئەھۋالنى باقى قويچىغا سۆزلەپ بېرىپ، يۈزلىرىدىكى قامچىدىن قالغان داغ ئىزلىرىنى كۆرسەتتى. قويچى بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى. لېكىن ئۇنىڭ تەسەللى بېرىشتىن باشقا يەنە نېمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇنىڭغا باقى قويچى "كۈنىمىز شۇ ئوخشايدۇ" دەپ قويدى. ئۇلار خېلىغىچە دەرت توكۈشكەندىن كېيىن، بىردەم جىم بولۇشۇپ قالدى. كېيىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۆتكەندە كېلىشىپ قويغان توي ئۈستىگە يوتكەلدى.

— قىشمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى شەرۈللا، — بۇ توينى تېزرەك قىلىۋەتسەك بولاتتى. بىراق تولىمىز قىسقا كېلىپ، ھېچبىر تەييارلىق قىلالمىدۇق، قانداق قىلساق بولاركەن؟

— سەنچە قانداق قىلساق بولار؟ بالىلار بولسا چوڭ بولۇپ قالدى، — دېدى باقى قويچى ئۆزى ئۈچۈن يېنىكلىك بېرىپ تۇرغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ.

— مەنچە بۇ توينى نىياز خېتىپنى چاقىرىپ، نىكا ئوقۇتۇپلا قويساق. توي دىگەندە ئەڭ مۇھىمى نىكا، نىكا ئوقۇلدىمۇ، ئەر-خوتۇن بولدى دىگەن سۆز. ئارتۇقچە چىقىم قىلساق باشقىلاردىن پۇل-مال قەرز ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

باقى قويچى شەرۈللادىن بەكمۇ مىننەتدار بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار توي ھەققىدە شۇنچىلىك كېلىشتى ھەم ئاي-كۈننى توختىتىشتى.

توي تەييارلىقى ناھايىتى ئاددى ئېلىپ بېرىلدى. توي كۈنى ئۇلار نىياز خېتىپنى چاقىرىپ، ئالدىغا بىر كويىنەكلىك ماتا، توققۇز

ناننى قويۇپ نىكا ئۇقۇپ قويۇشنى سوراندى.

— غۇربەتچىلىكتە قولىمىز قىسقا بولۇپ قالدى، — دېدى شەرۇللا خېنىمچا قاراپ، — بۇ توينى بىر چىنە سۇغا نىكا ئۇقۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ ئىش ئۇستىدە دوغا بېگىمنىڭ ئالدىغا بېرىش-قىمۇ خىجالەت بولدۇق. ئەھۋالىمىز شۇنداق بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا مۇھتاجمىز.

نىياز خېنىم ھېچقانداق سۆز قىلمايلا نىكا ئۇقۇشنى داۋام قىلدى ۋە نىكانى ئۇقۇپ بولۇپ ئالدىغا قويۇلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتتى.

توينىڭ ئەتىسى دوغىنىڭ جارچىسى: ۋاڭنىڭ قىزى ئاي پۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى، 40 كېچە-كۈندۈز توي تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا 40 ئورۇنغا ناغراخانا ياسىماقچى بولغانلىقىنى، بۇنىڭغا كېرەكلىك ياغاچنى تاغ خەلقى كېسىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشكەنلىكىنى، بۈگۈندىن باشلاپ بىرمۇ ئادەم قالماي ياغاچ كېسىشكە چىقىشى لازىملىقىنى جاكالاپ ئۆتتى.

سادىق بىلەن زۇمرەتنىڭ تويى ھەر قانچە نامرات ئۆتكەن بولسىمۇ ئۆز قاياشىدىكىلەر: "كىچىككىنە بولسىمۇ" دېيىشىپ پۇل، گوش-ماي، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ توينى تەبرىكلەشتى. باقى قويچى بىلەن شەرۇللا يىلقىچى كىشى كۆپ كەلمىسىكەن، دوغا بىلىپ قالسا ئاۋارە قىلارمىكىن، چۈنكى، تويدىن بۇرۇن دوغىغا نەرسە-كېرەك كوتىرىپ بېرىپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالمىدۇق، دەپ ئويلىسىمۇ، ئەل-ئاغىنىلەر، ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. سادىق بىلەن زۇمرەتنىڭ دوستلىرى "بۇ ئۇلۇم ئەمەسقۇ، كەمبەغەل بولساقمۇ كۆڭلىمىز بار، توينى-توي قىلايلى......" دېيىشتى. ئىككى ئۆيگە مېھمانلار لىق تولۇپ كەتتى. يىگىتلەر سادىقنى، قىزلار زۇمرەتنى ئارىغا ئېلىشىپ، بۇ ئىككى ياشقا ئۆز-

لىرىنىڭ يۈرەك ھەسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشتى. قىسىلىپ-قىسىلىپ قىلىنغان چاقچاقلار، كۈلكىلەر تويىنى بىر ئالدى. قىزىق مەشرەپ باشلىنىپ كەتتى.

يوقسۇز ئائىلىدە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بۇ تويىنى شۇ كۈنلا ھەممە بىلىشكەن ئىدى. دوغىنىڭ زەردىسى قايناپ كەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەپمۇ يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك — بىرەر ئات ياكى كالا، ھېچبولمىغاندا قوي، بىر پارچە رەخت، توققۇز نان ئېلىپ كېلىپ دوغىنىڭ رازىلىقىنى ئالمىغانلىقىدا، دوغىنى ۋە خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى چىللاپ كاتتا مېھمان قىلمىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا جارچىنى بۈگۈنلا جارغا چىقارغۇزغان ئىدى.

جارچىنىڭ ئاۋازى پەسىيىش بىلەن دوغىنىڭ ھويلىسىدا بەزىلەر قوي يېتىلىگەن، بەزىلەر پاخلان يېتىلىگەن ۋە بەزىلەر قولىدا نىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى كۆتەرگەن ھالدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا دوغىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئېلىپ كەلگەن سوغىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ "كىچىككىنە بولسىمۇ بېگىمنى يوقلاپ كېلىۋىدىم" دېيىشتى. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن يا ئۆزىنىڭ ئاغرىقلىقى، ياكى بالا-چاقا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكى ۋە ياكى باشقا سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ، ياغاچ كېسىش، توشۇش ئالۋىڭىدىن ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. دوغا يېنىدا ئولتۇرغان خەتچىگە: "قولىغا خەت پۈتۈپ بەرگىن" دەپ بۇيرۇيتتى. خەتچى ئىككى قۇر خەتنى يېزىپ دوغىنىڭ قولىغا سۇناتتى، دوغا ئۇلارغا خەتنى بېرىپ تۇرۇپ: "يەنە ئۇنتۇپ قالماڭلار-ھە؟" دەپ يولغا سالاتتى.

شۇنداق قىلىپ سوغا-سالام ئېلىپ كەلگەنلەرنى ياغاچ كېسىش-توشۇش ئالۋىڭىدىن ئازات قىلاتتى.

بۈگۈن بۇ ئىشلار چۈشكىچە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

دوغا پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، قارا چىبەرقۇت ئىشتان-

چاپىنىنى كىيگەن، بېلىنى باغلىغان هالدا، قولىغا قارا ساپلىق قامچىسىنى ئېلىپ مەهەللىنى ئايلاندى. ئۇ يېنىدىكى جارچىسىنى ئۆيمۇ-ئۆي ئەۋەتىپ كىمنىڭ ماڭمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

ئۆيلىرىدىن بىر بىرلەپ چىقىپ قارىغايلىققا كېتىۋاتقان كە-شىلەر دوغىغا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دوغا بۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ، سادىقنى چېلىقتۇرالمىغانلىقتىن:

— سادىق قېنى؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

جارچى سادىقنى ئىزلەشكە كىرىشتى ۋە ئۇنى توي بولۇۋاتقان ئۆيدىن سۆرەپ چىقىپ، دوغىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— سەن يالاڭتۇش، — دېدى دوغا غەزەپلىنىپ، — ياغاچ كېسىشكە چىقماي، ۋاڭ خوجامنىڭ قىزىنىڭ تويىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدۇڭ-ما؟

ئۇزۇن ماتا چاپانىنىڭ بېلىدىن قىزىل پوتا بىلەن باغلاپ، كونا ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى قايرىۋالغان سادىق ئوڭ قېشىنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ جاۋاپ بەردى:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس بەگ ئاكا. بۇنداق قىلىش مېنىڭ هەددىممىدى؟ بىر ئۆيدىن بىر كىشى دېيىلدى، ئاكام چىققانلىقتىن مەن چىقماپتىمەن.

— نېمە سېنىڭ ئۆيۈڭ يوقمۇ؟ ئۆيلەندى دېگەن گەپ، ئۆيلۈك بولدى دېگەن گەپقۇ؟ بىردىنىڭمۇ يوشۇرۇپ توي قىپسەن، ئەمدى ئۆيۈڭنىمۇ يوشۇرماقچىمۇسەن؟!

سادىق لەۋىنى چىشلىگەن هالدا بىردەم شۈك تۇردى. ئاندىن دوغىغا تىكىلىپ:

— خوش، توي قىلغىنىم راست، ئەمما مەن يەنىلا ئاكام بىلەن بىر ئۆيدە. قاچان ئۇ ئايرىپ چىققىنىمدا، ئاندىن باشقا بىر ئۆيلۈك ئادەم بولىمەن، — دېدى.

دوغا قىلىشقا گەپ تاپالماي قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇتەھەملىكىگە تايىنىپ، سادىقنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— ئاكاڭ كېرەك ئەمەس، سەن كېرەك، ۋاڭ خوجامنىڭ قىزىنىڭ توي تەييارلىقى ئۈچۈن كىمنى ئىشلەتمىشنى خالىساق، شۇنى ئىشلىتەلەيمىز!

سادىقنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى، دوغا بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرۈشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئۇيەردە توي بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىشمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، مۇلايىم قىياپەتتە:

— ھازىر مېنىڭ تويۇم بولۇۋاتىدۇ، بەگ ئاكا. ماڭا بىر كۈنلۈك ئىجازەت بەرسىلە، بۈگۈن چىقالمايمەن، — دېدى.

— چىقالمايمەن؟ سېنىڭ تويۇڭ مۇھىممۇ، ۋاڭ خوجامنىڭ قىزىنىڭ تويى مۇھىممۇ؟ سەن ۋاڭ خوجامنىڭ توي ئىشىغا دەخلى يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتامسەن؟! باس بۈنى! توي قىلغانغا تويىغۇزۇپ قوياي!

ئاڭغىچە يالاقچىلاردىن بىرسى دوغىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بېگىم، بىز بۈنى مۇشۇ ئۇچۇق يەردە ئۇرساق بولمىغۇدەك، ئاۋۇ ئۇيەردە تويغا يىغىلىۋالغان يىگىتلەر بار. بۇ تاغ خەلقىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا. يۇۋاش ۋاقتىدا ناھايىتى مۇلايىم، ئاچچىقى كەلگەندە يولۋاس. مەنچە بىر ئاز ئېھتىيات قىلىپ ئاۋۇ دوڭنىڭ كەينىگە ئېلىپ بېرىپ ئەدىۋىنى بەرسەك، قانداق دەيلا؟ — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن سادىق دوڭنىڭ كەينىگە سۆرەپ كېتىلدى.

خولۇم-خوشنىلىرى، دوستلىرى يىغىلىپ توي تاماشىسى قىلىۋاتقاندا سادىقنىڭ تۇتۇپ كېتىلىشى زۇمرەتنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. قىز: "سادىقنى زالىم دوغا نىمە قىلار،

كىشىلەر ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي توي قىلساق قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دېيىشىۋاتاتتى، شۇ ئۇچىنى ئالماقچىمىدۇ ـ يا،" دېگەن خىياللار بىلەن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى. ئانچە ئۆتمەيلا كىچىك بالىلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ: "سادىق ئاكامنى ئۇرۇۋاتىدۇ" دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەر توي بولۇۋاتقان ئۆي ئىچىنى پاراكەندىچىلىككە سالدى. زۆھرەتكە بىردىنلا يىغا ئۇلاشتى. ئۇلار تونۇشماي، بىلىشمەي توي قىلغان ئەمەس. خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىر بىرىگە مۇھەببەت باغلاشقان. كەڭ يايلاقلاردا بىر بىرى بىلەن بېيىت ئېيتىشىش ئارقىلىق سىرداشقان. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان ئەنە شۇنداق توي بولىدىغان، مۇرات ـ مەقسەتكە يېتىدىغان كۈننى كۈتۈشكەن ئىدى. توي بولغاندىن كېيىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۈمگەن ئىدى. لېكىن بۇ كۆڭۈلسىزلىك زۆھرەتكە گويا يورۇق كۈننى قارا ئىس ـ تۈتەك باسقاندەك قايغۇ ـ ھەسرەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ: "ئەمدى قانداق قىلارمەن؟" دېگەن خىياللار بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا لېچىگىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ تىتىپ تاشلىدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە زۆھرەتنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي ئىسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا يېنىدا ئولتۇرغان دوستى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى:

— زۆھرەت، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، دوغا سادىقنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ. ئۇنى دوغىنىڭ كەينىگە ئېلىپ كەتكەنلەر ئىچىدە ياخشى ئادەملەر بار ئوخشايدۇ. بايا كىشىلەردىن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدىم: ئۇنى ئېلىپ كەتكەنلەر بىرسىگە كالىنىڭ خام شىرىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپتۇ. قارىغاندا، دوغىغا سىر كۆرسىتىپ سادىقنى قويۇۋېتىدىغان چېغى.

زۆھرەت سەل كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىرسى خەۋەر ئېلىپ كىردى؛

— يالغاندىن كالا تېرىسىگە "پاخ - پاخ" قىلىپ ئۇرغىلى تۇردى. يەنە بىرسى "ۋايجان، ۋاي تووۋا" دەپ ۋاقىرىغىلى تۇردى. قارىغاندا ئۇرغۇچى ياخشى ئادەم ئوخشايدۇ.

— ئوتكەندە ئۇنىڭ ئايىلى ئاغرىپ قالغاندا سادىق تاغدىن موميا تېپىپ ئېلىپ كېلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئەتىمالىم ئۇ كىشى ياخشىلىققا بىر ياخشىلىق قايتۇرغاندۇ، — دېدى يەنە بىر كىشى......

## ئون ئۈچىنچى باپ

ئىبراھىم تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
نەلگە قىلغان زۇلۇمنىڭ
دەردىنى ئۆزى تارتقان.

باش-ئايىغى يوق قارىغايلىقنىڭ ئۈستىنى كۆكۈش تۇمان قاپلاپ تۇراتتى. تاغ چوققىلىرىدىن يولغىچە يېيىلغان قارىغايلارنىڭ ھەممىسى دىڭگۈدەك ھەم يوغان، ھەم ئېگىز ئىدى. يەردىن نەم پۇراپ تۇراتتى. ئويمانلاردىكى بۇلاقلاردىن قارىغاي يىلتىزلىرىنى بويلاپ شىرىلداپ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى.

شۇنچە توق، شۇنچە رەڭگا-رەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنى كۆز ئېيىنىڭ ئۈششۈگى سولاشتۇرغان ئىدى.

يىراقتىكى مۇز قاپلاپ تۇرغان تاغلاردىن يالت-يۇلت نۇر چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. قارىغايلىق ئىچىدىن ياغاچ كەسكەن غارت-غۇرت ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قولىغا ئۇزۇن تاياق ئېلىۋالغان ئىبراھىم دوغا ياغاچ كېسىۋاتقانلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئىشلەۋاتقانلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئېگىز-رەك بىر دۆڭگە چىقتى-دە، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھەي خۇرجالار! توختاڭلار، ماڭا قاراڭلار!

كىشىلەر ياغاچ كېسىشتىن توختاپ دوغىغا قاراشتى. قارىغايلىقتىكى ياغاچ كەسكەن ئاۋازلار جىمىپ قالدى. دوغا ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ياغاچ كېسىش ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈگىمەك لازىمدۇر، ئېخىمچە چوڭ ياغاچلار كېسىلىپ بولۇنمىدى. ئۇشۇنداق ئىشلىسەڭلار ئاي يۇجۇڭ خېنىمنىڭ تويىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىمىز. كېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئېخى داۋاننىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىسىلەر، ئاندىن قومۇلغا توشۇيسىلەر، ھاڭۋاقتىلىق قىلماي، تېز - تېز ئىشلەڭلار!

دوغا شۇ گەپنى قىلىپ، ئۇزۇن تايىغىنى تايانغىنىچە ئاقساپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ھارام ئۆلگۈر، — دېدى شەرۇللا يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن دوغىغا ھومىيىپ تۇرۇپ، — بۇ زالىمدىن قۇتۇلىدىغان كۈنىمۇ بو-لارمۇ؟

— ھىم، — دەپ ھەسرەتلىك ئۈھ تارتىپ قويدى، باقى قوي-چى. شۇ ئارىدا بىردىنلا كۆلكە كوتىرىلدى. باقى قويچى كەينىگە قارىۋىدى، دوگدە ياغاچ كېسىۋاتقانلار ئىچىدىكى بىر قىزىقچى دوغىنىڭ ئاقساپ مېڭىشىنى دوراپ، ئۇنىڭغا مۇشت تەڭلەپ قىزىقچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئىبراھىم دوغا ئۇشتۇمتۇت كوتىرىلگەن كۆلكىدىن خودۇكسىنىپ كەينىگە قارىدى. قىزىقچى دوراشنى توخ-تىتىپ سوزلەشكە باشلىدى:

— ئاللا تائالا قۇشلارغا قانات بەرگىنىدەك بىزگىمۇ بىر قۇدرەت بەرگەن بولسىدى، بېگىم، بۇ ياغاچلار ئورۇل دېگەن ھامان ئورۇلۇپ كەتسە، ماڭ دېگەن ھامان ئۇچۇپ بېرىپ قۇمۇل شەھىرىگە چۈشسە، قانداق ياخشى بولاتتى؟ ئاھ، خۇدا، بىزنى ئاجىز يارىتىپسەن، خار يارىتىپسەن، ئىلاجىمىز قانچە؟

كىشىلەر ئېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

بۇ "ناسىرسوغ" ئىدى. بۇنىڭغا "سوغ" دېگەن لەقەمنى بەگ - خوجامالار قويغان، ئۇ نەسلىدە سەتراچلىق قىلاتتى. ئۇ دائىم قىزىقچىلىق بىلەن باشلىقلارنى كۈلدۈرگەندەك قىلسىمۇ،

بەگ - خوجاملارنى سوكۇپ - رەسۋا قىلاتتى.

ئۇتكەن يىلى ۋاڭ ئۇنىڭ قىزىقچىلىغىنى بىر ئاڭلاي دىدىمۇ ياكى كوڭلىگە باشقا بىرەر نىيەتنى پۇكتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنى چاقىر-زىتىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى:

- سەن هازىر نەدە تۇرۇۋاتسەن، جاۋاپ بىرىپ باققىنا! - دىدى.

ناسىر ۋاڭغا تازىم قىلغاندىن كىيىن:

- خوش پادىشايىم، مەن هازىر دوپپىنىڭ تىگىدە، كەشىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپتىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى.

ۋاڭ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ ۋاڭغا يىقىپ قالدى. ۋاڭ ئۇنىڭغا "هەر جۇمە كۇنى كىلىپ چىچىمنى چۇشۇرۇپ قوي" دىدى.

- خوش پادىشايىم، - دەپ تازىم قىلدى قىزىقچى ئۇزىگە بىرىلگەن چوڭ ئىشتىن خوشال بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ هەر جۇمە كۇنى كىلىپ ۋاڭنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ياسىغاچ ئۇرغۇن قىزىقچىلىقلىرى بىلەن ۋاڭنىڭ كوڭ-لىنى ئىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بىرىپ قايتىپ كەتتى.

ناسىر يەنە بىر جۇمە كۇنى ئوردىغا كىرمەكچى بولۇپ كەلگەندە قاراۋۇللار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

- نەگە بارىسەن؟ - دەپ ۋاقىرىدى.

- خوش، پادىشايىمنىڭ بىشىنى ئالغىلى، - دىدى ناسىر.

- نىمە؟! - قاراۋۇلنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

- خوش، مەن هەر جۇمە كۇنى كىلىپ پادىشايىمنىڭ بىشى-نى ئىلىپ تۇرماقچى ئىدىم، - دەپ تەكرارلىدى ناسىر.

"بىشىنى ئىلىش" دىگەن سوزنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن قاراۋۇل "ئاغزىڭنى يۇم" دىگىنىچە، ناسىرنىڭ ئاغزىنى توستى ۋە دەرهال چەمبەرچەس باغلاپ، ئەهۋالنى ۋاڭغا مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ دەسلەپتە "چېچىمنى چۈشۈرمەكچى" دېگەن سۆزغۇ دەپ ئويلىسىمۇ، كېيىن ئەنسىرەپ قالدى. "ياق، بۇنداق ئىنسانلارنى ھېچنەرسە دەپ بولمايدۇ، قولىدىكى ئۈستۈرىنى بويىنۇمغا سىلىۋەتسە نېمە دېگىلى بولىدۇ" دەپمۇ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باشقا جايغا پالۋېتىشكە پەرمان چۈشۈردى. شۇندىن بۇيان ناسىر مۇشۇ تاغدا ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نە خوتۇن، بالا - چاقىسى يوق، نە ئۆي ماكانى يوق. قەيەر ئوڭدۇل كەلسە، شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ناسىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسىمۇ، ئاڭلىماسلىققا سېلىپ كېتىۋاتقان دوغا ئاخىرى چىدىماي بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋاقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم سارالڭ، ئىشىڭنى قىل!

— خوش بېگىم، ئىشىمۇ بولىدۇ، ئىش تۈگەپ قالسا، ئۆزلىرىمۇ زېرىكىپ قالىلا، ھەر ھالدا يېڭى - يېڭى ئىشلارنىڭ چىقىپ تۇرغىنى ياخشى، — ئۇ كوزلىرىنى قىسىپ، ئۇزۇن قاپ - قارا بۇرۇت-لىرىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن، بېشىدىكى چاشمە تىكىلگەن كوك تاۋار دوپپىسىنى سول قېشىنىڭ ئۈستىگىرەك سۈرۈپ قويدى ۋە ئىشلەۋاتقانلارغا قاراپ قىزىقچىلىق بىلەن مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بىر قىزىقچىلىق قىلماقچى بولدى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ دوغىنىڭ ئېتىنى يېشىپ تۇرۇپ سوزلەپ كەتتى:

— جاناپلىرىغىمۇ بىزدەك قۇللارنىڭ ئىززەت - ھورمىتى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى بولماي قالىدۇ.

ئۇ، شۇنداق دەپ قىزىق ھەركەتلەر بىلەن دوغىنى يولەپ ئاتقا مىندۈردى ۋە ئاقساق پۇتى تەرەپتىكى ئۈزەڭگىنى نەچچە قېتىم تولغاپ بىر ئاز قىسقارتىپ، دوغىنىڭ پۇتىغا توغرىلاپ قويدى. ناسىرنىڭ ھەركىتىگە قاراپ تۇرغان كىشىلەر توختىماي كۈلۈشۈپ كەتتى. غەزىۋى قايناغان دوغا ئاقساق پۇتى بىلەن

ناسىرنى بىر تەپكەن ئىدى، ئۇنىڭ مۇرىسىگە تەگدى.

— ھىلىمۇ ياخشى، پۇتلىرى قىسقا ئىكەن، ئۇزۇنراق بولغان بولسا بېشىمغا تەككەن بولاتتى، — دىدى ئۇ ھەيياراتىق بىلەن.

كىشلەر يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. قىزىقچىنىڭ بۇ بىردەملىك ئويۇنى ئىشلەۋاتقانلارغا خېلى ئارام بېغىشلىدى. دوغا بولسا قىزىرىپ كەتتى. بىر نەرسە دەي دىسە، ناسىرنىڭ يەنە گەپ كالتىگى كېلىپ تېگىشى دىن ئەنسىرەپ قىلىپ، ئاغلىماسلىققا سېلىپ كېتىپ قالدى.

كىشىلەر يەنە جىددى ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بەزىلەر قارىغايلارنى كېسەتتى - دە، نېرى قاچاتتى. قارىغايلار گۈلدۈرلەپ يىقىلاتتى. بەزىلەر كېسىلگەن ياغاچلارنى سۆرەپ پەسكە چۈشۈرەتتى. ئۇستەڭدىن ئۆتكۈزۈپ داۋانغا توشۇيتتى.

تۆگىمەس ئېغىر ئىش كىشلەرنىڭ ھالىنى قويمىدى. بەزىلەرنىڭ مۈرىلىرى، بەزىلەرنىڭ بەللىرى زەخىملەندى. شۇنچىلىك ئېغىرھەم يوغان ياغاچلارنى كوز يەتكۈسىز ئېگىز داۋان ئۇستىگە ئېلىپ چىقىش تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. شۇنداق قاتتىق ئىشلەۋاتسىمۇ ئىبراھىم دوغا رازى بولمايتتى. غەزەپلەنگەن كىشلەر ئۇنىڭغا نەپرەتلىك قاراپ قويۇشاتتى. قارا قامچا تۇتقان دوغا ياغاچ كوتىرىپ داۋان ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن ھەيۋە قىلىپ ۋاقىراپ - جاقىرىماقتا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت داۋان تەرەپتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كىملەرنىڭدۇ ۋاقىرىشى ئاڭلاندى. كىشلەر چۆچۈپ شۇ تەرەپكە قاراشتى. يوغان بىر قارىغاي گۈلدۈرلەپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھىلىمۇ ياخشى ئۇنى كوتىرىپ كېتىۋاتقانلار ئامان قالغان ئىدى.

ئىبراھىم دوغا قامچىسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا باقى قويچى، شەرۇللا يىلقىچى باشلىق داۋانغا ياغاچ كوتىرىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋاقىردى:

— بىر ئوبدان ياغاچنى چۈشۈرۈۋېتىشتىڭ ھارامزادىلەر،

توختاش!

شەرۇللا بىلەن باقى قويچى كوتىرىشىپ كېتىۋاتقان ياغاچلارنى يەرگە قويۇشتى. ئىبراھىم دوغا بىرمۇنچە ئاغزىنى بۇزۇپ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىندى - دە:

— كوتىرىڭلار! ئەمدى كوتىرىڭلار! سىلەرنىڭ ئەدىۋىڭلارنى مەن مۇشۇنداق بېرىمەن! — دەپ قامچىسىنى پۇلاڭلاتتى.

يىراقتا قاراپ تۇرغان ناسىر كۆلگەن پېتى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— دوغا بېگىم، دىگەن بىلەن ئەقىللىرى زىيادە جۇمۇ! قارىغاندا ئەقىللىق كىشىلەر بەگ - خوجاملاردىن كوپ چىقىدىكەن! بۇ قىلىقلىرى تازىمۇ ئەپلەشتى. ياغاچ يېنىك بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ، سىلىنىمۇ كوتىرىۋالغىنى توغرا بولدى! — دىدى. كىشىلەر دوغىنى مەسخىرە قىلىپ كۆلۈشەتتى. دوغا ئۇزىنىڭ مەسخىرىگە قالغانلىغىنى سەزمەيتتى. ئۇ يەنە كىشىلەرنى دىگىنىمنى قىلىسىلەر دەپ زورلايتتى.

— بولدى، — دىدى ناسىر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلىنىمۇ مۇشۇ ياغاچلار قاتارىدا ئۇردىغا كاڭ خوجام جاناپلىرىغا سوغا قىلايلى. ياغاچلار ئۇگەن - سوگەنلىرىنى ئېلىپ ئەسقاتقۇدەك بىرەر نەرسە ياسىۋەتسۇن، ياكى......

دوغا غەزەپلىنىپ ياغاچ ئۇستىدىن چۈشتى - دە، ناسىرنى ئۇرماقچى بولۇپ كەلدى.

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما! ياغاچنى توشۇمەن - يوق؟

— بىز توشۇمساق ياغاچ ئۇزى مېڭىۋېتىپتىمۇ بېگىم؟

دوغا گەپ قىلالماي غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى.

ياغاچلار داۋانغا توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مانا ئەمدى دوغا كىشىلەرنى ياغاچنى قۇمۇلغا توشۇشقا قىستىدى.

— پەس خورجالار، — دەپ ۋاقىرىدى دوغا، — نەچچە كۈن

بولدى، بۇ ياغاچلارنىڭ بىرىنىمۇ تېخى قومۇلغا يەتكۈزگىنىڭلار يوق. بۇ ئىشنى ئەمدى كەينىگە سۈرۈشىدىغان بولساڭ، كاللاڭلار بىلەن جاۋاپ بېرىشىسەن. بۇ ياغاچلارنى دەرھال يولغا ئېلىپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇلاق-ھارۋا ئېلىپ كېلىپ، تېزرەك ئوردىغا يەتكۈزۈش!

— ئۆزىمىز مىنگۈدەك ئۇلاق يوق تۇرسا، ياغاچ توشۇشقا نەدىمۇ ئۇلاق-ھارۋا بولسۇن؟ — دېدى شەرۇللا.

— نىمە، نىمە دېدىڭ؟! — دوغا ئاقساقلاپ يېتىپ كەلدى-دە، ئاچا قامچىسىنى كۆتىرىپ، شەرۇللانىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولدى. لېكىن باقى قويچى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن دورغىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇنىڭدا نىمە گۇنا بار، دېگىنى راستقۇ؟ ئۇلاق-ھارۋا دېگەن نەرسە بىزدە نىمىش قىلىدۇ؟ ھەركىم ئۆز يېغىسىنى يىغلايدۇ. بېگىم، بىزگە ئۇۋال قىلمىسىلا.

— ھە، يالاڭتۇش، بۇنىڭغا سەنمۇ بولۇشۇۋاتامسەن؟ ھېلى بىكا، سېنىڭمۇ كورگۇلۇگۈڭنى كورسىتىمەن!

لېكىن، ئۇ باقى قويچىنىڭ قولىدىن خېلىغىچە بوشىنىپ چىقالمىدى. ئاخىر يولىمىغاندا، ئۆز ئادەملىرىنى ياردەمگە چاقىردى. بۇ چاغدا ياغاچ كەسكۈچىلەرمۇ جېنىدىن تويۇپ پالتىلىرىنى كۆتىرىشىپ تەك دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئىككى تەرەپ بىر-بىرلىرىگە ھۈرپىيىشىپ قاراپ تۇرۇشتى. ناسىر قىزىقچى يەنە ئارىغا چۈشتى:

— بېگىم، قېنى سىلى كۆپمۇ، بىزمۇ؟ بىر چېلىشىپ باقامدۇق-يە؟

دوغا سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، بوشاشتى-دە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئاتلىق ئوتۇپ كېتىۋاتقان گالى پالۋان يېقىنلاپ كەلدى-دە، ئاتتىن چۈشتى.

— ئىبراھىم ئاكا، — دىدى گالى پالۋان ھەيۋە بىلەن، — نىمە دىگەن مۇتەھەملىك بۇ. قارغۇنى ياردا قىستىغاندەك ھىچنەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچىۋالا قىستاۋەرسىڭىز بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ ئۇلاق-ھارۋىسى بار دەيسىز؟ يول يىراق تۇرسا. بۇلار ياغاچنى قۇمۇلغا كوتىرىپ بارامتى؟ بۇ ھەددىدىن ئاشقان زالىملىق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئولۇپ توگىسۇن دەۋاتامسىز؟ ئۇ چاغدا ۋاڭ-خوجامنىڭ ماللىرىنى كىم باقىدۇ. بۇلارنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى كىم باقىدۇ؟

دوغىنىڭ تىلى تۇتۇلدى. ئۇ، تەپتارتىپ گالى پالۋانغا زىيادە گەپ قىلالمىدى. يېشى 40 تىن ھالقىغان بولسىمۇ، خۇددى ياشلارغا ئوخشاش كۈچلۈك قامەتلىك بۇ پالۋان ۋاڭ ئوردىسىدىكى مىرغەزەپ سۇلتان ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى، ۋاڭنىڭ پالۋانلىرىدىن ئىدى.

ئىبراھىم دوغا گالى پالۋاندىن كورە ئۇنىڭ ئاتىسى مىرغەزەپتىن بەكمۇ قورقاتتى، شۇڭا دوغا پالۋاننىڭ سوزلىرىنى:

— خوش، خوش، — دىگىنىچە بېشىنى ئېگىپ ئاڭلىدى.

— بۇلارغا ئۇلاق-ھارۋىنى ئۆزىڭىز تەييارلاپ بېرىڭ. يايلاقتىكى ئاتلىرىڭىزنى، كالىلىرىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ. ئۈچ-تۆت ھارۋىڭىز بار، ھەممىنى بېرىڭ......

گالى پالۋاننى كىشىلەر ياخشى كورەتتى. ئۇ كوپرەك پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلاتتى. ناھەق ئىشلارنى كورۇپ قالسا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ گايىدا قۇمۇلدا، گايىدا تاغدا تۇراتتى. تاغدىكى خەلق بىلەن خېلى يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

— سىلەر قايتىڭلار، — دىدى پالۋان كىشىلەرگە قاراپ، — ئەمدى ئارام ئېلىڭلار. ياغاچنى كىم ئىشلەتسە، ئات-ئۇلاقنى شۇ تېپىپ بەرسۇن!

كىشىلەر تارقىشىپ كەتتى. دوغا بىلەن گالى پالۋان يالغۇز

قالغاندىن كېيىن، كالى پالۋان دوغىغا:

— تاشنى سىققان بىلەن سۇ چىقمايدۇ، ئىبراھىم ئاكا. ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچنەرسە بولمىسا، قانداق قىلاتتى، سىزگە ئېيتىپ قوياي، يېقىندا مۇشۇ تاغدىكى كىشىلەر سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ۋاڭ خوجامغا ئەرز يېزىپتۇ، ھەممە ئىشنى تويلاپىراق قىلىڭ. نەچچە ئون كىشى ئۆيلىرىدە ئاغرىپ يېتىپتۇ. كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— تاغنىڭ كۆركى تاش بىلەن، ئادەم كۆركى باش بىلەن ئوكام، مەن بۇ ياغاچلارنى تېزرەك ئەۋەتىپ ۋاڭ خوجامنى خوش قىلاي دېدىم-دە! بۇلار زادىلا ئالدىرىمايدۇ، ئۇرۇپ تۇرساڭمۇ ئىشلىمەيدۇ...

— خەقنىڭ ھالىغا قاراپىراق ئىش تۇتمىساق بولامدۇ؟ ئۇلارمۇ ئىنسان-دە، ئىنسان! ۋاڭ خوجامنىڭ ھاجىتىدىن ۋاقتىدا چىقمىش ياخشى ئىش، ئەمما بۇ خەلق بىلەن بولىدىغان ئىش. ئىنساننى بۇنچىلىك خورلاش يارىمايدۇ.

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئىشىگىدىن قانچىلىك جىق نەرسە كىرىپ تۇرسا، بىزنىڭ بېشىمىزمۇ شۇنچىلىك ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ، ئەمەسمۇ ئوكام؟

— ئاسمانغا قارايمەن دەپ تاغدىن ئۆرۈپ چۈشمەڭ يەنە! — دېدى پالۋان مەسخىرە بىلەن ۋە كېتىپ قالدى. دوغا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ قالدى.

## ئون تۆتىنچى باپ

شامەخسۇتنىڭ دەۋرىدە،
ئالۋىڭى ئېغىر بولدى.
كەيجۇ①لارنى كۆتىرىپ،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

يازە شامەخسۇت ۋاڭ ئارتام، باغداش ئوردىلىرىغا ساياھەتكە چىقماقچى بولدى. بۇ ئىشنى تەيجىلەر ئالدى بىلەن ئارتام باغداشتىكى دوتەيلارغا خەۋەر قىلدى. ۋاڭ ۋە شاھزادە ئۈچۈن ئىككىدىن ئات قوشۇلغان پوچتا، خىنىم ۋە ئاغىچىلار ئۈچۈن چەلان رەڭ دۇخاۋا بىلەن تاشلانغان پەنجىرىلىك مەپە تەييار قىلىندى.

ئارتام، باغداش ئوردىلىرىغا چىققاندا مىنىشكە جۈپ-جۈپ ياخشى ئاتلار تاللىنىپ ئۈزەڭگىلىرى كۆمۈشتىن، ئۈستىدىكى جابدۇقلىرى ئالتۇن بىلەن بېزەلدى. ئاتلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشقا ھىندىستان دۇخاۋىسىدا ئىشلەنگەن قىزىل يوپۇقلار تىكىلدى. ۋاڭنىڭ تەختىراۋانىنى كۆتىرىش، ئاتلارنى يېتىلەشكە ئوردىدىكى قۇللاردىن ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە باتۇرمۇ بار ئىدى.

ۋاڭنىڭ ساياھەتكە ئاتلىنىش كۈنى يېتىپ كەلدى. ۋاڭ ئوردىدىن چىقىشتىن بۇرۇن پو ئاتقۇچى نىياز بەل ۋە پۇشقاقلىرىنى چىڭ باغلاپ، قىزىل چامباشى ئويۇننى ئويىنىغاندىن كېيىن ئوت ياققۇچىنى كۆتىرىپ تۇرغان كىشىنىڭ قولىدىن ئوت

① كەيجۇ — تەختىراۋان.

ياققۇچنى ئالدى - دە، تىكلەپ قويۇلغان ئۈچ پوغا ئوت ياقتى. ئۈچ پودىن تەڭلا چىققان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پۈتۈن قومۇل زېمىنىغا يېيىلدى. بۇ ئاۋازلار كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ تەختىگىچە بولغان توققۇز دەرۋازىنىڭ مەخسۇس ۋاڭ كىرىپ - چىقىدىغان ئىشىكلىرىنىڭ زەنجىرلىرى چۈشۈرۈلدى. ئوردا بەگ، قاراۋۇللىرى تىك تۇرغان ھالدا باشلىرىنى ئەگدى.

نىياز پوچى قولىغا ئوت ياققۇچنى ئېلىپ ئوڭ پۇتىنى ئىگىز كۆتىرىپ، سول پۇتىنىڭ سوڭىدا بىر قانچە قېتىم پىقىرىغاندىن كېيىن يەنە ئۈچ پوغا ئوت ياقتى.

ئىككىنچى قېتىمقى گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، شېرىپ مىراپ يېنىغا قىزىل پوپۇكلۇك قىلىچ ئاسقان، باشتىن - ئاياق سېرىق رەڭدە كىيىنگەن ھالدا، كۈمۈشتىن ياسالغان ئىگەر يۈگەنلىك ئېتىغا مىندى ۋە ۋاڭدىن بىر چاقىرىم ئىلگىرىرەك يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بويۇندىكى جوغۇلا شىلدىرلايتتى. شېرىپ مىراپنىڭ قورال - ياراقلىرى ۋە كىيىنىشلىرىدىن ئۇنىڭ ۋاڭنىڭ بىرىنچى يول باشلىغۇچىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

پو ئاتقۇچى نىياز قولىدا ئوت ياققۇچنى كۆتەرگەن ھالدا قاتار تىزىلغان ئۈچ پونىڭ ئەتراپىنى سەكرەپ بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىم ئېتىلىدىغان پوغا ئوت ياقتى. ئاخىرقى قېتىملىق پو ئاۋازى بىلەن تەڭ، شېرىپ مىراپقا ئوخشاش كىيىنگەن ئىككىنچى يول باشلىغۇچى ئۇلۇق دەرۋازىدىن چىقتى. شۇ چاغدا شامەخسۇت ۋاڭ مېچىتتىن چىقىپ، ھەيۋەتلىك تەخت ئورۇنلاشقان ئۆينىڭ ئالدىدىكى دەھلىزلىك تۆت چاسا كەڭ سەينادا تەختىراۋانغا ئولتۇردى. تەختىراۋان كاتتا بېزەلگەن بولۇپ، ھالقىلىرى ئالتۇن ئىدى. تەختىراۋاننىڭ ھەممە يېرى سېرىق سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، سېرىق تاۋار يوپۇقلارغا ئالتۇن قۇببىلار ئورنىتىلغان، يوپۇق ئۈستىدىكى لەئلى - ياقۇتلار

يالتىراپ تۇراتتى. سەككىز كىشى تەختىراۋاننى ئاۋايلاپ ئورنىدىن قوزغىدى. ئۇلار كەڭ سەينادا ئاستا مېڭىپ، ئوردىنىڭ سەككىزىنچى ئىشىگىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قىزىل يۇڭ چەكمەندىن ياپىنچ كىيگۈزۈپ قويۇلغان ئىككى يوغان پونىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن گۈللۈك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق قاراڭغۇ دالانغا چۈشتى. ئاندىن قاراڭغۇ دالاندىن ئۇزۇن كەتكەن تاش پەلەمپەي ئارقىلىق داتاڭغا يېتىپ كەلدى.

بىرىنچى پو ئېتىلغاندىن باشلاپ دۇمباق چالغىلى تۇرغان دۇمباقچىلار چىلىق-چىلىق تەرگە چۈمگەن ئىدى. تەختىراۋان داتاڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىلىچ-نەيزە، يا ۋە يا ئوقى قويۇلغان جازا ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىككى تەرەپتە تۇرغان يەڭلىرى كەڭ چەكلىرىدىكى مادا① خىللىرىغا قارا جىيەك تۇتۇلغان قىزىل كىيىم كىيگەن، بېشىغا قالپاق شەكلىدە پوپۇكلۇك بۆك كىيگەن، پوپۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق مونچاق تاقىغان قاراۋۇللارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، قاراۋۇللار قوللىرىنى يانلىرىغا چۈشۈرگەن ھالدا تىك تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. تەختىراۋان يەنە بىر ئىشىكتىن ئۆتۈپ، سالاسۇنلىرى چىرايلىق گۈل نەقىش چېقىرىپ سىرلانغان سەينادا توختىدى. شۇ چاغدا پوچتىكەش ئويناقلاپ تۇرغان ئاتلارنى كەينىگە شوخشىتىپ، پوچتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. خىزمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر ۋاڭنى يۆلەپ پوچتىغا چىقاردى. پوچتا دوش يول ئۈستىدىن مېڭىپ ئۇلۇق دەرۋازىدىن چىقتى.

ئۇلار ئوردا قوۋۇقىغا يەتكەندە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ يۈزلىرىنى يەرگە تەككۈزۈپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كوردى.

پوچتا مەيسەرنىڭ ئەتراپىدا بەگلەر، ئىنىڭگانىلار، خىزمەت-

---

① مادا خىل — چاپاننىڭ يېنىدىكى چەكلىرىگە تۇغرىلاپ ئىشلەنگەن گۈل.

چىلەر، ئات باققۇچىلار ئۇلاقلىق ۋە پىيادە سەپ تارتىپ ماڭاتتى.

كۈن ئىسسىق، يەر-زېمىن ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن ئادەملەرمۇ، ئۇلاقلارمۇ ھاردى. پوچتا مەپىسىنىڭ ئىچىمۇ قىزىپ كەتتى. تەرلەپ كەتكەن ۋاڭ:

— قونالغۇغا قانچىلىك قالدى؟ — دەپ سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان بىرىنچى تەيجىدىن.

— خوش، يېرىم يولنى بېسىپ بولدۇق خوجام. — دېدى تەيجى.

تەيجى ۋاڭنىڭ زېرىككۈاتقانلىقىنى بىلىپ ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خوشامەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئاللىرى چارچاپ قالدىلا، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئوردا قوغۇنلۇغى بار. تاماشا قىلغاچ ئوتىسلە، كۆڭۈللىرى تارتامدىكىن؟

ۋاڭ بىردىنلا ئېچىلىپ قالدى:

— ناھايىتى ياخشى، سىز باللارنى. ئاياللارنى يولغا سېلىۋېتىپ ئاتلارنى ئېلىپ قېلىڭ، ئاتلىق بېرىپ قايتايلى!

ۋاڭ كەيپى خۇش ھالدا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئاتلىق ماڭدى ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قوغۇنلۇققا يېتىپ كەلدى.

قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئوي كاتتا بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى باراڭ قىلىنغان، باراڭغا چۈشكەن قاپاق-كاۋىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى، باراڭنىڭ ئەتراپىغا تىزىلغان ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

ۋاڭ ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلگەندە، ئەتراپىدىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى ھەركەتكە كېلىپ، بىرى قولىدىن، بىرى قولتۇقىدىن تۇتتى. ئۇ، سول پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن ئېلىپ، ئوڭ پۇت ئۈزەڭگە ئاستىدا تۆت ئاياقلىنىپ ياتقان قۇلچاقنىڭ دۈمبىسىنى دەسسىدى. ئاڭغىچە ئاتنىڭ يېنىدىن باراڭنىڭ ئىچىگە بارغىچە يولغا يېشىل تاۋاردىن پاياندار سېلىنغان ئىدى. ۋاڭ تاۋار پاياندار ئۈستىدىن

ئاستا مېڭىپ باراڭ ئىچىگە كىردى.

بۇ قوغۇنلۇقنىڭ كولىمى ئاز دىگەندە بەش تاغارلىق① يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەرگە داڭلىق قومۇل قوغۇنىنىڭ تاللانغان ئۇرۇقلىرى ئۆز تۈرى بويىچە تېرىلغان بولۇپ، ھەرخىل تۈردىكى قوغۇننىڭ چونەك تاختىلىرى ئايرىم ئىدى. باراڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە چىلگە، لىگا تېرىلغان بولۇپ، پىشىپ ئۇزۇلۇپ بولغان، كۈن پېتىش تەرىپىگە تېرىلغان سېرىق ئالماش چىلگە، ئاپپاق لىگالار پەلەك ئارىسىدا شىرىن پۇراق چېچىپ ياتاتتى.

ئۇنىڭ نېرىسىدا شاپىغى قەغەزدەك نېپىز، بالدۇرراق پىشىدىغان، شىرىنلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان سېرىق كوكچى، يەنە بىر تەرەپتە شاپىغى يېشىل، ئىچى قىزىل، پىچاق تېگە-تەگمەيلا چاك كېتىدىغان شىرىن تەملىك يېشىل كوكچى تېرىلغان، ئۇنىڭ نېرىسىدا قوچاقتا بىر كەلگۈدەك يوغان-يوغان بىشەكچىلەر پىشىپ شىرىن پۇراق چېچىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپكە بولسا، ئۇزۇنچاق كەلگەن سېرىق يېشىل يوللۇق شاپىغى نېپىز، ئىچى چۇرۇك، يىسە تىلنى ياردىغان مىزگان، ئاياق تەرەپتە بولسا كېلەر يىلى قوغۇن پىشقىچە ساقلىغىلى بولىدىغان يوغان-يوغان كۆزلۈك كوكچى، جاغدا قوغۇنلار تېرىلغان ئىدى.

بۇ قوغۇنلۇقتىكى قوغۇنلار پىشقان ھامان ئۇردىغا توشۇلۇپ تۇرۇلاتتى ۋە ئۇردا ئۈچۈن قاق قۇرۇتۇلاتتى.

ۋاڭ قوغۇنلۇقتا ئۇزۇن تۇرمىدى. ۋاڭنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان قوغۇنچىلار قوغۇننىڭ ھەرخىللىرىنى تاللاپ ئۈزۈپ تەييارلىغان ئىدى. ۋاڭ ئۇ قوغۇندىن بىر تىلىم، بۇ قوغۇندىن بىر تىلىم ئېغىز تېگىپلا يەنە يولغا راۋان بولدى.

ۋاڭ كېتىۋېتىپ تەيجىسىگە بۇيرۇدى:

① بەش تاغار — 50 چارەكلىك يەر.

— مەن سىزگە ئېيتاي، مۇشۇ يەرگە بىر قۇدۇق قازدۇرۇش كېرەك ئىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇندىن كېيىن مېنىڭ ئوغلۇم، نەۋرە - چەۋرىلىرىم ماڭا ئوخشاش ساياھەتكە ماڭغاندا جاپا تارتىپ قالىدۇ. قۇدۇق قېزىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيى بىلەن مۇشۇ يەردە بىر باغ بىنا قىلىش كېرەك. بۇ يەر بىر چايزەن① بولۇپ قالسۇن.

— خوش، ئاللا ياخشى نىيەتلىرىگە يەتكۈزسۇن. بۇ ياخشى نىيەتلىرى ئۈچۈن ئاللا تائالا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. مال - دۇنيالىرىنى ھەددىدىن زىيادە قىلسۇن، بۇ ئىشنى ئۆزەم بىجا كەلتۈرىمەن! — دېدى تەيجى.

ئۇلار كۈن ئولتۇرغان مەزگىلدە ئارتامغا يېتىپ چىقتى. ئارتام ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى باراقسان بولۇپ كۆكىرىپ تۇرغان تۈت تۈپ سىدىنىڭ ئالدىدا پوچتا ۋە مەپىلەر توختىدى. ۋاڭنى تەختىراۋانغا سېلىپ ئىككى تەرىپىگە قىزىل گۈلسۈرۈق تىكىلگەن يول بىلەن مەخسۇس ئارام ئېلىش سارىيىغا ئېلىپ كىردى.

ۋاڭ بىر قانچە كۈنلەر ئارام ئالغاندىن كېيىن باغنى ئايلىنىپ تاماشا قىلماقچى بولدى.

بۇ باغ 150 تاغارلىق يەرگە بىنا قىلىنغان بولۇپ، تولىمۇ مەنزىرىلىك ئىدى. باغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، كۈن پېتىش تەرىپى چوڭ غول ئېقىن ئىدى. باغنىڭ مېۋىلىرى ھەرخىل بولۇپ، ياڭاقلىق باغ، ئالمىلىق باغ، ئۆرۈكلۈك باغ، بېيىلىك باغ، نەشپۈتلىك باغ، ئەنجۈرلۈك باغ، ئۈزۈملۈك باغ، شاپتۇللۇق باغنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەرقايسى باغنىڭ چۆرىسىگە تاش تام قوپۇرۇلغان ئىدى. بىر باغ بىلەن يەنە بىر باغنىڭ ئارىلىقىغا تۈپ - تۈز يول ياسالغان بولۇپ،

---

① چايزەن - يول ئۈستىدە چۈشۈپ ھاردۇق ئالىدىغان جاي.

يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئۈستۈرۈلگەن.

ۋاڭ ئۈچىسىغا پۇتىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان چىلان رەڭ، ئاي گۈللۈك ئۈزۈن تاۋار چاپان، چاپاننىڭ ئۈستىگە سېرىق تاۋاردا كالتە ماگىزا كەيگەن، بېشىغا يوغان زەرباپ قالپاق كىيگەن. پۇتىغا بولسا، بېيجىڭدا تىكىلگەن قارا دۇخاۋا مانجۇچە ئۆتۈك كىيگەن ھالدا تەختىراۋانغا ئولتۇردى.

تەختىراۋان غول ئېقىننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى تار بوغۇز ئارقىلىق قىر چوقىغا كەلدى. ئەسلىدە كىچىك بىدىلىك دەپ ئاتالغان بۇ يەر ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، ئۈزۈملەر ئۆز تۈرلىرى بويىچە بېدىشلەرگە ئېلىنغان، قىزىل سايىۋا، ئاق سايىۋا، كىشمىش ئۈزۈملەر شىرنە باغلاپ پىشىشقا باشلىغان ئىدى. ۋاڭ ھەرقايسىدىن بىر تالدىن ئېغىز تەككەندىن كېيىن تەختىراۋان يەنە قوزغالدى. ئۇلار غول ئاغزىغا كەلدى. بۇ يەر ياڭاقلىق باغ بولۇپ، ھەرخىل ياڭاقلار بىلەن تولغان ئىدى. ياڭاق شاخلىرى شۇنچىلىك باراقسان بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، باغنىڭ ئالقانچىلىك يېرىگىمۇ كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. ياڭاق تېخى پىشمىغاچقا ۋاڭ بۇ يەردە توختىمايلا، يېڭى باققا ماڭدى. بۇ باغدىكى شاپتۇل، چە-لان كوچەتلىرى يېڭىدىن مۆڭگە كىرگەن ئىدى. بۇ شاپتۇل تازا پىشقان چاغ بولۇپ، پوستىنى سويغان ھامان سۈيى تېمىپ تۇراتتى. ۋاڭ بۇ يەردە چۈشكىچە تاماشا قىلدى.

ئۇ چۈشتىن كېيىن ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. مىراخور ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن، ئوينىقلاپ تۇرغان ئاتنى ۋاڭنىڭ ئالدىدا توختاتقاندا، ئۇنغا يېقىن كىشى ۋاڭنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. ۋاڭنىڭ يېنىدىكى تەيجى، بەگ، كا، سىپالارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇلار ئاتلىق چوڭ ئالمىلىق باققا كىردى. بۇ باغدا ئالما ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، شاخلىرىنى كۆتىرەلمەي قالغان ئىدى. باغنىڭ يېرىمىدىن ئازراق قىسمى ئەنجۈرلۈك ئىدى.

ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پېشىشى باشلانغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئالتۇن يالتىلىغان كۆمۈش لىگەنلەردە ياغلىشىپ پىشقان، شىرنىسى تېمىپ تۇرغان ئەنجۈرلەرنى كەلتۈردى. ۋاڭ ئەنجۈرگە ئېغىز تېگىپ قويغاندىن كېيىن بىرئاز مېڭىپ، تاش غاشادىن ئۆتۈپ، يېڭى ئاۋات دەپ ئاتالغان باغچىغا كەلدى. بۇ باغچىغا ۋاڭ ئۆتكەن يىلى "يېڭى ئاۋات" دەپ نام قويۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ باغدا ئۈزۈم شۇنچىلىك ئاينىغان ئىدىكى، كوز يەتكۈسىز يەرلەرنى ئۈزۈم باراڭلىغى قاپلىغان ئىدى.

ۋاڭ باغنىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ بولغاندا كەچ كىردى. شۇنداق قىلىپ ۋاڭ ھەرخىل مېۋىلەرگە تولغان مەنزىرىلىك باغلارنى نەچچە كونلەر ئايلىنىپ يۈردى.

بىر كۈنى كۈن كوتىرىلگەن چاغدا ۋاڭ سۇمبە قورو دەپ ئاتالغان تاغ ئۈستىگە سېلىنغان راۋاققا چىقماقچى بولدى. تەختىراۋاننى تاغنىڭ ئۈستىگە كوتىرىپ چىقىش ئۈچۈن كۈچلۈك قۇللار تەيىنلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە باتۇرمۇ بار ئىدى. قوپال مېڭىپ، تەختىراۋاننى چايقاپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇللارنىڭ پۇتىدىكى چورۇقلار سالدۇرۇلۇپ، ئاق لاتا پايپاق كىيگۈزۈلدى. ماتا ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقاقلىرى، كالتە چاپاننىڭ بەل-يەڭلىرى باغلاندى. سالتاڭ ئادەم ئاران چىققىلى بولىدىغان بۇ ئېگىز تاغ ئۈستىگە ۋاڭنىڭ سەيلىسى ئۈچۈن كاتتا راۋاق سېلىنغان، راۋاقنىڭ ئالدى كەڭ سەينا، سەينانىڭ ئەتراپى گۈل نەقىشلىك سالاسۇن بىلەن ئورالغان ئىدى. ئوتتۇرىدىكى چوڭ سارايىنىڭ توت تەرىپىگە يوغان توت پەنجىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قارىسا، ئارتامنىڭ ھەممەيېرى ئېنىق كورۇنەتتى.

ۋاڭ تەختىراۋاننى راۋاقنىڭ سەيناسىدا توختىتىشنى بۇيرۇدى. تەختىراۋاننى كوتەرگۈچىلەر چارچاپ كەتكەنلىكتىن چىلىق-چىلىق تەرگە چومگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتىدىكى لاتا پايپاقلار

يەرتىلىپ كەتكەن، پۇتلىرىنى تاشلار تىلىپ قانىتىۋەتكەن ئىدى.

ۋاڭ تەختىراۋاندىن چۈشمەي تۇرۇپ زارلاندى:

— ھەي ئاتلىرىم، سىلەر مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ چىققىچە داغشالدۇرۇپ بىارام قىلدىڭلار، يەنە مۇشۇنداق قىلساڭلار مەن سىلەرنى كەچۈرمەيمەن!

ۋاڭنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلاپ باتۇرنىڭ غەزىۋى قاينىدى: "ئاتلىرىم دەۋاتقىنىنى قارا، بۇ زالىمنىڭ قولىدا راستىنلا بىز ئاتتىنمۇ خار بەندە بولدۇق. پۇتلىرىمىز تىلىنىپ، تېشىلىپ كەت-كىنىگە قارىماي شۇنچە ئاۋايلاپ كوتەرسەكمۇ، داغشالدۇرۇپ بىارام قىلدىڭلار دەۋاتقىنىنى" دەپ ئويلىدى.

ۋاڭ تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، دۇربۇننى تۇتقان ھالدا سالاسۇنلارنى بويلاپ سەينانىڭ ئۇيېقىدىن-بۇيېقىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ئالتۇن توگمىلىك ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرى يەردە سورۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتقان يېشىل گىلەمدەك چەكسىز گۈزەل باغلارغا نەزەر تاشلىغىنىدا، كورەڭلىگەندەك مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى. ۋاڭنىڭ بۇ ھالىتىنى كورۇپ باتۇرنىڭ خىيالىغا "بۇ باغ-سارايلار قانداق بىنا قىلىنغان-ھە؟ بۇلارنىڭ مۇشۇنداق ھوزۇر-ھالاۋىتى نەدىن كەلگەن-ھە؟" — دىگەن سوئاللار كەلدى.

بۇ باغ-سارايلار مۇنداق بىنا قىلىنغان ئىدى:

قۇمۇلنىڭ ئۈچىنچى ۋاڭى ئىمىن گۇڭ ئولگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپنى، خانلىق قۇمۇلغا ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىگەن. يۇسۇپ ۋاڭ بولغاندىن كېيىن قۇمۇل خەلقىنىڭ كۈنى تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلىغان. يۇسۇپ ۋاڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ ئول-تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوردىنى ئوزىگە مۇناسىپ كورمەي، كاتتا ئوردا سالدۇرۇپ ھوزۇر قىلىشنى ئويلىغان ۋە خەلقنى قاڭقىر قاخ-شىتىپ قۇمۇلدىكى چوڭ ئوردىنى سالدۇرغان. بۇ ئوردىنى پۈتۈن قۇمۇل خەلقى يىمەك-ئىچمەكنى ئوزىدىن قىلىپ بەش يىل ئىش-

لەپ پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، يۈسۈپ ۋاڭ ئۆزى ھەم بالىلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى ئۈچۈن ئون ئىككى تاغ، بەششەر خەلقىمە ئالۋاڭ سېلىپ، ئارتام، باغداش باغلىرىنى بىنا قىلدۇرغان. بۇ باغلارنىڭ ئورنى ئەسلىدە تاشلىق ساي بولۇپ. تاش - شېغىللارنى خەلققە زۇلۇم قىلىپ باشقا يەرگە توشۇتقان. توشۇلغان شېغىل - تاشلاردىن يېڭى - يېڭى تاغلار بىنا بولغان. شېغىل - تاشلار توشۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدىن توگە بىلەن توپا توشۇتتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توكتۇرگەن. ياقا يۇرتلاردىن كۆچەت ئالدۇرۇپ كېلىپ تىكتۈرگەن.

يۈسۈپ ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئىسھاق ۋاڭ بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئىسھاقمۇ زالىملىق، ھەشەم - ھەشەمەت بىلەن دەۋر سۈرگەن. ھەركۈنى دېگۈدەك شىكار قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئىسھاق ھەر قېتىم شىكارغا چىققاندا يۈزلىگەن قوراللىق ئادەم بىلەن بازار كوچىلىرىدا ماڭدامدا بىر پوە مىلتىق ئېتىپ خەلقنى يۈرەگالدى قىلىۋەتكەن. خەلق بۇنىڭدىن قورقۇپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. شەھەردە ئادەم بارغانسېرى شالاڭلىشىشقا باشلىغان.

كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەخمەت بەگ تەيجىلىك مەنسۈپى بىلەن يۇرتنى سوراشقا تەيىنلەنگەن. ئەخمەت بەگمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى ئۈچۈن ئارتام، باغداش باغلىرىغا كاتتا ئوردىلار سېلىشنى پىلانلىغان ۋە بېيجىڭغا خانلىقنىڭ ئوردىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە مەخسۇس ئادەملەرنى ئەۋەتكەن. بۇ ئورۇنلارغا كېرەكلىك خىش - كېسەكنى قۇمۇلدا تەييارلاتتۇرۇپ، ئارتام - باغداشلارغا توشۇتقان. ئوردا پۈتكىچە مىڭلىغان كىشى ھالىدىن كېتىپ، مىڭلىغان كىشى ئۆلگەن.

ۋاڭ سۇمبە ئۈستىدە باقىقا قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، يېنىدىكى تەيجىسىگە قاراپ دېدى:

— قومۇلنىڭ ئوزىدىكى 13 باققا قارىغاندا بۇ باغ ناھايىتى
ئۈستۈن تۇرىدۇ.

— خوش، — دەپ بېشىنى ئەگدى تەيجى.

ۋاڭ يەنە تەيجىدىن سورىدى:

— سىزگە ئېيتقان ھېلىقى ئىش قانداق بولدى؟

— خوش. ئارتام باغچىسىغا چىققانىنىڭ ئەتىسلا يارلىق چۈشۈردۈق. ئاڭلىساق ئۇرغۇن كىشى قۇدۇق قېزىۋېتىپتۇ. ئىنشائاللا، ئاللىلىرى قومۇلغا قايتقىچە، قۇدۇقنىڭ سۈزۈك، مۇزدەك سۈيىنى ئىچىپ ئۆتەرمىز. كېلەر يىل ئارتامغا ساياھەتكە چىققاندا، يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ بۈك-باراقسان سايىسىدىن ئۆتەرمىز. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۈچ يىلدىن كېيىن تاتلىق-شېرىن مېۋىلەرنى يەپ لەززەتلىنەرمىز، — دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ۋاڭ خۇشال بولۇپ كۈلدى ۋە كۆزىگە دۇربۇننى تۇتۇپ، ئالدى تەرەپكە قارىدى. تاپ-تاقىر سايلىقتا يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئېتىزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىرىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى، كىم ئىكەن؟ — دەپ دۇربۇننى تەيجىگە سۇندى ۋاڭ.

— ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم، — دىدى تەيجى.

ۋاڭ دۇربۇننى تەيجىدىن ئېلىپ قارا-قارىمايلا سۆزلىدى:

— كۆزىڭىز ئاجىز ئىكەن، كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئاق ماتا كۆينەك كىيگەن بىر قۇل، دولىسىدا كەتمىنى، پۇشقىقى تۈرۈكلۈك، يەر سۇغۇرۇۋاتسا كېرەك.

شۇ ئارىدا ئارتامنىڭ بويى ئىگىز، قارا ساقاللىق، كۆزى بورنىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان دوغىسى سومبىگە چىقىپ كەلدى-دە، تازىم بىلەن ئاۋال ۋاڭدىن ئېسەنلىك سورىدى. ئاندىن ۋاڭغا تۆۋەندىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— كۆڭۈللىرىگە مالاللىق يەتمىسۇن پادىشايىم، — دوغا بېشىنى

ئېگىپ يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — باغداش دوغىسى خوتۇن - بالا چاقىسىنى ئېلىپ قوراي تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ، باغداشنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئاللىرىنىڭ بىرەر يارلىق بېرىشلىرى زورۇر بولۇپ قالدى. يەنە بىر گەپ، 15 كۈندىن بېرى كىشلەر ئاللىرى كورسەتكەن ھىلىقى سايدا قۇدۇق قېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. يەر 80 گەزدەك كولانسىمۇ سۇ چىقماپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، قۇدۇقتىن بوران چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ سەۋەپلىك بۇ ئىشنى توختىتىپ قويساقمىكىن دېيىشىۋاتىمىز.

دەرۋەقە قۇدۇق قېزىپ باغ بىنا قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن پۇقرالار ئۇزلىرىنىڭ بېشىغا زۇلۇمنىڭ يەنە بىر تېغى يىقىلغانلىقىنى ھىس قىلىپ، قاتتىق قايغۇغا چۈمگەن ئىدى. ئەسلىدە قۇدۇق قېزىلغاندىن كېيىن، بۇ چەكسىز سايىنىڭ تاش - شېغىللىرىنى يوتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇمۇلدىن توپا ئېلىپ كېلىپ، بىر گەز قېلىنلىقتا توپا ياتقۇزۇش كېرەك ئىدى. بۇ تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش. شۇڭا پۇقرالار زورلۇق بىلەن سايغا ھەيدەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان بۇ ئالۋاڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر چارە ئويلاپ تاپتى. قۇدۇق 10 گەز كولانغاندىن كېيىن، قۇدۇق ئىچىدە ئىشلەۋاتقانلار 80 گەز كولاندى دەپ مەلۇم قىلدى. دوغا بۇنىڭغا چىن پۈتمەي، ئاغامچا سېلىپ كورمەكچى بولدى، ئاغامچا چۈشۈرۈلگەندە ئىچىدىكىلەر ئاغامچا چۈشمىدى دەپ خەۋەر بېرىپ تۇرۇۋەردى. 80 گەز ئاغامچا قۇدۇققا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن قۇدۇق ئىچىدىكىلەر، قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن بوران چىقىپ كەتتى، دەپ خەۋەر بەردى ۋە ئالدىراپ قۇدۇق ئۈستىگە يېنىپ چىقتى. دوغا بۇنىڭغا ئىشەندى - دە، ئېتىغا مىنىپ ۋاڭنىڭ يېنىغا قاراپ چاپقان ئىدى.

دوغىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋاڭنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ تەيجى-

سكە قاراپ:
— بۇگۈن كۈنگە نىمە؟ — دەپ سورىدى. لېكىن تەيجى جاۋاپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ۋاڭ چېچىلغان ھالدا سوزلەپ كەتتى، — بۇگۈن ئەس كۈن ئوخشايدۇ ـ ھە؟ ئەگەر قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن بوران چىقىپ كەتكەن بولسا، ئالا ھەزەل. كويۇقاپنىڭ بىر ئاغزى شۇ يەردە بولسا كېرەك! كولانغان قۇدۇقنى دەرھال تىندۇرۇۋەتسۇن! — ۋاڭ قاپىغىنى سالغان ھالدا دوغىدىن سورىدى، — ئۇز يۇرتىدىن بەزگەن باغداش دوغىسى نىمە ۋەجىدىن قېچىپتۇ؟
— ئاڭلىسام شاھزادە خوجامغا قوساق كوپۇگى بار ئوخشايدۇ. ئۇزىلا كەتسە مەيلىغۇ، يۇرتنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ئەگەشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا، بالا ـ چاقىسىنى قورايغا ئاپىرىپ ـ قويۇپ ئۇزى سەرۋەڭ تېغىغا چىقىپ ئادەم توپلاپ، شاھزادە خوجامدىن ئوچ ئېلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ.
ۋاڭنىڭ سەپرايى ئورلىدى. چىرايى تاتىرىپ ـ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئاچچىغىدىن بەزگەكتەك تىترەپ كەتتى.
— نە...... نە...... نىمە قوساق كوپۇگى بار ئىكەن، بۇنى بىلەلىدىڭمۇ؟
دوغا خىجىل بولغاندەك جاۋاپ بەردى:
— ئۇ يېقىنى بىلەلمىدىم، پادىشاھىم، ئاڭلىساق، ئۇنىڭ قولىدا قورالمۇ بارمىش. باغداشتىكى قوي ـ ئاتلارنىمۇ ھەيدەپ كېتىپتۇ ـ مىش.
— مېنى دەرھال باغداشقا ئېلىپ مېڭىڭلار! — دىدى ۋاڭ.
— باغداشنىڭ يولى خەتەرلىك، ھاۋا بولسا ئىسسىق، بىر ـ ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقساقمىكىن؟ — دىدى تەيجى.
— ياق، — قولىنى سىلكىدى ۋاڭ، — دەرھال ئېلىپ مېڭىڭلار. مېنى تېززاق باغداشقا يەتكۈزۈڭلار!
سۇمبىگە تەختىراۋاننى كوتىرىپ چىققان سەككىز كىشى

تەختىراۋاننى كوتىرىپ يەنە پەسكە قاراپ ماڭدى.
— يېقىنراق يول بىلەن ئېلىپ مېڭىڭلار، — دەپ ئالدىراتتى
ۋاڭ.
ۋاڭنىڭ مەخسۇس تەيىنلەنگەن يول باشلىغۇچىلىرى ۋاڭ-
نىڭ باغداشقا بارىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، بىرى ئالدىدا، بىرى كەي-
نىدە ئالدىراش يولغا چىقتى.
ئوتتەك يالقۇنجاۋاتقان ئاپتاپ كەڭ سايلىقنى قىزىتىۋەتكەن
ئىدى. يانتاق ھەم قامغاقتا تولۇپ كەتكەن بۇ سايلىقتا مېڭىش
ناھايىتى تەس ئىدى. تەختىراۋاننى كوتىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ
پۇتلىرىدىكى لاتا-پايپاقلار تىتىلىپ تۇگەشكە باشلىدى.
ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى تاشلار تىلىپ، تىكەنلەر قىيما-چىيما قىلىۋەتتى.
پۇتلاردىن ئاققان قان-تاشلارنى بويىدى. تەختىراۋاننى كوتەر-
گۈچىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇسسۇزلۇق-
تىن كالپۇكلىرى قۇرۇپ، چاك-چاك يېرىلىشقا باشلىدى.
ئۇلار ئاسمانغا تۇتاشقان ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرگەندە،
تەختىراۋاننى يەرگە قويدى. تاغنىڭ بىر يېرىدىن چىپ-چىپ
قىلىپ سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇسسۇزلۇق جاندىن ئوتكەچكە
كىشىلەر تاشلارنى يالاپ، ئېغىزلىرىنى ھوللەشتى.
ۋاڭ ئاخىرى باغداش ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئوردى-
نى ئەخمەت بەگ بېيجىڭ خانلىغىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆلگىسى
بويىچە سالدۇرغان ئىدى. باغداش ئوردىسى ئارتام ئوردىسىدىن،
ھەتتا قومۇلدىكى چوڭ ئوردىدىنمۇ كاتتا ياسالغان ئىدى. چوڭ
ئۈچ قوۋۇقلۇق دەرۋازىدىن ئوتۇپ يەنە توققۇز ئىشىكتىن ئوت-
كەندىن كېيىن تەختكە يەتكىلى بولاتتى.
چوڭ جولۇقۇقتىن ئوتكەندە ئىككى تەرىپى گۈللۈك يولغا
چىقاتتى. ئۇ يەردىن نەقش چىقىرىپ ياسالغان مۇگلۇزىلىق①

① مۇگلۇزا — راۋاقلىق ئىشىك.

كاتتا ئىشىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاناتلىرىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خوراز ھەيكەللىرى قوندۇرۇلغان ئىدى. ئىككى تەرەپتە، يەنە سالاسۇنلىرى گۈل چىقىرىپ سىرلانغان ئاجايىپ چىرايلىق ئۆيلەرمۇ بار ئىدى.

ۋاڭ 200 ئېغىزدىن ئارتۇق ھەشەمەتلىك ياسالغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ھېچ قايسىدا توختىماي توپ-توغرا ۋاڭ سارىيىدىن ئۆتتى. ۋە نىلۇپەر گۈلى تېرىلغان كۆللۈكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، باغداش باغچىسىغا كىردى-دە، باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خىش بىلەن 10 گەزدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان راۋاققا چىقتى. ۋاڭ شۇنچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي تەختىراۋاندىن چۈشتى.

راۋاققا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئۆي بولۇپ، بۇنىڭدا شاھزادە نەزەر نەچچە كۈندىن بېرى بەزمە قىلماقتا ئىدى. بۇ يەرگە ئەتراپتىكى تاغلاردىن چىرايلىق قىز-چوكانلار ئالدۇرۇپ كېلىنگەن بولۇپ، شاھزادە ئۇلارنىڭ ساز-ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئاچماقتا ئىدى.

شاھزادە باغداشقا چىققاندىن كېيىن شەھۋانىلىقتا تولىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كىشىلەرنىڭ چەكسىز غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىۋەتتى. يەقىندا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى.

بىر كۈنى شاھزادە بەزمە ئۆتكۈزگەندە باغداش دوغىسىنىڭ قىزى تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، قىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. دوغا "قىزىم كېسەل" دەپ بەرمىدى. بارغان كىشى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە: "قىزىدىن ئانىسى بەك چىرايلىق ئىكەن" — دېدى. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئانىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. قىزنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ: "گۆرگە بارسام باراي، شاھزادىنىڭ بەزمىسىگە بارمايمەن" دەپ بېرىشنى رەت قىلدى. ھەجەر ئاپپاق بولسا: "ھەي ئىززىتىنى بىلمىگەن پەس. خوجام سېنىڭ ئىززىتىڭنى قىلىۋاتسا بارمايدىغان نېمە ھەققىڭ!"

دەپ بېشەملىك قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئىچكىرىدىكى ئۆيدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان دوغا ھەجەر ئاپپاقنىڭ زوتالىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىققان پېتى ئۇنىڭ تەستىكىگە كېلىشتۇرۇپ بىر نەچچە كاچات سالدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان پۇقرالار دوغىغا بارىكاللا ئېيتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن دوغا بالا-چاقىسىنى ئېلىپ تاققا چىقىپ كەتتى. پۇقرالارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاققا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە چىققىنىغا 15 كۈن بولغان بولسىمۇ ھازىرغىچە بەزمە ئويناۋاتاتتى.

ۋاڭ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى، يېرىم كېچە بولغاندا يېنىدىكى تەيجىسىدىن سورىدى:

— دۇڭگۇر-دوڭگۇر قىلىۋاتقان نىمە ئۇزى؟

تەيجى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بەردى:

— خوش پادىشايىم، شاھزادە خوجام كوڭۇل خوشى قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

— ھە، دەپ قويدى ۋاڭ ۋە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن دىدى، — سىزگە ئېيتاي، ھازىرلا شاھزادە باراۋەت قىلىۋاتقان يەرگە بېرىپ، خوتۇنلارنىڭ ئەڭ يامىنىنى تۇتۇپ سولاپ قويۇڭ، ئۇلار مېنىڭ ئوغلۇمنى يولدىن چىقىرىپتۇ.

تەيجى "خوش" — دىگىنىچە تازىم بىلەن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى. لېكىن يامغۇر ياغمىدى.

ئەتىگەندە ۋاڭنىڭ بۇيرۇغى بىلەن پۈتۈن باغداشنىڭ ئادىمى باغنىڭ ئىچىگە، راۋاقنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ۋاڭ:

— ئېلىپ چىق! — دەپ بۇيرۇدى.

نەزەرنىڭ يالاقچىلىرى ئاخشام ۋاڭنىڭ بۇيرۇغىدىن پايدىلىنىپ، نەزەرنىڭ يول كورسىتىشى بىلەن دوغىنىڭ كېسەل ياتقان ئانىسىنى، سىڭلىسىنى كېچىدىلا تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويغان

ئىدى. ۋاڭنىڭ ۋاقىرىشى بىلەن بۇ ئىككى ئايال ئېلىپ چىقىشادى.

— باس! — دەپ بۇيرۇدى ۋاڭ.

سەككىز كىشى ئىككى ئايالنى دۈم ياتقۇزدى.

— ئۇر! — دەپ ۋاقىردى ۋاڭ يەنە.

ئىككى ئايال پۇتاقلىرى ئېلىنغان تاياق بىلەن قىرىقتىن ئۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ يوتىلىرىنىڭ گۆشى يېرىلىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى ۋە ئانچە ئۆتمەي، بۇ ئىككى ئايال تاياق زەربىسىدىن جان ئۈزدى.

بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ باتۇر تولىمۇ ئازاپلاندى. ئۇ تەختىراۋان قويۇلغان ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى-دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئېقىۋاتقان يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، تەختىراۋاننى كۆتىرىدىغان ياغاچنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە كىمنىدۇر ئۇرماقچى بولدى.

لېكىن ئۇ يالغۇز نېمە قىلالايمەن، دېگەننى ئويلىنىپ تورۇپ قالدى. شۇ ئارىدا، "تەختىراۋاننى ئېلىپ چىقىڭلار" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ۋاڭ، ئوغلى ھەم بەگلىرى بىلەن قومۇلغا كەتمەكچى ئىدى. ئۇ، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆتىرىپ تەختىراۋانغا ئولتۇردى. تەختىراۋان راۋاقتىن پەسكە چۈشۈشكە ئازلا قالغاندا باتۇرنىڭ پۇتى تېيىلىپ يىقىلىپ كەتتى. تەختىراۋان قىڭغىيىپ، ۋاڭ پەسكە دومىلاپ كەتتى. ۋاڭنىڭ كۆزلىرى قورقىنىدىن ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ۋاڭنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەختىراۋاننى كۆتەرگۈچى سەككىز كىشىنى چەمبەرچەس باغلىدى. بەزىلىرى ۋاڭنى كۆتىرىشىپ پەستىن ئېلىپ چىقتى. ۋاڭ ھېچنەرسە بولمىغان ئىدى. لېكىن ۋاڭنىڭ خېلىغىچە سەپرايى بېسىلمىدى، قاپىقى ئېچىلمىدى. كەچكى تاماقتىن كېيىن

ۋاڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ھالدا تەيجىدىن سورىدى:

— بۈگۈن كۈنگە نېمە بولدى ئۇزى؟ ئايمۇ تىك كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ-ھە؟

تەيجى بۈگۈن كۈننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە كەلتۈرەلمەي گاڭگىرىغان ھالدا:

— بۈگۈن نەس كۈن ئوخشايدۇ، ئۇزلىرىگە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇلدى، — دېدى.

— بۇ تۇز كورلار مېنىڭ بېشىمنى يېمەكچى ئوخشايدۇ. ئاللا ئىگەم ئۇزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مېنى ساقلاپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنى جازالىماي بولمايدۇ. دەرھال كومۇرلۇككە ئاپىرىپ تاشلاڭلار، يەرنىڭ ئاستىدا چىرىپ ئۆلسۇن!

ۋاڭنىڭ يارلىغى بىلەن تەختىراۋاننى كوتەرگەن سەككىز كىشى قوللىرى كەينىگە باغلانغان ۋە بىر-بىرىگە چېتىلغان ھالدا ئېلىپ مېڭىلدى. قارا ئات مىنگەن چېرىك ئۇلار باغلانغان ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ، ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار باغداشتىن چىقىپ، بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جىلغىغا كەلگەن ئىدى. تاغ باغرىدىكى قەۋرىستانلىقتا يېڭىلا ئېلىپ چىقىلغان ئۇچ تاۋۇتنى كوردى. ئۇلار بۇنىڭ ئىككىسىنىڭ باغداش دوغىسىنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ تاۋۇتى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. لېكىن يەنە بىرسىنىڭ كىمنىڭ تاۋۇتى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

شۇ ئارىدا چېرىك ئېتىنى توختىتىپ، ئىككى قولىنى كوتەرگەن ھالدا ئولۇكلەر ئۇچۇن دۇئا قىلدى ۋە ئىچىدە نىمىلەرنىدۇ بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. باتۇر چېرىكنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— پەمىچە، ئاۋۇ ئىككى تاۋۇت بۈگۈن ئەتىگەن ئۇرۇپ ئولتۇرۇلگەن ئىككى ئايالنىڭ تاۋۇتى. ئوستىگە سەللە قويۇلغان تاۋۇت كىمنىڭ تاۋۇتىدۇر، ئەر كىشىدەك قىلىدۇ. ئۇ نېمە بولۇپ ئولگەندۇ؟

— ئۇ مەرھۇم مېنىڭ بۇرادىرىم ئىدى،— دەپ كوزىگە ياش ئالدى چېرىك،— بۇمۇ تۇنۇگۇن كېچىدە ئۇرۇپ ئولتۇرۇلدى.
— نېمىشقا ئۇرۇلدى؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.
— بۇ تۇنۇگۇن بولغان ئىش،— دەپ چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى چېرىك،-تۇنۇگۇن ۋاڭ يولىغا چىقىش بىلەنلا نەزەر خوجىنىڭ خوتۇن-باللىرىمۇ باغداشقا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. پۇجۇڭ خېنىمنىڭ تەختىراۋانىنى كوتەرگەن خوتۇنلارنىڭ پۇتلىرى تې-شىلىپ ماڭغىدەك ھالى قالمىدى. ھالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ بىر نەچ-چىسى يىقىلىپ چۇشتى. ئاخىرى تەختىراۋانىنى ئەرلەر كوتىرىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ۋاڭ ۋە ۋاڭنىڭ خوتۇن بالا-چاقىلىرى ئولتۇرغان تەختىراۋانغا ئەرلەرنىڭ قارىشى مەنئى قىلىنغان ئى-دى. شۇڭا ئالدىمىزغا، يەرگە قاراپ مېڭىشقىلا بولاتتىكى، كەينى-گە — پۇجۇڭ خېنىم تەرەپكە قاراشقا زادى بولمايتتى. تەختىراۋا-نى شۇنداق كوتىرىپ ماڭدۇق. مۇشۇ زارەتكالىققا كەلگەندە پۇجۇڭ خېنىم بىر تۇققىنىنىڭ قەۋرىسىنى كورۇپ ئوتمەكچى بولدى. تەختىراۋا-نى يەرگە قويۇشمىزغا نېرىقى يولدىن بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي، بىز تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى. قارىسام مەن كىچىك چېغىمدا خوشنا ئولتۇرغان، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇرادىرىم ئىكەن. مەن ئۇنى تونۇپ، كەينىگە يان دىگەن ئىشارەتنى قىلدىم. ئۇ دەرھال ئېتىنى بۇ-راپ كەينىگە ياندى. لېكىن بىرسى ھايال ئوتمەي نەزەر خوجىغا:
— بىر ئاتلىق كىشى يولدىن توپ-توغرا ئوتۇپ، پۇجۇڭ ئاغىچامغا يامان نىيەت بىلەن قارىدى،— دەپ خەۋەر يەتكۇزۇپتۇ. نەزەر خوجا بۇنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپكە كېلىپ "مېنىڭ خوتۇنۇمغا قارىغان نائەھلىنى دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار" دەپ بۇيرۇدى. ئۇ كىشى ھايال ئوتمەي ئېلىپ كېلىندى. نەزەر خوجا 200 دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. تاياق ئۇنى ھۇشىدىن كەتكۇزدى. ئۇيىگە ئې-

لىپ بىرىلغاندىن كېيىن جان ئۈزۈپتۇ.
چىرىكىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياش بىلەن تولدى ۋە ھەسرەت
بىلەن قاتتىق خورسىنىپ قويدى-دە، ئالدىدىكىلەرگە قاراپ:
— قىنى ئەمدى ماڭايلى، يولىمىز يىراق، قۇمۇلغا بارغاندىن
كېيىن يەنە كۆمۈرلۈككە بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بۇلارنى ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق قىيـ-
نىدى. چىرىكنىڭ كەيپىياتىمۇ بارغانسېرى بوشاپ قالدى. بىر قۇم
دۆۋىسىگە بارغاندا، چىرىك ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارغا رەھىمىسى
كەلگەندەك ئۇلارنىڭ قوللىرىنى بىرئاز بوشىتىپ قويدى ۋە ئۇ-
لارنى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بىرئاز ئارام ئېلىشقا قويۇپ بەر-
دى. باتۇر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يېتىپ ئاسمانغا قارىغان ھالدا
خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئېسىنى بىلگەندىن كېيىنكى ئۆتكۈزگەن
كۈنلىرى، تونۇشقان ياخشى ئادەملىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تىزىلىپ
كېلىشكە باشلىدى. كامال، تۇرسۇن ئاتا، ئىسلام قاتارلىقلار ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا كەلدى ھەم ئۇلارنى سېغىنغاندەك بولدى. كۆمۈرلۈك-
كە بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يېنىكرەك تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ يەردە
ئۇنىڭ تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئىسلام بار ئىدى. ئۇ-
نىڭ كۆز ئالدىغا ئىسلامدەك يەنە نۇرغۇن ئەزىمەتلەر كەلگەندەك
بولدى. ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، بىر چاغ-
لاردا بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايە ئېسىگە چۈشتى. بۇ
ئۆمەر باتۇر ھەققىدىكى ھېكايە ئىدى.

خېلى يىللار ئىلگىرى، سىرتتىن بولاڭچى، باسمىچىلار كې-
لىپ قۇمۇل خەلقىنى بىئارام قىپتۇ. شۇ چاغدا يۇرت باشقۇرۇۋات-
قان بەگ نۇرغۇن لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىپ-
تۇ. بىراق يېڭەلمەپتۇ. خەلق دائىم پاراكەندىچىلىكتە ئۆتۈپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەگ مەسلىھەتچىسىنىڭ پىكرى بىلەن ئۆز ئا-
دەملىرىنى بولاڭچى باسمىچىلارچە ياساندۇرۇپ خەلقنى بۇلاپ باي-

لىق توپلىماقچى بوپتۇ. ئومەر باتۇر بۇنى بىلگەندىن كېيىن دەر-ئەزدىكە كەپتۇ-دە، مەسلىھەتچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى يولدا ئۇچرىتىپ قېلىپ، قولىغا قىلىچ ئالغان ھالدا ئات بىلەن قوغلاپتۇ. مەسلىھەتچى قېچىپتۇ، ئومەر باتۇر قوغلاۋېرىپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوتلار چاچراپتۇ، ئومەر باتۇر قوغلا-قوغلا، ئاخىرى، مەسلىھەتچىنى ئوردىغىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. مەسلىھەتچى ئوردىغا كىرىپ ئۆزىنى قۇتقۇزغاندا، ئومەر باتۇر قىلىچنى ئىككى پۈكلەپ سۇندۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. بەگ بۇنى كۆرۈپ: "ئومەر باتۇرنى تۇتۇڭلار"— دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئومەر باتۇرنىڭ يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى، قورقماس باتۇرلۇغى، قاۋۇل گەۋدىسى بەگنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

بەگ "ئەسقىتىپ قالدىغاندەك قىلىدۇ"— دىگەن ئوي بىلەن ئۇنى يالغۇز تويۇن① دىگەن جايغا بۇلاڭچى-باسمىچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. ئومەر باتۇر بۇنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خوشال بوپتۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان ئەزىمەتلەرنى تاللاپ، كۆك ئالا تايىنى مىنىپ يالغۇز تويۇن تامان سەپەر قىپتۇ.

ئومەر باتۇر لەشكەرلەرنى باشلاپ جەڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۈتمىگەن بىر چاغدا، باسمىچىلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قورشىۋاپتۇ. ئومەر باتۇر قورشىلىپ قالغان بولسىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تولپارىنى مىنگەن ھالدا ئىككى قولىدىكى قىلىچنى ئوينىتىپ باسمىچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. لەشكەرلىرىمۇ روھلىنىپ كېتىپتۇ. جەڭ قاتتىق داۋام قىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار باسمىچىلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ. باسمىچىلارنىڭ ساق قالغانلىرى قېچىپتۇ. شۇندىن كېيىن قۇمۇلدا باسمىچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىگى بولمايدىغان بوپتۇ. كىشىلەر ئومەر

① يالغۇز تويۇن — قۇمۇلدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

باتۇر ھەققىدە ئاجايىپ قوشاقلارنى توقۇشقان ئىكەن......

باتۇر بۇ ۋەقەلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

ۋاڭ باغداشتىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىش ۋاقتىدا "باغداش دوغىسى پۈتۈن يوللارنى توسۇپ بوپتۇ" — دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەس-ۋەسىگە چۈشتى ۋە نەچچە كۈنگىچە يولغا چىقالمىدى. ئاخىرى ئۇلار خۇپىيانە ھالدا باشقا يوللار بىلەن قۇمۇلغا بېرىۋال-ماقچى بولدى. ئاۋال شاھزادە كېچىسى تاغنىڭ كەينى بىلەن يولغا سېلىندى. ۋاڭ ئۆزى كېيىنرەك يولغا چىقتى.

باغداش دوغىسى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغلارغا گۈلخان يېقىپ، قاش دوۋلەپ، پۈتۈن دىققەت نەزىرىنى ئاساسىي يوللارنى توسۇشقا قاراتقان، ئارا يوللارغا سەل قارىغانلىقتىن ۋاڭ ۋە شاھزادىنى قاچۇرۇپ قويدى. دوغا بۇلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندى-دە، "بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قىساس ئالماي قويمايمىز، بۇ تۇپراق ئۈستىدە يا سەن تۇر-سەن، يا بىز!" دېدى.

ۋاڭ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن باغداش دوغىسىنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم ماڭغۇزدى.

## ئون بەشىنچى باپ

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ
پىراقىڭ قىلدى دىۋانە،
جاھان ئالەمدە بارمىكىن —
سېنىڭدەك ياخشى رەنانە.

ۋاڭ موللانىيازنى تۇتۇش ھەققىدە بىر نەچچە قېتىم پەرمان چىقاردى. كېيىنكى يىللاردا قازى توختى بوۋاينى قەستلەش نىيىتىدە: "موللانىيازنى قاچۇرغان توختى بوۋاي" دېگەن ئىغۋا بىلەن ئاخىرى ۋاڭغا چېقىشتۇرۇپ توختى بوۋاينى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. يالغۇز قالغان شەرىخان تاغدىن نەۋرىسىنى ئالدۇرۇپ چۈشتى. موماي كېچە-كۈندۈز: "بوۋاينىڭ ئۇردىدىن ئۆلۈكى چىقىدۇ، تىرىكى چىقمايدۇ" دەپ يىغلاپ قاخشىدى. ئەمما ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى بوۋاي ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كىرىپ كەلدى. شەرىخان كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— خۇدايىم، بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ، ئۆڭۈممۇ؟ — دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە ۋاقىرىۋەتتى.

— ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، خۇدايىم بەتنىيەت مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! — دېدى توختى بوۋاي ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن.

ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كەتكەن گۈلشەن بوۋىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭ بوۋا! ئۇلار سېنى ئۇردىمۇ؟ —

دەپ سوردى. بوۋاي تەمكىن ھالدا نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئۇزۇن يەكتىمگىنى سېلىپ، گۈلشەنگە تۇتقۇزغان- دىن كېيىن كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى سوزلەپ بەردى.

بوۋاينى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ ئىش سۇلتان مىرغەزەپنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى بۇ موللانىياز بىلەن چېتىشلىق ۋەقە ئىدى. مىرغەزەپ ئۇزۇندىن بېرى موللانىياز بىلەن قازى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەرنى ئانچە-مۇنچە بىلەتتى، لېكىن پاكىت بىلەن خۇلاسە چىقىرىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇڭا زاھىر تەيجىنىڭ توختى بوۋاينى سوراق قىلمايلا زىندانغا تاشلاش بۇيرۇقىنى رەت قىلدى. ئۇ "ئاۋال سوراق قىلىپ كورەيلى، ئىشنىڭ ھەممىسىلا بىر تەرەپكە دوڭگىلى بولمايدىغاندەك تۇردۇ! دەپ، موللانىياز بىلەن قازى ھەققىدە كەلگەن ئەرز شىكايەتلەرنى تەيجى ئالدىدا يېيىپ چۈشەندۈردى. تەيجى ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئامالسىز قالدى. مىر غەزەپ توختى ئاخۇننى ئوزى يالغۇز سوراق قىلىشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشنى ئويلىدى. شۇڭا سۇلتان ھاجى تەيجىنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، توختى بوۋاينى ئوزى يالغۇز سوراق قىلىشقا باشلىدى. ياساۋۇل خىزمەتچىلەرنىمۇ كىرگۈزمىدى. بۇ سوراق ئەمەس، بەلكى ئوز ئارا چۈشىنىش، تونۇشۇش بولدى. توختى بوۋاي مىرغەزەپنىڭ موللانىياز ھەققىدە سورىغان سوئال- لىرىغا ناھايىتى چۈشىنىشلىك جاۋاپ بەردى. گەپ ئارىسىدا ئوز ئەھۋالى، نەۋرىسى باتۇر، قىزى گۈلسۇمخاننىڭ ئولۇمى، ئوزىنىڭ ئورۇلغانلىقى، زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ دەرت توكۈۋالدى. مىرغەزەپ بوۋاينىڭ سوزلىرىنى ھەم قىزىقىش، ھەم ئىچ ئاغرىتىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ياخشى تەلەپلىرىگە ھېسداشلىق قىلدى. دەرت - ئەلەملىرىگە ئېچىندى. موللانىيازنى توغرا ئادەم ئىكەن دەپ تونۇدى. ئەنە شۇ چاغدا مىر-

غەزەپنىڭ چىرايىدا ئۇلۇغ بىر ئالىجاناپلىق، سەممىيەت، مېھرى-مۇھەببەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنى كورۇپ توختى بوۋاينىڭ قەلبى يورۇپ كەتتى. ئۇ ياسىن قازى ھەققىدە تەپسىلى سوزلەشكە باشلىغاندا، مىر غەزەپنىڭ ئوتلۇق كوزلىرى غەزەپتىن چوڭ-چوڭ ئېچىلاتتى. ئۇ قازى ئۇستىدىن "ئۇز قىلمىشىنى يوشۇرۇش ئۇچۇنلا قىلىۋاتقان ئىشلار ئىكەن" دىگەن خۇلاسىنى چىقاردى. توختى بوۋاينى كوپنى كورگەن، كوپنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن دەپ تونۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توختى بوۋاينى ئۇزى ئەگەشتۇرۇپ ئوردىدىن ئېلىپ چىقىپ ئازات قىلىۋەتتى. بوۋاي خوشاللىقىدا كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، مىر غەزەپنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىپ رەھمەت ئېيتتى. مىر غەزەپ:

— نەۋرىڭىز باتۇرنى ۋاڭ جاناپلىرى ساياھەتتىن قايتقاندىن كېيىن ئوردىدىن چىقىرىپ بېرىشكە ھەركەت قىلىمەن، — دىدى.

توختى بوۋاي ئويىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممىسى-ئويىنىڭ ئىچى تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك، ھويلا-ئاراملار كېڭىيىپ كەڭتاشا بولۇپ قالغاندەك ھىس قىلىشتى. بوۋاي ئويدىكىلەرگە مىر غەزەپ بىلەن بولغان سوھبەتنى تەپسىلى سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. شەربىخاننىڭ يۇزلىرىدە خوشاللىق جىلۋىلىنەتتى. كوڭلىدە "جېنىم بالام باتۇرنى قويۇپ بەرسە-ھە؟ خۇدايىم، سۇلتان مىر غەزەپنىڭ ئومرى ئۇزۇن بولسۇن" — دەيتتى. گۇلشەننىڭمۇ سۇنۇق كوڭلى يايراپ كەتتى. شەربىخان باقى قويچىغا ئېيتىپ نەۋرىسىنى ئۇز يېنىغا ئەكىلىۋالغانلىقىنى، ھەتتا ياتلىق قىلىشقا تۇغرا كەلگەندىمۇ ئۇز يېنىدا ياتلىق قىلدۇرغانلىقىنى ئوتۇنۇپ سورىغانلىقىنى، باقى قويچىنىڭ رازى بولغانلىقىنى بوۋايغا سوزلەپ بەردى. توختى بوۋاي خوشال بولغان ھالدا:

— خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن، — دىدى.

گۈلشەن ھازىر خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ قولى ئىشلىق، كىشىنىڭ مەسلىگى كەلگۈدەك چىرايلىق بىر قىز بولۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ سۇزۇك چىرايى، بۇلاقتەك كوزلىرى، قەلەمدەك قېشى، تال-تال كىرپىكلىرى كىشىنىڭ مېھرىنى تارتاتتى. ئۇ، ساپ ھاۋالىق تاغدا ئۆسكەچكە ئىككى مەڭزى ئانارەدەك قىزىل ئىدى. ئۇ يەنە شەھەر قىزلىرىدەك نازۇك ئەمەس ئىدى، ئۇ سوزمەن، چېچەن ھەم تۈرگۈن ئىدى. ئۇ بۇ جەھەتتىن بوۋىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

توختى بوۋاينىڭ ساق-سالامەت ئوردىدىن قايتىپ چىققانلىقى ئەلى-مەلىگە پۈر كەتتى. بەزىلەر بۇنىڭغا ھەيران قالدى. بەزىلەر خوشال بولدى. ھەممىسى دىگۈدەك سۇلتان دىمىر غەزىپىنى تەرىپلەشتى.

توختى بوۋاي خوشنا مەھەللىدىكى سوپى دېخان بىلەن خېلى يېقىن ئوتتۇشەتتى. سوپى دېخان ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ دېخانچىلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۈچ يىلدىن بېرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئۈستىگە ئالۋاڭ-ياساقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىر ئوغلىنى ئىشرەت ئوغرى ئولتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سوپى دېخان ئوغلىنىڭ دەردىدە تېخىمۇ قېرىپ كەتتى. بۇ پاجىئە ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنسېرى غەزەپتىن كوزلىرى يانىاتتى. ھەسرەتتىن يۈرەكلىرى ئورتۇلۇپ كېتەتتى.

سوپى دېخاننىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت دادىسىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەندى. ئۇ گەۋدىلىك، قامەتلىك، كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى "مامۇت زور" دەپ ئاتە-شاتتى. يەنە بىر ئوغلى پازىل ئاتىسى بىلەن بىللە دېخانچىلىق

قىلاتتى. ئۇ ئۆي-ئوچاقلىق بولسىمۇ تېرىكچىلىكى يەنىلا دادىسى بىلەن بىللە ئۆتەتتى. (پازىلدىن چوڭى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى). يەنە بىر ئوغلى كامال. ئىلياز خوجىغا ئىككى يىل ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئىشلەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھازىر يىگىتلىك ھۆسنىگە تولغان، كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، ئىشچانلىقى بىلەن كىشىلەرگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى. كامال دائىم دوستى باتۇرنى ئويلايتتى. سېغىناتتى. شۇڭا ئۇ پات-پات شەرىخان بىلەن توختى بوۋاينى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. قىلالمىغان ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. گۈلشەن تاغدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۇ نەچچە قېتىم كەلدى. دەسلەپتە ئۇ گۈلشەننىڭ تاغ قىزلىرىغا خاس خۇلقى-مىجەزى، ئوغۇللاردەك مەردانە تۇرقىغا قاراپ ئەجەپلەندى. "بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ تولىسى مۇلايىم كېلىدۇ، بۇ قىزنىڭ خۇلقى-مىجەزى ئاجايىپكىنە؟" دەپ ئويلىدى. كېيىنچە قىزنىڭ شوخ كۈلكىسى، ئوچۇق-يورۇقلۇقى، مەرتلىكىگە قىزىقتى، بارا-بارا ياخشى كۆرۈپ قالدى. گۈلشەنچۇ؟ كامالنى دەسلەپ كۆرگەندە "نېمە دېگەن قىزلاردەك مۇلايىم ئوغۇل بالا بۇ" دەپ ئويلىدى، ئىككىنچى قېتىم كۆرگىنىدە كامالنىڭ يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان قاپ-قارا كۆزلىرىدە بىر يېقىملىق ھېسسىياتنى سەزدى. بۇ ھېسسىيات كېيىنچە ئۇنىڭدا باشقىچە بىر خىل سېزىم پەيدا قىلدى. دائىم ئۇنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئىككى يۈرەكنىڭ سىرى ئىدى. ھېچكىم بىلمەيتتى.

شۇ كۈنلەردە سوپى دېخان كامالنى ئۆيلەپ قويۇش خىيالىنى قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئوغلىغا كىمنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە بېرىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئاخىرى يېقىنلىرىغا مەسلىھەت سالدى. قىزىق ئىش، ھەممىلا كامال بىلەن گۈلشەننى بىر-بىرىگە

تازىمۇ لايىق، بۇ ئىككىسىنى جۈپ قىلىپ قويسا "ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز" دېگەندەك تازىمۇ جايىدا ئىش بولىدۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: تەگتۇش دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ، لايىق دېگەن گۈلشەن قىز ئەمەسمۇ؟ — دېيىشتى. بۇ مەسلىھەتتىن سوپى دېخاننىڭ كۆڭلى سۆيۈندى. ئاخىرى بۇلار توختى بوۋايىنىڭكىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باقماقچى بولۇشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، توختى بوۋاي بىلەن شەرىخان موماي كامال ئۈچۈن كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالدى. بوۋاي بىلەن موماي ئەلچىلەردىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا: "تەگتۇش دېگەنمۇ، لايىق دېگەنمۇ شۇ، ئەمما بىز بۇنى بالىنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى"، — دېدى.

شۇندىن كېيىن ئۇلار ئارىنى ئۈزار تمايلا باقى قويچىنىڭ يېنىغا مەسلىھەتكە ئادەم چىقاردى. گۈلشەن ئۇ كىشىدىن دوستى گۈلدەستىگە بىر پارچە خەت بەردى. خەتتە گۈلدەستىنىڭ قولىغا كېلىپ نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشىنى سورانغان ئىدى.

باقى قويچى: "مومىسى بىلەن بوۋىسى ياقتۇرغان كىشىنى مەن رەت قىلالمايمەن، ئۆزلىرى بىلگىنىچە قىلسۇن" دېدى. ئۇ كىشى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ قولىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن گۈلدەستىمۇ بىللە كەلدى. كېچىگىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئىككى دوست بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ يۈرەك سېغىنىشلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

توي قوناق ئورمىسىدىن كېيىن بولىدىغان بولدى.

نەۋرىسىنىڭ تويى توختام بولغاندىن كېيىن، شەرىخان كوپىنچە تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، نەۋرىسىگە نىمەلەرنى تەييارلاش ھەققىدە ئويلىنىپ يۈردى، بۇگۈن كەچتىمۇ شۇ خىيال بىلەن مومايىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە خېلى يىللاردىن بېرى ئۇراپ، ساقلاپ يۈرگەن بوپىسى كەلدى-دە، بوپىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ قالدى. مومايىنىڭ يۈرىگى جىغ قىلىپ كەتتى. بوۋاي نامازغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. شەرىخان "ئاللا ئىگەم ئۆزەڭ ساقلىغايسەن" دەپ پىچىرلىدى ئۆز ئۆزىگە ئاندىن گۈلشەنگە قاراپ:

— بۇ كەچتە ئىشىكنى ئۇرغان كىمدۇ بالام؟ بوۋاڭ هازىرلا نامازغا ماڭدىغۇ، داداڭ كەلگەنمىدۇ - يە، بېرىپ ئېچىشىپ باققىنا، — دېدى.

گۈلشەن ئاستا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تىڭشىدى. ئىشىك يېنىك - يېنىك قېقىلىۋاتاتتى. بۇ ھېچقانداق ئەنسىزلىكتىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇڭا گۈلشەن سەل ئۆزىنى توختىتىپ.

— كىم؟ — دېدى.

— مەن، مەن، مەن باتۇر.

— ھوما، ئاكامكەن، ئاكام كەپتۇ! — خوشاللىقتىن ۋاقىرىۋەتتى گۈلشەن ۋە ناھايىتى تېز ئىشىكنى ئېچىپ خوشاللىغىدا ئاكىسىنىڭ قولىلىرىغا ئېسىلىپ، كوزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. مومايمۇ "ئاھ بالام، كەلدىڭمۇ، خۇدايىم يەتكۈزدىغۇ سېنى!" دېگىنىچە كاڭدىن پەسكە چۈشۈپ، نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

گۈلدەستىمۇ شەرىخاننىڭ كەينىدىن پەسكە چۈشۈپ باتۇرنىڭ مومىسى بىلەن كورۈشۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەمما بۇ ئازغىنا ۋاقىتتا گۈلدەستىنىڭ كوز ئالدىدىن پايانسىز تاغنىڭ ئاقىراپ ئاققان سۇلىرى، كەڭرى يايلاقلىرى، چىمەنلىك ئوتلاقلىرى، ئۇستەڭ بويىدىكى زىرىق، ئازغان مىۋىلىرى، باتۇر بىلەن قولمۇ - قول تۇتۇشۇپ ئويناشقان ئېدىرلىقلار، گۈلزار - چىمەنلىكلەر، ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاش شېغىللىقلار ئۆتتى. باتۇرنىڭ كىچىك چاغلىرىدا گۈلدەستىگە قىلغان چاقچاقلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى. ئەپسۇسكى، هازىر باتۇر ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇپ بالىلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى. گۈلدەستىنىڭ يۈ-

رەڭگى قىـــلغاندەك بولۇپ يەرگە قارىدى. شۇ ئەسنادا باتۇرنىڭ
ئوتلۇق كوزلىرى "كەم بۇ" دىگەندەك گۇلدەستىگە تىكىلدى. گۇل-
دەستە بىشىنى كوتىرىپ، چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن" كۇلۇپ قويـ-
دى ۋە:

— مىنى تونۇمايۋاتامسىز باتۇر ئاكا؟— دىدى.

— تونۇدۇڭمۇ بالام، مىرىخاننىڭ قىزى گۇلدەستە ئەمەسمۇ؟—
دىدى شەرىخان كۇلۇپ.

باتۇر گۇلدەستىنىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— گۇلدەستە سىزمىدىڭىز؟ تونۇماي قالغىلى قىل قاپتىمەن-
دە!— دىدى ۋە كۇلۇپ تۇرۇپ تىچلىق سوراشقا باشلىدى.— شە-
رۇللا دادام. مىرىخان ئاپاملار تىچلىقمۇ، دادامچۇ؟

— ھەممىسى تىچلىق، باقى دادامىمۇ ئوبدان كىتىۋاتىدۇ.

— جىنىم بالام ئاسماندىن چۇشتۇڭمۇ، قانداق قىلىپ كىلىپ
قالدىڭ، قىچىپ كەلدىڭمۇ-يە؟ خاتىرجەمسىزلىنىپ سورىدى
موماي.

— سىلەرنى كورگىلى كەلدىم موما، بوۋام قىنى؟— باتۇر مو-
سىنى ئاۋايلاپ ئاستا كاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوزىمۇ
ئولتۇردى.

باتۇر بوۋىسىنى سورىغاچ مومىسىنىڭ خىرە يىنىپ تۇرغان
كوزىگە تەلمۇرۇپ قارىدى. مومايىنىڭ جۇدەك گەۋدىسىمۇكچىيىپ
قالغان، يۇزلىرىدىكى قويۇق قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشقان ئىدى. مو-
ماي ياشقا تولغان ھەسرەتلىك كوزلىرىنى باتۇرغا تىكىپ، قىزى
گۇلسۇمخاننى ئەسلەپ قالدى-دە، ئورۇق قوللىرى بىلەن باتۇر-
نىڭ يۇزلىرىنى، مۇرىلىرىنى سىلىدى.

— بوۋاڭ نامازغا چىقىپ كەتكەن، ھىلى كىرىدۇ،— دىدى
موماي تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، ئاندىن ئۇن چىقارماي كوزىدىن
ياش توكۇشكە باشلىدى. گۇلشەن، گۇلدەستىلەرنىڭ كوزلىرىدىمۇ

ياش ئەگدى، باتۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. مېھرىۋان ئانىسى كۆز ئالدىغا كەلدى. ھەممىسى سۈكۈتكە چۈشكەن ۋاقىتتا تۇختى بوۋاي نامازدىن يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. باتۇر كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا،— دەپ بوۋىسىغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن، باتۇرمۇ سەن؟— دېدى بوۋاي نەۋرىسىنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— قانداق قىلىپ كەپ قالدىڭ بالام، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قاپسەنغۇ؟ باغداشتىن يېنىپ كەلدىڭلارمۇ؟ مەن سېنى سۇلتان مىرغەزەپكە ئېيتتىم. مىرغەزەپ سېنى باغداشتىن قايتىپ كەلسىلا ئازات قىلىۋېتىمەن دېگەن ئىدى. خۇداغا شۈكرى، قايتىپ كەپسەن، بالام.

ئۇلار ھەممىسى كاڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. بوۋاي بەكمۇ خوشال ئىدى. نەۋرىسىنىڭ بويلۇق، قاۋۇل بەستىگە تويماي قارايتتى. باتۇر بوۋىسىغا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— گۇناكارلىق بېشىمىزدىن كەتمەس ئىللەت بولدى. بوۋا بىز سەككىز كىشىنى كومۇرلۇككە پالىدى،— دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسىلا جىددىيلىشىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشتى.

باتۇر باغداشتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، كومۇرلۇككە پالانغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— بىزنى يالاپ كەلگەن چېرىك ياخشى ئادەم ئىكەن. بۈگۈن كەچتۇرۇن قومۇلغا يېتىپ كەلگەن ئىدۇق، مەن ئۇلاردىن سىلەرنى كۆرۈپ كېلىشنى سورىدىم ۋە تۇرسۇن ئاتا شىڭشىڭشاغا پالانغاندا: "قىسىلىپ قالغاندا ئىشلىتەرسەن" دەپ بېرىپ كەتكەن پۇللارنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئىدىم، ئۇ پۇلنى ماڭا ياندۇرۇپ

بېرىپ: "ماقۇل بارغىن، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن. تاڭ ئاتماستا قايتىپ كەل. بۇ پۇلۇڭنى بوۋاڭغا بەرگىن" دەپ مېنى يولغا سالدى، — دېدى.

توختى بوۋاي چېرىكنىڭ ئىسمىنى، چىرايى بەلگىسىنى سورىدى، ئەمما كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى.

موماي باتۇرنىڭ كۆمۈرلۈككە پالانغانلىقىنى ئاڭلاپ يەنە قايغۇغا چۆمدى ۋە كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ بالا - قازا سېنىڭلا بېشىڭدا چوگىلەپ يۈرەمدىغاندۇ. ئەمدى سەن كۆرمىگەن شۇ كۈن قالدىمۇ جېنىم بالام. ئۇ يەردە يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسەن، ئۇ يەرنىڭ ئىشىنى تولىمۇ مۇشكۈل دېيىشىدىغۇ، قانداقمۇ قىلارسەن؟

توختى بوۋاي بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، بېرىپ تۇرغىن. مەن سۇلتان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىمەن. سېنى كۆمۈرلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەپكېلىشۋالىمەن، — دېدى ۋە بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن شەرىخانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يىغلاپ ئۆزەڭنى ئۇپراتما. بۇ كۈنلەر كىمنىڭ بېشىدا يوق؟ دىخانلارنىڭ، چارۋىچىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ئۇلارنىڭ كۈنى ئاچلىق، نامراتلىق بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. سەن ئۆزەڭنى ئويلاپ كۆرچۇ؟ ئۆمرۈڭدە راھەتلىنىپ ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ باشقا قېرىنداشلىرىمىزنى ئويلاپ كۆرچۇ، كىمنىڭ راھەت كۆرگىنى بار؟ بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا كېلىۋاتقىنى مانا شۇ. ھازىرچە چىداشتىن باشقا چارىمىز يوق.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى موماي كۆز ياشلىرىنى زورىغا توختىتىپ، — بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنى ھەممىدىن ئېغىر بولدى. ھەي خۇدايىم، بىزنى ئۈستىمىزدىن بىر قارا تاغ بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قارا تاغ ئاخىرى ھەممىمىزنى مىجىپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ!

— تاش غۇلسا تاغمۇ تۈزلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە ئازاپ چېكىۋاتقانلارنىڭ غەزىۋى بىر ئۇلغايسا دەيمەن. بۇنداق غەزەپ ئۇلغايسا دەريادەكلا تاشىدۇ. ئۇچاغدا ئۇنىڭ دولقۇنلۇق كەلكۈنى تاشلارنى غۇلىتىپ، سەن ئېيتىۋاتقان قارا تاغنى بىر كۈنى تۈزلىۋېتىشى مۇمكىن. ھازىر ھەممىلا كىشىنىڭ غەزىۋى قاپناپ سەۋرى قاچىسى تولۇپ قالدى.

بوۋاي زور ئىشەنچ بىلەن بۇ سوزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن باتۇرغا قاراپ قويدى.

— شۇنداق بوۋا، ئۇلار بىزنى قانچىلىك يامان كورسە بىز ئۇلارنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرمەيمىز-دە، ئۇلار بىزگە قانچىلىك زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇ زۇلۇمنى ئىچىمىزگە سىڭدۈرۈپ ئوتۇۋەرمەيمىز-دە، يارىمۇ بىر كۈنى ئېغىز ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — باتۇرنىڭ سوزى ئولتۇرغانلارنىڭ قەلبىنى يورۇتقاندەك بولدى.

گۆلشەنىنىڭ چوڭ، قارا كوزلىرىدە ئاكىسىغا بولغان مېھرىۋانلىق جىلۋىلىنەتتى. ئۇ ئاكىسىنى كورگەندىن كېيىن بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا بوۋىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك سوزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرمۇشنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى، ئازاپلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاكىسىغا زوقلىنىپ قارايتتى.

گۆلدەستىنىڭ ئويناپ تۇرغان چىرايلىق كوزلىرى نەچچە رەت باتۇرنىڭ ئوتكۈر كوزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

موماي گۆلشەننى ئاۋال چاي راسلاشقا، ئاندىن تاماق ئېتىشكە بۇيرۇدى. گۆلدەستە گۆلشەن بىللە ئورنىدىن تۇرغان ئىدى.

— سىز تاغدىن قاچان چۈشتۈم دېدىڭىز؟ — دېدى باتۇر ئۇنى توختىتىپ.

— بىر نەچچە كۈن بولدى. كېتىمەن دېسەم گۆلشەن قويۇپ بەرمىدى. تۇرغىنىممۇ ياخشى بوپتۇ، سىزنى كوردۇم دېسەم

باقى دادام قانچە خوشال بولۇپ كېتەر، ــ دېدى گۈلدەستە.
ــ دادام قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟
ــ ياخشى، سادىق ئاكامنى ئويلەپ قويىدى، زۆھرەت ئاچام ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، ھەممىمىز ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ھازىر باقى دادام بارلىق تولەڭ ماللارنى تولەپ بېرىپ، سىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ.
ــ ئەنمۇ بۇ قېتىم كومۇرلۇككە بارغاندىن كېيىن ھىلىقى چېرىككە ئېيتىپ، نەچچە كۈنلۈك سوراپ دادامنى كورۇپ كېلىمەن دەۋاتىمەن، ــ دېدى باتۇر.
ــ نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن خۇدايىم، ــ دەپ قويىدى موماي ھەسرەتلىنىپ.
باتۇر دادىسىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭغا كويۇنگەن بۇ قىزنىڭ ساپ مېھرىدىن تەسىرلەندى، ئۇنىڭ كوزىگە ھازىر گۈلدەستە تېخىمۇ يېقىملىق، چىرايلىق بىر گۈل بولۇپ كورۇندى. ئۇ كېچىگىدە بىللە ئوينىغان چاغلىرىنى ئويلىدى. ئۇ گۈلدەستىنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى سورىدى. گۈلدەستە باتۇرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.
قىزلارنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ موماي پىچىرلاپ تۇرۇپ گۈلشەننىڭ تويى ھەققىدە گەپ ئاچتى:
ــ سېنىڭ بىر بېشىڭنى ئىككى قىلىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالغان، لېكىنزە، بېشىڭدا پالاكەتلەر ئايلىنىپ يۈرگىنىدە بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. گۈلشەنمۇ بويىغا يېتىپ قالدى. قىز بالا دىگەن بىر ئاز كوزگە كورۇنۇپ قالسىلا كىشىلەرنىڭ كوزى چۈشىدىكەن. يېقىندا سوپى دىخاننىڭ ئوغلى كامالغا ئەلچى كەلگەن ئىكەن. بوۋاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ داداڭغا ئادەم چىقاردۇق. داداڭمۇ بوۋىسى بىلەن مومىسى بىلسۇن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن "ماقۇل" دەپ قويې-

دۇق. سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار بالام؟
باتۇر كامال دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ كۆڭلى سۇيۇنگەن
هالدا:
— كامال دېدىڭىزمۇ موما؟ — دەپ قايتا سورىدى.
— هەئە، كامال.
— بوپتۇ، ناهايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى باتۇر خۇشال
بولۇپ.
ئۇلار ئاۋال چاي ئىچىشتى، ئاندىن پۇرچاق سېلىپ ئەتكەن
مېزىلىك سۇيقاشنى ئىچىشتى. هاۋا ئىسسىق بولغاچقا ئۇيمۇ
ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. گۈلشەن بىلەن گۈلدەستە يەنە چىنە-قا-
چىلارنى يىغىشتۇرغىلى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. باتۇر هويلىغا چە-
قىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ يېڭى كوتىرىلگەن ئون بەش كۈنلۈك تو-
لۇن ئايغا، ئاي ئەتراپىدىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىدى.
ئۇ قانداقتۇر بىر ئارزۇ-ئۈمىت ئىچىدە تەنگىرقاپ قالغاندەك ئىدى.
شۇ چاغدا گۈلدەستىمۇ سىرتقا چىقىپ باتۇرنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان
ئورۇندۇقنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ ئولتۇردى.
— تاغنىڭ هاۋاسى بىلەن بۇ يەرنىڭ هاۋاسى پۈتۈنلەي ئوخ-
شىمايدىكەن-هە؟ — دېدى گۈلدەستە.
— قانداق، ئىسسىپ كەتتىڭىزمۇ؟ — كۈلۈپ سورىدى باتۇر.
— شۇنداق، قۇمۇلدا هاۋا بەك ئىسسىپ كېتىدىكەن.
— هازىر هاۋامىغۇ ئىسسىق، لېكىن بۈگۈن ئاخشام مەنمۇ بەك
ئىسسىپ كېتىۋاتىمەن، — باتۇر گېپىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ قويدى.
گۈلدەستە باشقا ياقلارغا قارىغان بولۇپ گەپ قوش-
مىدى.
— ئۇزۇن يىللار ئوتۇپ كەتتى. گۈلدەستە، مەن دائىم تاغ-
دىكى باللىق تۇرمۇشۇمنى ئەسلەيمەن. هازىر چوڭ بولدۇق. هەم-
مە نەرسىنى پەرق ئېتىدىغان، هەممە ئىشنى ئويلايدىغان بولۇپ

قالدۇق، — دېدى باتۇر. يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، ئەمما ئۇنى بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئورىۋالغان ئىدى.

گۈلدەستە كۈلۈۋەتتى.

— نېمىلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

باتۇر گۈلدەستىنىڭ كۈلكىسى بىلەن سوئالنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يەنە سورىدى:

— تويىڭىزنى قىلدىمۇ؟

گۈلدەستە بۇ ئوشتۇمتۇت سوئالدىن ھەيران بولۇپ:

— نېمە دەۋاتىسىز، توي دېگەننى كوڭۈلگە ياققان كىشى بىلەن قىلمىسا بولامدۇ، توي دېگەن ئۇنداق ئالدىرايدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى.

قىزنىڭ سەممى سۆزىدىن تەسىرلەنگەن باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قىزنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. لېكىن گۈلدەستە سەل ئۇيالغاندەك بولۇپ، بۇلۇتسىز سۈپ-سۈزۈك ئاسماندىكى ئاي-غا قاراپ ئولتۇراتتى. باتۇر نېمىگىدۇ ئالدىرىدى. چۈنكى بوۋىسى ياكى مومىسى ۋە ياكى گۈلشەن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئورنىدىن تۇرغاچ دېدى:

— گۈلدەستە، بىزنىڭ ئەمدى قاچان ئۇچرىشىشىمىز ناتايىن، لېكىن مەن چوقۇم ئۇزۇن ئۆتمەي تاققا چىقىپ كېتىمەن، يەنە بىللە ئوينايدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟

گۈلدەستە دەرھاللا جاۋاپ بەرمەي باتۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— قېنى ئېيتىڭا، مېنى كۈتەرسىزمۇ؟

قىز بۇ سوئالغا ئۇدۇللا جاۋاپ بەرمەي، باتۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— زامانى ئاۋالدا بىر مەرت پالۋان ئۆتۈپتۇ، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر گادايىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. يىگىت قىزغا

سىزگە ئوخشاش سوئال قويۇپتۇ. قىز ئۇنىڭغا "ئەگەر بولسا سوزگە يەتمەك، نە دولەتتۇر سۈكۈت ئەتمەك" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. يىگىت بۇنىڭغا چۈشىنەلمەي "نىمە دىدىڭىز" دەپ قايتا سوراپتۇ. قىز يەنە جاۋاپ بېرىپ: "سىز سوزىڭىزدە تۇرسىڭىز، سىزنى ھەرقانچە ئۇزاق كۈتۈش مېنىڭ ئۈچۈن بەخت-سائادەت دىمەكتۇر" دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

باتۇر گۈلدەستىنىڭ ئۇستىلىغىغا قايىل بولۇپ كۈلۈپ كەتتى-دە، يەنە سورىدى:

— ئاخىرى نىمە بوپتۇ؟

— ئاخىرى پالۋان دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدە غالىپ كېلىپ قايتىپ كەپتۇ. قىز بىلەن خوشال-خورام توي قىپتۇ، — گۈلدەستە جاۋاپ بېرىپ بولۇپ ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق كۈلدى-دە، لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك، چىشلىرىنى كورسەتتى. ئىككىسىنىڭلا يۈرىگىدە مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجىدى......

باتۇر يەنە بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا گۈلشەن قاچاقۇمۇچ يۈغان سۈنى كوتىرىپ ھويلىغا چىقىپ قالدى. باتۇر ئوڭايسىزلىنىپ ئويگە كىرىپ كەتتى. گۈلشەن كوڭلىدە بىر نەرسىنى سەزدى-دە، ۋاقىتسىز سىرتقا چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلاندى.

باتۇر بوۋىسى، مومىسى بىلەن تاشقارقى ئويدە تاڭ ئاتقىچە پاراڭلىشىپ ياتتى.

كوزنىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن گۈلدەستىمۇ ئىچكەركى ئويدە گۈلشەن بىلەن مۈڭدىشىپ ياتتى. ئىككىنچى توخۇ چىللىغاندىن كېيىن باتۇر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ تۈنۈگۈن چېرىك قايتۇرۇپ بەرگەن پۇللارنى بوۋىسىغا سۇندى. ئەمما بوۋىسى:

— يېنىڭغا سەپ قوي، ئەسقېتىپ قالار، — دەپ ئالمىدى. بۇ چاغدا گۈلشەن بىلەن گۈلدەستىمۇ باتۇر بىلەن خوشلاشقىلى تاش-

ئارقى ئويگە چىققان ئىدى.
— تاققا قايتقىنىڭىزدا دادامغا دەپ قويۇڭ، — دىدى باتۇر، — پات يېقىندا بىر ئامال قىلىپ تاققا چىقىمەن. بۇ مېنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇيۇم، — باتۇر بۇ سوزنى گۈلدەستە ئۈچۈنمۇ دىدى. گۈل-دەستە بۇنى چۈشىنىپ:
— ئەمىسە سىزنى كۈتىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ جاۋاپ ھەيلىدا سۈتتەك ئايدىڭدا سورالغان سوئالنىڭ ئەينەن جاۋاۋى ئىدى.
چىقىپ كىتىۋاتقان باتۇرغا موماي قايتا تاپىلاپ:
— مەن دىگەن سوزنىمۇ ئۇنتۇپ قالما، — دەپ ئەسكەرتتى. بۇ دىگىنى "بىر ئامال قىلىپ سىڭلىڭنىڭ تويىغا كەلگىن" دىگەن سوز-نى تەكرارلىغىنى ئىدى.
— بولىدۇ، بوۋا، موما، خەير گۈلشەن، گۈلدەستە خەير!
— خۇداغا ئامانەت بالام!

## ئون ئالتىنچى باپ

ئالۋاڭ - سېلىقنى تولا
تۆكەي دېسەم ئاشىم يوق.
بۇ ئالۋاڭنى تۆكمەستىن،
تىرىكلىكتە باشىم يوق.

سوپى دېخان ئوغلىنىڭ تويىغا بىر قوي بوداشنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. ئۆيگە ئىككىنچى ئوغلى پازىل كىرىپ كەلدى. ئۇ كاڭنىڭ لېۋىگىلا ئىلىنىپ ئولتۇرۇپ دادىسىغا:

— تويىنى كۈزدە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، شەرىخان موماي بىزدىن يوقنى تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ. قولىمىزدا بارغىلا تويىنى ئۆتكۈزۈۋېتەيلى، — دېدى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن ئوغلۇم، توي دېگەن توي، كەمبەغەل بولساقمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ - دە!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى پازىل خىيال بىلەن كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، — ئەمما ئەھۋالىمىزغا قارىمىساقمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە بۇ يىلمۇ ئاشلىقتىن ئۈمىت يوق. مانا قارا، ھازىردىن باشلاپلا ئىسسىق شامال چىقىۋاتىدۇ. بۇغداينى ۋاقتىدا سۇغىرىۋېلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمايۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بۇغداي سۇ ئىچمىسە يەردىن بىر نەرسە ئالغىلى بولارمۇ؟

ئوغلىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرى سوپى دېخاننى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي، كۆزىنى ھويلىغا تىكىپ، كۈزدە ئالىدىغان ھوسۇل ھەققىدە خىيال سۈرۈپ كەتتى.

پازىل دادىسىنىڭ خىيالىنى بولۇپ ئەسكەرتتى:

— لەگچى بەگلەر بۇغدايىنىڭ كوكىنى باھالاشقا چىققاندا، ئۇلار بىلەن تەڭ ئېتىز بېشىغا چىقساق بولىدۇ. ھەرنىمە بولسا ھەقنى ئۇلارنىڭ كوزىگە كورسىتىپ قويۇش كېرەك، ھەر يىلى ئىش ئوتۇپ كەتكەندە پۇشايمان يەيمىز. ھەر ئىشنى ۋاقتىدا كورگەن ياخشى. ئۇنداق قىلمىساق، ھەر يىلى كېلىۋاتقان پالاكەت بۇ يىلمۇ بېشىمىزغا كېلىۋاتىدۇ.

سوپى دېخان ئوغلىنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ ئويلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويۇپ:

— ھەر ھالدا قىيىن، — دەپ قويدى.

— ئەگەر ئېتىز بېشىغا سەن چىقمىساڭ، مەن ئوزەم چىقىمەن. ئۇلار بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ سوزلىشىمەن، — دېدى پازىل.

— سەن ئوزەڭ بىلىسەن بالام، — دەپ تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى سوپى دېخان، — ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟ ئۇلار راستىنى يالغان، ئاقنى قارا قىلىۋېرىدۇ. مىڭ گەپ قىلغىنىڭ بىلەن بىكار ئىش بولامدىكىن. ھەي......ھېچبولمىغاندا بۇغدىيىمىز 3-، 4-باھالىنىپ قالسىمۇ يامان بولمايتتى، — سوپى دېخان ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويدى.

پازىل شۇندىن كېيىن لەگچى بەگلەرنىڭ زىرائەت كوكىنى باھالاشقا چىقىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ يۈردى. ئارىدىن كوپ ئوتمەي ئۇ لەگچى بەگلەرنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلىدى-دە، ئېتىز بېشىغا يۈگۈردى. پازىل يولنى توغرىسىغا كېسىپلا ماڭغان ئىدى، يول ئۈستىدە لەگچى بەگلەرنى كوردى: راست دېگەندەك، ئۇلار سوپى دېخاننىڭ يېرى سۇ ئىچىدىغان ئېرىقنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى باھالاشقا ماڭغان ئىكەن. بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئىچىدە ۋاڭنىڭ دېخانچىلىققا مەسئۇل تەيجىسى،

شەھەر دوغىسى، مىراپ بېگى، كوك بېشى، خەتچىلەر بار ئىدى. ئۇلار كورەڭلىگەن ھالدا ئاتلىق ئېتىزمۇ-ئېتىز چېپىشاتتى.

لەڭچى بەگلەر، ئالدى بىلەن تۇغ بېگىنىڭ يەرلىرىنىڭ بېشىدا توختىدى. جامال دوغا يەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ قويۇق ئۈسكەن، سەردان باش تارتقان بۇغداي ئېتىزلىرىنى كوزدىن كەچۈردى ۋە تەيىجىگە ھورمەت بىلەن قاراپ:

— توتىنچى باھالاپ قويساق بولغىدەك، يەرنىڭ بېشىدىكى بۇغدايلار ئوخشىغاندەك قىسغان بىلەن ئايىغىدا بىر تال باشنى كورگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

تۇغ بېگىنىڭ بۇ بۇغدايلىغى سۇبېشىدا بولۇپ ئەسلىدە ناھايىتى ئوخشىغان، دان سۈيىنىمۇ قانغىدەك ئىچكەن ئىدى. شۇڭا بۇغدايلار پۇتۇنلەي توق دان تۇتقان، گايى ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار باشلىرىنى كوتىرەلمەي قالغان ئىدى. لېكىن بۇ ئۇنبەش تاغارلىق يەردىكى بۇغداي ھېچقانداق تالاش-تارتىشسىزلا توتىنچى باھالىنىپ ئاياق① ئۇنغا قوشۇلدى.

لەڭچى بەگلەر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قازىنىڭ يەرلىرىگە كەلدى بۇ يەرلەرنىڭ ئاشلىغىمۇ بايىقىغا ئوخشاشلا ئوخشىغان، لېكىن قازىنىڭ يۈز خاتىرىسى بىلەنلا توتىنچى باھالىنىپ يەنە ئاياق ئۇنغا قوشۇلۇپ تىزىملاندى.

ئۇلار بۇ ئېتىزدىن ئۆتۈپ ھارۋا يولى ئارقىلىق سوپى دېخاننىڭ يەرلىرىگە كەلدى. بۇغداي مايسىلىرى يەردىن بىر چى-دەكلا كوتىرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شالاڭ، بەزى يەرلەر-

① ئاياق ئۇن — ئۇ چاغلاردا لەڭ چېچىش ئۈچكە بولۇنەتتى. بىرىنچى دەرىجىلىك يەرلەر باش ئۇن بولۇپ، بىر تاغارلىق يەرگە بىر يېرىم تاغار؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرلەر ئارا ئۇن بولۇپ، بىر تاغار؛ ئۈچىنچى، توتىنچى دەرىجىلىك يەرلەر ئاياق ئۇن بولۇپ، 5 - 6 كۈرە لەڭ ئېلىناتتى.

دېكى بۇغدايلار سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىغان، دان سۈيى ئىچمەگەچكە ئۇششاق باش ئالغان ئىدى. بۇ يەرنىڭ بۇغدىيى توتىنچى باھالىنىشمۇ دېگەنگە ئوۋال بولاتتى.

— بۇ يەرنىڭ بۇغدىيى ئوخشاپتۇ، — دېدى كوكبېشى كوزىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ قارىسىغىلا.

— ھاپىز ئاكا، — دېدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پازىل، — ئۇتكەندە سۇ بېشىدا سۇ تالىشىپ بولغان ئاداۋەتنى بۇ يەرگە ئارىلاشتۇرماي، ھەق گەپنى قىلىڭ، قاراپ تۇرۇپ بىزگە ئوۋال قىلماڭ!

مىراپ ئېتىنى ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پازىلنىڭ يېرى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە:

— ئوخشاپتۇ، ئورە باھالىساق بولىدۇدەك، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بەش - ئالتە ئوغول، — دەپ گەپ ئارىلىدى كوك بېشى، — شۇنچە ئادەم ئىشلەپ تۇرۇپ، ئۇنچىلىك ئوخشىمسا بولامدۇ؟

پازىل غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— كورۇپ تۇرۇپتىلا، بۇغدىيىمىز تېخى دان سۈيى ئىچكىنى يوق. يېرىمىز ناچار، بۇ يەردىن بۇ يىل ئوسۇمگە ئالغان ئۇرۇقلۇقنى تولەشكىمۇ كوزىمىز يەتمەيدۇ. ئورە باھالىنىپ كەتسە ناھەق بولارمىكىن.

— ھەي ئۇكا، تولا سوزلىمە، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ چەك باسمايدۇ. "يەر ئالتۇن قوزۇق" دېگەن سوز بىكار ئېيتىلغانمۇ؟ شۇنچە ئادەم ئىشلەپمۇ ئىشىڭلاردىن ئۇمىتسىزلەنسەڭلار، خۇدا بەرگەن بەركەتكە كوز يۇمغان بولىسىلەر، — دېدى كوك بېشى.

بۇ ئارىدىكى تالاش - تارتىشنى بىلىپ تۇرغان تەيجى مىراپقا بۇرۇلۇپ:

— بۇ تېتىقسىز نەدىن پەيدا بولدى؟ ھەيدەڭلار ئۇنى! ھەر-قانداق كىشىنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىدىغان ھەققى يوق! — دېدى.

تەيجىنىڭ سوزى تۈگەش بىلەنلا، يەر بىرىنچى دەرىجىدە باھالىنىپ، باش ئۇنىغا قوشۇلۇپ باھالاندى.

بۇنداق ۋەقەلەر ھەر يىلى شۇ ئايدا دىخانلارغا قايغۇ ئېپ-لىپ كېلەتتى-دە، ھەر بىر دىخانىنىڭ يۈرىگىگە جاراھەت سېلىپ ئوتەتتى. بۇنىڭ بىلەن دىخانلارنىڭ يىللىق كىرىمى تامامەن ئۇچۇپ كېتەتتى. بۇ ئىش باشلانغاندا، دىخانلارنىڭ ئېتىز بېشىدا قول باغلاپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. لەڭچى بەگلەر ھەتتا بوغدىيى ئۇنمىگەن، شور ئورلەپ تۇرغان يەرلەرنى كورۇپ تۇر-سىمۇ ئورە باھالاپ ئېغىر لەڭ ئالاتتى، تاشلىنىپ كەتكەن، ھو-سۇلسىز يەرلەرگىمۇ لەڭ چاچاتتى. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۇرگەن دىخانلارنى ئۇراتتى، تۇتۇپ كېتەتتى. ئۇستى-ئۇستى-لەپ لەڭ ئالاتتى. بەگ-خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ يەرلىرىنى بولسا تۆۋەن باھالاپ ئاز لەڭ ئالاتتى ياكى لەڭ ئالمايتتى.

بۇ يىلقى لەڭ باھالاش تولىمۇ ئادالەتسىز بولۇپ ئوتتى. ئېغىر قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن زىرائەتلەرنىڭ كەم ھوسۇل بېرى-شى ياكى ھوسۇل بەرمەسلىك خەۋپى كورۇنۇپ تۇرسىمۇ، لەڭچى بەگلەر بۇ يىلمۇ كەمبەغەللەرنىڭ يەرلىرىنى ئورە باھالىدى. بۇ ھال دىخانلارنىڭ جېنىغا تەگدى. شۇڭا لەڭچى بەگلەر قايتماقچى بولغاندا بىر توپ دىخانلار ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. يەرلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئورە باھالىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئادىللىق بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇلار دىخانلارغا ھەيۋە قىلىپ قامچا شىلتىدى. پازىل بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئېتىلغىنىچە بېرىپ تەيجىنىڭ قولىدىكى قامچىنى يۇلۇۋالدى ۋە خەتچىنىڭ قولىدىكى دەپتەرنى تارتىۋالدى-دە، جارت-جۇرت

قىلىپ يېرىتىپ ئېرىقتىكى سۇغا تاشلىۋەتتى. پاززىلىنىڭ بۇ ئىشى دېخانلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇستۇردى. ئۇلار ئاتلىرىنى چاپچىتىپ دىۋەيلەپ كېلىۋاتقان لەگچىلەرنىڭ ئالدىغا يۈپۈرۈلۈپ باردى. لەگچىلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى كەتمەن-گۈرجەكلەرنى كورۇپ چوچۇدى-دە، ئاتلىرىنى كەينىگە بۇراپ ئارقا يول بىلەن بەدەر تىكىۋەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ۋاڭنىڭ يايىلىرى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، شۇ كۈنكى ماجىراغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا گۇمان قىلىنغان كىشىلەرنىمۇ تۇتۇپ كەتتى.

سوپى دېخان بۇ ئىشتىن كېيىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز خىيال بىلەن بېشى قاتقان ھالدا كۈن ئۆتكۈزەتتى.

ئۇما باشلاندى، سوپى دېخان لەك-سېلىق تولەش، ئىجارە تولەش، توي قاتارلىق قايغۇلۇق خىياللار ئىچىدە ئۇمنى توگەتتى. لېكىن ھەممىلا ئىش سوپى دېخاننىڭ تەلىيى بىلەن قېرىشقاندەك ئوتتۇۋاتاتتى. بۇغدىيىنى يەنچىش مەزگىلىدە خامىنىغا سۇ كىرىپ كەتتى. بۇمۇ تاسادىپى ئەمەس ئىدى.

سوپى دېخان دەرت-ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھول بولماي قالغان بىر قىسىم بۇغدىيىنى يىغىۋالدى. قالغىنىنى قۇرۇتۇش ئۇچۇن خامانغا يېيىۋەتتى.

ئالدى بىلەن لەك ئاشلىغىنى تولىۋېتىشكە بۇغدىيىنى ئولچەپ، كامالنى لەك تاپشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

لەك ئالغۇچى كامالنىڭ ئۇستى-بېشىغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەن ئاخشام بىزنىڭ ئۇيگە كەلدىڭمۇ؟

كامال دەرھال:

— ياق، — دەپ جاۋاپ بەردى.

لەك ئالغۇچى ئۆيىگە ھەر كۈنى كەچتە ئاشلىق كۆتىرىپ كېلىپ، سېلىقنى ئازراق ئېلىپ، چىقراق خەتلەپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنلەرنى ئەسلىدى. ئۆتكەن يىللاردا ئۇنىڭ خاتىرىسى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، دېگىنى بويىچە قىلاتتى. بۇ يىللاردا بولسا ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاچقا، گايىدا ئۇنتۇپ قېلىپ ماجىرالىشىدىغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا كامالنى ئاخشام ئاشلىق كۆتىرىپ ئۆيىگە كەلگەنلەردىن بىرىگە ئوخشاتقىنى ئۈچۈن سوراپ كۆردى. ھەم جاۋابنى ئاڭلىغان ھامان يېنىدا تۇرغان ھەر خىل كۆرىلەرنى نېرى-بېرى ئىتتىرىۋېتىپ، نېرىدا تۇرغان يوغان بىر كۆرىنى ئېلىپ كەلدى-دە، كامالنىڭ بوغدىيىنى ئۆلچەشكە كىرىشتى.

— ئاكا، — دېدى كامال بوغداي ئۆلچەۋاتقان يوغان كۆرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — بۇ كۆرە ۋاڭ خوجامنىڭ غەزنىسىدىن چىققانمۇ ياكى ئۆزەڭلارنىڭمۇ؟

— كىمنىڭ غەزنىسىدىن چىقسىمۇ بەرىبىر، بىزگە تەئەللۇقى قالىدۇ. ۋاڭ خوجامغا تەئەللۇقى كىرىدۇ، — دېدى قوپاللىق بىلەن لەك ئالغۇچى. پاكار بويلۇق، دوك بۇ ئادەمنىڭ يوغان چېقىر كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ لەڭگۇ، سىلەرگە نېمە تەئەللۇقى بولسۇن؟ — دېدى كامال ئاچچىقى بىلەن.

— ھەر كىمنىڭ قوسىقى بار-دە، چاشقانمۇ ئۆز ئۇزۇقىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، سەن تېخى بۇنى بىلمەمسەن ئۇكا، — دېدى لەك ئالغۇچى سوغاق كۈلۈپ، — مانا بەش كۆرە ئاشلىقىڭ كەم چىقتى. قالغىنىنى دەرھال ئېلىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ.

— ئىنساپ قىلىپ لايىغىدىكى كۆرىدە ئۆلچىسىڭىز توغرا چىققاتتى. ئۆزىڭىزمۇ ئېلىپ كەلگىچە زىيادە ئۆلچىگەن، قاراپ

تۇرۇپ بۇنچىلىك كىچىكىيىتىۋەتسەكمىز بىزگە نۇۋال بولىدىغۇ ئاكا!

— ھەي تولا سۆزلىمەي، كىمنى ئەپكەل دىگەندىن كىيىن ئەپكەل! كىچىكتۇرسەڭ، لەڭ يىغقۇچى بەگنى ئوبدان بىلسەن-ھە، بىكار ئەدىۋىڭنى يەپ قالىسەن!

كامالنىڭ زەردىسى قاينىدى. شۇ تاپتا ئۇ لەڭ ئالغۇچى بىلەن ئېلىشىشقا تەييار ئىدى. ئەمما ئاكىسى پازىلنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

نىمە ئامال، كامال غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئۆيىگە ياندى. ئۈستى-ئۈستىگە بولۇۋاتقان كىلىشمەسلىكلەرنى ئويلاپ، ئۇ-نىڭ يۈرىگى ئورتەندى.

## ئون يەتتىنچى باپ

يارىم ئۈتتى يانىمدىن،
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىلدىم،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

كامال بىلەن گۈلشەننىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى پۈتۈن ئىلە-مەھەللە ئاڭلاپ خوشال بولدى. لېكىن بۇنىڭدىن خوشال بولمىغانلارمۇ چىقتى. بۇنىڭ بىرسى، مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىدى. چۈنكى ئىمامنىڭمۇ يىگىت بولۇپ قالغان ئوغلى بار ئىدى: "گۈلشەندەك بىر گۈزەل قىز مېنىڭ ئوغلۇمغا لايىق ئەمەسمىدى؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نىمىشقا ئەلچى ئەۋەتمىدىم" — دەپ پۇشايمان قىلدى. ئىمامنىڭ ئوغلىمۇ خېلىدىن بېرى گۈلشەنگە ئىش-پەش تارتىپ يۈرگەن ئىدى. ئىمام، "يېتىپ قالغىچە ئېيتىپ قال" دەپتىكەن، ئۇلار سوپى دېخان بىلەن پۈتۈشكەن بولسىمۇ مەندەك بىر ئىمام ئېغىز ئاچسا، يالتىيىپ بىزگە ماقۇل بولسىمۇ ئەجەپ ئەمەس" — دەپ ئويلىدى-دە، شەرىخان موماينا ئەلچى ئەۋەتتى.

شەرىخان موماي ئىمامنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مۇددىياسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمامدىن قاتتىق يىرگەندى. چۈنكى توختى بوۋاينىڭ ياسىن قازى چوماقچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشىدا ئىمامنىڭمۇ قولى بار ئىدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن قازىنىڭ ئاكتىپ چوماقچىسى ئىدى. شۇڭا شەرىخان موماي بىلەن توختى بوۋاي نىيىتى يامان بۇ ئىمامنى ئاغاپ يۈرگەن ئىدى. بۇگۈن ئىمامنىڭ نەۋرىسىگە ئەلچى

ئەۋەتكەنلىكىگە قاراپ مومايىنىڭ قويىقى چېچى تىك تۇردى. بوۋاي: "ھېلىقى نەۋرەم ئىكەن، ئىمامغا ھەتتا بىرتال قىلىم كەتسىمۇ ھارام بولىدۇ" — دەپ ئويلىدى ۋە بۇ قېتىم كەلگەن ئەلچىلەرگە تۇيغۇزماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. شەرىخان موماي شۇ تاپتا پۈتۈن غەزىۋىنى تۆكۈپ، ئەلچىلەرنى راسا دۇمباللىماقچىمۇ بولدى. لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىشنىڭ كەينىنى ئويلىدى-دە، "زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ" بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئارىغا يەنە بىر يېڭى ئاداۋەتنى سېلىپ قويماي، ئەلچىلەرنى چىرايلىقچىنا ئۇزىتىپ قوياي" دېگەن ئويغا كەلدى ۋە جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ئەلچىلەرگە قاراپ دېدى:

— ئىمامنىڭ ھۆرمىتىنى كۆرۈش بىز ئۈچۈن ئەۋزەل، ئەمما لېكىن ئىمامىمىز بۇرۇنراق ئېغىز ئاچماپتۇ. نەۋرەمنى سوپى دىخاننىڭ ئوغلىغا كېلىشىپ قويغانىغا خېلى بولۇپ قالدى. توي كۈنىمۇ ئاللىقاچان تەيىن قىلىنىپ بولدى. مۇسۇلمانچىلىقتا بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. خېلى يىللاردىن بېرى ئىمامنىڭ سايىسىدە ئوتتۇۋاتىمىز. ئىمامنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت، شۇنداق دەپ قويۇشسىلا.

ئەلچىلەر بۇ گەپلەرنى شۇ پېتى ئىمامغا يەتكۈزدى. شەرىخاننىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئىمامنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ چاندۇرماسلىققا سېلىپ ئەلچىلەرگە "ئۇنداق بولسا، بوپتۇ......" دەپ قويدى. ئەلچىلەر كەتكەندىن كېيىن، كالتە ساقىلىنى تۇتاملاپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ۋە كۆڭلىگە قانداقتۇ بىر مەقسەتنى پۈكتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ياسىن قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— قازى نەزەر شاھزادىنىڭ ئابرويلۇق خىزمەتچىسى ھەجەر ئاپپاقنىڭ ئۆيىگە كەلدى. قازىنىڭ كەلگەنلىكىدىن

خوشال بولغان ھەجەر ئاپپاق قازىنى تاپا - تەنە ۋە ياسىما قىلىق-
لار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار خېلىغىچە سۆزلەشكەندىن كېيىن،
قازىنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىنى چەكلەپ، ئۆزى شاھزادە تەرەپكە
كەتتى. ھەجەر ئاپپاق كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كەلدى ۋە قازىنى
شاھزادىنىڭ ئۆز يېنىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

قازى كەلگەندىن كېيىن ھەجەر ئاپپاق غەزىنىچىسىدىن بىر
بوپا كىيىم - كېچەك ئالدى - دە، مەپىكەشىنى مەپىنى چابدۇشقا
بۇيرۇدى.

ھەجەر ئاپپاق چاچما تاۋار نىمچا كىيگەن، بېشىغا ئورە
بوك كىيىپ، يوغان چاشما لېچەك سالغان، پۇتىغا پوپۇكلۇك مەخ-
مەل خەي كىيگەن ھالدا چىلان رەڭ مەخمەل بىلەن تاشلانغان
مەپىسىگە ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە شەرىخان مومايىنىڭ ئىشى-
گى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ مەپىدىن چۈشۈپ، بوپىنى كۆتەر-
گەن ھالدا شەرىخانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

"چىرايلىق قىزلارنىڭ ئەزرائىلى" دەپ ئاتالغان بۇ خو-
تۇننىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشى ئېيتمىسىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. شەرى-
خان تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.
بوۋاي گۆلشەنىنىڭ تويىغا بىر - ئىككى باش مال تېپىپ كېلىش
ئۈچۈن تاققا چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە گۆلشەنمۇ يوق ئىدى.

— تونۇمايۋاتامسىز، شەرىخان، پوۋۋە - پوۋۋە، قارا چىراق
نىمانداق ئىس چىقىرىپ كويىدۇ. پىلىكنى سەل پەسلىتىپ قو-
يۇڭا، — دىدى - دە، يۇقۇرى ئۆتۈپ ئولتۇردى.

ئەمدى ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغان شەرىخان ئېگىلىپ تازىم
قىلىپ:

— خوش كەپتىلا، — دەپ قويدى.

ھەجەر ئاپپاق ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمىغاندەك، دۇئاغا قول
ئاچتى. ئاندىن تىلىنىڭ ئۇچىدا شەرىخاندىن ھال - ئەھۋال سو-

رىدى. ئۇ گويا شەرىخانغا كويۇنگەندەك بىر قىيابەتتە سۆز باشلىدى:

— مەن بىلىمەن، سىلەرنىڭ كۆڭۈللار بەكمۇ ئېغىر. سىلەرنى تولا ئويلايمەن. يوقلاپ كېلەي دەيمەن، پۇرسەت تاپالمايمەن، مانا بۈگۈن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ھال سورىغاچ بېشىڭلارغا پانا بولىدىغان بىر بەخت قۇشىنى قوندۇرغىلى كەلدىم. ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرۈڭلەردە بولسىمۇ راھەتتە ئۆتەرسىلەر.

شەرىخان موماي بۇ گەپلەرنى گويا ئاڭلىمىغاندەك ئۈنتىنسىز ئولتۇردى.

— مەن ھايال بولماي كېتەتتىم كىرەك، توختىماخۇن قېنى؟ — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ھەجەر ئاپپاق، — شاھزادە خوجام سىزگە قىممەت باھالىق گەزلىمە ۋە كىيىم-كېچەك ئەۋەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئاشلىق، ماي، ھالىمۇ ئىلتىپات قىلدى. ئوتكەندە ئىشىكىڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شاھزادە خوجامنىڭ گۈلشەن قىزغا كوزى چۈشۈپ قاپتۇ. بۇمۇ ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى. گۈلشەن قىزنىڭ بەختىنى تىلىگەن ئىكەنسىز، — ئۇ بوپىدىكى نەرسىلەرنى كورسەتمەكچى بولدى. شەرىخان ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— تازىم، بۇ نەرسىلەر بىز قۇللارغا لايىق ئەمەس خېنىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋىسىمۇ يوق، بىر يەرگە كەتكەن ئىدى. شاھزادە خوجام بەك جوۋاپتۇ. بىز بولساق بىر قۇل، شاھزادە خوجامغا بىر قۇلنىڭ نەۋرىسى قانداقمۇ لايىق كەلسۇن؟! كوچۈللىرىگە كەلسۇن، نەۋرىمىزنى بىر دىخاننىڭ ئوغلىغا يۇتۇشۇپ قويغان، تويى كۈنىمۇ تەيىن بولۇپ بولغان ئىدى.

ھەجەر ئاپپاق شەرىخان مومايىنىڭ مۇنداق جاۋاپ بېرىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئاچچىغىدىن كوزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ ئەتراپقا قارىدى ۋە يەشمەكچى بولغان بوپىنى يىغىشتۇرۇپ چالۋاقاپ سوزلەپ كەتتى:

— سەن تېخى شاھزادە خوجامغا داقارەت قىلىۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ ۋاڭىنىڭ مىراسخورى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ تۇز يېگەن قاپاقتا تۈكۈرگەننى سەندىن كۆرۈۋاتىمەن، ھەي ئۆز ئىززىتىنى بىلمىگەن بەخشەندىلەر! شاھزادىنىڭ ئالدىدا سېنىڭ نەۋرەڭ قانچىلىك بىر نىمىدى؟!

— راست ئېيتىدىلا خېنىم، بىز قانچىلىك بىر نىمە ئىدۇق. ئاتا-ئانىمىز تاش-كېسەك ئۈستىگە تۇغقان، تۇپىغا مىلىنىپ چوڭ بولغان. كەمبەغەل دىگەننىڭ مىلى بولمىغان بىلەن كۆڭلى بار. بىز قانداقمۇ ۋاڭ ئەۋلادىغا لايىق بولالايمىز؟ قەدەملىرىگە رەھمەت. كېيىمسىلا خېنىم، كەلگەن قەدەملىرىگە رازى بولسىلا.

ھەجەر ئاپپاق ئورنىدىن قوزغالماقچى بولدى-يۇ، لېكىن نىمىندۇر ئويلىنىپ قالدى ۋە بىردىنلا ياسالمىلىق بىلەن سىلىق سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي، شەرىخان، ناۋاتنى ئاچچىق دىگىنىڭ قىزىق، نەۋرەڭنىڭ بەختى ئېچىلىدىغانلىغىنى ئويلاپ كۆرگىنىڭ تۈزۈكمىكىن. مەن ساڭا ئېيتاي بۇنداق قاتتىقلىق قىلىپ تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالما. توختاخۇن كەلگەندىن كېيىن يەنە ئويدان خىيال قىلىڭلار، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن، شۇنىڭغىچە ئويلاپ كۆرۈڭلار، — ئۇ بوپىسىنى كوتەرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

شەرىخان ھەجەر ئاپپاقنى ئۇزىتىپ چىقمىدى. ھەجەر ئاپپاق كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بېشىغا كېلىدىغان پالاكەتنى ئويلاپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. گۈلشەندىن ئەنسىرەپ يۈرىگى مۇجۇلدى. ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن گۈلشەن خوشنىسىنىڭ ئويىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ مومىسىنىڭ ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ نىمە ئىش بولغانلىغىنى سورىدى. شەرىخان موماي ئەمدى ھەممە ئەھۋالنى گۈلشەنگە ئېيتماي بولمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدى. گۈلشەن ئۆزىنى

كامالغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەن ۋە چىن كۆڭلىدىن رازى بولغان ئىدى. كامال بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ قالغىنىدا، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتنى سېزىپ، يېقىملىق بىر ھېسسىياتقا چۆمگەن ئىدى. يېقىنىدىن بېرى بۇ ھېسسىيات تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئىنتىلىشكە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى يەنە-يەنە كۆرگىسى كېلەتتى. گۈلشەنىنىڭ قەلبىدە ساپ، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ شاتلىق تۇيغۇسى ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر چاغدا شاھزادىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ يۈرىكىدە دەھشەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. قىز بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— كۆز يېشىڭنى توكمە قىزىم، — دەپ بەزلىدى شەرىخان موماي، — كۆزىمىز ئوچۇقلا بولىدىكەن بورىنىڭ ساڭا چاڭگال سېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز، بوۋاك تاغدىن قايتىپ كەلسۇن. بوۋاك ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا كېلىشتۇرۇپ بېرەمدۇ تېخى!

گۈلشەن مومىسىنىڭ بەزلىشى بىلەن يەردىن بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى. ئاستا سىرتقا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئىككى ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا ئاسماندىكى ئەمدىلا كۆرۈنۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيالغا چۆمدى. ئۇ خىيالىدا قارا بۇلۇتتەك كۆلەڭگۈ يېيىپ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇشىنىڭ يولىنى ئىزلەيتتى. ئۇنىڭغا كىم يار-يۆلەك بولۇشى مۇمكىن؟ كامال، پەقەت كاماللا ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ يار-يۆلەك بولىدىغان كىشى بولۇپ تۇيۇلدى.

ھەجەر ئاپپاق ئەتىسى يەنە شۇ چاغدا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم بوپىمۇ كۆتەرمىگەن ئىدى. مومايدىن ئادەتتىكىچە تېچلىق-ئامانلىق سوراپ، ئۆزىلا يۇقۇرى ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇ قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى:

— شاھزادە خوجامغا ئەھۋالنى يەتكۈزدۈم، ھوزۇر - خالىق سورىدىم، شاھزادە خوجام "ئىززىتىمنى قىلماپتۇ" دەپ كايىغاندەك بولدى. سىلەرگە بىر ئاز ئىچىم ئاغرىپ خوجامدىن گۇناھىڭلارنى تىلىدىم. خوجام: "ئىززىتىمنى قىلمىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ، بۇ گۇناھنى قىز ئۆزى مەندىن تىلىسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن قىز جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندا، ئۆينىڭ ئوگزىسىگە چىقىپ، ئوردا تەرەپكە قاراپ جۈمە نامىزىدىن يانغىچە تازىم بىلەن تۇرسۇن......" — دەپ يارلىق قىلدى. بۇ خوجامنىڭ ئىلتىپاتى. بۇمۇ مېنىڭ يۈزۈم بىلەن بولدى. ئەمسە بۇنىڭدىن كېيىن ئىش شۇنداق بولسۇن! بۇنىڭغىمۇ قاتتىقلىق قىلىنسا، ئىش چاتاققا ئايلىنىدۇ.

شەرىخان يا ياق، يا ھە دېمەي، جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھە، راستىنلا ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، — دەپ گەپ قوشتى ھەجەر ئاپپاق، — شۇ كۈنى ئۆستەڭگە قىزىل كوينەك كىيىپ چىقسۇن، بۇمۇ شاھزادە خوجامنىڭ يارلىغى.

موماي يەنە ئۈندىمىدى. ھەجەر ئاپپاق جاۋاپ كۈتمەيلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئىشىكنىڭ كەينىدە ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان گۈلشەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى - دە، بىر ئازدىن كېيىن ئۆيگە كىردى. مومىسىنىڭ تولىمۇ قايغۇلۇق ھالىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى، لېكىن نېمە چارە؟ گۈلشەن مومىسىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ ھەسرەتلەندى.

— ھاياتلىق يولىمىز پىلسىرات كۆۋرۈكىگە كەپ قالدى، — دېدى موماي، — ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

مومايىنىڭمۇ، گۈلشەنىنىڭمۇ مۇنداق قىلىشقا رايى يوق ئىدى. بىراق گۈلشەن مومىسىنىڭ ھالىنى يەڭگىللەتمەكچى بولدى.

— بىر قېتىم ئوگزىسىگە چىقىپ تازىم قىلىش بىلەنلا ئىش تۈگىسە بوپتۇ موما، — دېدى گۈلشەن، — چىقسام چىقاي، خەلق بۇ-

نى بىلىدۇ. شۇنداق قىلسام كىشىلەر ماڭا ئەمەس، شۇ شاھزادىگە نەپرەتلىنىدۇ.

ئەتىسى موماي بىلەن سوپى دېخان مەسلىھەتلىشىپ تويىنى كېلەر يەكشەنبە كۈنى قىلىۋېتىش نىيىتىگە كېلىشتى.

شەرىخان مومايىنىڭ تۇققانلىرىدىن بىرى باقى تويىچىغا خەۋەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا مال-لارغا قاراش ئۈچۈن تاققا كەتتى. يەنە بىر تۇققىنى بولسا، باتۇرغا خەۋەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىشى-نى قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن كومۇرلۇككە كەتتى.

شەرىخان موماي نەچچە كۈندىن بېرى تويىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراپ نەۋرىسىنىڭ كۆڭۈل شاتلىقىنى ئىزلىدى. ئۇرۇق-تۇغ-قان، خولۇم-خوشنىلىرىمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۇلار نېمە كەم بول-سا، شۇنى تەييارلاپ ياردەم قولىنى سۇنۇشتى.

باتۇر سىڭلىسىنىڭ تويىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر ئامال قىلىپ تېزرەك يېتىپ بېرىشنىڭ كويىدا بولدى. ئاخىرى ئۇ ھەل-قى چېرىككە ئەھۋالنى ئېيتتى:

— بارغىن، — دەپ ھېسداشلىق بىلدۈردى چېرىك، — لېكىن مىرول قېيزى① بىلىپ قالمىسۇن، سېنىڭ ئىزىڭغا مۇنۇ كىشى ئىشلەپ تۇرسا بولىدۇ، — دەپ باتۇرنى چاقىرغىلى كەلگەن كىشىنى كۆر-سەتتى، — شۇنىڭغا پەخەس بولغىنكى، ئوردىدىكىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن!

باتۇر چېرىككە رەھمەت ئېيتىپ يولغا چىقتى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، قۇياشتىن دېرەك يوق ئىدى. شاھزادە كاۋە سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىنىڭ "جاھاننەما" دەپ ئاتىلى-دىغان ئېگىز راۋىقىغا سەيلىگە چىقتى. شاھزادە دائىم مۇشۇ يەر-گە چىقىپ پۈتۈن شەھەر ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، تاماشا قىلاتتى. ئۇ ئۈستىگە زەيرەگىدەك سېرىق، ئۇزۇن چاپان كىيگەن،

① قېيزى — ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەنسەپلىرىنىڭ بىرى.

بېشىغا بولسا ئوتقاتالىق① نۇرە بوك كىيگەن بولۇپ، بويىنىغا دۇربۇن ئاسقان، قولىغا يېڭى مىلتىق تۇتقان ھالدا ئۆزىياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى. يېنىدىكى بەگزادىلەر ئۇنىڭغا ھەددى-ھېسابسىز خۇشامەت قىلاتتى.

نەزەر قولىدىكى مىلتىقنى يېقىن ئادىمى ھەجەر ئاپپاقنىڭ ئىنى ھەزىسىشا غەزنىچىگە تۇتقۇزۇپ، ئۆزى دۇربۇننى ئىككى قوللاپ تۇتقان ھالدا شەھەر ئىچىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ كەتكەن پاكار-پاكار تام ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ پەس تۇرخۇنلىرى كۆرۈندى. تۇرخۇنلارنىڭ گايلىرىدا ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزاققىچە دۇربۇننى كۆزدىن ئالماي ئۇياق-بۇياققا قارىدى ۋە ئىچىملىك-چېكىملىكتىن ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىسىلغان كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ تۇرۇپ:

— ئەسلىدە خانلىقنىڭ يارلىغى بويىچە بولغان بولسا، بۇ شەھەر مۇنچە كىچىك بولماس ئىدى، — دىدى غەزنىچىگە.

— خوش شۇنداق، — غەزنىچى بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ نەزەرنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— شەھەر ناھايىتى كەڭ بولغان بولاتتى. — دەپ تەكرارلىدى نەزەر، — كۈن چىقىش تەرەپ چىچەكشاۋاتقىچە، يۇقۇرى تەرەپ ئامانقاغىچە، كۈن پېتىش تەرەپ توستاغىچە، تۆۋەن تەرەپ ئاسلانلىققىچە بولغان بولاتتى.

شاھزادە دۇربۇننى كۆزىدىن كۆكسىگە چۈشۈرۈپ، يەنە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى. ئۇنىڭ زەھەر بىلەن تولغان قارا كۆڭلىدە نەچچە كۈن بۇرۇن كۆڭلىگە پۈككەن قاتىللىق پىلانى قۇتراشقا باشلىدى. "بىر گادايىنىڭ قىزى ۋاڭ بولماقچى بولۇۋاتقان مۇشۇ زېمىننىڭ ئەبەدى مىراسخورىغا تېگىشكە ئۇنىمسۇن، خەپ

① ئوتقات — بۆكنىڭ ئۈستىدىكى مۇنچاق.

مانا، ئەمدى مېنى كورۇپ قويسۇن!"
نەزەر ئىنتايىن كېرىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇندىن يېرىم يىل بۇرۇن دادىسى شامەخسۇت پۈتۈن ئوردا بەگلىرىنى يىغىپ كاتتا زىياپەت ئوتكۇزۇپ، ئۇنى ئوزىنىڭ مىراسخورى دەپ جاكالىغان ۋە كوپچىلىككە: "مەن بولسام قېرىپ قالدىم، مېنىڭ ۋاكىلىم نەزەر خوجىغا مىراس بولۇپ قالسۇن، ھازىردىن باشلاپ ئۇ بۇ ئىشنىڭ توزىنى تېتىپ كورسۇن. ھەر قايسىڭلار ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇڭلار" دېگەن ئىدى. شۇندىن بېرى نەزەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئوردىغا، ئوردا ئالدىدىكى مەھەللە تەرەپكە خېلى ئۇزۇنغىچە قارىدى. ئۇ ئوگزىدىكى قىزىل كوينەكلىك كىشىنى ئېنىق كورۇپ، غەزنىچىدىن سورىدى:
— جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغىنىغا قانچە ۋاقىت بولدى؟
— چارەك سائەت بولدىمىكىن؟ — جاۋاپ بەردى غەزنىچى يان سائىتىگە قاراپ.
— قاراپ كورۇڭ، كىم ئوزى، نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى نەزەر قولىدىكى دۇربۇنىنى ئۇنىڭغا ئۇتقۇزۇپ.
غەزنىچى دۇربۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شۇ تەرەپكە قارىغان ھالدا دېدى:
— خوش، ھەزرەتلىرىنىڭ كورگىنى بىر ئايال كىشىدەك قىلىدۇ.
شاھزادە گىدىيىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ھىجايدى. ئۇ قولىغا مىلتىقنى ئالدى.
— قورالىمىزنى سىناپ كورەمدۇق؟
— خوش، — دېدى غەزنىچى، خوشامەت بىلەن شاھزادىگە تىكىلىپ، — باي بولسىمۇ، نوم بولسىمۇ پادىشانىڭ يۇرتى. ئولتۇرسىمۇ، تىرىلدۇرسىمۇ پادىشانىڭ كوڭلى. ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامنىڭ بىردىن.. بىر مىراسخورى ھەزرەتلىرىدۇر. ھەممە ئىش كوڭۇللىرىنىڭ

خوشلۇغى ئۇچۇندۇر.

شاھزادە مىلتىقنى ئېلىپ، چېقىر كوزلىرىنى قىسقان ھالدا قىزىل كوينەكنى چېيندى. كوپ ئوتمەيلا "پاك" قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ شاھزادىنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇ نۇقتىغا قاراپ تۇرغانلىقتىن، قىزىل كوينەكلىكنىڭ يىقىلغانلىغىنى ئېنىق كوردى. شاھزادىنىڭ ناھايىتى مەرگەن ئىكەنلىگىنى ماختاشتى.

ئاتچە ئوتمەي ئاسماننىڭ قەھرى قايناغاندەك قارا بۇلۇتلار كوتىرىلىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىن مېچىتكە نۇرغۇن كىشى يىغىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېخانلار بولۇپ، ئەلياز خوجىنىڭ ھاشاسىدىن يانغانلار ئىدى.

ۋاڭ ئەلياز خوجىنىڭ تاغدىكى چارۋىلىرىنى ۋە يەر-زېمىنلىرىنى ئوردىغا ئوتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن ئەلياز خوجا بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولۇشكە ئاز قالدى. ئۇ ئەسەبىلىك بىلەن بىر سوڭ يەر، بىر توياق مالنىمۇ ۋاڭغا ئوتكۈزۈپ بەرمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ ياسىن قازىنى يولغا سالدى. شۇندىن بېرى ئۇزادى بولمىغاندا، تاغدىكى يارامىلىق، ۋاڭنىڭ كوزى چۈشۈۋاتقان ئاتلارنى ئوز يېنىغا ئېلىپ كېلىپ بېقىشنىڭ كويىغا چۈشتى. شەھەر ئىچىدىن بىر قىسىم يەرنى ئىگەللەپ، ئەتراپقا سوقما تام سوقۇپ، جاڭزا قۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھاشاغا يىغدى. مېچىتكە يىغىلغانلارنىڭ كوپىنچىسى شۇ ھاشادىن يانغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كامالمۇ بار ئىدى. ئۇلار نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مېچىت ئالدىدا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— ئەلياز خوجىنىڭ ھاشاسىنىمۇ توگەتتۇق، ئەمدى ۋاڭ بىزنى ئەلياز خوجىنىڭ ھاشاسىغا ئىشلەپسەن دەپ جازالىمىسا

بولاتتىغۇ، — دېدى بىرسى.

— بۇنىڭ بار گەپ، ئەلياز خوجىنىڭ جاڭزا قۇرۇپ ئات باقماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ۋاڭ يېڭىدىن پەرمان چىقىرىپتۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى كامال.

— نىمە دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ؟ — دەپ سوراشتى ھەممەيلەن تەڭلا.

— كىمدە - كىم ئەلياز خوجىغا ئوت - سامان بېرىدىكەن جازالىنىدۇ، دەپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە ئەلياز قارغۇنىڭ پۈتۈن يەر-زىمىنى، چارۋىلىرى، ئوي جابدۇقلىرى، ھەتتا ئاشلىق ساڭلىرىمۇ ۋاڭنىڭ دەپتىرىگە خەتلىنىپ بوپتۇ، پات ئارىدا ئوتكۈزۈۋالىدىكەن.

— ئۇنداقتا ئەلياز خوجا جايلىنىدىكەن - دە!

— خوپ بوپتۇ، بىر ئانىدىن تورەلگەن بۇ ئىككى ئىتنىڭ سوڭەك تالىشىشىنى كورىدىكەنمىز - دە! — دېدى بىرەيلەن. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— تالاشسۇن، — دېدى كامال سوز قىستۇرۇپ، — تالىشىپ قان بولۇشۇپ كەتسۇن بۇ ئىتلار!

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

كامالنىڭ سوز قىستۇرۇشى بىلەنلا كوپچىلىك گەپنى بىردىنلا توي ئۈستىگە يوتكىدى.

— بۇ ئىتلارنىڭ تالىشىشىنى تاماشا قىلغاچ تويۇڭنى راسا ئوينايدىغان بولدۇق كامال، — بىر يىگىت كامالغا قاراپ چاقچاق قىلدى، — توي كېچىسىنى ئوبدان ئوتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن پاشاپنى①

① پاشاپ — پارىسچە سوز بولۇپ، كېچىنىڭ پادىشاسى دېگەن مەنىدە ئۇ چاغلاردىكى پاشاپلار كېچىلىك كۈزەتچى بولۇپ، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن چىراق ئوچۈرمىگەنلەر، كېچىدە كوچىدا يۈرگەنلەر، توي - مەشرەپ قىلغانلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالغاننىڭ ئۈستىگە جەرىمانە قوياتتى.

ئوبدان رازى قىلمىساق بولمايدۇ. بولمىسا ھەممىمىز كىيىم-كېچەكتىن ئايرىلىپ قالمايلى يەنە!

مېچىت ئالدىدا پاراق-پاراق كۆلكە كوتىرىلدى. ئارىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر دىخان گەپكە ئارىلاشتى:

— توي دېگەن ئومۇرلۇك ئىش. خۇدا ئىككىسىگە ئامانلىق بەرسە، بار-يوقنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ، ياخشى ئوتتۇشسە شۇ ئەۋزەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىيلەن بوۋاي-مومايغا ئوبدان قارىمىسا بولمايدۇ. قانداق دېدىم ئاغىنىلەر؟

— شۇنداق، — دەپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى كىشىلەر، شۇ ئارىدا بىر يىگىت كامالدىن:

— تويۇڭلارغا باتۇر ئاكامۇ كېلىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئۇنى ماختاپ سوزلەپ كەتتى، — ئۇ ۋىجدانلىق، ئاجايىپ ئىزىمەت-تە! ئۇنىڭ تاغدا ۋاڭنى دومىلىتىۋەتكىنىچۇ تېخى، ئەزىمەت-تە، ئەزىمەت!

— ۋاڭنىڭ بوينى پۈكلىشىپ ئۆلسۇن دېگەن ئىكەن، ساق قاپتۇ-دە، بۇ كاساپەت، ئۆلگەن بولسىچۇ، باتۇر كەلسە، بۇ ھېكايىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىساق قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!

— ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى توختاكامنىلا دوراپتۇ، ئەينى توختىكامنىڭ ئۆزى! — دەپ باتۇرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ كەتتى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دىخان.

شۇ پاراڭلار بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بىردىنلا ھاۋا ئۆزگەردى. ئۇلار: "ھەي، ھاۋا بەك تۇتۇلۇپ كەتتى، تېزرەك ئۆيىمىزگە كېتەيلى" دەپ تۇرۇشىغا شاقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. بەزىلەر يۈگۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە كەتتى. بەزىلەر يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ، مېچىتنىڭ دەھلىزى ئاستىدا روگزىيىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردىن يىغا-زارە ئاڭلاندى.

ھەممىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

گۈلشەن ئوردا سارىيى تەرەپكە قاراپ ئۆگزىدە تۇراتتى. ئۇ ئۆگزىگە چىقىش بىلەنلا ئاكىسىنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆزىنى ئۈزمەي يولغا قارايتتى. قاراپ - قاراپ ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى تالدى. گۈلشەننىڭ نەپسى سىقىلغاندەك بولۇپ، ئۆگزىدىن چۈشۈش ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا يىراقتىنلا كېلىۋاتقان جېنىجان ئاكىسىنى كۆردى - دە، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىق پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ، ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان يوغان بىر تاش ئېلىنىپ كەتكەندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىراپ تۈرخۈن تەرەپكە بۇرۇلغان ئىدى، تۇيۇقسىز كەلگەن ئوق ئۇنى يىقىتىپ تاشلىدى.

شەرىخان موماي شاقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاسىغا يۆلەنگەن ھالدا سىرتقا قاراپ قويدى - دە:

— خەقلەر جۈمە نامازدىن يانغىلى نەكەم، ھەي بوۋىسى، گۈلشەن شۇ كەمگىچە نېمىشقا ئۆگزىدىن چۈشمەيدۇ؟ — دېدى.

توختى بوۋاي قاراپ باقماقچى بولۇپ ئالدىراپ شوتا تەرەپكە ماڭدى.

موماي گۈلشەننى چاقىردى. گۈلشەننىڭ ئاۋازى چىقمىدى. موماي ئىككىنچى قېتىم تۋۋلىماقچى بولۇۋىدى، ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن باتۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ مومىسىنىڭ ئورۇق گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئېتىپ:

— موما، — دېدى - دە، سۆزلىيەلمەي قالدى.

موماي بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرىنى سۇنۇپ باتۇرنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى ۋە:

— جېنىم بالام، باتۇر، كەلدىڭمۇ؟ بۇ كۈنلەرنى بەندىسىگە

كورسەتمەسۇن خۇدايىم. سېنى سىڭلىڭ تولىمۇ سېغىندى. كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى، ئەتىگىچە داداڭمۇ كېلىپ قالار، — دېدى.

ئەنە شۇ چاغدا ئۆگزىگە يېتىپ چىققان بوۋاي بىردىنلا "ۋاي، بۇ نېمىش؟!" دەپ توۋلىۋەتتى، ئارقىدىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

باتۇر ئۇچقاندەك ئۆگزىگە چىقتى. گۈلشەن گويا ئاي ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەندەك، تۇرخۇن تەرەپتە پۇتلىرىنى ئۈزۈن سۇنۇپ ياتاتتى. قىزىل ماتا كوينىكى قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— ئاھ......! — باتۇر ھەسرەت بىلەن يىغلىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر توپ كىشىلەر ئۆگزىگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. يىغا-زارە ئاسماننى تىترەتتى. كامالنىڭ يۈرىكى ھەسرەتتىن يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن توسىۋالغان ئىدى.

— قانخورلار! — دېدى بوۋاي غەزەپ بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ.

شۇ چاغدا ئۆگزىگە يىغىلغان كىشىلەر يىغا-زارە قىلىشىۋاتقانلارغا تەسەللى بېرىپ، قىزنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە ئېلىپ چۈشتى.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن موماي نەۋرىسىنىڭ قانلىق كوينىكى، قانسىز ئاپپاق يۈزلىرىگە قاراپ ۋەھىمە ئىچىدە گاھ ئىڭىشىپ، گاھ ئىشەنمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاخىرى ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئوق بىلەن قازا تاپقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنى نەۋرىسىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ھۇشىدىن كەتتى.

نەلە-مەلە چاقماق تېزلىكىدە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تەۋرەپ كەتتى. ئۆي، ھويلا ۋە كوچا ئادەم بىلەن لىق تولدى. قانغا مىلىنىپ ياتقان بۇ گۇناسىز، پاك قىزغا قاراپ كىشىلەر-

نىڭ غەزىۋى قايىندى. كوزلىرىدىن ئوت چاقنىدى.

كىشىلەر قىزنىڭ تاۋۇتىنى ئاۋال توپ-توغرا ئوردا ئالدىغا ئېلىپ بىرىپ، خەلقنىڭ ئەرز-دادىنى مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ۋاڭنىڭ ئالدىغا توكمەكچى بولدى، بىراق، دىنىي موتىۋەرلەر ئارىلىشىپ: بولمايدۇ، ۋاڭغا ئەرزىمىز بولسا ئايرىم قىلايلى، ئاۋال ئولۈكنى يەرلىككە قويايلى، دېيىشتى. جامائەت يەنە غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ سوزلەشكە باشلىدى:

— بۇرادەرلەر! قىزنى شاھزادە ئولتۇردى. ئۇ بۇ جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىز جەسەتنى كوتىرىپ بارمىساقمۇ، بۇ پاجىئەنى ھەممىمىز كورۇپ تۇرۇپتىمىز. شەرىئەتتە ئېيتىلىشىچە بەش نەرسىگە ئالدىراش زورۇردۇر. بۇنىڭ بىرسى، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىشتا ئالدىراش؛ ئىككىنچىسى، ئوغۇل چوڭ بولسا ئويلەپ قويۇشقا ئالدىراش؛ ئۇچىنچىسى، گۇنا قىلسا توۋا قىلىشقا ئالدىراش؛ توتىنچىسى، ئىبادەت قىلىشقا ئالدىراش؛ بەشىنچىسى، ئولۈكنى ئۇزىتىشقا ئالدىراش. بىز ئاللاتائالانىڭ شەرىئەت يولىنى تۇتىدىغان بەندىلەرمىز. شۇڭا ئاۋال ئولۈكنى يەرلىككە قويايلى. ئاندىن ئەرز-دادىمىزنى ۋاڭ ئالدىغا بىرىپ توكەيلى.

بۇ گەپلەر خەلقنىڭ كوڭلىگە يېقىپ قالدى. ھەممىسى دىگۇدەك ئولۈكنى يەرلىككە قويۇشقا ئالدىرىدى. توختى بوۋاي غەزەپتىن تىترەيتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي مولدۇردەك ياش توكۇپ تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

قەۋرىستانلىقتىن يانغان كىشىلەر ئوردا ئالدىغا توپلاشتى. ماغدۇرسىزلانغان توختى بوۋاينى كىشىلەر يولىۋالغان ئىدى.

— ۋاڭغا ئەرزىمىز بار! — دەپ ۋاقىراشتى خالايىق.

— ۋاڭ جاناپلىرى ئوۋغا چىقىپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، — دىدى ياساۋۇللار قوپاللىق بىلەن. كىشىلەر غۇلغۇلا

قىلىشتى. ئاخىرى ۋاڭ نوۋدىن قايتىپ كەلگەندە توپلىشىپ ئەرز تۇتۇشنى مەسلىھەتلىشىپ تارقاشتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مىرغەزەپ كەچتە يېنىغا بىر خىزمەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ توختى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى. مىرغەزەپ ئۇزاق قىرائەت قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كوتەردى. توختى بوۋاي، شەرىخان، باتۇرلار ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. كوزلىرى ياشلانغان مىرغەزەپ:

— ئاللاتائالانىڭ ئاجىز بەندىلىرىگە شاپائىتى كوپ، مىننىتى ئازدۇر. ئەپسۇس هوزۇر-هالاۋەت كورۈۋاتقانلار، ئاللانىڭ يولىنى تۇتماي، ئاجىز پۇقرانى بوزەك قىلىشتا چېكىگە يەتتى. شاهزادىنىڭمۇ قىلىقلىرى هەددىدىن ئېشىپ كەتتى. مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئادەمنى قۇشتاچ ئورنىدا كورۈپ بوزەك قىلغۇچىلار خۇدا ئالدىدا ئۇز جازاسىنى تارتىدۇ! — مىرغەزەپ سوزلەۋېتىپ يوتىلىپ كەتتى. ئاندىن يەنە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — هەممىلىرى سەۋرى قىلىشىلا، توختاخۇن، كوڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ۋاڭ خوجام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۇزەم بىرتەرەپ قىلىمەن.

سۇلتان هاجى هەقىقەتەن غەزەپلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كوزلىرىدە يەنىلا ياش پاقىراپ تۇراتتى. ئۇ كوپ ئولتۇرماي ياندى. ئويدىكىلەرنىڭ هەممىسى مىرغەزەپنى ئالاغىچە ئۇزىتىپ چىققاندا، پۇتۇن مەهەللىنىڭ ئادىمى ئىشىك ئالدىغا يىغىلغان ئىدى. ئۇلار مىرغەزەپنىڭ ئالاهىدە كوڭۈل سوراپ كەلگەنلىگىدىن تەسىرلەندى. مىرغەزەپ جامائەتكە قاراپ:

— مۇتەپەملەرنىڭ جازاسىنى ئاللا ئىگەم ئوزى بېرەر، — دىدى-دە، بۇرۇلۇپ يولىغا راۋان بولدى. كىشىلەر مىرغەزەپنىڭ ئاپپاق سەللە بىلەن يېشىل دۇخاۋا چاپان كىيگەن گەۋدىسىگە ئۇزاققىچە قاراپ قېلىشتى.

باتۇر ئەتىسى سىڭلىسىنىڭ قەۋرىستانلىقىدا كامال بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزاققىچە سۆزلەشتى. ئۇلار ئاخىرى زالىملاردىن قىساس ئېلىشقا قەسەم ئىچىشتى.

ئىمام بىلەن ياسىن قازىنىڭ سۇيىقەستى شاھزادە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## ئون سەككىزىنچى باپ

ئالۋاڭ سالدى بەگ-خوجام —
چىقىپ كەلدۇق نادامەت.
كىچىككىنە يەر ئۈچۈن، —
بىزگە بولدى قىيامەت.

ۋاڭ موللانىيازنى تۇتۇش ھەققىدە كەينى-كەينىدىن پەرمان چىقارغاندىن كېيىن موللانىياز بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ۋاڭغا بولغان قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى ياسىن قازىدەك مۇتەھەملەرنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. لېكىن كېيىنچە ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرۈشتىن بىزار بولۇپ، قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ يۇرتداشلىرى بىلەن بىرگە بولۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. مانا ئۇ ئاخىرى قايتىپ كەلدى. موللانىياز قۇمۇل تەۋەسىگە قەدەم قويۇپلا نەگە بېرىشنى ئويلاندى-دە، يادىغا لاپچۇقتىكى ئانا جەمەت تۇغقىنى ھاشىم بوۋاي كەلدى. موللانىياز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىچىك چاغلىرىدا بىر قېتىم بارغان، ئۇ كىشى بولسا، موللانىيازلارنىڭ ئۆيىگە دائىم كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، راستكوي كىشى بولۇپ، موللانىيازنى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا موللانىياز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى لايىق تاپتى.

ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى ھاشىم بوۋاينى بىر ئاز نە-

سىرتىپ قويدى. لېكىن ئۇ: "ئەگەر ئوغرى كەلگەن بولسا ئىشىگىمنى قېقىپ يۈرمەيتتى. بۇ بىر يولۇچى ئوخشايدۇ ياكى خوشنىلارمىكىن"—دەپ ئويلىدى-دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. بوۋاي خوتۇنىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن غەمكىن بولۇپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆيىگە ھەرقانداق مېھمان كەلسە خوشاللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. بوۋاي قولىدىكى قارا چىراقنى مورا بېشىغا قويدى-دە، كىرىپ كەلگەن مېھمانغا سەپسېلىپ قارىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز ھاشىم ئاكا، تېچ-ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى موللانىياز. بوۋاينىڭ غەمكىن كۆزلىرىدە ئەندىكىش ئالامىتى پەيدا بولدى. گويا ئۇ كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك موللانىيازغا قايتا-قايتا قارىدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئاغزىنى سەل ئېچىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. چۈنكى بوۋاينى بىر ئاز سۈر باسقان ئىدى. بۇ ھالنى سەزگەن موللانىياز:

— سىز قورقماڭ ھاشىم ئاكا، مەن سىزدىن پانا ئىزلەپ كەلدىم، — دېدى. بوۋاي يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ ئوكام، بوپتۇ، ھېلىمۇ ھايات ئىكەنسەن. ۋاڭ سېنى تۇتۇش ھەققىدە نەچچە قېتىم پەرمان چىقىرىپ، ھەممە كىشىنى بەرەمجان قىلىۋەتتى. ھېلىمۇ تۇتۇلۇپ قالماپسەن. بوپتۇ، بوپتۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرغىن، — دېدى.

موللانىيازنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشۈپ:

— بۇيەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ. سىزگە ئىشىنىپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق. بېشىم شۇنچىگە يەتتى، ھەر بالا كەلسىمۇ تەڭ كۆرەرمىز، — دېدى بوۋاي ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالغان ھالدا ۋە ئالدىراپ ئوچاققا ئوت يېقىپ، مىس چۈگۈننى قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن موللانىيازنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ نەلەردە يۈرگەنلىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىدى. مول-

لانىياز قوغۇلدىن قاچقانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن تارتىپ نۇرغۇن يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قازى ئۆلىمالارنىڭ، ۋاڭ ۋە بەگ-خوجىلارنىڭ ناھەق ئىشلىرى، ئۆز ئۈستىدىكى سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرى ئۈستىدە غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. ئاندىن بوۋاي موللانىيازنى كىشىلەرگە قانداق تونۇشتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى "كېرەم" دەپ ئاتىماقچى بولدى.

لاپچۇقنىڭ ئەتراپىغا سوقۇلغان توققۇز قەۋەت سېپىلنىڭ خارابىلىرىدىنلا بۇ يەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كونا شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇ يەرنىڭ تېرىلغۇ يېرى كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت بولسىمۇ، سۈيى قىس، دائىم قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇراتتى. يەرلەرنىڭ كۆپى ئوردىغا تەۋە تەيجىلىك يەر، قېزىلىق يەر، پاشاپلىق يەر دەپ بولۇنگەن ئىدى. ۋاڭلىق باغچا، تەيجىلىك باغچىلارمۇ كۆپ يەرنى ئىگەللىگەن ئىدى، ئاز بىر قىسىم يەرلەر دېھقانلارغا تەۋە بولۇپ، دېھقانلار شۇ يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

ھاشىم بوۋاي ياشلىقىدا تىنىم تاپماي ئەمگەك قىلىدىغان كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن بىر يارداڭنى تىندۇرۇپ ئۈچ كۈرلىك يەر ئاچقان. بۇ يەر چوڭ ئېرىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولۇپ، ئادەتتىكى يەرلەردىن ئۈچ گەزدەك تۆۋەندە ئىدى. بوۋاي يالغۇزلىقىغا قارىماي ئازراق يېرىگە ئۈزۈملۈك باغ قىلدى ۋە ئېتىز ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈك-ئالما كۆچەتلىرىنى تىكتى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كۆچەتلەر مېۋىگە كىردى. ھاشىم بوۋاينىڭ ھال-ئۇقىتى ياخشىلىنىشقا باشلىغان يىللاردا خوتۇنى سىل كېسەلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. بوۋاي خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن يېرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلدى ۋە كۈندىن-كۈنگە ھالى ئېغىرلاشماقتا ئىدى.

ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلدى، كۈننىڭ ئىللىق نۇرى يەر-

زېمىننى ئېستىشقا باشلىدى، ھەممە ئادەم ئۆز تېرىكچىلىگىنىڭ
غېمىنى يېيىشىمەكتە. لېكىن ھەر كۈنى كوچىغا چىقان جارچى بىر
كۈنى ئوردىلىق يەرگە تېرىپا تېرىكۈگلار دەپ ۋاقىرىسا، بىر كۈنى
تەيجىلىك يەرنى تېرىڭلار دەپ ۋاقىرايتتى.

ھاشىم بوۋاي موللانىيازغا:

— ئالۋاڭغا مەن باراي، سەن ئۆزەمىزنىڭ يېرىگە ئىشلىگىن.
بۇ يىل ئوبدانىراق ئىشلەپ، تېرىكچىلىك ئۈچۈن بىرئاز ئۇزۇق
يىغمىساق بولمايدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى تېرىقچىلىقتىن ئۇ-
نۈم بولمىدى. مەن قېرىپ ئاجىزلاپ قالدىم. يەرنى كۆزدە ئۇلاق-
قارام بولمىغاندىكىن ئاغدۇرالمىدىم. ئەمدى ئوبدانىراق ھەيدەپ
تېرىمىساق بولمايدۇ. تۈنۈگۈن يۇقۇرقى مەھەللىدىكى تۇردى بوۋاي-
نىڭ كالىسىنى بىر كۈنلۈك ئىشلىتىپ تۇرۇشقا سوراپ قويغان ئې-
دىم. "بىر كۈنگە ھوكۇز ئولمەس، ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەس"—
دىگەندەك، ئالغاندىكىن ياخشىراق ئاغدۇرۇۋالايلى.— دىدى.

— ماقۇل،— دىدى موللانىياز،— مەن كالىنى ئەپكېلىپ ئېتىز-
غا بېرىۋېرەي.

ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كەتمىنىنى مۈ-
رىسىگە سېلىپ ھاشىم بوۋايمۇ چىقتى. شۇ ئەسنادا ئۇلار يۇقۇرى
تەرەپتىن ئاتلىق، ئىشەكلىك كېلىۋاتقان بەگ-دوغىلارنى ۋە مەھەل-
لە خېتىۋىنى كوردى. نىمە ئىش بولغانلىغىنى بىلەلمىگەن موللا-
نىياز بوۋايغا قاردى. بوۋاي بىر ئۇھ تارتتى-دە، كەتمەننى يەر-
گە قويۇپ تام تۈۋىدە ئولتۇردى ۋە موللانىيازغا دىدى:

— بۇلارنىڭ كېلىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ئۇلار خاند-
لىق قوغۇن تېرىيدىغانغا يەر ئاجرىتىشقا چىققانلار. كېچە چۈشۈمە-
دە ئېقىپ كېتىۋاتقان لاي سۇنى كورگەن ئىدىم. خۇدا ئۆزى
ساقلىسۇن، ئوتكەن يىلى چوڭ ئېرىقنىڭ يۇقۇرسىغا خاندلىق قو-
غۇن تېرىلىپ دىخانلارنى قاڭقىر قاخشاتقان. بۇ يىل نەگە

تېرىلاركەن؟

بوۋاي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدى.

خانلىق قوغۇن تېرىلىدىغان يەرنى بەلگىلىگىلى چىققانلارنىڭ ئىچىدە ئوردا بەلگىلىرىدىن بار ئىدى. ئۇلار چوڭ ئېرىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتۈپ، يوقۇرىدىن 15 تاغارلىق يەرنى كۆرسەتتى. ھاشىم بوۋاينىڭ يېرى دەل شۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىغا توغرا كېلەتتى. بوۋاي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئۇياق-بۇياقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بەگلەرگە يالۋۇردى:

— مېنىڭ يېرىم پەستە بەگلىرىم، قوغۇن تېرىشقا ئەپسىز. بۇقىر-غېرىپنىڭ مۇشۇ يەردىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. بۇ يەرگە قوغۇن تېرىپ كەتسە، جېنىمنى ساقلاشمۇ تەس بولىدۇ. ماڭا رەھىم قىلسىلا بەگلىرىم......

— بۇ خانغا تېرىيدىغان قوغۇن! — دەپ ۋاقىرىدى قورمال ① ھاشىم بوۋايغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — خانلىق قوغۇننىڭ ئاتا-بوۋاڭدىن تارتىپ تېرىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ خانلىق قوغۇن تېرىشقا نارازى بولماقچىمۇ يە-سەن!

— ياق-ياق، ئۇنداق ئەمەس قورمال بېگىم، — دەپ تىزلاندى بوۋاي، — رەھىم قىلارمىكىن دەپ ئۆز ھالىمنى ئېيتتىم.

— ئۆز ھالىمنى ئېيتتىم؟! — گۈركىرىدى قورمال، — خانلىق قوغۇن تېرىشقا قارار تاپقان يەرلەر دەخلى تەرىزسىزدۇر. بۇنىڭغا ضىدىق-پىدىق قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئەگەرچەندە بۇنىڭغا يەنە نارازى بولىدىكەنسەن، بارىدىغان يېرىڭنى ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر!

ھەر يىلى خانلىق قوغۇن تېرىيدىغان يەرگە يېرى قوشۇلۇپ كېتىدىغان دېخانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاھ-زارىغا كىم قۇلاق سالغان؟ يېرىمنى بەرمەيمەن دېگەنلەرنىڭ ساق قالغانلىرىمۇ ئاز ئىدى. ھاشىم بوۋاينىڭ يېرىنىڭ خانلىق قوغۇن

① قورمال — ۋاڭلىقنىڭ 4-دەرىجىلىك مەنسۇپى.

تېرىيدىغان يەرگە قوشۇۋېلىنىشى مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەس. بو-
ۋاي مۇشۇ يېشىغا كەلگىچە ئۇنىڭ يېرىگە ٥ قېتىم خانلىق قو-
غۇن تېرىلغان ئىدى. بوۋاي مۇشۇلارنى ئويلىغان ھالدا ئورۇق،
يىرىك قوللىرى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.
شۇ چاغدا موللانىيازمۇ ئىلىپ كەلگەن كالىنى ئېغىلغا كىرگۈزۈۋې-
تىپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇ بوۋاينىڭ غەمكىن تۇرقىنى كۆ-
رۈپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئەھۋالنى بىلدىم، زامان زورنىڭ بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە
ئۇنىڭغا ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىشنىڭ ئورنى يوق. جېنىمىزلا بولسا بىر
ئامال قىلىپ كۈننى ئۆتكۈزەرمىز.

— كىچىگىمدە، — دېدى بوۋاي چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن كۆز
ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — دادام "ھەممىدىن نېمە قاتتىق" دەپ
سورىسا، "تاش قاتتىق" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. دادام "ھەي
بالام، ھەممىدىن يوقسۇزلۇق قاتتىق" دېگەن ئىدى. دادام رەھ-
مەتلىك قازا قىلىپ بىر ئۆي بېشىغا قالغاندىن كېيىن يوقسۇزلۇق-
نىڭ راستىنلا قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يېمىسەك قوساق ئاچە-
دۇ، كىيمىسەك يالىڭاچ قالىسەن. قەرز ئالساڭ ئۇسۇمى ئاندىن
ئېغىر، باشقا تاپساڭ پۇتقا يوق، پۇتقا تاپساڭ قوساققا. مۇشۇنداق
ئېغىر كۈنلەر بېشىمىزدىن ئۆتتى. بىر يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ
ئەمدىگىنە باش چىقىرىۋاتقان بۇغدايلار قۇرۇپ كەتتى. شۇ يىلى
ئېغىر ئاچارچىلىق بولۇپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغ-
دا مېنىڭ ئىككى ئوغلۇممۇ ئارقا-ئارقىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ
كەتتى. خۇدا ھەققى تىنىماستىن ئىشلىسەممۇ ئىش ھېچبىر روناق تاپمە-
دى. بەگ-خوجىلارغا قارىساڭ يىگىلى ئېغىز يوق، كىيگىلى ئۇچە-
سى ...... ھەققى سوزلەپ قويساڭ، تاياق ئاستىدا قالىسەن.

— شۇنداق، — دەپ بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا بوۋاينىڭ سوز-
لىرىنى تەستىقلىدى. موللانىياز، — سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، خۇدا ھەم-

مه بەندىسىنى ئوخشاش ياراتتى. ۋاھالەنكى، كەمبەغەللەر نىمە ۋەجىدىن بەگ-خوجىلار، موتىۋەر-بايلار ئالدىدا خار؟

— يوقسۇزلۇق! — دىدى بوۋاي.

— يوقسۇزلۇق؟ ئۇزىڭىز يوقسۇز بولۇۋالدىڭىزمۇ؟ ياق، سىزنى شۇ ۋاڭ-بەگلەر، خوجىلار، ئەمەلدار دەپ ئاتالغانلار يوقسۇز قىلىپ قويدى. سىزنىڭ تاپقىنىڭىزنى، كۈچىڭىزنى شۇلۇپ يىدى.

— راست ئېيتىسەن ئۇكام، ئەقىللىق ئىكەنسەن، پۇت-قولىمىزنى ئەنە شۇلار چۇشەپ قويدى. قىمىرلاشقا ئىمكانىيىتىمىز يوق.

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئېغىلدىن كەلگەن ئوپۇر-توپۇر ئاۋاز بولۇۋەتتى. ئۇلار تەڭلا ھويلىغا چىقىشتى، موللانىياز ھىلىلا سولاپ قويغان كالا بىر نەرسىدىن ھۈركىگەن ھالدا ئېغىلنىڭ ئىشىگىنى ئۇرۇپ كوچىغا قاچتى.

موللانىياز نىمە ئىش بولغانلىغىنى بىلىش ئۇچۇن، ئېغىلغا كىرگەن ئىدى، ئېغىلدا دالىيىپ ياتقان بىر كىشىنى كوردى.

بۇ مۇنداق ئىش ئىدى:

ھاشىم بوۋاينىڭ ئارتام خوشنىسىنىڭ بەش كۈرىلىك يېرى ئوتكەن يىلى خانلىق قوغۇن تېرىلىدىغان يەرگە كىرگۈزۈلۈپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئويىدىكى ئالتە جان ئادەمنىڭ كۈن كەچۇرۇشى تەس بولغاچقا، ئاخىر ئۇلار ياقۇپ قورمالنىڭ يەتتە كۈرىلىك يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ بوغداي تېرىغان ئىدى. ئۇلار يەرگە كېچە-كۈندۈز ئىشلىگەنلىكتىن بوغداي راسا ئوخشىدى. قورمال بۇنى كورۇپ چىدىيالماي "ياخشى يەرنى بىرىۋېتىپتىمەن، يېرىمنى قايتۇرۇۋالىمەن" دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن دىخان: يەرگە مېنىڭ جىق ئەمگىكىم سىڭدى. ھوسۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئال...... دەپ بەرمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن قورمال: "مەن بۇ يېرىمنى ئوردىلىق باغچىنى كېڭەيتىشكە سوغا قىلىۋەتتىم" دىگەن با-

نانى تېرىپ، يەتتە كۆرىلەك يەردىكى يېڭىدىن باش چىقارغان
بۇغدايلىرىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. بۇ دەرتكە چىدىمىغان دېخان ئىشىك
تۈۋىدە تۇرغان كەتمەننى ئالدى-دە، قورمالنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
"بىزنى تېرىكلا كۆمۈۋەتمەكچى بولامدۇ؟ بۇ يۇرتتا يا سەن تۇر، يا
مەن تۇراي" دېگىنىچە قورمالنى چېپىۋېتىش ئۈچۈن كەتمىنىنى
ئېگىز كۆتەردى. لېكىن ئۇ قورمالنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ
باغلاندى. بىرەر ئايدەك سولىنىپ قاتتىق ئۇرۇلدى. ھەتتا بىر
يېلغىچمۇ بۇ ئاداۋەت تۈگىمەي پۈرسەت تېپىپ ئۆچ ئېلىپ
كەلدى.

جان بېشىغا ئامالسىز قالغان دېخان بۇ يەردىن كېتىشنى
ئويلاپ، مەھەللىنىڭ مەرت يىگىتى سەمەتكە مەسلىھەت سالدى. سەمەت
ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ: "خەير بوپتۇ، تەلىيىڭ بولسا، ئوبدانراق جان
بېقىشنىڭ يولىنى تېپىۋالارسەن. مەن سىلەرنى ئىشىگىم بىلەن يېرىم
يولغىچە ئاپىرىپ قوياي" — دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇ، ئۇلارنى كې-
چىسى يولنىڭ يېرىمىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ تاڭ ئاتقاندا قايتىپ كەل-
دى. قورمال بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئونبەش بېشىنى چاقىرتىپ:
"سەمەتنى تۇتۇپ كېلىپ باغلاڭلار!" دېدى.

سەمەت بۇنى سېزىپ قالدى-دە، ئونبەش بېشى باشلاپ
كەلگەن ئادەملەرنى كۆرگەن ھامان قاچتى. ئۇلار قوغلىدى، سە-
مەت ئۆزىنى تۇتتۇزماي كىشىلەرنىڭ تاملىرىدىن ئارتىلىپ ئۆگزى-
لىرىگە چىقتى. ئۆگزىلەردە ئومۇلەپ ئۇ ئۆگزىدىن بۇ ئۆگزىگە ئات-
لاپ ئۆتتى. لېكىن ھەممىنىڭ ئالدىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان ئونبەش
بېشى سەمەتنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەينىدىن قوغلاۋەردى. سەمەت
ھاشىم بوۋاينىڭ ئۆگزىسىگە كەلگەندە ئونبەش بېشىمۇ شۇ ئۆگ-
زىگە يېتىپ كەلدى. ئاخىرى سەمەت ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن
بىر تەرىپى چۆشۈپ كەتكەن ئۆگزىدىن ئېغىلغا سەكرىدى. ئۇنىڭ
كەينىدىن ئونبەش بېشىمۇ سەكرىدى. لېكىن ئونبەش بېشى سەك-

رىگەن ھامان ئېغىلدىكى كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىگە مىنىپ قالدى. قاتتىق ھۆركۈپ كەتكەن كالا ئېغىلنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىپ، مۈڭگۈزلىرى ئارىسىدىكى ئونبەش بېشىنى قوشۇپ ئۇزۇننى ئۇ تامدىن-بۇ تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىرى لىڭشىپ قالغان تار ئىشىككە ئۆزىنى ئۇرۇۋىدى، ئىشىك ئۇرۇلۇپ چۈشتى. كالا قۇيرۇغىنى دىڭگايتقان پېتى قېچىپ چىقىپ كەتتى.

موللانىياز ئېغىلدا ياتقان ئونبەش بېشىنى تېرىۋىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن، قېشىغى تېشىلگەن، پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ بىلىنمەيتتى.

بۇ ئىش ھايت-ھۇيت دېگىچە پۈتۈن مەھەللىگە تارالدى. مەھەللىنىڭ چوڭ-كىچىك كاتتىلىرى ۋە ئونبەش بېشىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى يېتىپ كەلدى-دە، قىيا-چىيا قىلىشىپ كەتتى. ئونبەش بېشىنى كۆتىرىپ كوچىغا ئېلىپ چىققاندا بەزىلەر "ئۆلۈپتۇ، ئۆلۈپتۇ" دېيىشتى.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كالىنىڭ ئىگەسى تۇردى بوۋاي ئالدىراپ ھاشىم بوۋاينىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ "ھەي ھاشىم، ھەي ھاشىم" دېگىنىچە ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ، ھاشىم بوۋايغا ھەسرەت بىلەن تاپا قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي......ي ھاشىم قارا سېنى، كالىنى نېمىشقا قويۇۋەتتىڭ؟ ھارام بولدىڭمۇ-ھارام، مېنىڭ تىرىكچىلىكىم شۇ بىرلا كالا بىلەن ئەمەسمىدى، نېمىشقا بىخەستەلىك قىلغانسەن!

تۇردى بوۋاينىڭ بىسەرەمجان قىياپىتىگە قاراپ ھاشىم بوۋاي بىلەن موللانىياز چۆچۈپ كەتتى ۋە موللانىياز تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ چوڭ دادا، كالا ئۆيگە بارمىدىمۇ؟

— نېمە بولاتتى، كالام ئۆلۈپتۇ، ئەنە سوقما تامنىڭ ئاستىدا

يېتىپتۇ.

— نېمە؟ سوقما تامنىڭ ئاستىدا يېتىپتۇ دەمسەن، سوقما تام بېسىۋاپتىمۇ؟ نېمە دېگەن كېلىشمەسلىك بۇ! — چوچۇپ كەتتى هاشىم بوۋاي، — هەي-هەي...... نېمە دېگەن كېلىشمەسلىك بۇ!

ئۇلار سوقما تامنىڭ يېنىغا كېلىشتى. بۇ يەرگە نۇرغۇن كىشى توپلانغان ئىدى.

قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەن كالا كوچا بويلاپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن قوشۇلغان بىر كوتەك هارۋىسى چىقىپ قالغان، شىددەت بىلەن قېچىپ كېلىۋاتقان كالا ئۆزىنى ياندىكى سوقما تامغا قاتتىق ئۇرغان. سوقما تامنىڭ تەكتى زەي تارتىپ هۆل بوشاپ قالغانلىقتىن تام شۇ هامان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، كالىنى بېسىۋالغان.

— هەي، بىز يوقسۇللارغا ماڭدامدا بىر بالا-قازا يولۇقۇپ تۇرغان، ئەمدى بۇ پېشكەللىكنى قارا، — دەپ ئىچىندى بىر دېخان.

— خەير، بولىدىغان ئىش بولۇپ كېتىپتۇ، ئوكۇنمەڭلار، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى يەنە بىر دېخان، — بۇ كالا ئولمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ زالىملار ئۇرۇپ ئولتۇرگەن بولاتتى.

تۇردى بوۋاينى ئەنسىز خىياللار ئورىۋالغان ئىدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئۆز ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— خەير، كالىغۇ ئولدى. مۇشۇ بالا-قازا بىلەنلا ئىش تۈگىسە مەيلىدىغۇ، "كالا كىمنىڭ، ئېغىل كىمنىڭ، ئوگزە كىمنىڭ" دەپ سوراشتۇرۇپ يەنە بىر بالا-قازا تېرىمىسا بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ هاشىم بوۋاي بىلەن موللانىيازنىڭ كوڭلىگە يەنە بىر ئەندىشە چۈشتى.

— ئۇنىمۇ بولمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى موللانىياز، — ئىناپسىزلار ئونبەش بېشىنىڭ دەردىنى بىزدىن ئېلىشىمۇ مۇمكىن.

موللا نىياز يەنە مۇنۇلارنىمۇ ئويلىدى: "تۇردى بوۋايغا تەس بولدى. ۋاڭلىق، تەيجىلىك، قورماللىق، پاششاپلىق يەرلەرنى ھەيدىگەندە، سورەم سالغاندا. خامان تەپكەندە، چىققان ھوسۇلنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغلاردا بۇ دېخاننىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان ئەنە شۇ بىر كالا ئەمەسمىدى... ھەتتا باشقا دېخانلارنىڭمۇ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە ھەمدەم بولاتتى ئەمەسمۇ؟ مانا ئەندى مۇشۇ كالىنىڭ ئورنىدا بوۋاينىڭ ئۆزى ئىشلەيدىغان بولدى-دە، ئۇنىڭغا جاپا بولدى".

كالىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغانلارنىڭ بەزىلىرى ئونبەش بېشىنىڭ ئۆلۈمى خۇيما ياخشى بولدى، دېسە، بەزىلىرى تۇردى بوۋاينىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ھال-ئوقىتى ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. تۇردى بوۋايغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. شۇ چاغدا موللا نىياز بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈپ ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

— ھەي جامائەت. كالا زادى نېمە ئۈچۈن ئۆلدى؟ ھەر كىم، ھە نېمە دەيمىز. بىرىمىز "ئىرادە" دەيمىز، بىرىمىز بولساق "بالا-قازا" دەيمىز، ئونبەش بېشىنى كىم سەمەتنى قوغلا دەپتۇ، ئۇنى كىم كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ؟ سەمەت بولسا ئۆزىنىڭ ھالال كۆچى بىلەن ئىشلەپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان، باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتقان بىر ئوبدان يىگىت. قورمال بېگىم بىر دېخاننىڭ ئۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ئۆستۈرگەن بۇغدىيىنى ھەيدەپ تاشلاپ يەرنى تارتىۋالسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلدىن بېرى ئۇچ-ئاداۋەت تۇگىمىسۇن، بۇ دەرت-ئەلەمگە چىدىماي باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان دېخاننى يولغا سېلىشقا ياردەملەشكەن سەمەتنى ئۇرماقچى بولسۇن، نېمە دېگەن زوتالىق بۇ؟ ئەگەرچەندە ئونبەش بېشىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى يەنە سەمەتكە ئارتىدىغان بولسا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ ئۆزى! ھازىر

بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ تۈۋرۈكى ئوردا. چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دۈمبىسىنى ئوردا تاملىرىغا يېقىۋېلىپ خالىغىنىنى قىلىۋاتىدۇ. شۇنچە كۆپ يوقسۇللار بولسا، ئوت بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ زار-زار قاخشاپ ئۆتۈۋاتىدۇ......

كىشىلەر موللانىيازنىڭ ھەققانى سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك، باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلايتتى. موللانىياز يەنە نىمىلەرنىدۇ دىمەكچى ئىدى، قورمالنىڭ ئۈچ-تۆت ئادىمى سەنەتنى ئىزلەپ كىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئۇنبەش بېشى-نىڭ دەردىنى سەنەتتىن ئالماقچى بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ، ئېغىل، سامانلىق قالماي ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى......

شۇ كۈندىن تارتىپ تۇردى بوۋاي ئاستا-ئاستا كالىسىنى ئۇنتۇپ، ئوردىدىن تارتىپ قورمالغىچە، بەگ-خوجىلارنىڭ ھەممى-سىنى قاغايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇما ئاخىرلاشقان ئىدى. كەڭ خاماندا بېسىلغان بۇغداي باغلىرى، يېپېشىلغان ئۇنچە، تېپىپ، سورۇپ چەشلەنگەن بۇغداي تۇراتتى. بۇغداي چەشلىرىنى ئايلىنىپ ئۈچ كىشى يۈرەتتى. بۇلارنىڭ بىرسى يوغان تۆت قىرلىق ياغاچ تامغىنى كۆتىرىپ كەلدى-دە، چەشلەنگەن بۇغداينىڭ ئەتراپىنى مۆلچەرلەپ تامغا باستى ۋە خامانچىلارغا:

— بۇ تامغىنى بىلىسىلەر-ھە، ئەگەر تامغا ئىزى يوقالسا، بۇغداينى ئوغرىلىغان بولىسىلەر، ئۇ چاغدا بۇ ئوردا بۇغدىيىنىڭ ھىساۋىنى ئۆزەڭلار بېرىسىلەر، — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئۈچ كىشى ھەممە چەشلەرگە شۇ تەرىقىدە توت قىرلىق يوغان ياغاچ تامغىنى باسقاندىن كېيىن كەتتى.

چەشلەر ئۈستىگە بېسىلغان تامغىنىڭ ئىزى ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خامانىنى ساقلىغۇچىلار تامغىنىڭ ئىزى يوقىلىپ كەتمەس-لىكى ئۈچۈن ئامال-چارە ئىزلەيتتى. ئاخىرى ئۇلار چەشلەرنىڭ ئەتراپىغا ئارىلىغىنى بىر گەزدەك قالدۇرۇپ ئادەم بويى مەڭگەن دوۋىلىدى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار چەشنى شامالدىن دالدا قىلىپ، تامغىنىڭ ئىزىنى ساقلاپ قالماقچى ئىدى. بۇ چارىنى ھاشىم بوۋاي تاپقان ئىدى.

خامانغا قارىغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرى سەل تىنغاندەك بولۇپ، خالتىلىرىدىن زاغرا نانلىرىنى ئېلىپ ئەمدى يېيىشكە ئولتۇرغان ئىدى، يېقىندىن تەيىنلەنگەن ئونبەش بېشى ئات چاپتۇرۇپ خا-مانغا كەلدى ۋە ئېتىدىن چۈشمەيلا چەشلەرنى ئايلاندۇرۇپ، دوۋىلەنگەن مەڭگەنلەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بىر باغلام، بۇ بېشىدىن بىر باغلام ئېلىشقا باشلىدى. دوۋىلەنگەن مەڭگەنلەر بۇغداي دوۋىسى ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بۇغدايغا بېسىلغان تامغا ئىزىنى بۇزۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ خامانچىلارنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئونبەش بېشىنىڭ ئالدىنى توستى:

— بۇ مەڭگەنلەرنى بۇغداي چەشلىرىنى شامالدىن دالدا قىلىپ بېسىپ قويغان ئىدۇق. مەڭگەننى ئۆرۈپ، بۇغدايغا ئۇرۇلغان تام-غىنى بۇزۇۋەتتىڭ. ئەمدى قانداق قىلىمىز بۇنى؟ بۇ ئىشنى ھازىرلا قورالغا دەپ قويمىساق بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا بولىدۇ!

— مەن بۇ مەڭگەننى ئاتقا بېرىش ئۈچۈن ئالدىم. قومۇلغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن. قورمال بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقتىم يوق! — ئۇ شۇ گەپ بىلەن ماڭماقچى بولدى.

— ئۇنداق دېمە، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، — دەپ ئونبەش بېشىنىڭ يولىنى توستى خامانچىلار، — بۇ مەڭگەننى ئېلىپ يامان

قىلدىڭ، ئاۋۇ بىردىن ئالساڭ بولاتتى. ئەمدى بىزگە نۇۋال قىلىپ كېتىپ قالساڭ بولمايدۇ. يۈر قورالىڭنى يېنىڭغا بىللە بارايلى.

— مېنىڭ يولۇمنى توسماڭلار، — دەپ ھەيۋە قىلدى ئۇ كورەڭلىگەن ھالدا. — نىمە ئىش بىلەن كېتىۋاتقىنىمنى بىلەمسىلەر؟ مەن ھىلىقى قاچقان گۇناكارنى تۇتقانلىقىمىزنى ۋاڭ خوجامغا خەۋەر قىلغىلى كېتىۋاتىمەن.

— ئۇنى نەدىن تۇتتۇڭلار؟ — يۈرىگى جىغ قىلغان ھالدا، ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى ھاشىم بوۋاي.

— نەدىن تۇتاتتۇق، مۇشۇ لاپچۇقتىن. گۇناكارنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساقلاپ يېتىپ، ياغاچچىلىق، تومۇرچىلىكتىن تاپقان پۇلىنى خەجلەپ. ئەمدى بىلمەس بولۇۋالدىڭمۇ؟ سەن ئۇزەڭمۇ بىر گۇناكار!

بوۋاي لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇنبەش بېشى مەڭگەننى تاشلىۋېتىپ بىردىن بىر باغلام ئالدى ـ دە، كەتتى.

"گۇناكار! ھەي، ھەي ياخشى ئادەم ئىدى. قانداق مەلئۇن تۇتۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ ئەمدى نىمە كۈنلەرنى كورەرمىز؟ ياق، ياق، ئۇنى قۇتقۇزۇش كېرەك". ھاشىم بوۋاي شۇ خىياللار بىلەن ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يولدا جارچىغا ئۇچراشتى. جارچى:

— پىچىغىڭنى ئال قاققا يۈر، سۈۋىتىڭنى ئال باققا يۈر! دەپ ۋاقىرايتتى.

ھاشىم بوۋاينىڭ قۇلىقىغا جارچىنىڭ سوزلىرى كىرمىدى. ئۇنىڭ چاتقال پوپىگىنىڭ كۈلى بىلەن بويىۋالغان ماتا ئىشتان ـ كوينىكى تەرگە چىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

جارچىنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئەرلەر سىۋەت

كۆتىرىپ سۇۋ ئاتقىلى ئون ئىككى باقا يىپىلدى. ئاياللار پىچاق كۆتىرىپ قوغۇن تىپقى قىلغىلى خانلىق توغۇنلۇققا ماڭدى.

بوۋاي كىيىنىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ نەگە بېرىپ نىمە ئىش قىلىدىغانلىغىنى ھىلى ئېسىگە ئېلىپ، ھىلى ئۇنتۇيتتى. يولدا موللا-نىيازنىڭ يېڭىنلىرى ئۇچراشسا بوۋاي ئۇلارنىڭ قولىغا شىۋىرلايت-تى. ئاڭلىغانلار ھاڭ - تاڭ قالاتتى - دە: "ئۇنىڭ نىمە گۇناسى بار بولغىيدى؟" دىيىشەتتى.

ھاشىم بوۋاي ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆيىگە كىرمەستىن يەنە كەينىگە ياندى. كۆڭلى پەرىشان بولغان بوۋاي خامانغا قايتىپ كەلگەندە، كەچ بولۇپ قالغان ئىدى.

كەچ كىرىشكە يېقىن، شامال چىقىپ كەتتى. شامال ئاستا-ئاستا قاتتىق بورانغا ئايلاندى. چەش ئەتراپىغا توپلانغان مەنگەن-لەرنى، ئىگىز - ئىگىز دۆۋىلەنگەن باغلارنى، تېپىش ئۈچۈن خامانغا يېيىتىلغان ئۇنچىلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ، ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋەتتى. بىر قىسمى ئەتراپتىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە، ئويمان - چوڭقۇرلارغا چۈشتى. بىراق، ھاشىم بوۋاي بوراندىن خاپا بولمىدى، بەلكى خوش بولدى. "ئۇچۇرۇپ كەت، ھەممىنى ئۇچۇرۇپ كەت! — دىدى بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە، — ۋاڭنىڭ خامىنىنىڭ ھەممىنى ئۇچۇرۇپ كەت. ۋاڭنىڭ ھەممە نىمىسىنى ئۇچۇرۇپ كەت!"

تاڭ ئاتقاندا بوران پەسەيدى. بوراننىڭ پەسىيىشى بىلەنلا بۇ كىچىككىنە شەھەرنى دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. قورمالنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى كوچىلارغا يېيىلغان ھالدا مەھەللىمۇ - مەھەللە، ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار گۇناكارنى كىم قاچۇردى، قورمالنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى، دىيىشىپ جارسالماقتا ئىدى. ئانچە ئۆتمەي ئۇلار بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇتۇپ قامچىلىغان پېتى قورمالنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كەلدى. ھاشىم بوۋايىمۇ تۇتۇپ قارىياغاچقا باغلىدى - دە، ئۇرۇشقا باشلىدى......

## ئون توققۇزىنچى باپ

شىڭشىڭشا ئۆزى كوبى،
ئىككى تاغىنىڭ ئارىسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كوزنىڭ قارىسى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. قىشنىڭ سوغاق كۈنلىرى باشلاندى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار هارۋا يولىنى كۆمۈۋەتكەن ئىدى. كوز يەتكۈسىز سايلار، يىراقتا گىرىمسەن كورۇنۇپ تۇرغان تاغلارمۇ گويا ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك ئىدى. شىۋىرغاننىڭ ۋىژىلداپ ئۇرۇشىدىن كوزنى ئاچقىلى بولمايتتى.

يولدا بىرقانچە هارۋىلار غىچىر-غىچىر ئاۋاز چىقىرىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتاتتى. بەزىلىرىگە يۈك باسقان، بەزىلىرىگە ئوت-سامان باسقان، بەزىلىرىگە كومۇر باسقان ئىدى.

ئوتتۇرىدىراق كېتىۋاتقان بىر هارۋىدا چېرىكلەر توت كىشىنى يالاپ ماڭغان ئىدى. ئۇلار ئىچكىرىسىدىن چىققان "گۇمانلىق" كىشىلەر ئىدى. بۇ هارۋىنى تۇرسۇن ئاتا هەيدىگەن بولۇپ، ئۇ ئۇستىگە يوغان جۇۋا كىيىپ، بېلىنى باغلىۋالغان، جۇۋىنىڭ ياقىلىرىدا مۇز توڭلاپ كەتكەن ئىدى. گايىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ قوياتتى، گايىدا قامچىسىنى هاۋادا پىقىرىتىپ، ئاتقا هەيۋە قىلىپ قوياتتى. گايىدا هارۋىدىن چۈشۈپ ئاتلار بىلەن تەڭ قاترايتتى، ئىسسىغاندىن كېيىن، يەنە هارۋىغا چىقاتتى. ئۇ گەرچە قېرىپ قالغان بولسىمۇ، خېلى تىمەندەك كورۇنەتتى. ئۇ

كېتىۋېتىپ مەھبۇسلاردىن خەنزۇچە: "تۇڭدۇڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان چېرىكلەردىن بىرسى تۇرسۇن ئاتىغا ھومىيىپ قارىدى.

— نىمانچە ئىچىڭ ئاغرىپ كەتتى بۇلارغا؟

— ئىچىڭ ئاغرىسا بولىدۇ، مۇساپىر-دە، مۇساپىر، — دەپ قويدى تۇرسۇن ئاتا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— مەنزىلگە يېتىشكە يەنە قانچىلىك قالدى؟ — دەپ سورىدى چېرىكلەردىن بىرسى تۇرسۇن ئاتىدىن.

— ئالدىرىما. تېخى خېلى ماڭىمىز.

ھارۋىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈگدەك باستى. ئەمما تۇرسۇن ئاتا خىيال بىلەن ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ خىيالىنى يىغىپ، ئۇزۇندىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، كېيىن ئۆزى بېيىتقان «شىڭشىڭشا» دىگەن ناخشىنى ئاستا ئېيتىشقا باشلىدى:

شىڭشىڭشا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كوزنىڭ قارىسى.

... كەينىدىكى ھارۋىدا كېلىۋاتقانلارمۇ ناخشىغا قوشۇلدى. قارلىق دالىدا ياڭرىغان ناخشا ئاۋازى يول ئازاۋىنى يېڭىشكە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئەمما ئۇلار ۋاڭ ھەم زالىملار تىلغا ئېلىنىدىغان جايلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېراق ئېيتتى:

ئات ھارۋىلارنى ھەيدەپ،
كۆشۈيگە① بارغاندا كەچ بولدى.

① كۆشۈي — (ئاچچىق سۇ) جاي ئىسمى.

ئاچچىق سۈنى بىز ئىچىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

كۈشۈيىنىڭ سۈيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
گەنچەي①لەرنى ھەيدەتكەن،
شاڭيۇ دىگەن مۇناپىق.

شىڭشىڭشانىڭ ئوزىدە،
كىچىك - كىچىك كاڭلاردا —
شاڭيۇلار ئوزى يېتىپ،
ھارۋىكەشلەر تالادا.

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى،
ئىككى قامچا چۈشۈردۈم.
ئەل تومۇر②دا ياتقاندا
ئاتا - ئانامنى چۈشىدىم.

تۇرسۇن ئاتىنىڭ بوم ئاۋازى مۇڭلۇق چىقاتتى. ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يەندۇڭغا يېتىپ باردى. ئۈچ كۈندىن بېرى ھالسىرىغان ئاتلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ھور ئارىلاش كۆۋۈك چىقاتتى.

ئۇلار ئوتەڭگە چۈشۈپ، ھەممىسى بىر ئويدە يېتىشتى. يول ئازاۋى بىلەن سوغاقنىڭ دەردىنى تارتقان يولۇچىلار بىردەمدىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئوچاققا تىقىپ قويغان سوكسۇك ئوتۇن ئاچچىق ئىس چىقىرىپ پوس - پوس قىلىپ كويسە، جىن

① گەنچەي — كوتەك ھارۋا.
② ئەل تومۇر — ئوتەڭ نامى.

چىراق پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئىشىكنى توسۇپ ياتقان چېرىكمۇ خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. بىر بىرىگە يېقىن ياتقان تۇرسۇن ئاتا بىلەن مەھبۇسلاردىن بىرسى تېخىچە ئۇخلىمىغان ئىدى. تۇرسۇن ئاتا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىلەر نېمىشقا تۇتۇلۇپ قالدىڭلار؟

— خان ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بىزنىڭ يۇرتىمىز تولىمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتتى......

مەھبۇسنىڭ گېپى تۈگىمىگەن ئىدى. كۈزەتچى چېرىك يوتىلىپ ئويغىنىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار سۆزلىشەلمىدى. لېكىن تۇرسۇن ئاتىنىڭ تاڭ ئاتقىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. خانلىق ئاغدۇرۇلدى؟ "بۇ راست گەپمۇ؟" ئۇ ئۆز قۇلىغىغا ئىشەنمىگەندەك يەنە سورىغىسى، ئۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگۈسى كەلدى. لېكىن ئامال بولمىدى.

تۇرسۇن ئاتا ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن شۇنچىلىك يېنىك تۇردىكى، ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ھارۋىنى قوشۇپ يەنە يولغا چۈشتى. ئۇلار كۆشۈي، ساچەنزە، تاشقۇدۇق دېگەن يەرلەردە قونۇپ، ئالتىنچى كۈنى كۆز يەتكۈسىز تاغلارنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئاتلار تۇمشۇغىنى تىرىگەن ھالدا، ھارۋىنى كۈچەپ تارتىپ داۋاندىن ئارتىلغاندىن كېيىن، ھارۋىكەشلەر ئاتنىڭ ئاغامچىسىنى تارتىپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. چوڭ غول تەرەپتە ئۆيلەر كۆرۈندى. ھارۋىنى شۇ يەرگە كېلىپ توختاتتى. چېرىكلەر مەھبۇسلارنى بەلگىلەنگەن رەسمى قائىدە-يوسۇنلار بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق چېرىكلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشتى.

تۇرسۇن ئاتا قۇمۇلدىن شىڭشىڭشاغا قاراپ يولغا چىققانىنىڭ 8-كۈنى باشقىلار بىلەن بىللە كەينىگە يېنىپ قۇمۇلغا قاراپ ماڭدى.

كۈن ئۇچۇق ئىدى. ھاۋا سەل ئىسسىپ، قارلار ئېرىشكە باشلىغان ئىدى. تۇرسۇن ئاتا بىر چاقىرىم يولنى باسا - باسمايلا كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. تۇرسۇن ئاتا "كىمدۇ ئۇ؟" دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ئۇ كىشىمۇ يېقىنلاپ كەلدى ۋە تۇرسۇن ئاتىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. تۇرسۇن ئاتا: "ھەي، ھەي، كۆزۈم قۇرۇسۇن، موللانىياز ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇپ ھارۋىدىن چۈشتى.

بۇ ئىككىيلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقاندا، يولۇچىلارنىڭ دىققىتى ئاتلىق كىشىگە چۈشتى. موللانىياز ئۇلارغا ئۆزىنى ۋاڭنىڭ مەخسۇس تۆۋپىنىڭ يېقىندا ئالتەشەھەر تەرەپتىن ئالدۇرۇپ كەلگەن ياردەمچىسى دەپ تونۇشتۇردى. ھەم ئىچكىرىگە ۋاڭغا كېرەكلىك مۇھىم دورىلارنى ئالغىلى بارغانلىقىنى ئېيتىپ باشقىلارنى ئىشەندۈردى. تۇرسۇن ئاتا كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇلار كەينىدىرەك قېلىپ سۆزلىشىپ ماڭدى. لېكىن ئۇزۇنراق سۆزلەشسە باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆمۈرلۈكتە باتۇر بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىدىغان بولۇپ ئايرىلىشتى.

ئۇلار دېگەندەك ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆمۈرلۈكتىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇلاق بېشىدا ئۇچراشتى.

كۆمۈرلۈكتە ئىشلەۋاتقانلار ئەنە شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەتتى ھەم ئۇلار نۆۋەتلىشىپ ئىش ئورنىغا سۇ توشۇيتتى. شۇ كۈنى ئىسلام بىلەن باتۇر موللانىيازنىڭ خەت يېزىپ خەۋەرلەندۈرۈشىگە بىنائەن سۇ توشۇش نۆۋىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىپ بۇلاق بېشىدا ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

گۈگۈم چۈشكەن مەزگىلدە تۇرسۇن ئاتا بىلەن موللانىياز بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋال تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

موللانىياز باتۇرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ۋاھ، يېرىم يىل ئىچىدە شۇنچە ئۇسۇپ كەتتىڭمۇ؟ قارا سېنىڭدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى! — دەپ قويىدى.

باتۇر موللانىيازغا قىزىقىپ قاراپ:

— قالتىس ئىكەنسىز، قورماللىڭ تۇتقۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلدۇم، دەڭ، يېرىم يىلدىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دىدى.

— راستىنى ئېيتقاندا ئۆزەم يالغۇز نىمىمۇ قىلالايتتىم. مېنى قۇتقۇزغان شۇ يەرنىڭ خەقلىرى. ئۇ خەقلەر مىنىلا قۇتقۇزۇپ قالماي، ئۇرۇلۇۋاتقان ھاشىم بوۋاينى قورشىۋېلىپ: "ئۇرساڭلار بىزنى ئۇرۇڭلار، بىر پۈتى گورگە ساڭگىلىغان قېرى بوۋايغا ئازار بەرمەڭلار!" دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى قورمال ئامال قىلالماي ھاشىم بوۋاينى قويۇۋېتىپتۇ. ئاڭلىسام ئۇ ھازىر سالامەت ئىكەن. مەن قاچقانچە شىڭشىڭشا تەرەپكە كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم ئوكا، — دىدى موللانىياز.

ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ھەممىلا يەردە خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. باتۇر بىلەن تۇرسۇن ئاتا موللانىيازنىڭ قورماللىڭ تۇتقۇنىدىن قانداق قۇتۇلغىنىنى سوراپ قالدى. موللانىيار كۈلۈپ قويۇپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

موللانىياز بىلەن ھاشىم بوۋاي جان بېقىشقا ئامالسىز قالغىنىدا موللانىياز ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە ئوقۇپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قويغان ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ياغاچچىلىق قىلىپ داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ ياسىغان ئىشىك، پەنجىرە، ساندۇقلىرى ھەركىمگە يارايتتى. "ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر"، "ھۈنەرلىك خار بولماس، دوست دۈشمەنگە زار بولماس" دىگەندەك ئۇنىڭ ئىشى ھەم بەركەتلىك

بولدى. ھاشىم بوۋاينىڭ تۇرمۇشىمۇ بىرئاز ياخشىلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئۆلگەن كالا ئۈچۈنمۇ بىر قىسىم ئاشلىق ۋە پۇل بەردى.

شۇ كۈنلەردە ياقۇپ قورمال ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ يېڭىدىن ئۆي سالدۇردى. بۇنىڭ ئىشىك-پەنجىرىلىرىگە ئىشلەشكە موللانىيازنى چاقىردى، موللانىيازمۇ "ياق" دېمەيلا قورمالنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوردا بەگلىرىدىن بىرسى قورمالنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. قورمال بەگنى ھويلىدا كۈتۈۋالدى. بەگ خانلىق قوغۇننى ھەم خانغا سوغا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى كۆزىدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ئىدى.

بەگ ھويلىغا تىزىۋېتىلگەن چىرايلىق ياسالغان ئىشىك-پەنجىرىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم قورمالغا چاقچاق قىلىپ:

— ئۆزىڭىز-زە، ھەممە ئىشتىن بەھرىمەن ئىكەنسىز-ھە؟ بۇ ناھايىتى كاتتا ھۈنەرۋەنكەنغۇ، نەدىن ئالدۇرۇپ كەلدىڭىز، بۇنداق ھۈنەرۋەن قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىمۇ يوق جۇمۇ! — دېدى.

— تەلەيى كەلسە ئىش ئوڭدىن كېلىۋېرىدىكەن، بېگىم، ئوغلۇمنىڭ تويىغا ئۆي سالدۇرغان ئىدىم. ئىشىك-پەنجىرە ياساشقا مانا بۇ ھۈنەرۋەننى خۇدايىم ماڭا ئالتەشەردىن ئەۋەتىپ بەردى. بىراق ئۆمرۈمدە بىرلا ئوڭۇشسىزلىق بولدى. ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى بالاخور سەمەتنى تۇتالمىدۇق، دېسىلە.

— ئۇنداق بالاخورلار ئۆزىنى تۇتقۇزمايدىكەن، — دەپ ھەسرەتلەندى بەگ، — موللانىياز دېگەننى ئالساقمۇ مانا قېچىپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى. ۋاڭ خوجام: "ئۇنى نىمىشقا ھازىرغىچە تۇتالمايسىلەر" دەپ بىزگە چېچىلىدۇ، — بەگ باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، قورمالنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن

ئەپكېلىپ پىچىرلىدى، — ئۇ شۇنداق يامان نەرسىكى، ۋاڭ، ئاغدۇر-مىغىچە يۈرت تىنجىمايدۇ، دەپتىمىش. خۇدايىم ئۇرى ساقلىسۇن. ئۇنىڭ يۈرىگى قاپتەك نەرسىكەن!

بەگ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىۋېتىپ، ياغاچچى بىلەن تونۇشۇپ قويۇش نىيىتىدە موللانىيازنىڭ يېنىغا كەلدى. موللانىياز ئاللىقاچان بەگنى تونۇپ قالغان ئىدى.

— ھارماڭ ئۇستام، ھۈنىرىڭىز كاتتىكەن، — دېدى بەگ موللانىيازغا قاراپ. لېكىن ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى سەزگەن قورمال ئىچىدە: "نېمە، بۇ بېگىمنىڭ بىرەر كېسىلى بارمۇ-يە، ئەجەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپ قېلىۋاتىدىغۇ" دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا بەگ:

— تۇتۇڭلار بۇنى! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

ئەسلى بۇ بەگ چوڭ تەيجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، موللانىياز بىلەن مەدرىستە بىللە ئوقۇغان ئىدى. شۇڭا ئۇ موللانىيازنى تونۇپ قالغان ئىدى.

قورمالمۇ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي "تۇتۇڭلار" دېگەر سۆزدىن كېيىن دەرھال يېقىدىن تەيىنلەنگەن ئونبەش بېشىنى چاقىردى. ئونبەش بېشى بىر توپ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگىنىچە موللانىيازنى باغلىدى.

— نېمىشقا باغلايسىلەر، نېمىشقا تۇتۇسىلەر مېنى؟ — دېدى موللانىياز خاتىرجەم ھالدا.

— نى-نى-نېمىشقا تۇتمايمىز سېنى؟ سەن موللانىياز ئەمەس-مۇ؟! — دېدى بەگ زەردى بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان قورمال: "موللانىياز دېگەن مۇشۇمۇ!" دەۋەتتى ۋە ئارقا-ئارقىدىن "باغلا!" دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

— مەن موللانىياز ئەمەس، خاتالىشىپسىلەر! — دېدى موللانىياز مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن ئۇلار موللانىيازنى باغلاپ

سولاپ قويدى.

يېرىم كېچە، موللانىياز ياقۇپ قورالىنىڭ سولاقخانىسىدا. سىرتتا گۈكىرەپ بوران چىقىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن سىرتتىن گۈپ، گۈپ قىلغان ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. ئانچە ئۆتمەي سولاقخانىنىڭ بىر تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى، ۋە موللانىيازنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ موللانىياز تۆشۈكتىن قىستىلىپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا لاپچۇقتا كەلگەندىن بېرى تونۇشقان دوست-ئاغىنىلىرى تۇراتتى. موللانىياز ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۈشتى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن توقۇلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. ھەممەيلەن تەڭ: "كېرەم ئۇستا، تېزرەك يولغا چىقىڭ، ئۆز يۇرتىڭىزغا سالامەت يېتىۋېلىڭ" دەپ ئاتقا مىنىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدىلا موللانىياز ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— مەن كېرەم ئۇستا ئەمەس، مېنىڭ ئىسمىم موللانىياز بولىدۇ، — دەپ ئۆزىنى رەسمىي تونۇشتۇردى.

ھەممەيلەن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ھەيران قېلىشتى.

— ھە! ۋاڭ تۇتقۇلار دەپ پەرمان چۈشۈرگەن موللانىياز سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ياشلاردىن بىرسى.

— شۇنداق، مەن بولىمەن، — دېدى موللانىياز، — زالىم ۋاڭنىڭ زۇلمى بىلەن قېچىپ يۈرگىنىمگە بىر قانچە يىل بولدى. بىر يىلدىن بېرى بۇ يەردە سىلەر بىلەن دوست-ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدىم. مانا ئەمدى كېتىمەن، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا رەھمەت. مېنى "گۇنايى نىمىدۇ" دەپ ئويلاپ قالغانسىلەر، مېنىڭ گۇنايىم ھەقنى سۆزلەش، ۋاڭ، تەيجى، قازىغا ئوخشاش زالىملار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، مېنىڭ گۇنايىم پەقەت ئەنە شۇ. قاراڭلار، سىلەرنىڭ قورالىمۇ ھەددىدىن ئاشقان زالىم، سىلەرنىڭ قان-تەرىڭلەرنى شوراپ، ھالىڭلارنى قويمىدى. سىلەر

ئويلاڭلار، ھەممىمىز ئوخشاش ئىنسانغۇ. ئۇلار راھەتتە. سىلەر بولساڭلار ئازاپتا. سىلەر قانچە بوزەك بولساڭلار، ئۇلار سىلەرنى شۇنچە بوزەك قىلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ يۈرۈۋېرىش مۇمكىنمۇ ئۆزى؟

گۇرۇلدەپ بوران چىقىۋاتسىمۇ، موللانىيازنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

موللانىياز ئاتقا بىر سەكرەپلا مىندى ۋە:

— خەير، ئامان بولۇڭلار، نېسىپ بولسا، يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بولدى.

موللانىياز چوڭ يولغا چۈشۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە قارىدى. قورمالنىڭ ئۆيى تەرەپتە ئاسمان-پەلەك كۆتىرىلگەن كۈچلۈك ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. "ۋاھ، كىشىلەر قورمالنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ بېرىپتۇ-دە" — دېدى موللانىياز ئۆز-ئۆزىگە.

موللانىياز يۇقۇرقى ۋەقەنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن باتۇرلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

كېيىن ئۇلار ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان قوزغىلاڭلار ئۈستىدە بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن تۇرسۇن ئاتا بىلەن ئىسلام باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كومۇرلۇك تەرەپكە بېرىپ تۇرماقچى بولۇپ كېتىشتى. موللانىياز بىلەن باتۇر قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— قارا ئۇكام، — دېدى موللانىياز مۇلايىملىق بىلەن، — سېنىڭمۇ ئۆيۈڭدىن، ئايرىلىپ يۈرگىنىڭگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى. مەنمۇ شۇ سەرسانلىقتا. مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ. بىزدەك يۈرگەنلەرگە ئاز ئەمەس. قۇشلارمۇ ئۆز ئۇۋىنى سېغىنىدۇ ئەمەسمۇ، سېنىڭ بىلەن مەن نېمىشقا سېغىنمايلى، زالىملار بىزنى خالىغىنىچە بوزەك قىلىۋېرەمدۇ؟

بۇ سۆزلەر باتۇرنىڭمۇ كۆڭلىدىكى سۆزلەر ئىدى. بولۇپمۇ

ئۇ گۈلدەستىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئۆز ئۆيىنى بەك سېغىناتتى. ئۇ قانتى بولسا ئۇچۇپ بارغۇدەك ھالەتكىمۇ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ بولسا كومۇرلۇكتە ئىشلەۋاتقان بىر تۇتقۇن ئىدى. ئۇ قانداقمۇ خالىغانچە ئۆيىگە بارالىسۇن؟

— راست ئېيتىسىز ئاكا. ئومرۇمنىڭ يېرىمى ئوتۇپ كەتكىلى تۇردى. مەنمۇ ئۆيۈمدىن ئايرىلغاندا بالا ئىدىم، مانا ئەمدى چوڭ بولدۇم. نى-نى زۇلۇملارنى كوردۇم. لېكىن نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ھازىرلا تاياق-توقماق كوتىرىپ، نەچچە زالىمنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆرۈپ گورگە تىقىۋەتكۈم كېلىدۇ. ئاخىرى يەنە ۋاڭ يوقالمىغىچە ھەممە ئىش بىكار، دەپ ئويلايمەن. مانا ئەمدى ئىچكىرىدە خان ئاغدۇرۇلغان بولسا، ۋاڭنىڭ تۆۋرۈگى ئۆرۈلۈپتۇ، ئۇنى يوقىتىشمۇ ئاسان بولار.

— گەپ شۇ يەردە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىشىلەرگە ھەر قايسى جايلاردىكى زالىملارنىڭ زۇلمىنى تونۇتۇش، ئۇلارنى قوزغاش كېرەك. خەلق قوزغالسىلا ھەممە ئىشنى قىلالايمىز، — دىدى موللانىياز ئىشەنچ بىلەن.

— شۇنداق قىلايلى ئاكا، مېنىڭمۇ ئۈمىدىم شۇ. قاچانلا ئولسەك بىر ئولۇم، نىمە بۇ، مۇنداق ياشىغاندىن ئېلىشىپ ئولگەن ياخشى! ئاخىرى باتۇر كاندىكى ئىشلەمچىلەرنى زالىملارغا قارشى قوزغىماقچى، موللانىياز تاقىقا چىقىپ باقى قويچىنى تېپىپ چارۋىچىلارنى قوزغىماقچى، قومۇلدىكى ئىشلارنى كامال بىلەن توختى بوۋايغا تاپشۇرماقچى بولۇشتى.

— مەن ئەتىلا داداڭنىڭ يېنىغا سەپەر قىلىمەن، باشقا گەپ سوزلىرىڭ بارمۇ؟ — دىدى موللانىياز بۇ ئىشقا جىددى كىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

باتۇرنىڭ يادىغا گۈلدەستە كەلدى. لېكىن موللانىيازدىن ئۇيىلىپ بىر نەرسە دىمەي جىمجىت ئولتۇردى. بۇنى سەزگەن موللانىياز:

— نىمە، سېنىڭ مەندىن يوشۇرىدىغان گەپ - سۆزلىرىڭ بارمۇ؟ دەۋەرگىن، مەن سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش. ماڭا دىمەسەڭ كىمگە دەيسەن؟ — دەپ تۇرۇۋالدى.

باتۇر كۈلۈپ:

— مەندىن مىرىخان ئاپاملارغا سالام دەپ قويۇڭ. — دىدى تەسلىكتە.

موللانىياز مىرىخاننىڭ گۈلدەستە ئىسىملىك چىرايلىق قىزى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال چۈشىنىپ "باتۇر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئىسسىقلىق بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل دىگۈزۈپ قويۇش كېرەك. ياشلارنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويغىلى بولامدۇ" دىگەن خىياللارنى ئۆتكۈزدى-دە، باتۇرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— چۈشەندىم، ئۇ ييېقىدىن غەم يىمىگىن، ھەممىگە سېنىڭ سالىمىڭنى يەتكۈزۈپ قويىمەن، — دىدى.

## يىگىرمىنچى باپ

زوخادىن چۇشۇپ بېرىپ،
لىسو چاپقان ئوخشايمەن.
بەرگىنى سۇنۇق ياماق،
جانىنى ساتقان ئوخشايمەن.

قىش ئايلىرى ئۆتكەپ قالغان بولسىمۇ، بۇ كەڭ سايلىقتا سوغاق تېخىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇڭا كۈندە دىگۈدەك شۇۋرغان چىقىپ قارلارنى ئويمانلارغا تىقاتتى، ئۇيەر-بۇ يەردە قار بارخانلىرىنى ھاسىل قىلاتتى.

بۇ چەكسىز چۆل-جەزىرىنىڭ ئاستى كومۇرلۇك ئىدى، كومۇرلۇكنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە تۆمان باسقان تاغلار كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ يەرگە ھاشاغا ئەۋەتىلەتتى ۋە پالىناتتى. بۇ يەردىكى زۇلۇم ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنى خۇددى گۇناكارلارغا ئوخشاش نازارەت قىلىپ ئىشلىتەتتى. بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە كاننىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ ئۈچ يەردە ئۇستى ئوچۇق كان ئېچىلدى. بۇ ئۇستى ئوچۇق كانلارنىڭ تەرەنلىگى ئۈچ-تۆت دەرەخ بويى، كەڭلىگى بىر چاقىرىم، ئۇزۇنلۇغى ئۈچ-تۆت چاقىرىم كېلەتتى. كاندىن قېزىپ چىقىرىلغان توپا-تاش ئىككى تەرەپتە ئېگىز-ئېگىز تاغلارنى ھاسىل قىلغان ئىدى.

باتۇر ئىشلەۋاتقان كومۇرلۇك ئەڭ چوڭ كومۇرلۇك بولۇپ،

بۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپ. بۇ كانىنىڭ ئەتراپىنى كانىنىڭ سۈيىنى تارتىش بىلەن ھاسىل بولغان مۇزلۇق كۆلچەكلەر، لايدىن ھاسىل بولغان ئوڭغۇل-دوڭغۇل دوڭگاۋكلەر قاپلاپ تۇراتتى.

كومۇرلۇكنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە چۆرىسى چىتلانغان ھويلا، ھويلىدا لاي، كېسەك ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر ئېغىز ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆي شۇ كانىنى باشقۇرۇۋاتقان مىرۇللا قىزىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ھويلىدا يوغان ئىككى ئات باغلاقلىق تۇراتتى. ئاتلار كاراسلىتىپ بوغۇز يەمەكتە ئىدى. بۇ ئۆينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە 10 نەچچە ئادەم دائىرە بولۇپ ئولتۇرغىدەك ئورا قېزىلغان بولۇپ، ئورىنى چۆرىدەپ ھەر بىرىگە بىر ئادەم پاتقىدەك ئون ئالتە گەمە كولانغان. ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىلغان.

بۇ گەمىلەر يېنىدا تاغدىن كولانغان يەنە بىر قانچە تاش گەمە بار ئىدى. بۇ گەمىلەر ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدا كانغا قارىغۇچىلار، كانچىلارنى نازارەت قىلغۇچىلار تۇراتتى.

ئوردەك ئىچىدىكى گۈلخان ئەتراپىدىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلار ھېلىلا ئىشتىن چۈشكەن كانچىلار ئىدى. گەمىنىڭ ئىچىگە نەسكى-تۈسكى كىگىز ياكى خام شىرىلەر سېلىنغان بولۇپ، بىر چەتتە بېيدۇڭزا①، چوت، گۈرجەكلەر تۇراتتى. گۈلخانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى تۇڭلاپ كەتكەن پۇت-قوللىرىنى ئوتقا قاقلىسا، بەزىلىرى ھۆل بولۇپ مۇزلاپ كەتكەن چاپان، تېرە ئىشتانلىرىنىڭ پەش-پۇشقاقلىرىنى قۇرۇتاتتى.

— باتۇر كورۇنمەيدۇ، — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئىسلامغا قاراپ قويۇپ، — قارىسام مىرول قىزى باتۇرنىڭ پېيىگە چۈشكەندەك قىلىدۇ. بايا ئۇ مېنى چاقىرىپ، باتۇر ئۆتكەندە ھېلىقى ھارۋىكەشلەر بىلەن نېمە دېيىشتى، سىلەرگە نېمە دېدى؟ دەپ

① بېيدۇڭزا — كومۇر، توپا توشۇيدىغان سېۋەت.

سورىدى. مەن ھېچنەرسە ئۇقمۇدۇم، دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇ بەگنىڭ شۇ كىشىلەردىن بىرەر گۇمانى بارمۇ-نېمە؟

ئىسلام بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— توغرى گۇمانخور كىشىدۇ. دېگەندەك، مىرول قېزىنىمۇ ئوزىدىن گۇمان قىلىۋاتىدىغاندۇ. ئەمدى ھارۋىكەشلەردىنمۇ گۇمان قىلغىلى تۇرسا. بۇ ئىت كولەڭگىسىدىن قورققاندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ — ھەممىسى كۈلۈشۈپ قويدى. ئىسلام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مىرول قېزىنىڭمۇ بۇ يەردىكى زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا بىزدىن خۇدۇكسىنىپ يۈرۈۋاتقاندۇ.

بۇ چاغدا باتۇر بىر سېۋەت كومۇرنى كوتىرىپ ئورەككە چۈشۈپ كەلدى. ئولتۇرغانلار باتۇرنى كورۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن سېۋەتنى ئېلىپ يەرگە قويدى. باتۇر كومۇرنى ئېلىپ چاراسلاپ كويۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە تىزىشقا باشلىدى. باتۇرنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېغىر-بېسىق مىجەزى، سالماقلىق سوزلىشى ھەممىسىنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر ئىدى.

باتۇر نەچچە كۈندىن بېرى بىر ئىش ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى. ئۇ موللانىياز ھەم تۇرسۇن ئاتا بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن ئۇنى بىر خۇشاللىق ئورىۋالغان ئىدى. بۇ خۇشاللىق ئۈچ كاندا كانچىلارنى زالىملارغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاش ھەتتا قومۇل بەش شەھەر ئون ئىككى تاغ خەلقىنىمۇ قوزغاش، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭنى، ۋاڭنىڭ ۋەھشىيانە تۈزۈمىنى خۇددى خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندەك ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈمىدىدىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ئىدى. ئۇ قانداق قىلىش، ئىشنى نەدىن، نېمىدىن باشلاش ھەققىدە باش قاتۇراتتى. بەش قول ئوخشاش بولمىغىنىدەك ئادەملەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئېغىز سوز بىلەن ھەممىسى

ئوخشاشلا باتۇرنىڭ نىيىتىنى چۈشەنسە يېنىشى بولغىنى، لېكىن
ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەرسى چىقىپ باتۇرنى ئاشكارىلاپ قويسا ئىش-
نىڭ تۈگىگىنى شۇ. ئۇ مانا شۇنداق خىياللار بىلەن بەنت ئىدى.

بىر پەستىن كېيىن قارا ئىسى تۈگىگەن كومۇرنىڭ قىپ-
قىزىل ئوتى ھەممىسىنىڭ بەدەنلىرىنى ئىسسىتتى.

— ئىرى-ئىرى ئولتۇرۇڭلار، بۇ ئوتنى بىزمۇ سۇنايلى، — دې-
دى بىرسى ئوتقا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ. — "كومۇرنى كولىغانغا
ياقتۇر" دەيدىغان گەپ بار. باتۇر قالتىس-تە، بىزنى تۈگۈپ
قالمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى كومۇر كوتىرىپ كېلىپ، ئوتنى ئۇل-
غايتىپ بېرىدۇ.

— "تۈگىلىماي دېسەڭ ئوتۇن تېرىشتىن ئېرىنمە" دەپتىكەن، —
دەپ گەپ قىستۇردى ئىسلام، — بىزنى ئىسسىتىپ تۇرغان مۇشۇ بىر
ئوت-تە! ھەممىمىزگە ئىسسىقلىق بېرىپ تۇرغان مۇشۇ ئوت، بۇ
ئوت بولمىسا بۇ كويىقاپنىڭ ئاغزىدا قانداقمۇ ھايات كەچۈرەت-
تۇق؟

باتۇر ئىسلامنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ
قويدى-دە، سوزلىدى:

— ئوتنىڭمۇ ئوتۇنى كوپ بولسا كۈچى بولىدۇ، سوغاق
قانچە قاتتىق بولسا، ئوتنىڭ قەدىر-قىممىتى شۇنچە بولىدۇ،
مۇشۇ قاتتىق سوغاقتا ئوت بىزگە ئارام بېرىۋاتىدۇ. لېكىن مىرول
قىزنىڭ زۇلۇم نەشتىرى بىزگە مۇشۇ سوغاقتىنمۇ قاتتىق سانچى-
لىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنى ھەممە تەرەپتىن قاتتىق قىسىۋاتىدۇ. ئاۋادا
ئۇ مۇشۇ ئوتنىمۇ يېقىپ سۇنۇشقا يول قويمىسا قانداق قىلىمىز،
يەنىلا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇۋېرەمدۇق؟

— بۇنىمۇ ئويلىماي بولمايدۇ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى بىرەي-
لەن، — بىزگە ئېغىر بولۇۋاتقىنى، جېنىمىزنى قىيناۋاتقىنى قوساقنىڭ
ئاچلىقى. مانا ھازىرغىچە قوساققا بىر نىمە كىرگىنى يوق. بۇ قارا

ئاش قوساقتا كىرگىچە يېرىم كېچە بولامدۇ-نېمە؟ — ئۇ بېشىنى كوتىرىپ قاراڭغۇ كېچىگە، چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ قويدى.

— يېرىم كېچە بولسىمۇ، قارا ئاشنى بەرسىلا مەيلىدىغۇ، شۇ بىر چوچەك ئۇماچ قوساققا كىرمىسە تاڭ ئاتقىچە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ-دە! — دېدى يەنە بىر كىشى.

— قاراڭلار، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان بىرەيلەن كومۇرلۇك تەرەپنى كورسىتىپ، — مىرول قىزى خاڭغا چۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشىمىزدىن قۇسۇر چىقارمىسا بولاتتى. قۇسۇر چىقتىمۇ — بولدى، ئۇماچمۇ يوق، قارا ئاشمۇ يوق!

ھەممەيلەن مىرول قىزىنىڭ چاپارمەنلىرى بىلەن بىللە، ھەر كۇنى شۇ چاغدا پانۇس كوتىرىپ خاڭغا چۇشۇپ تەكشۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئويلاشتى. مىرول قىزى تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغانىدا چاتاق چىقارمايدىغان بىرمۇ كۇن بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

ئارىدىن بىرسى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھەسرەت بىلەن:

— ئولۇپ كېتىۋاتقانلار بەختلىك جومۇ، — دەپ قويدى.

— مۇشۇنداق ئولۇپ كېتىش بەختسىزلىك، — دېدى باتۇر كەسكىن بىر ئاھاڭدا.

— دورۇس، — دېدى ياش بىر كانچى، — زالىم مىرول قىزىنى مانا شۇ ئوتقا تاشلاپ كويدۇرۇۋېتىپ ئولۇپ كەتسەكمۇ مەيلىدى.

باتۇر بۇ يىگىتكە قاراپ كۇلۇپ قويدى ۋە:

— مىرول قىزىنى ئولتۇرۇش بىلەن زۇلۇم تېخى ئورۇلەمدۇ، مىرول قىزى زادى كىمگە تايىنىپ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوئال قويدى ۋە ئارقىدىن ئوزى جاۋاپ بەردى، — بىز بىر چامدامىنىلا ئەمەس، يۇز چاقىرىم نېرىسىنى ئويلاپ كورەيلى. مىرول قىزىنى ئولتۇرۇش ئاسان، ئۇ يوقالغان بىلەن يەنە بىر مىرول قىزى كېلىدۇ-غۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ زۇلۇم يالغۇز

مەشەدىلا ئەمەس، قۇمۇل، بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىكى يوق-سۇللارمۇ ئوخشاشلا ئازاپلىنىۋاتىدۇ، ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتمىسا، بەرىبىر بۇ زۇلۇم بولۇۋېرىدۇ!

ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھى خېلى كۆتىرىلىپ قالدى. قوساقنىڭ ئاچلىقىمۇ بىر پەس ئۇنتۇلدى. شۇ ئارىدا مېھرۇل قىزى بىر قولىدا پانۇس، بىر قولىدا كولچەك-تىكى سۇنىڭ ئازايىمغانلىقىنى ئولچەيدىغان ياغاچنى كۆتەرگەن ھالدا ۋاقىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ھەي، دوزاق كوسەيلىرى، ھارام يىگۈرلەر، كولچەكتىكى سۇ تۈنۈگۈنكىدەكلا تۇرۇپتىغۇ، تېخىچە بىرلىكمۇ چۈشمەپتۇ، سۇنى تارتماي كۆمۈرنى قانداق چىقارماقچىدىڭلار؟

مېھرۇل قىزىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار گويا ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— ئاۋۇ كولچەكتىكى سۇنى تارتىپ بولۇپ ئاندىن غىزا يەيسىلەر، بولمىسا، غىزا بېرىلمەيدۇ! — مېھرۇل قىزى شۇ گەپنى قىلدى-دە، ئويى تەرەپكە بۇرۇلدى.

لېكىن گەمىدە كۆتىرىلگەن غەۋغا ئۇنى توختاتتى.

— بۇلاق سۈيىنى توشۇپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ ھېلى تارتساق ھېلى توشۇپ تۇرسا، بىزگە نىمە چارە! — دىدى ئىسلام.

— كولچەكتىكى سۇ تارتىلمىغان بولسا خاگىنى ئالماقچان سۇ بېسىپ كەتكەن بولاتتى! — دىدى باتۇر.

— «ئوزۇقلۇق ئات ھارماس» دىگەن گەپ بار، بېگىم، قوساق ئاچ، ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلىدۇق. ئەمدى بۇ ئاچ قوساق بىلەن قانداق ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ — دىدى يەنە بىرىيلەن ۋاقىراپ.

— بىر تامچە سۇ بەگگە دەريا كورۇنۇپتۇ، دىگەن شۇدە! مانا مەن ھېلىراقتا خاگدىن چىقتىم، كولچەكلەردە ئانچە كوپ سۇ يوققۇ؟ بۇ پەقەت بىزگە قىلىنىۋاتقان زۇلۇم! — دىدى باتۇر

زەردە بىلەن.

ئەمدى مەسخىرە ۋە بىرخىل قارشىلىق ئىچىدە قالغان مېرول قىزى "زۇلۇم" سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن ۋاقىراشقا باشلىدى:

— زۇلۇم، زۇلۇمنى ھېلى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن! مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام، دىگەندەك، سەنمۇ بوۋاڭنى دورىغان ئوخشىمامسەن؟ سەن ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەن-ھە، باس بۇنى!

قىزنىڭ ئەتراپىدا قامچا-توقماق كۆتىرىپ تۇرغان ئاتارمەن-چاپارمەنلەر باتۇرغا قاراپ ئېتىلدى.

كانچىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاللىقاچان باتۇرنى ئارىغا ئېلىشقان ئىدى.

— قېنى تۇرغىنىڭنى كۆرەيلى! — دەپ ۋاقىراشتى كانچىلار.

چاپارمەنلەر ھودۇقۇشۇپ قالدى ۋە ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىگىنى پەملەپ، مېرول قىزىنىڭ ئۈزۈن چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى. ئۇ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىشنى ئويلىدى-دە:

— بۇلارنىڭ يەمگىنى بېرىڭلار! — دەپ مۆكچەيگەن بىلىنى تۇتقان پېتى ئارقىسىغىمۇ قارىماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆزدىن يوقالغانلىغىنى كۆرگەن كانچىلار كۈلۈشكەن پېتى چۆچەك، غەمدىرلىرىنى ئېلىشىپ تاش گەمىنىڭ يېنىدا ئېسىغلىق يوغان داش قازانغا قاراپ ماڭدى.

بۇ كېچە كانچىلار تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي، ئۈزۈندىن بېرى ئارتىپ كېلىۋاتقان دەرت-ئەلەملىرىنى ئەسلەشتى. ۋاڭ ۋە كان خوجايىنلىرىنىڭ زۇلمى، زالىملىغى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى. ئارىدىن ياشانغانراق بىرەيلەن سۆزلەپ شۇنداق دىدى:

— مانا مەن بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ كاندا ئىشلەۋاتىمەن، ئۇزاقى يىلى كۆمۈر توشۇۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، تاش تىلىۋېتىپ باش-كۆزلىرىم قانغا بويىلىپ كەتتى. بېيدۈڭزىدىكى كۆمۈر كول-

چەككە تۈكۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام، گۆكتىز مېنى قۇتقۇزۇش ئۈيافتا تۇرسۇن، قامچا بىلەن ئۇردى ۋە "سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كومۇرنى ئال" دەپ ۋاقىردى. قاراڭلار، بىز ئادەم تۇرۇپ بىر پارچە كومۇرچىلىكمۇ سانالمايمىزغۇ؟ مېرول قىزى بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىۋاتىدۇ!

بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى تەرەپ - تەرەپتىن قايناپ، باشلىرىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

— شۇنداق، — دېدى باتۇر كانچىلارغا ئىلھام بېرىپ، — بىز كۆرۈۋاتقان كۆنلەرگە ئادەم چىدىمىسا، ھېچنەرسە چىدىمايدۇ. بىز يەنە شۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇق، قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى يوقمۇ زادى؟

— قېنى شۇ چارە؟ سەن تاپقىنا شۇ چارىنى. سەن نىمە دېسەڭ بىزمۇ شۇنى قىلايلى. ئەمدى تاقەت قىلمىدىغان ھالىمىز قالمىدى.

— ئىنسان دېگەن بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ قىزىلىنى كۆرۈشنى، ئارامى خۇدا ياشاشنى خالايدۇ. بۇ دوزاقتىن قۇتۇلدىغانلا ئىش بولسا جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق!

شۇنداق دېيىشىپ ئۇلار باتۇرغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈشتى.

— مەن سىلەرگە بىر گەپنى قىلاي، — دېدى باتۇر، — ئويلاپ كۆرۈڭلار، بىز ئادەمدەك ياشايمىز دەيدىغان بولساق، ئاۋال بىزدە بىر نىيەت بولۇشى كېرەك. بىر نىيەت بولغاندىلا "تىلىگەنگە يېتەرسەن" دېگەندەك نىيەتكىمۇ يەتكىلى بولىدۇ، باتۇر ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىلەرگە ئېيتسام، بېيجىڭدىكى خان ئۆرۈلۈپتۇ. ئۇنى خەلق ئۆرۈپتۇ. بىزمۇ بىر نىيەتكە كەلسەكلا ۋاڭنىمۇ ئۆرۈۋېتەلەيمىز.

بۇنى ئاڭلاپ كانچىلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ھەتتا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك "راستمۇ، راست ئېيتىۋاتامسەن" دېيىشىپ كەتتى.

— باتۇر توغرا ئېيتتى! — دېدى باشتا سۆزلىگەن كىشى. — ۋاڭنى ئىسكەلەپ قويغانمۇ شۇ خان، خان ئۆرۈلگەن بولسا، ۋاڭنى ئۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ۋاڭنى ئۇرسىمەن دىسڭۇچىلەر چىقسا، مانا مەن ئالدىدا ماڭىمەن! — ئۇ مەيدىسىنى ئېچىپ، يوغان مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى، — بىز دىگەن مانا تەييار. ھېچيەردە ۋاڭنى ياخشى دەيدىغانلار يوق. ھايت دىسە، ھۆيت دەپ چىقىۋېرىمىز، قانداق دەيسىلەر؟ — ئۇنىڭ كوزلىرى يېنىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كوپۈپ كەتتى، — بىزنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنەرسىمىز يوق. بىر چوچەك ئۇماچنىڭ قۇلى بولۇپ ئۇتۇۋۇرگەندىن كورە، ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتكىنىمىز ياخشى!

— توغرا ئېيتتىڭ! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئىسلام، — ئەمدى تاقەت قىلىدىغان يەر قالمىدى. بىزنىڭ كۈنىمىز ھايۋاندىنمۇ بەتەر ئۆتۈۋاتىدۇ. قاراڭلار، مېھرۇل قىزىنىڭ ئىككى ئېتى كۈن بويى بوغۇز چاينايدۇ. بىر بولساق گايىدا بىر چوچەك ئۇماچنىمۇ ئىچەلمەيمىز. بۇنداق يۈرگەندىن كورە تۇتۇشقىنىمىز تۈزۈك. يا ئۆلۈم، يا كورۇم!

ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى. ھەممىنىڭ كوزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاقنايتتى...

. . .

مانا ئەمدى كومۇرلۇكتىكى قىش-ياز، يالاڭ ئاياق، يالاڭ كىيىم بىلەن ئاچ-توق يۈرۈپ ئىشلەۋاتقان كانچىلاردا ئۆز ئۈستىدىن كالتەك ئوينىتىۋاتقان زالىملارغا قارشى ئويغىنىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئۈچ كاندىكى كانچىلارنى قوزغاش ياز ئايلىرىغىچە سوزۇلدى. چۈنكى ۋاڭ ھەرقايسى جايلارغا "غوغا كوتەرگۈچىلەرگە پە-

خەس بولۇڭلار" دەپ پەرمان چۈشۈرگەنلىكتىن ئېرول تېزدە ھەرخىل پاراڭ، ئۇزئارا سۆزلىشىشلەرگە كۆز - قۇلاق بولۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ زالىملىقىنى كۈچەيتكەن ئىدى. گۇمانلىق بولغانلارنى تۇتۇپ ئۇردىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى جاكالىدى. پايلاقچىلار تۇمشۇقلىرىنى ھەممە تەرەپكە سوزۇپ ئىمىسقىلاپ يۈرەتتى.

ھاۋا بىردىنلا ئىسسىپ كەتتى. ئىشلەۋاتقان كانچىلار چىلىق-چىلىق تەرگە چۈمۈپ كەتكەن ئىدى. ئىسسىق، ئاچلىق، ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنى ئۈستى - ئۈستىگە قىينايتتى. كاننىڭ ئىچىدە جۇتۇ تۇتقانلار كۆمۈرنى قېزىپ چىقىرىپ بېرەتتى. بېيدۈڭزا كوتەرگەنلەر كومۇر ۋە توپىلارنى مۈكچەيگەن ھالدا تار پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈچ توت دەرەخ بويى ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقاتتى، كاننىڭ بىر قانچە يېرىدە كىشىلەر تۇلۇم بىلەن ياغاچ بۇلا ئارقىلىق كاندىكى سۇ كولچەكلىرىگە يىغىلغان سۇنى يۇقۇرىغا تارتىپ تۇراتتى. يەنە بىر قىسىملار كاننىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە كولچەك قېزىپ سىرغىپ يىغىلغان سۇنى سالغاتۇك دەپ ئاتالغان تۇڭ بىلەن يۇقۇرىغا توشۇيتتى.

كاننىڭ ئىچى ۋە تېشىدا بىر مۇنچە پايلار توقماق تۇتقان ھالدا كانچىلارغا دىۋەيلەپ تۇراتتى. كىم ئاستىراق ماڭسا، ئاستىراق ئىشلىسە، پايلاپ تۇرۇپ توقماق بىلەن ئۇلارنىڭ باش-كوزلىرىگە ئۇراتتى. گايلار توقماق زەربىدىن ھالىدىن كېتىپ يىقىلاتتى. بۇ ھال كانچىلارنىڭ زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

تۇلۇم بىلەن سۇ تارتقۇچىلار ئۈچ يۈز قېتىم تارتقاندىن كېيىن ئالمىشاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا تاياق تۇتقان بىر پايى نازارەتتە تۇراتتى. بۇگۈن تۇلۇم بىلەن سۇ تارتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە باتۇرمۇ بار ئىدى. نازارەتچى چاپارمەن تۇلۇمنىڭ چىقىشىنى ساناپ تۇراتتى.

— توققۇز، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

تۈلۈم يەنە بىر قانچە قېتىم كوتىرىلگەندىن كېيىن، يايى ئۇزۇن غاڭزىسىنى تاشقا ئۇرۇۋېتىپ:

— توققۇلاڭ توققۇز، — دەپ ساناقنى قەستەن بۇزدى.

سۇ تارتقۇچىلار نارازى بولغان ئىدى، يايى:

— مانا بولدى توققۇز، — دەپ ۋاقىرىدى.

باتۇرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ غەزەپلىك كۆزلىرىنى يايىغا تىكىپ تۇرۇپ:

— تارتقىنىمىز ئوتتۇزدىن ئاشتى، يەنە توققۇز دەيسەنا؟ ئەگەر ئەقلىڭدىن ئاداشقان بولساڭ نېرى تۇر، مەن سانايمەن! — دېدى.

— ۋاھ، سەن ناھايىتى كورەڭغۇ! بۇ ئىشنى قىزى بىگىم ساڭا نەمەس ماڭا بەرگەن، — يايى تايىغىنى پۇلاڭلىتىپ باتۇرنىڭ گەجگىسىگە ئۇرماقچى بولدى. ئاڭغىچە ئىسلام ئىشنى تاشلاپ ئېتىلىپ كەلدى-دە، يايىنىڭ قولىدىن تاياقنى يۇلۇپ ئېلىپ، سۇندۇرۇپ پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى. يايى ئاچچىقىدىن چىچاڭشىپ كەتتى. لېكىن ئوينىغان كۆزلەرنىڭ ئۇزىگە خەنجەردەك تىكىلىپ تۇرغىنىنى كوردى-دە، "قاراپ تۇرۇڭلار، مېرول قىزى بىگىمگە دەپ كۆرگىلىگىڭلارنى كورسەتمىسەم" دەپ غودۇڭشىغان پېتى كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلكە ئاۋازى كوتىرىلدى.

يايىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئەلەسلەپ كېلىۋاتقان مېرول قىزى خاڭدىن دۈكىرەپ چىقىۋاتقان كىشلەرنى كورۇپ توختاپ قالدى. كىشلەر ئارىسىدىن: "خاڭدىن زەھەرلىك ئىس چىقىپ كەتتى، زەھەرلىك ئىس چىقىۋاتىدۇ" دىگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. خاڭچىلارمۇ مېرول قىزىنى كورۇپ كاننىڭ ئۇستىدە توختاشتى.

باتۇر كىشلەرنىڭ خەتەرگە يولۇققان-يولۇقمىغانلىقىنى

سۇرۇشتۇرۇپ بىلگەندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا مېرول قېزىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كاننىڭ نەچچىدىن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىس چىقىۋاتىدۇ، — دېدى باتۇر مېرول قېزىغا. — قاچان بۇ زەھەرلىك ئىس تۈگىمىگىچە كانغا چۈشمەيمىز!

مېرول قېزىنىڭ رەڭگى - روھى ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە، كانغا چۈشمەيمىز؟ — باتۇرنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى مېرول قېزى. — ھەم، كانغا چۈشمەيسىلەر تېخى. خاڭدىن ئىس چىقىپ ئادەم ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆرگىنىم يوق. بۇ، سەن ھارامزادىلەرنىڭ تاپقان بانىسى، سەنلەر بىلىشمەمسەن، بۇ ۋاڭ خوجامنىڭ خېنى، كومۇر قېزىشنى زادى توختىتىشقا بولمايدۇ. ھازىر ھەممىڭ خاڭغا چۈش!

— زەھەرلىك ئىس چىقىۋاتسا خاڭغا چۈش دەيسىنا. — دېدى باتۇر غەزەپ بىلەن مېرول قېزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — شۇ چاقىقچە ئۆرعۈن قېرىنداشلار مۇشۇنداق زەھەرلىك بوستا ئۆلۈپ كەتكەن. بۈگۈن سەن يەنە ھەممىمىزنى بىراقلا ئۆلسۇن دەمسەن؟ ئاۋال سەن ئۆزەڭ خاڭغا چۈشۈپ كۆرۈپ باق، مۇشۇ تاپتا خاڭغا چۈشۈپ ئىشلىگىلى بولامدۇ - يوق، چۈشۈش - چۈشمەسلىكنى ئاندىن بەلگىلە!

تەرەپ - تەرەپتىن باتۇرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.

ئامالسىز قالغان قېزى بەگ كانغىمۇ چۈشمىدى. كانچىلارنى خاڭغا چۈشۈشكىمۇ زورلىيالمىدى. ئاخىرى ئۇ بۇ ئىشنى ۋاڭغا مەلۇم قىلىشقا بىر كىشىنى ئەۋەتتى.

ۋاڭنىڭ يېنىغا كەلگەن كىشى ۋاڭنىڭ "كومۇر قېزىش ئىشى توختاپ قالمىسۇن، بۇ يىلقى كومۇرنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى.

دەرھال ئىشقا چۈشسۇن، قارشىلىق قىلغانلار جازالانسۇن" دېگەن پەرماننى ئېلىپ كەلدى.

لېكىن كاندىكى زەھەرلىك گاز تۈگىمىگەنلىكتىن، كىشىلەر يەنىلا ئىشقا چۈشۈشكە ئۇنىمىدى. مىرول قىزىنىڭ چاپارمەنلىرى ھەركەتكە كەلسىمۇ، ئىشلەمچىلەر بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى قارشىلىق چوڭ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. باتۇر بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قومۇلغا بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەش، مۇمكىن بولسا ھەممىلا جايدا تەڭلا قوزغىلىپ، زالىملارنىڭ جازاسىنى بېرىش ھەققىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقىنىدا دوستى كامالدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پۈكلەپ يېنىغا سالدى - دە، باشقىلارغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىر پەس ئويلاندى. دەل شۇ چاغدا ئىسلام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەھۋال مۇشۇ يەرگە يەتتى، موللانىياز ئاكىمىز نىملەر قىلىپ يۈرىدىكىن، بىز باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلىگەن بولساق، بۇ ئوت بىراقلا تۇتىشىپ كەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى-ھە! — دېدى. بۇ گەپ باتۇرغا ياقتى. ئۇ ئىسلام بىلەن بۇ ھەقتە خېلىغىچە سۆزلەشتى. لېكىن خەت ھەققىدە ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمىدى.

باتۇر ھەممىسى ئۆيىگە كەتكەندە ئىسلام بىلەن خوشلىشىپ، مىرول قىزىنىڭ ئېتىنى ئاستا يەشتى - دە، قومۇلغا راۋان بولدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باپ

يىللار باقتىم قويۇڭنى،
كورۇپ قويدۇم خۇيۇڭنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ باقماسمەن،
بورە يېسۇن قويۇڭنى.

بۈگۈن ئەتىگەندە ھاۋا تۇۋەن تەرەپتىن مانانلىشىپ، قاپ-قارا بۇلۇت يۇقۇرىغا سۈرۈلدى-دە، خۇددى چىلەكلەپ قۇيغاندەك شاقىراپ يامغۇر ياغدى. بىر پەستىن كېيىن توختاپ كۈن چىقىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا باقى قويچى قويلارنى يايلاققا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا سىرتقا چىققان ئىدى. ئۈستى-بېشى ھول بولۇپ كەتكەن بىر كىشىنىڭ ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلىغىنى كورۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇ كىشىنى تونۇغاندىن كېيىن، گويا ئۇزۇندىن بۇيان كورۈشمىگەن بىر تۇغقىنىنى كورگەندەك:

— دوللانىياز! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

باقى قويچى بېشىغا قارا دوپپا كىيگەن، چىرايى سولغۇن ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتنى قارىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

دوللانىياز پەتە دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قويچىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى.

— بىزنى قۇرۇتتۇۋەتتى بۇ زالىملار! — دېدى قويچى ھەسرەت بىلەن.

— ھەممىنى ئۇقتۇم، — دەپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى موللانىياز، — كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بىر ئائىلىنى شۇنچىلىك ۋەيران قىلىۋېتىشىنىڭ ئۆزى جاھاندا كۆرۈلمىگەن ۋەھشىلىك! بۇ ۋاڭنىڭ خەلققە كۆرسىتىۋاتقان پاجىئەلىرى. بۇ ئىشلار بىلەن ھازىر ئۇرغۇن كىشىلەر ۋاڭنىمۇ، بارلىق قانخور، زالىم، مۇتەھەملەرنىمۇ تونۇپ يەتتى. سىزلا ئەمەس، جىمى ئادەم زالىملارغا ھۆمىيىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئوغلىڭىز باتۇر چوڭ بىر ئەزىمەت يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق باتۇر ئوغلان بولدىكى، ئۇنىڭ تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچىگە ھەيران قالىسىز. سىز قاراڭ، ھازىر ئۇ كومۇرلۇكتىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ۋاڭغا قارشى مۇشت كۆتىرىۋاتىدۇ! بۇنى ئاڭلىغان باقى قويچىنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە ئالدىراپ سورىدى:

— باتۇرنى كوردىڭىزمۇ؟ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— باتۇرنى كورگىلى كومۇرلۇككە باردىم، ئۇنىڭ بىلەن كورۈشكەندىن كېيىنلا بۇ ياقتا كەلمەكچى ئىدىم. باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېچىكىپ قالدىم. باتۇر بولسا ئوبدان تۇرۇپتۇ. سىزنى تولىمۇ سېغىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ھەي...... كومۇرلۇكتىمۇ زۇلۇم ئېغىر. زۇلۇم كىمنى سوزلەتمەيدۇ؟ ھەممىسى زۇلۇمغا قارشى چىقىۋاتىدۇ. باتۇر بولسا ھەممىسىگە يول كورسەتكۈچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى قەدىرلىمەيدىغان بىرمۇ كىشى يوق. مىرول قىزى بىلەن ئۇنىڭ بالاقچىلىرى بولسا، باتۇردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن. قاراڭ. ئوغلىڭىز قانداق ياخشى ئادەم بولغان-ھە!

باقى قويچى ئوغلى ھەققىدىكى سوزلەرنى ئاڭلاپ، كوزلىرىگە ياش ئالدى ۋە كوز ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سوزلەپ كەتتى:

— مەلئۇنلار! بىز پۇقرانى ئوت-چۆپنى چەيلىگەندەك چەيلە-

ۋاتىدۇ. خالىغانچە دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. تومۇر چارۋا سانىغى ئۆتۈپ بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئوغلۇمنى كورۇپ كېلىمەن، باتۇرنى كەم چىققان ماللار ئۆچۈن تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. نەچچە يىللار-دىن بېرى شۇ ماللارنى تولدۇرۇپ، ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇراي، دەپ ھەممە ئامالنى قىلىپ كوردۇم. ھېچلا مۇمكىن بولمىدى. نەمدى ئوغلۇم بولسا چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇنى ئويلەپ قويۇش تەرزى بوينۇمدا تۇرۇپتۇ، ئۇ يەردىن قاچانمۇ قۇتۇلۇپ كېلەر؟

موللانىياز باقى قويچىنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ ئېسىگە باتۇرنىڭ "مېرىخان ئاپالارغىمۇ سالام دەڭ" دىگەن سوزى چۈشتى-دە، سوردى:

— مېرىخانىنىڭ ئوي ئىچى تېچلىقمۇ؟

— تېچلىق. بىچارە مېرىخان شەرۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تولىمۇ ئاۋارىچىلىق تارتىۋاتىدۇ.

— ئۇلارغىمۇ ناھايىتى ئېغىر كۈن كەپتۇ، مەنمۇ ئاڭلىدىم، شەرۇللارغا ئىچىم سىرىلدى، قانداق قىلىمىز ئەمدى، قىزىچۇ — گۇلدەستە چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

— ھەي، ئۇ بىر كاتتا قىز بولدى. ئۇنىڭ تەمكىنلىگى، چېچەن-لىگى ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. زۇمرەت يوق چاغلاردا مەندىن خەۋەر ئالىدىغان شۇ قىز بولۇپ قالدى.

موللانىياز سەل ئويلانغان ھالدا باقى قويچىغا قارىدى-دە، دىدى:

— ئەمدى ئۇلۇغىمۇ چارە يوق. تىرىكنىڭ كۈنى يەنە ئوتىدۇ. گۇلدەستە چوڭ بولۇپ قالغان بولسا قولدىن چىقىرىپ قويمايلى. باتۇرمۇ چوڭ بولدى. ئۇمۇ بىر كۈنى قۇتۇلۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ غېمىنى قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ. سىز ئېيتقاندەك ئوغۇل ئويلەش بىر پەرز.

— راست، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن ئىدىم، لېكىن

كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى بولمىدى.

— دېگىنىڭىزمۇ توغرا، ئەمدى بىر ئامال قىلىپ شۇ گۈلدەستىنى باتۇرغا ماقۇل قىلىپ قويساقچۇ؟

باقاخۇن بۇ سۆزدىن خۇش بولسىمۇ يەنە ئويلانغان ھالدا:

— بىراق ئۇلار ھازىر مۇھەببەت ئىچىدە يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە گەپ قىلىش ئەپسىز بولارمىكىن؟ ماقۇل دېدۇرۇپ قويغاندىمۇ باتۇر ئۇ يەردىن قاچانمۇ قۇتۇلۇپ كېلەر؟ — دېدى.

— سىز ئۈمىتسىزلەنمەڭ، بۇ ھەقتە مېھرىخانغىلا ئۆزىڭىز سۆز ئېچىڭ. مېنىڭچە ئانىسىمۇ، قىزىمۇ ياق دېمەيدۇ. قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ياتمۇ سورىتىدۇ، ئۆزىمۇ سورىتىدۇ، يەنە قولدىن چىقىپ كەتمىسۇن. سىز باتۇرنى قاچانمۇ كېلەر دەپ غەم يېمەڭ — مۇللانىياز ئەمدى پىچىرلاشقا باشلىدى، — مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، كۈنىمىز تۈندەك قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەمدى يىراقتىن ئۈمىت چىراقلىرى يېقىلماقتا. ۋاڭنىڭ يۆلەنچۈكى خان ئاغدۇرۇلدى. ھازىر ھەممىلا يەردە يالماۋۇزلارغا قارشى ھەركەتلەر كۆتىرىلمەكتە. مەسىلەن، قۇمۇلنى ئالساق خەلق غەزەپ قىلىچلىرىنى تەييارلاپ قويدى. كومۇرلۇكتە بولسا، شۇنچە كۆپ كىشى بىر يەردىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرالايدىغان بولدى. بۇمۇ ئوغلىڭىز باتۇرنىڭ قورقماس يۈرەك، باتۇرلۇغىدىن بولۇۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان باقى قويچى ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن قىمىرلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىت نۇرلىرى يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھەممىنى كۆردۇق، — دېدى مۇللانىياز كەسكىن قىلىپ، — لېكىن ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. زۇلۇم سالغۇچىلارغا قانچىلىك يول قويساق، قايغۇ-ھەسرىتىمىز شۇنچىلىك كۈچىيىدۇ. قايغۇ-ھەسرەتلەر ھازىر خەقنىڭ كۆڭلىگە قىساس ئوتىنى سېلىپ

قويدى. باتۇرنىڭمۇ قوتۇلدىغان كۆڭلىرى ئاز قالدى.

باقى قويچى ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كوزلىرى نۇرلاندى.

ئۇلارنىڭ سوھبىتى ئۈستىگە سادىق كىرىپ كەلدى. باقى قويچى سادىققا موللانىيازنى تونۇشتۇردى. ئۇلار قىزغىن كورۇشۇپ بىرىم كىچىگىچە مۇڭداشتى.

سادىق ئىبراھىم دوغىنىڭ تاغ خەلقىغە قىلىۋاتقان زۇلمى، زورلۇغى ھەققىدە خېلى ئۇزۇنغىچە شىكايەت قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئوچ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېچىچە بولۇنغان پاراڭلار باقى قويچى بىلەن سادىقنىڭ كوڭۇللىرىدە ئۈمىت ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى.

موللانىياز تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا خوشلاشتى. باقى،قويچى بىلەن سادىق ئاتنىڭ تۇياق تېۋۇشى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سىڭىپ كەتكىچە موللانىيازنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، باتۇرنىڭ تېپى ھەققىدە پاراڭلىشىپ شەرۇللا يىلقىچىنى ئەسلەشتى. شەرۇللانىڭ پاجەلىك ئولۇمى ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدىن ئوتۇشكە باشلىدى:

ئوتكەن يىل كوزدە بىر كۈنى شەرۇللا تۇيۇقسىز ئەتراپتىن كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئاتلار ئۇركۇپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ھايت-ھۇيت دىگۈچە يۈزدىن ئارتۇق ئات ئەتراپتىكى تاغ جىلغىلىرىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئوق ئەسلىدە نەزەر شاھزادىنىڭ ئوقى بولۇپ، ئۇ ئوۋچىلىق قىلىشقا چىققان ئىدى.

ئاتلارنىڭ قېچىپ كېتىشى شەرۇللاغا ئەلەم بولدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز ئاتلارنى ئىزلەش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئاخىرى ئون سەككىز ئات يوق بولۇپ چىقتى. بۇ ئاتلارنى تېپىش ئۈچۈن شەرۇللا يىلقىچى تاڭ سەھەردە يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ يولغا چىقىش ۋاقتىدا خوتۇنى مېھرىخان:

— بىرگە بالا بولدىغۇ، بۇ بالاخورلار بېشىنى يېسۇن، شاھزادە دېگەن ئىتنىڭ كۈچۈكى ئويۇن تاماشا بىلەن، بىز بولساق دەرت-ئەلەم بىلەن، ئەمدى بۇ ئاتلارنى نەدىنمۇ ئىزلەپ تاپارلا؟ — دەپ ھەسرەتلەندى.

— ئارقا تاققا بېرىپ باقايمىكىن، ئىزلىمىگەن باشقا تاغ، جىلغا، ئىدىر قالمىدى، — دېدى شەرۋۇللا يىلقىچى ئايالىنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇياقتا يىرتقۇچلار ناھايىتى كۆپ دەپ ئاڭلايدىغان، پەخەس بولسىلا، بىرەر پېشكەللىك بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

شەرۋۇللا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كەچكىچىمۇ-ئەتىسىمۇ كەلمىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇرۇق-تۇققان، خولۇم-خوشنىلار تۇشمۇ-تۇشتىن شەرۋۇللانى ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئىزلە-ئىزلە ئاخىرى ئۇلار ئارقا تاغدىكى بىر چوڭقۇر جىلغىدىن شەرۋۇللانىڭ ئۇستىخانلىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ مالچىلارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. مېھرىخان بولسا، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا يىغلىدى، قاخشىدى...

مېھرىخان شەرۋۇللادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

بۇ ئائىلىگە كەلگەن دەرت-ئەلەم قىزلىق ھۆسنىگە تولغان گۈلدەستىسىمۇ قاتتىق ئازاپلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە تومۇر چارۋا سانىغىنىڭ باشلىنىشى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولدى. مېھرىخان: "ئون سەككىز ئات ئۈچۈن بەرىبىر تارتىدىغاننى تارتىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە قېچىپ قۇتۇلايمىكىن، قېچىپ كېتىۋاتقانلارمۇ ماڭا ئوخشاشلىغۇ، بۈگۈن ئاخشام قاچىدىغانلار بىلەن بىللە كېتەي" دېگەن ئويغا كەلدى، ئەمما گالى پالۋاننىڭ خوتۇنى سارىخان (مېھرىخاننىڭ سىڭلىسى) ئاچچىغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى توستى. يىغلاپ يالۋۇردى. مېھرىخان: "دەرتنى مەندىلا تارتاي، كېتىۋېرەي"

دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى سارىخان ئاچىسىنى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن:

— گۈلدەستىنى باتۇرغا دېيىشىپ قويغان ئەمەسمۇ، ئەگەشتۈرۈپ كەتسەڭ قانداق بولار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويىغا يەتكەن قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرسەڭ، بىرەر يامان نىيەتنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، ساڭا ئۇۋالچىلىق بولمىسۇن، گۈلدەستىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەت. — دېدى.

مېرىخان سىڭلىسىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ گۈلدەستىنى قالدۇرۇپ ئۆزى كەتتى...

باقى قويچى بىلەن سادىق بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تاغدا تۇمۇز چارۋا سانىغى يەنە بىرىنچى بولۇپ باشلاندى. يىراق-يېقىندىكى مالچىلارنىڭ ھەممىسى باققان ماللىرىنى ھەيدەپ ساناق مەيدانىغا توپلىنىشقا باشلىدى.

ئىبراھىم دوغا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم يالاقچىلىرى قوللىرىغا تاياقلارنى ئېلىپ، ساناق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈشەتتى.

— بۇ زورلۇق قاچان تۈگەر، — دېدى بىر مالچى، — ئەگەر مەندىكى بۆرە يەپ كەتكەن قويلارنى تۆلە دەيدىغان بولسا جانىنى تىكىپ قويدۇم!

— ئەتىيازدا كەلگەن جۇت ئاپىتى بىلەن ئون نەچچە قوي، يىگىرمە نەچچە پاخلان ئۆلگەن ئىدى. بۇنى تۆلە دەيدىغان بولسا جېنىمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق.

— مەنمۇ جاننى تىكىپ قويدۇم! — دېدى يەنە بىر مانچى ئۇلارغا قوشۇلۇپ. — ۋاڭنىڭ چارۋا ماللىرى يۈتمەيدۇ، ئۆلمەيدۇ، بورە يېمەيدۇ، تۇغماي قالمايدۇ. دۇنيادا شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، زادى؟ ئىككى كالا پاتقاققا پېتىپ ئۆلدى. تۇمۇر تامغا بېسىلغان تېرىسى بار. بۇنىمۇ ئىناۋەتكە ئالمىسا قېنى كۆرمەمدۇق.

— ئالۋاستى قورققاننى باسار، — دېدى باقى قويچى ساناق مەيدانى پەشتىقىدا ئولتۇرغان تەيجىگە غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ. — بۇلار بىزگە نېمىشقا شۇنچە زورلۇق قىلالايدۇ؟ ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ خورلىنىپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ بۇنىڭغا قاچانغىچە تاقەت قىلىپ تۇرىمىز؟

باقى قويچى شۇ تاپتا ناھايىتىمۇ غەزەپلىك كۆرۈنەتتى.

— زامان شۇنداقتە، — دېدى بىر بوۋاي قاتتىق خۇرسىنىپ.

— زامانغۇ شۇنداق، — دېدى باقى قويچى، — بۇ زامان شۇلار-نىڭ بېلۇۋېرەمدىكەن؟ بىز يۈۋاش بولغاچقا بۇلار بىزنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ!

بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىگىز پەشتاقتا ئولتۇرغان تەيجىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى بولدى. تەيجى ئۈستىگە تاپىنىغا تېگىپ تۇر-دىغان جىگەررەڭ ئۇزۇن چاپان كىيگەن، پۇتىغا ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان قىتا قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئىدى. ئۇ زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەۋاتاتتى:

— بىز ھازىر ۋاڭ خوجامنىڭ پەرمانى بىلەن تۇمۇر چارۋا سانىغىنى باشلايمىز. مەن ھەممىدىن ئاۋال شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ۋاڭ خوجامنىڭ مال-چارۋىلىرىنى "يوقاپ كەتتى، بورە يەپ كەتتى، ئۆلۈپ كەتتى ياكى تۇغمىدى" دەپ ھەر خىل بانا-سەۋەپ-لەرنى كۆرسەتكىلار بولمايدۇ. ئۇلۇغ ۋاڭىمىز ئاللاتائالانىڭ يېقىن ئادىمىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلۇغ ۋاڭىمىزنىڭ چارۋىلىرى ھېچقاچان زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. قويلار يىلىغا بىرنى، ئۆچكىلەر

يىلغا ئىككىنى، ئات-كالا، تۆگە يىلغا بىردىن تۇغىدۇ. ھېساپ شۇ بويىچە بېكىتىلگەن، ساناقنى شۇ ھېساپتا باشلايمىز.

تەيجى سۆزلەۋاتقاندا ياسىن قازى "ھەق! ھەق!" دېگىنىچە تىنماستىن بېشىنى لىڭشىتاتتى.

ساناق مەيداننىڭ بەش-ئالتە يېرىگە ئوت يېقىلىپ، ماللارغا بېسىلىدىغان ئوتتۇز، قىرىقتەك تۆمۈر تامغىلار قىزىتىلماقتا. كويۇۋاتقان قاپقارا ئوتۇننىڭ چارسىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىس-تۈتەكلەر ئارىسىدىن قىپ-قىزىل ئوت كۆرۈنەتتى.

ساناق باشلاندى. دەپتەردىكى تىزىم بويىچە ئالدى بىلەن يىلقىچىلارنىڭ ئىسمى چاقىرىلىشقا باشلىدى.

— شەرۇللا!

— "ئۆلۈپ تۈگىدى"، "يىرتقۇچلارغا يەم بولدى" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— خوتۇنى كەلسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى ئىبراھىم دوغا.

مالچىلار مىرىخاننىڭ باللىرىنى ئېلىپ، ئالىقاچان ئالتە شەھەر تەرەپكە كەتكەنلىكىنى بىلىمۇ، ئۇنى ئاشكارىلىمىدى. ئىبراھىم دوغا ئايال كىشىنىڭ ئەرلەر توپلانغان جايغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە:

— تۇققانلىرى چىقسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سادىق ئۆزىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدى-دە:

— مانا مەن ھېساپ بېرىمەن، — دەپ كۆكرىكىنى كېرىپ مەيدانغا چىقتى.

سادىق كىچىكىدىنلا شەرۇللانى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرەتتى. كېيىن شەرۇللانىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ كېتىشكەن ئىدى. شەرۇللانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سادىق قاتتىق قايغۇردى. بۈگۈن مەيدانغا ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن

سەكرەپ چۈشۈشكىمۇ شەرۇللانىڭ ئۆلۈمىدىن پەيدا بولغان غەزەپ سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇ مۈشتلىرىنى تۈگۈپ، قەددىنى رۇسلاپ تۇراتتى. ساناقچى سادىقنىڭ بۇ قىياپىتىدىن سەل ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— شەرۇللا بېقىۋاتقان ۋاڭ خوجامنىڭ يىلقىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنمىدىڭ؟

— ئېلىپ كېلىنسە، كېلىنمىسە ئون سەككىز ئات يوق، — جاۋاپ بەردى سادىق.

— ھەي، كىمگە دوق قىلىۋاتىسەن! كىمنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىڭنى بىلەمسەن ئۆزەڭ؟ — دەپ ۋاقىردى ئىبراھىم دوغا.

— ئون سەككىز ئات يوق؟ — تەكەببۇرلۇق بىلەن تەكرارلىدى ساناقچى، — ۋاڭ خوجامنىڭ ئاتلىرىنى نېمىشقا يوقاتتىڭلار! قېينىغاڭ يوقاتقان ئاتلار ئۈچۈن سەن جاۋاپكار!

— قېيناغام ۋاڭنىڭ ئاتلىرىنى باقىمەن، دەپ كورمىگەن كۈننى كوردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوۋغا چىققان شاھزادە ئۈركۈتۈۋەتكەن ئاتلارنى تاپىمەن دەپ، يىرتقۇچلارغا يەم بولدى. پۇنۇنسىزۇك بىر ئادەم ئات ئۈچۈن ھالاك بولدى. بەش بالىسى بولسا يېتىم قالدى. ئەمدى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ، بۇنىمۇ تولەتمەكچىمۇسىلەر!

— تىلىڭنى تارت! — ۋاقىردى ئىبراھىم دوغا.

— كېپىڭ چوڭغۇ سىنىڭ، دودەنلىكنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دىۋەيلەپ كېلىپ ۋاقىردى ساناقچى.

— چوڭ گەپ قىلغىنىم يوق، دودەنلىك قىلغىنىممۇ يوق، پەقەت سىلەرنىڭ ئادىل بولمىغىنىڭلارنى دەۋاتىمەن!

ساناقچىنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. ئۇ ئاچچىقىدىن بەزگەكتەك تىترەپ كەتتى. چىشلىرى غۇچۇرلاپ، تىللىرى كالۋالىشىشقا باشلىدى ۋە ئىككى يېنىغا قاراپ ۋاقىردى:

— بىز...... بۇنىڭغا...... ئادىل...... ئادىللىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كورسىتىپ قويۇڭلار!

ئاتارمەن-چاپارمەنلەر سادىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ باش-كوزلىرىگە قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ۋەھشىلەر! — غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى سادىق قامچا تۇتقانلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ.

ئىبراھىم دوغىنىڭ چاپارمەنلىرى سادىقنى باغلىدى ۋە ئۇرۇۋالدىكى قارىغايلىق ئىچىگە سورەپ كەتتى. مەيداندا غۇلغۇلا كوتىرىلىشكە باشلىدى. بەزى مالچىلار سادىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكەن ئىدى، چېرىكلەر مىلتىقلىرى بىلەن ئۇلارنى توستى. ئات-كالا، توگىلەرنىڭ سانىغى تۈگەپ ئەمدى نوۋەت قويچىلارغا كەلدى.

— باقى! — دەپ توۋلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، باقى قويچى قويلارنى ھەيدەپ ساناق مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، سادىقنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان ئىدى. قويلارغا ئاۋال چوغدەك قىزىتىلغان تومۇر تامغىلار بېسىلدى. پىژىلداپ چىقىۋاتقان كويۈندە بۇسى ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى. قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى ئۇلغىيىپ كەتتى. تامغا بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن قويلارنى ساناشقا باشلىدى. ساناق نەتىجىسىنى خەتچىلەر دەپتەرلىرىگە يازاتتى. ساناقچى بىرمۇ-بىر ساناپ بولغاندىن كېيىن ھېساپچىسىغا قاراپ:

— ئوتكەن يىل دەپتەردىكى سان قانچە ئىدى! — دەپ سورىدى.

— ئوتكەن يىلقى ساندىن كەم چىقتى، — دەپ جاۋاپ بەردى ھېساپچى، — قوشقاردىن بىرى، ئەركەك قويدىن ئىككىسى، ئۇچكىدىن يەتتىسى كەم. كوپىيىشكە تېگىشلىك پاخلان، ئوغلاقنىڭ كەمى خېلى بار.

— باقى قويچىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ كەتتى.

— كەملىرىنى قانداق قىلىسەن؟!

باقى قويچى گويا ئاڭلىمىغاندەك، ساناقچىنىڭ سوئالىغا پەرۋا قىلماي تىك تۇردى.

— بۇ ئۇلۇغ ۋاڭىمىزنىڭ ئامانىتى، — دەپ ئارىغا كىردى ئىبراھىم دوغا، — قانداق قىلىپ بولمىسۇن تولىمەك بولمايدۇ.

باقى قويچىنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ قەددىنى رۇسلىدى-دە، پەشتاقتا ئولتۇرغان تەيجى بىلەن قازىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئاۋۇ قوي، ئۆچكىنىڭ تۇغمىغانلىغى راست. قالغانلىرى ھەممىسى تۇلۇق. سىلەر ھەر يىلى تېزىمنى ئۆزگەرتىپ كېلىپ بىزنى ئاۋارىچىلىققا سېلىۋاتىسىلەر، تۆمۈر چارۋا سانىغى بىز مالچىلارنى قۇرۇتۇۋەتتى. زادى بىزنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟!

باقى قويچىنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا بىر قانچە قامچە تەگدى. باقى قويچىمۇ جېنىدىن تويۇپ چاپارمەنلەرگە ئېتىلدى ۋە ئۇلار بىلەن يۇمىداقلىشىپ كەتتى. باقى قويچىنىڭ بۇ غەيرىتى مالچىلارغا ئىلھام بەردى، سادىقىنىڭ ئۆتۈپ كېتاگەنلىگى، باقى قويچىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئاران-ئاران تۇرغان مالچىلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىۋەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن غەزەپلىك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

— قانخورلار، باقىنى قويۇۋېتىش!

— سىلەرنىڭ بۇ چارۋا سانىغىڭلار ئادەم يۇتۇشمۇ؟

— بىزمۇ بۇ جاندىن تويدۇق، ھەممىمىزنى تۇتۇپ باغلا، ماللىرىڭنى كىمگە باقتۇرۇشساڭ، باقتۇرۇش! — بىر تۈپ مالچى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇ ئارىدا ۋاڭنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى بىلەن: مالچىلار

چۇقۇرىشىپ كەتتى. چېرىكلەر ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى. مالچىلار بىرئاز تەمتىرەپ قالدى. شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئونلىغان قوللار باقى قويچىنى تۇتۇپ باغلاشتى ۋە چېرىكلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سۆرىگەن پېتى تەيجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

تەيجى بىلەن قازى ئۇغىسى قاينىغان ھالدا قويچىغا قاراپ ھومايدى. تەيجى ئەمدىلا باقى قويچىغا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقارغان ئىدى، مالچىلار تەيجى ئولتۇرغان پەشتاقنى قورشىۋالدى.

تەيجى شۇ كۈنگىچە "پەس"، "ئاجىز" دەپ قارىلىپ كەلگەن ئالدىدىكى بۇ كىشىلەرنىڭ قورقۇپ، ھودۇقۇپ تۇرۇشلىرىنىلا كۆرگەن ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ غەزەپ بىلەن چۇقان كۆتىرىگەنلىگىنى ۋە شىددەتلىك ھومىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلە[illegible]ۋاتاتتى. ئۇ مەقسەتسىز سۆزلىمەكتە، لېكىن چۇقان-سۈرەن ئۇلغايماقتا. شۇ ئارىدا قازى تەيجىنى قوغدىماقچى بولغاندەك ئورنىدىن تۇردى ۋە قولىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا:

— خالايىق، بىردەم جىم تۇرۇڭلار، بىردەم جىم تۇرۇڭلار! — دەپ ۋاقىراپ مالچىلارنى تىنچ بولۇشقا ئۈندىدى. ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىردىن بولىدۇ. باشقا ئىشلار كىچىك ئىش، پادىشانىڭ ئامانىتى چوڭ ئىش. پۇقرالارنىڭ جىمىسى ۋاڭ خوجامنىڭ قولى. پادىشانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىپ، ھەققىنى تاپشۇرماق پەرزدۇر. پادىشا ئالدىدا مۇشت كۆتىرىپ غوغا چىقىرىشنىڭ ئۆزى خۇدا ئالدىدا چوڭ گۇنا بولىدۇ. بۇ گۇنادىن ئۆزەڭلارنى تارتىڭلار!

باقى قويچى قازىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى:

— سىلەر "ئاللادىن بىمۇراق قىل تەۋرىمەيدۇ" دېيىشىسىلەر،

ئۇنداق بولسا، ماللارنىڭ ئۇلۇشى، تۇغماسلىغى، خەتەرگە ئۇچرى-
شىشى بىزدىن بولدىمۇ؟

قازىنىڭ ئىلى تۇتۇلغانلىغىنى كۆرگەن ئاتارمەنلەر باقىنى سۆزلەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە پۇتىسىنى يېشىپ ئاغزىغا تىقىپ قويدى. شۇ چاغدا تەيجى چېرىك-لەر ۋە ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخىرقى ھۆكۈمنى جاكالىدى:

— مەن سىلەرگە ھازىر ئىككى ئىشنى ئۇقتۇرىمەن، بىرسى، شەرۇللا ۋاڭ خوجامنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرماي كەتكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆي ۋاقلىرى، بارلىق نەرسە-كېرەكلىرى ۋاڭ خوجامغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، — تەيجى قوللىرىنى جونۇپ باقى قويچىنى كۆرسەتتى، — بۇ مەلئۇن دەرھال ۋاڭ خوجامنىڭ دەرگاھى-غا ئەۋەتىلىدۇ!

شۇ ئەسنادا ساقاللىرى ئاپپاق، بويى ئېگىز كەلگەن شاكىر بوۋاي باقى قويچىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى-دە، باقى قويچىنى يالاپ تۇرغان چېرىكلەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— قويۇۋەت! — دەپ ۋاقىرىدى.

بوۋاينىڭ ئۈنى كەسكىن، ياڭراق ئىدى. ھەممەيلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا غەزەپ-جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان بوۋايغا قارىدى. بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— قويچىنىڭ ئورنىغا مانا مېنى باغلا! مەن بۇ يېشىمغىچە جەۋرى-جاپا، ئازاپ-ئۇقۇبەتنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم. مېنى ئېلىپ مېڭىش، ۋاڭغا مانا مېنى تاپشۇر! گۇناسىز كىشىلەرنى جازالاش، گۇناسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش سىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتتى. ئۆلتۈرسەڭلار مانا مېنى ئۆلتۈرۈڭلار! بۇ بىچارىنى قويۇۋېتىڭلار، بۇنىڭ ئوغلى قېنى؟ خوتۇنى قېنى؟ قىزى قېنى؟ ئەمدى بۇنى يوقاتماقچىمۇسىلەر، مانا مېنى تۇتۇڭلار!

بوۋاينىڭ سۆزلىرى جىمى كىشىنى قوزغىۋەتتى.
— تومۇر چارۋا سانىغى ئېلىپ تاشلانمىسا، ۋاڭنىڭ چارۋد-
لىرىنى باقمايمىز! — دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى.
تاياق - توقماق، ئوق ئاۋازىغا قارىماي، مالچىلار باقى قويى-
چىنى ئۇزتۇزۇشقا ئاتلاندى. ئاتارمەن - چاپارمەنلەر بىلەن يەنە
تىركىشىش باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەيجى بىلەن
قازى ۋەسۋەسىگە چۈشتى.
ئاخىرى تەيجى ۋەقەنىڭ ئۇزلىرىگە پايدىسىز تەرەپكە
قاراپ ئۆلغىيىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، يۇمشاق سۆز بىلەن مالچىلارنى
تىنجىتماقچى بولدى-دە، ئالدىغىراق كېلىپ ۋەز ئېيتىشقا باش-
لىدى:
— ھەي مالچىلار! سەل تەخىر قىلىپ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ-
لار، ۋاڭ خوجامۇ سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەيدۇ. شۇڭىمۇ ئېيتايكى،
ناتوغرا ئىشلارنى. نەدەپسىزلىكلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئۇلۇغ ۋاڭ-
مىزنىڭ شەپقىتىدىن مەھرۇم بولساڭلار بولمايدۇ......
تەيجىنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئۇنىڭ سۆزى
توگىمەيلا ئوت تال ياغاچ توۋرۇك بىلەن ياسالغان پەشتاق بىر
تەرەپكە قىڭغىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. چۈنكى تىركىشىش بولۇۋات-
قاندا، بىر قىسىم مالچىلار توۋرۇكلەرنىڭ ئاستىنى كولاپ، توۋرۇك-
لەرنى يىقىتىۋەتكەن ئىدى. پەشتاق ئۆرۈلۈش بىلەن تەڭ، تەي-
جىنىڭ پۇتى ياغاچ ئاستىدا قېلىپ زەخىملەندى.

ساناق مەيدانى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ماللار بىلەن
ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولمىدى. ئىگىسىز قالغان ماللار ھەر تەرەپكە
قېچىشقا باشلىدى. ئاتارمەن-چاپارمەنلەر تەيجى بىلەن بولۇپ
كەتتى، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالچىلارنىڭ بىر قىسمى باقى
قويچىنى، بىر قىسمى سادىقنى قۇتقۇزۇپ قالدى. قازى ئىنتايىن
قورقۇپ كەتكەچكە قېچىپ كەتتى، باقى قويچى شۇ تاپتا غەزەپتىن

گويا يولۋاستەك كۆچلۈك بىر قىياپەتكە كىرگەن ئىدى. ئۇ قازنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر پۇتىنى ئالالماي تۇرغان تەيجى كۆرۈندى. ئۇ تەيجىگە ئېتىلدى، لېكىن تەيجىنىڭ يېنىدا تۇرغان چېرىكلەر باشلىقى باقى قويچىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋىدى، باقى قويچى چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولى-دىكى مىلتىقنى تارتىپ ئالدى-دە، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. يەنە بىر چېرىك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋىدى ئۇنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى.

سادىق باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىبراھىم دوغىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلگۈدەك ئۇردى.

باقى قويچىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىر توپ چېرىكلەر يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. قويچى تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلى-كىنى سېزىپ، ئۆزىنى قارىغايلىق ئىچىگە ئالدى. قارىغايلىقتا چېرىكلەر ئۇنى قورشىۋالدى. مىلتىقنىڭ ئوقى تۈگىگەن ئىدى. ئۇ مىلتىقنى تاشلىدى-دە، يەردە ياتقان كالتەكنى قولىغا ئېلىپ چېرىكلەرگە ئېتىلدى. چېرىكلەر قويچىغا ئوق چىقاردى. ئوق كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە تەگدى-دە، قولىدىكى كالتەك چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا قويچىنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئىككى چېرىك ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئاڭغىچە ھەممە چېرىكلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ باقى قويچىنى تۇتۇۋالدى. قويچىنىڭ بويىنىغا زەنجىر سېلىپ قولىنى باغلاۋاتقان چېرىك تەنە قىلىپ:

— نوچى ئىكەنسەن! — دېدى.

— مەنلا ئەمەس، خۇرجانىڭ ھەممىسى نوچى. نوچىلىقىنى كۆرۈپ قالىسەن تېخى! بىر كۈنى سەنلەرنىڭمۇ قوللىرىڭ باغلا-سا ئەجەپ ئەمەس!

باقى قويچى چېرىككە نەپرەت بىلەن قاراپ كۈلدى. ئۇنىڭ ئوق تەككەن يېرىدىن شۇقىراپ قان ئاقماقتا ئىدى.

چېرىكلەر سادىق قاتارلىق يەنە نەچچە كىشىنىمۇ تۇتۇۋالدى. ئۇلارنى ئوردىغا ئېلىپ كەلگەندە، يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى.

ئەتراپ بولسا قاپ-قاراڭغۇ، ئاسماننى تۇمان قاپلىغان، بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار گۇندىخانا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈرۈلدى ۋە ئۇدۇل سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى.

ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ۋاڭ ئەتىسى سوراقنى ئۆزى قىلدى.

سوراق ئالدىدىكى ئون نەچچە كىشى ۋاڭنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ھودۇقمىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، پۈتۈن تۇرقىدىن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەرخىل جازالاش قوراللىرى شاراقلىتىپ تاشلاندى.

— ئاتا-بوۋامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان قائىدە-يوسۇننى بۇزۇپ نېمە قىلىشماقچىدىڭلار! — سورىدى ۋاڭ غەزەپلىنىپ.

باقى قويچى قانىرىغانلىقتىن ھالسىزلانغان بولسىمۇ، كۆزلىرىنى نەپرەت بىلەن ۋاڭغا تىكتى:

— بۇ ئادالەتسىز زامان بىزنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى. مال باقسىز دەپ بولغان ھالىمىز شۇ. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئوردىغا ئىشلەپ زۇلۇم، ئاھانەتتىن باشقىنى كۆرمىدۇق. بۇنىڭدىن ئۆلۈم ياخشى!

— تىلىڭنى تارت! — ۋاقىرىدى جاللاتلار باشلىقى قاسىم.

— شەن يامۇلغا تاپشۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋاڭ غەزەپلىنىپ.

ۋاڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان مىرغەزەپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى. ۋاڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدىغانلارنى شەن يامۇلغا ئەۋەتەتتى.

مىرغەزەپ ئاستا ۋاڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— باشقىچىرەك بىر تەرەپ قىلساقمىكىن، — دېدى، ۋاڭ دەرھال بېشىنى چايقاپ:

— دېگىنىم بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن! — دېدى.

قاسىم ئۈچ بېگى① باشلىق جاللاتلار باقى قويچىنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قالغانلارنى مىرغەزەپكە تاپشۇرۇپ سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

كۆڭلى چېچىلغان مىرغەزەپ جاللاتلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن بەزى نەرسىلەرنى سوراپ گۇندىپايغا تاپشۇرۇپ بەردى-دە، ئالدىراپ قاسىم ئۈچ بېگىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ قاسىم ئۈچ بېگىنى ئىزلەپ تاپالمىدى. ئۇ ئاللىقاچان بىر توپ چېرىكلىرى بىلەن باقى قويچىنى شەن يامۇلغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. مىرغەزەپنىڭ قەلبىنى بىر ۋەھىمە قاپلىۋالدى. ئۇ نە ئۆيىگە قايتماي، نە باشقا ئىش قىلىشنى بىلمەي سوراقخانا ئىچىدە ئۇزاققىچە ئولتۇردى.

ئۈچ بېگى ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن سوراقخانىغا كىرىپ، مىرغەزەپنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىغىنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا گىدەيگەن هالدا قانغا تولغان كۆزلىرى بىلەن مىرغەزەپكە ئۈنسىز قاراپ تۇردى. مىرغەزەپ ئۈچ بېگىگە هومايدى ۋە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى باقى قويچىنىڭ كېسىلگەن بېشى تۆمۈر قەپەزگە سېلىنىپ ئوردا قوۋۇق دەرۋازىسى ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلدى......

---

① ئۈچ بېگى — قومۇل ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مەنسەپلىرىدىن بولۇپ، چېرىكلەرنىڭ ئالدىنقى قىسمىنىڭ باشلىقى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باپ

تومۇر قەپەز ئىگىز يەردە
كېلىمتى بەگدە
ئىچىدىكى چارىسىزنىڭ
گۇناھى نەدە؟

كېچە بۇلۇتلۇق ئاسماندىكى ئاي گايىدا قاتمۇ ـ قات بۇلۇتلار ئارىسىدا قېلىپ، ئەتراپنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتسە، گايىدا بۇلۇتلار ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، غۇۋا، ئاجىز نۇر چاچاتتى. يىراق ـ يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

كەڭ سايلىقنىڭ ئەگرى ـ توقاي، ئىگىز ـ پەس يوللىدا كومۇرلۈك تەرەپتىن ئاتلىق بىر كىشى چېپىپ كەلمەكتە. ئۇ تازا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، بەستلىك يىگىت باتۇر ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە، قايغۇ، ھەسرەتلىك ئوي ـ خىياللار قاپلىۋالغان ئىدى. ئۇ كېتىپ بېرىپ، ھېلىقى كۈنى مۇسىنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقان گۈلدەستىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ھەم ئۇنىڭ شائىرانە بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلەيتتى: "ئەگەر بولسا سۆزگە يەتمەك، نە دۆلەتتۇر سۈكۈت ئەتمەك". ئۇ بۇ سۆزى بىلەن باتۇرنى ئاخىرغىچە كۈتىدىغانلىقىنى، بۇ كۈتۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان. قېنى ئۇ ئۇمۇرلۈك يار؟ دوستى كامال باتۇرغا يازغان خېتىدە تومۇر چارۋا سانىغى ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تاقىقا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ، گۈلدەستە ھەققىدە

مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئىدى: "....... يېقىندا گۈلدەستىنىڭ ھۆسنى-جامالى ھەققىدە شاھزادىگە دەللال خەۋەر يەتكۈزگەن ئىكەن، شاھزادە، كاتتا بېزەلگەن مەپىسى بىلەن ھەجەر ئاپپاقنى گۈلدەستىنى شاھزادىنىڭ باراۋىتىگە، چىللاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئىشەنچلىك بىر خەۋەرگە قارىغاندا گۈلدەستىنى مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئېلىپ كېلەرمىش. پۇرسەت تېپىپ قۇمۇلغا پات-يېقىندا يېتىپ كەلگىن...." بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باتۇرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. شاھزادىنىڭ "باراۋىتى" نى ئۇ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. باتۇر بىر تەرەپتىن خەت ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ باشقا ياقتا ئىشى چىقىپ قېلىپ خەتنى كېچىكتۈرۈپ بەرگىنىگە چېچىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىڭلىسى گۈلشەننى ئۆلتۈرگەن، ئۆز سۆيگۈسىگە چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتقان شەھۋانە شاھزادىگە غەزىپى قاينايتتى.

قارا تەرگە چۈشكەن ھالدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئات بىردىنلا ئۈركۈپ يان تەرەپكە ئەپقاچتى. باتۇر بىر قاراشتىلا كۆزلىرى پاقىراپ تۇرغان، بۆرىنى كۆردى. "نېمە بولسىمۇ بۆرە ئادەمدىن قورقىدۇ" — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ ئاتنى ئۆز يولىغا سالغاچ ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيەر، بۇيەردە پال-پۇل قىلىپ تۇرغان يېشىل چىراقتەك بىر نېمىلەر كۆرۈندى. بۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كىچىك ۋاقتىنى كەلتۈردى. باتۇر ئاتىسى بىلەن قوي بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا كايى كېچىلىرى ئەنە شۇنداق يېشىل چىراقتەك نەرسىلەرنى كۆرەتتى. دادىسى بۇنى باتۇرغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى: "قورقۇۋاتامسەن ئوغلۇم، قورقما، ئۇ پال-پۇل قىلىپ تۇرغان بۆرىنىڭ كۆزى، يىرتقۇچ ھەرقانچە ۋەھشى بولسىمۇ ئادەمدىن قورقىدۇ." باتۇرنىڭ كۆز ئالدىغا كەم سۆز، ئېغىر بېسىق، لېكىن غەزىپى كەلگەندە ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان دادىسى كەلدى. دادىسى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، كايى كۈنلىرى

ئوۋچىلاردىن مىلتىق سوراپ ئالاتتى ـ دە، باتۇرنى ئەگەشتۈرۈپ بورە ئاتقىلى چىقاتتى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى ھېچقاچان زايا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا ئوردىغا يۆتكەلدى: "ۋاڭ ھەددىدىن ئاشتى، نەزەر شاھزادىمۇ ئاتىسىدىن ئېشىپ چۈشتى. خەلق بولسا جېنىدىن جاق تويدى. ئوردىنىڭ ساگلىرىنى، غەزنە سارايلىرىنى ئەنە شۇ خەلق تولدۇرغان ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ زالىملار ھازىر بىر پارچە نانغا زار بولۇۋاتقان ئەنە شۇ خەلقنى خورلىماقتا......"

كۈن يېڭىدىن كۆتىرىلىشكە باشلىغاندا باتۇر شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوردا قوۋۇق ئالدىدىكى شاكىر قوۋۇقچىنىڭ ئۆيى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ـ دە، بۇ ئىچكى ـ تاشقى ئىككى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى جازا مەيدانىدا جازالانغان يېڭى كىشىلەرنى كۆردى. بۇ يەردە ئۆتكەن ـ كەچكەن خەلققە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم گۇناكارلارنى بويىنغا قوۋۇق، پۇتىغا دوگگە سېلىپ، بىرنەچچە ئايلارغىچە كېچە ـ كۈندۈز جازالاپ ئولتۇرغۇزاتتى. بۇ ۋاڭنىڭ ئېغىر جازالىرىدىن بىرسى. بۇ جازاغا لايىق بولغانلار جىسمانى جەھەتتە ئېغىر ھالدا زەخىملىنىپ بويىنى، مۈرىسى، پۇتلىرىنى جاراھەت قاپلاپ كېتەتتى. ئۇلار قۇتۇلۇپ چىققاندىمۇ بېلى دۈمچەك بولۇپ ئىككى پۈكلىنىپ قالاتتى.

باتۇرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ، يۈرىگى جىغىلداپ كەتتى. چۈنكى ئولتۇرغان گۇناكارلار ئارىسىدا كىچىك ئاتىسى سادىقنى تونۇپ قالدى. سادىقنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، تاياق زەربىدىن تەنلىرى تىتىلغان، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. "ئاھ، نېمە ۋەقە بۇ!" دىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. گۇناكارلار ئىگەكلىرىنى بويىندىكى قوۋۇققا تىرەپ پەسكە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا گەپ قىلىشى مەنئى قىلىنغان ئىدى. لېكىن باتۇرنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ سادىققا ئېسىلغۇسى، بويىنى ۋە پۇتىدىكى جازا ئەسۋاپلىرىنى چېقىپ، كۆمپەيكۆم قىلىۋەتكۈسى، ئىككى ئېغىز

گەپ سوراپ ۋەقەنى بىلگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇزۇن چەكمەن چا-
پان كىيىپ، بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلىغان، پۇتىنىڭ بىر تە-
رىپىگە ناس قۇتىسىنى، بىر تەرىپىگە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يوغان
ئاچقۇچلىرىنى ئېسىۋالغان شاكىر قوۋۇقچى ئويىدىن چۆچۈپ قالدى.
— ھاي يولۇچى، يولۇڭغا ماڭ، بۇلارغا گەپ قىلغىلى بول-
مايدۇ، بۇلار خۇدانىڭ قەھرىگە، ۋاڭ خوجامنىڭ غەزىۋىگە ئۇچ-
رىغان ئادەملەر!
باتۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ، شاكىر قوۋۇقچىدىن تاقەتسىزلىك
بىلەن:
— ھەي ئاكا، ئېيتىڭا، بۇلارنىڭ گۇناسى نىمە؟ — دەپ سورىدى.
— ۋاي...... بالام، — جاۋاپ بەردى شاكىر قوۋۇقچى، — بۇنىڭ
بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. مەن ساڭا ئېيتسام، بۇلار ئالتۇپلاڭ
قىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلار، خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلغان
تۈزۈك ئەمەسمىدى. ۋاڭ خوجامغا تاش ئېتىشنى كىم قويۇپتۇ
بۇلارغا! ھەي......، — شاكىر قوۋۇقچى كىچىككىنە ساقىلىنى تىتى-
رىتىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى-دە، گۇناكارلارنى بىر قۇر كوزدىن
كەچۈرۈپ چىقتى ۋە ئاغزىغا ناس تاشلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —
سەن بۇنىڭغا ھەيران قالما، ئىشنىڭ چوڭىنى شەھەر ئىچىگە كىر-
گەندە كورسەن تېخى!
بۇ گەپنى ئاڭلىغان باتۇرنىڭ يۈرىگى تېخمۇ قاتتىق سوقۇش-
قا باشلىدى. ئۇ ئېتىنى يېتىلىگەن پېتى ئەنسىرەش ئىچىدە شاكىر
قوۋۇقچىنىڭ "ئىشنىڭ چوڭىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە كور-
سەن، تېخى" دىگەن سوزىنى ئويلاپ، شەھەرنىڭ ئىچكەركى دەرۋا-
زىسى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ كوك خىشتىن ئەگمەچ قىلىپ قوپۇ-
رۇلغان، قاراڭغۇ، ئۇزۇن يولدىن ئوتۇپ، شەھەرنىڭ ئىچكەركى
دەرۋازىسىدىن كىرىشى ھامان، شەھەردە بىر خىل ئەنسىزلىكنىڭ
ھوكۈم سۈرۈۋاتقانلىغىنى كوردى. ئوردا قوۋۇق ئالدىغا ئۇرغۇن



ئادەملەر يەڭىلغان ئىدى. كىشىلەر ئىگىزگە، قانداقتۇر بىر نەرسىگە قارىغان پېتى، نە تۇرۇشنى نە كېتىشنى بىلمەي، ھودۇقۇش ئىچىدە ئۆز ئارا پىچىرلىشاتتى.

— جاللاتلار يەنە بىر باشنى كېسىپتۇ-دە!

— ھەي بىچارە، كالللىسى ئېلىنغۇدەك نېمە ئىش قىلغاندۇ-ھە؟

— مۇشۇنداق قىلىۋەسە بۇ يۇرتتا ئادەم قالامدۇ؟

باتۇر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھالدا، ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئىگىزرەك يېرىگە تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئۈستىگە — شەھەرنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى يېزىلغان تاشنىڭ ئوڭ يېنىغا بىر تۆمۈر قەپەز ئېسىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بېشى تۇراتتى. تۆمۈر قەپەزگە قوش مۇشتەك يوغان قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى. باتۇر يېقىنراق بېرىپ سىنچىلاپ سەپسالدى. كېسىلگەن باش دەھشەتلىك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى يۇمۇلمىغان، چىشلىرى كىرىشكەن، يۈز ۋە ساقاللىرىغا قان ئۇيۇپ كەتكەن. بۇ باش زۇلمەتلىك دۇنياغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك ئىدى. باتۇر يېنىدا تۇرغان ياشانغانراق بىر كىشىدىن:

— بۇ كېسىلگەن كىمنىڭ بېشىكەن، بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— تاغچى دېيىشىدۇ، — جاۋاپ بەردى ھېلىقى كىشى، — تۆمۈر چارۋا سانىغا قارشى چىققانمىش.

"تاغچى" دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن باتۇرنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. باتۇرنىڭ خىيالى چاقماق تېزلىكىدە جازالانغانلار ئىچىدىكى سادىققا يۆتكەلدى. سادىق ئۆز يۇرتلۇغى، ئۇرۇق-تۇققىنى، بۇ كېسىلگەن باشچۇ؟! باتۇر تەشۋىش بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇزاقىچە تۆمۈر قەپەزگە تىكىلدى. تۆمۈر قەپەزنىڭ ئىچىدىكى باشنىڭ ئىككى قۇلىقىنى بويلاپ، ئېگەكلىرىگىچە چۈشكەن قاپ-قارا ساقال-بۇرۇتلىرى، قويۇق قاشلىرى با-

تۇرغا ئۇنۇش بىلىندى. لېكىن ئۇ ئويلاپ تاپالمىدى. "بۇ زادى كىم؟ بۇ سوئال ئۇنىڭ كۆڭلىدە مىڭ سوئال بولۇپ تەكرارلاندى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ ئىسمى-جىسمىنى ئېنىقراق ئۇققۇش ئۈچۈن ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاينىڭ يېنىغا قاراپ ماڭغان ئىدى. ئۇردا تەرەپتىن يوغان ئاتلارغا مىنگەن، يېنىدا چېكى بار، ئۇزۇن قارا چاپان كىيىپ، بەللىرىنى پوتا بىلەن باغلىغان، خەنجەرلىك مىلتىقلارنى ئاسقان چېرىكلەر چىقىپ كەلدى-دە، تۆمۈر قەپەزگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ توپىنى يېرىپ ئۆتكىنىچە، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇلار تاغنى تازىلاشقا ماڭغانلار، — دېدى ھېلىقى بوۋاي.

باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوۋايدىن ۋەقەنى بىلىشكە تەمشەلگەن ئىدى، بوۋاي قولىنى ئۇردا تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ بايىقىغا ئوخشاش كىيىم، قورال بىلەن پىيادە چىقىپ كەلگەن چېرىكلەرنى كۆرسەتتى:

— ئۇلار شەھەرنى تازىلىسا كېرەك، — دېدى-دە، كېتىشكە تەمشەندى. توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنسىزچىلىك باستى. چۈنكى مۇنداق تازىلاش بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا كىشىلەر دەرھال تارقىلىپ كېتىشتى. لېكىن باتۇر ھېلىقى بوۋاينىڭ قولىغا ئېسىلىپ، يۈرىكىدىكى سوئالنى سورىۋالاي دەپ تۇرۇشىغا بوۋاي ئالدىراپ سۆزلىدى:

— ھوي ئوغلۇم، نېمىشقا تۇرىسەن؟ كەت بۇ يەردىن، سەن باقى قويچىنى تونۇمسەن-يە، — بوۋاي ئېگىزگە قارىدى، — ھەي بىچارە، ئۇۋال بولدى بۇنىڭغا!

باتۇر بوۋاينىڭ قولىغا چىڭ يېپىشتى.

— نېمە دەۋاتىسىز بوۋا! ئۇندۇرەپ قالمىغانسىز. باقى قويچى دەۋاتامسىز! قايسى باقى قويچىنى دەيسىز؟ — باتۇرنىڭ تاقىتى تاق بولدى.

— قوغۇنچى توختى بوۋاينىڭ كۆيۈغلى باقى قويىچىنى دەۋاتىمەن!

ھاۋا گۈلدۈرلەپ، باتۇرنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت-قولىدا دەرمان قالمىدى.

باتۇرنىڭ دادىسىنى كۆرمىگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، يۈرىكى مۇجۇلغان ھالدا كېسىلگەن باشقا تەلمۈردى-دە، بار كۈچى بىلەن ۋاقىرىۋەتتى:

— ئاھ، دادام!... دادام كاللىسىنى ئالغۇدەك نېمىش قىپتۇ؟! بەدىنى ئىلغىدەك كېيىمگە، بىر پارچە نانغا زار بولغان بىچارە دادام! قايسى جاللات، قانخور ئۆلتۈرۈشتى؟!!

باتۇر شۇ سۆز بىلەن تەڭ بىر سەكرەپ ئات ئۈستىگە چىقتى. ئات ئۈستىدىن تام ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، بوشاپ قالغان بىر پارچە پىششىق خىشنى يۇلۇپ ئېلىپ، تومۇر قەپەزگە سېلىنغان قۇلۇپقا ئۇرماقچى بولۇپ قەپەزگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ تىترىگەن قوللىرى ئىختىيارسىز ھالدا قەپەزنىڭ تومۇر چوكىلىرىنى تۇتتى. يۈزىنى قەپەزگە يېقىپ، ھۆڭگىر ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

ھېلىلا تارقىلىپ كەتكەن كىشىلەر يېڭىۋاشتىن يىغىلىشقا باشلىدى.

باتۇر قولىدىكى پىششىق خىش بىلەن تومۇر قەپەزنىڭ قۇلۇپىغا قاتتىق ئۇردى. لېكىن قۇلۇپ چېقىلمىدى. پىششىق خىش كۇكۇم-تالقان بولۇپ يەرگە چۈشتى.

— ئاھ، دادام! — ئۇ ئىچىدىكى دەردىنى ئېيتالمىغان ھالدا، يەنە بىر پارچە خىشنى قولىغا ئېلىپ كوز يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. خالايىق جىمجىت ھالدا كوزلىرىگە ياش ئېلىشتى. باتۇر يۈرىكىدە قايناپ تۇرغان ھەسرەت، پىغانىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ئاھ، دادا! مېنىڭ ئەمدى نېمەم قالدى؟ بىر ئائىلە ۋەيران

بولدۇققۇ، بۇ دەرتلەرگە قانداق چىدايلى!....

باتۇر غەزەپ بىلەن قولىدىكى خىشنى يەنە قولۇپقا ئۇردى. ئۇ قولۇپنى چېقىپ، دادىسىنىڭ بېشىنى قولغا ئېلىپ تۇرۇپ كوچىمۇ-كوچا، تاغمۇ-تاغ يۈرۈپ خەلققە كۆرسەتمەكچى، زالىملارنىڭ قانخورلۇغىنى ئەلگە تونۇتماقچى، ۋاڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەن، جازالانغان، خورلانغانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى. لېكىن قولۇپ چېقىلمىدى. قولۇپ چېقىلمىغان بولسىمۇ، تۆمۈر قەپەز ئىككى قېتىم ئۇرۇلغان خىشنىڭ زەربىسى بىلەن ئىرغىپ كەتتى. شۇ چاغدا يان تەرەپتىكى كوچىدىن ئالا خېچىر مىنگەن، ئۈستىگە يېشىل مۇۋۇتتىن ئۇزۇن چاپان كىيىپ، بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان ياسىن قازى چىقىپ كەلدى. ئۇ تۆمۈر قەپەزنىڭ قولۇپىنى چاقماقچى بولۇۋاتقان ئەزىمەتنى كوردى-دە، چوچۇپ كەتتى: "ۋاڭ خوجامنىڭ قەپىزىنى چاقماقچى بولۇۋاتقان قانداق مۇناپىق بۇ، ئۇنىڭ يۈرىگى تۆمۈر قەپەزدىنمۇ يوغانمۇ نىمە؟ بۇ ۋاڭ ئالىيلىرىغا، شانى-شەۋكەتلىك مۇقەددەس ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن ئاھانەت!"

قازى شۇ ئەسنادا باتۇرنىمۇ تونۇپ قالدى. ئۇ باتۇرنىڭ ئوز دۈشمىنىگە ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئارسلاندەك تۇرقىنى كورۇپ، شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، چىرايى بەئەينى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. قازى ھودۇقۇش بىلەن بىر پەس ئەقلىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئالدىراپ خېچىرغا قامچا ئۇردى-دە، ئوردا تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

شۇ ئاردا ئۈشتۈمتۈت كامال پەيدا بولۇپ قالدى-دە، باتۇرنىڭ يېنىغا ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى ۋە باتۇرنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى:

— ئۇزەڭنى تۇتۇۋال چىنىم ئاداش، ئوزەڭنى تۇتۇۋال، دەرھال كېتەيلى، ماڭ!

باتۇر كامالنى كورۇپ ئۇنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتتى:

— ماڭ دوستۇم، ماڭ! ئوردا قانخورلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ تىرىك قويمايلى، ھەممىنى تېرى - پېرەڭ قىلىۋېتەيلى!

كامال باتۇرنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى:

— تاقەت قىل، ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، بىزمۇ بېشىمىزنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرەيلىمۇ؟ جېنىم ئاداش، توكۇلگەن قان - ياشلار ئىزىدىن بېسىپ كېلىۋاتقىنىمىز پەقەت بۇگۈنلىمۇ؟ سەن بىز نىمىلەرنى كورمىدۇق، ئەمدى ئوزىمىزنى تەۋەككۇل قىلىپ ئوتقا تاشلىساق، داداڭ، ئاناڭ، سىڭلىڭنىڭ ئىنتىقامىنى كىم ئالىدۇ؟ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش، ئوزىمىزنى تونۇتۇپ قويۇش ئۇچۇن بىز ھايات قېلىشىمىز كېرەك!

باتۇر كامالنىڭ سوزىنى ئاڭلايتتى. كامالمۇ باتۇرنىڭ سوزىنى ئاڭلايتتى. لېكىن ھازىر باتۇرنىڭ يۇرىگىنى قىيناۋاتقان ئازاپ ۋاقىتا بولغان ئۇچمەنلىك ئۇنى ئوزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ھالەتكە كەلتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا باتۇر كامالغا بوي بەرمەي، ھەدەپ ئوردا تەرەپكە ئېتىلاتتى. كامال سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلاتتى:

— جېنىم - ئاداش، سوزۇمگە قۇلاق سال، ساڭا ھەممە ئىش ئايانغۇ، بىز قانچىلىك ئازاپلانمىدۇق، ساڭا ئېغىر بولۇۋاتقىنىنى مېنى چۇشەنمەيدۇ دەمسەن؟ — ئۇنىڭ كوزىدىنمۇ غەزەپ ياشلىرى ئاقتى، — مەنمۇ ھازىر سەن بىلەن بىللە بۇ ئوردىغا ئوت قويۇۋەتسەم دەيمەن، لېكىن سەن ئويلىغىنا، شۇنچە كوپ جازالانغان كىشىلەرنىڭ، شۇنچە كوپ كېسىلگەن باشلارنىڭ، ۋەيران بولغان يۇرتداشلارنىڭ ئىنتىقامىنى، شۇنچە كوپ ئىنتىقامنى يالغۇز سەن بىلەن مەن قانداق ئېلىپ تۇگىتەلەيمىز؟! ئادەمنىڭ قېنى قىزىغاندا، غەزەپ يالقۇنلاپ تاشقاندا، كوزىگە ھېچنەرسە كورۇنمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىن، سەن بىلەن مەندەك

ئازاپلىنىۋاتقانلارنى ئاز دەمسەن! مانا بىز شۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەركەت قىلىشىمىز كېرەك. كامالنىڭ سۆزلىرى باتۇرغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى كامال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ باتۇرنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— گۈلدەستە شاھزادىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. ھەممىمىز ياخشى قۇتقۇزۇپ قالدۇق. يۈر ئۇ سېنى كۈتمەكتە...

باتۇرنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ھەم كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا كامالغا قارىدى. باتۇرنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان دەرت تېخىچە يانمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ كەينىگە قايتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تېزىپ يەتكەچكە، يان كوچىغا بۇرۇلدى. شۇ ئەسنادا ئۇردا تەرەپتىن بىر توپ پىيادە، بىر توپ ئاتلىق چېرىكلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار ياسىن قازىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن باتۇرنى تۇتقىلى چىققانلار ئىدى. باتۇر پىيادە چېرىكلەر ئىچىدە كېلىۋاتقان ئۈچ بېگى — قاسىم جاللاتنى كۆرۈپ قالدى. باتۇر ئۇنى تونۇيتتى. قاسىم ئۈچ بېگى ئۇردا چېرىكلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىم باشلىغى بولۇپ ئادەم تۇتۇش، كاللا كېسىش قاتارلىق ئىشلاردا بۆك ئال دىسە، باشنى ئېلىپ كېلىدىغانلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ قاراقۇساقلىق، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقاتتى. تۈنۈگۈن شەن يامۇل جاللاتلىرى چاقىلانغان قىلىچ بىلەن باقى قويچىنىڭ كاللىسىنى كەسكەندىمۇ قاراپ تۇرغان شۇ ئىدى. باتۇر دادىسىنىڭ كاللىسىنى كەسكەن جاللاتنىڭ قىپ-قىزىل كۆزلىرىگە نەشتەردەك تىكىلدى. كامال باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ كېتىشكە ئۈندىدى. لېكىن باتۇر كامالغا: "سەن كېتىپ تۇر" دېگەن ئىشارىنى قىلدى. كامالمۇ ئۇنىمىدى، باياتىن توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا باتۇر بىلەن كامالنى چېرىكلەر ئىككى قەۋەت قورشاپ بولغان ئىدى.

قارا چوقۇر، ئاغزى يوغان، بۇرنى يۈزىنىڭ گۆشلىرى بىلەن تەپمۇ-تەكشى كۆرۈنۈپ تۇرغان قاسىم ئۇچ بېگى باتۇر بىلەن كامالغا قاراپ سورىدى:

— سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇردىسىلەر؟

باتۇر قاسىم ئۇچ بېگىنى مەنسىتمەي جاۋاپ بەردى:

— مەن مېھرول قىزى بېگىمنىڭ ئىتىنى تاقىلىتىشقا كەلگەن.

— ھە مۇنداق دە تېخى، — ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، سول كۆزىنى قىسقان ھالدا مەسخىرە قىلدى ئۇچ بېگى، — ھاھ، ھاھ، ھاھ...... مېھرول قىزى بېگىمنىڭ سەندىن باشقا ئات تاقىلىتىشقا ئەۋەتىدىغان ئادىمى يوقمىكەن؟! ئۇ بىردىنلا مەسخىرە كۈلكىسىنى توختىتىپ، چىرايىنى ئۆزگەرتتى-دە، ۋاقىرىدى، — ۋۇھ، گەدەنكەش يالغانچى! نەچچە ۋاقتتىن بېرى كومزۇر قازناي مېھرول قىزى بېگىمنى ئانىي تېپىپ، ئالتوپىلاڭ قىلىشقان سەن ھارامزادىلەر ئەمەسمۇ؟ داداڭ تاغدا ئالتوپىلاڭ قىلسا، سەن خاندا. كاللاڭنى داداڭنىڭ يېنىدا كۆرگۈڭ كەپتۇ! ياخشى گەپ. گۇناكارلار ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كەلسە، بىزگىمۇ ئارام بولىدۇ، — ئۇچ بېگى قامچىسىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى، — قېنى، باغلاڭلار!!

باتۇر بىلەن كامال قۇتۇلۇشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى-دە، ئىككىسى تەڭلا ئۇچ بېگىگە ئېتىلدى. كامال ئۇچ بېگىنىڭ قامچىسىنى تارتىۋېلىپ، ئەتراپتا ئۆپۆرۆلۈپ تۇرغان چېرىكلەرنىڭ باش كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

باتۇر گاڭگىراپ قالغان قاسىم ئۇچ بېگىنىڭ قولاق تۈۋىگە قاتتىق بىر مۇشت سالدى. ئۇچ بېگى غەزەپلىك چىقىراپ باتۇرغا ئېتىلدى. لېكىن سەگەك باتۇر ئۇنىڭ كىندىگى ئاستىغا چاققانلىق بىلەن بىرنى تەپتى. ئۇچ بېگى سەت چىقىرىغىنىچە يىقىلىپ چۈشـ

تى. قورقۇپ كەتكەن چىرىكلەر تەڭلا يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ باتۇر بىلەن كامالنى چەمبەرچەس باغلىۋالدى.

— ئاپىلا، ئۈچ بېگى جان ئۈزۈپتۇ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى بىر چىرىك.

چېرىكلەردىن بىرنەچچىسى ئۈچ بېگىمنىڭ بېشىدا پىقىراپ قې-لىشتى. قالغانلىرى باتۇر بىلەن كامالنى ئوردىغا ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى...

# يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

تالچىۋىقنى ئېگىپ ـ ئېگىپ،
مېنى سوقاي دەمسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يوق باللانى،
ئانىي تاپاي دەمسەن؟

تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرى تىنماي بوران چىقىپ تۇرىدۇ. يازدا بولسا، ھاۋا تولىمۇ تىنجىق بولۇپ، ئىسسىق شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

يازنىڭ باشلىرى ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز تىنماي بوران چىقماقتا. پۇقرالار بۇنىڭغا: "بوران خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىۋى، يامغۇر بولسا، مېھرى ـ شەپقىتى، قارىغاندا، ئاللا تائالا بەندىلىرىنى بېسىپ تۇرغان تاغۇ ـ تاشلارنى قومۇرۇپ تاشلىسا كېرەك" دېيىشسە، بەگ ـ خوجىلار: "بۇ بوران ھەددىدىن ئاشقان پۇقرانىڭ ھالاكىتىدىن دالالەت بېرىدۇ" دەپ ئۆز خىياللىرىنى سۆزلىشەتتى.

ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋاڭ تەيجىلىرىنى، سۇلتان مىرغەزەپنى ۋە ياسىن قازىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

كوڭلى چېچىلغان ۋاڭ بىسەرەمجان بىر قىياپەتتە كوزلىرىنى قانداقتۇ بىر نۇقتىغا تىكىپ تەخت ئۈستىدە يانپاشلاپ ئولتۇراتتى. پەستە تەيجىلەر، سۇلتان مىرغەزەپ ۋاڭغا ئۇدۇل قاراپ ئولتۇراتتى. ئولتۇرغانلار ۋاڭدىن زۇۋان چىقىشىنى كۈتمەكتە. بىراق ۋاڭ خې‑

لىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. نېمىلەر ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتىدىكىن؟ يا بولمىسا ئۆزىنىڭ ئويلاپ قويغانلىرى ئۈستىدە ئەنچىلىك كەشىلەرنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشىنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ياكى چېگىش خىياللىرى ئىچىدە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرامدۇ؟ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مەلۇمچى كىرىپ كەلدى-دە، پۈكۈلۈپ تازىم قىلدى. لېكىن ۋاڭ بېشىنى كۆتىرىپ مەلۇمچىگە ئاچچىغى بىلەن دېدى:

— مەن سېنى ھەرقانداق مۇھىم ئىش بولغان تەقدىردىمۇ كىرمە، كېڭەش پۈتكەندىن كېيىن خەۋەر قىل، دېمىدىمۇ؟

مەلۇمچى قورققىنىدىن تىترىلىپ بېشىنى يەرگە تەككۈزگەن ھالدا ئەپۇ سورىدى ۋە سۆزلىدى:

— ئالىيلىرىنىڭ بىر قېرىندىنى يورۇق دۇنياغا چۈشكەن، ئەزىز ئانىنىڭ ئېتىگىدە ئەركىلەپ چوڭ بولغان، قەدىردان ئاتىنىڭ مېھرىشەپقىتىنى تەڭ كۆرگەن ئاكىسى ئىلياز خوجام قازا قىپتۇ. ئۆلۈم ھەق، لېكىن بۇ خەۋەرنى ئۆز قەرەلىدە ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇشمۇ ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا چوڭ ساۋاپلىق ئىشتۇر، — مەلۇمچى يۈزىنى يەردىن ئېلىپ ئېگىلگەن ھالدا ئۆرە بولدى. كېڭەشتە ئولتۇرغانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ "ئەنائەكمولىللا" دەپ شىۋىرلاشتى ۋە قوللىرىنى كۆتىرىشىپ ۋاڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى. لېكىن ۋاڭ يۈزىنى ئۆرۈپ مەلۇمچىگە قارىمىدى. قولىنى سىلكىپ مەلۇمچىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. مەلۇمچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ جىمجىتلىق داۋام قىلدى.

ۋاڭ ئىلياز خوجىنىڭ بارلىق يەر-زېمىنىنى ئوردا دەپتىرىگە يازدۇرغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى تاغدىن ئېكىلىپ بېقىشقىمۇ يول قويمىدى. ئىلياز خوجىغا ئوت-سامان يىغىش قىيىن بولدى. ئۇنىڭ شەھەر ئىچىگە جاڭزا قۇرۇپ باققان ئاتلىرى ئاچ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئىلياز خوجىنىڭ تولۇمدەك سېمىز بەدىنى يارا بولۇپ، سېرىق سۇ ئېقىشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇنى "ئىلياز خو-

جىنىڭ زەھىرى ئېشىغا ئېپپېتۇ" — دېيىشتى. مانا ئەمدى ئۇ، ئۆل-گەن ئىدى. تۇققانلىرى ئىلياز خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈمنى ۋاڭغا خەۋەر قىلىپ قويۇش كېرەك، ھەر قانچە يامان بولۇشقان بولسىمۇ ئاكا-ئۇكا قېرىنداش ئەمەسمۇ؟ دېيىشىپ مە-لۇمچىنى ۋاڭنىڭ يېنىغا كىرگۈزگەن ئىدى.

ۋاڭ مەلۇمچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن: "رەھىمسىز ئەجەل ھەممە باشتا بار، ئىلياز گويا يەر-زىمىن، مال-مۈلۈكنى گۆرىگە ئېلىپ بارىدىغاندەك قىلىۋىدى، ئەمدى ھەممە نەرسىسى قالدىغۇ" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇلاق تۇۋىدە مەلۇمچىنىڭ "بىر قېرىنىدىن تۇغۇلغان" ئەزىز ئانىنىڭ ئېتىگىدە ئەكە-لەپ چوڭ بولغان، قەدىردان ئاتىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى تەڭ كۆر-گەن" دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولدى. لېكىن ۋاڭ شۇ گەپنى قىلغان مەلۇمچىگە كايىش لازىملىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلدى.

ۋاڭ ھېلىلا چەككەن ئەپيۇننىڭ تەسىرىدىن مەسخۇش كۆرۈ-نەتتى. گەرچە ئۇ كۆڭلىنى خۇش تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، بېشىدا بىر ۋە-ھىمە ئەگىپ يۈرگەندەك، يۈزلىرى سۇرۇن، كۆزلىرى خىرە ئىدى. بۇ ئۆي-پىكرىنى يىغىپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ بوش ئاۋازدا سۆز-لەشكە باشلىدى:

— ماڭا قاراڭلار، سىلەر مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىم، ئىچىمدىكى گەپلەرنى سىلەرگە ئېيتماي نە قىلاي، — ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ چىقىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى پۇقرالار يۈرتنى ھالىماتاڭ قىلغىلى تۇردى. ھەرقاچان ۋاڭنى ئىززەتلەش، قۇللارنىڭ ۋاڭ ئۈچۈن ئىشلىشى مۇقەددەس بىر يوسۇن ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇنداق قىلماي يۆچۈن ئىشلار پىتقۇۋاتىدۇ. تاغدىكى يالاڭتۇشلەر غوۋغا چىقاردى. ئۇ يەر-بۇ يەردە بىز-نىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرىدىغان ۋەقەلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. كاندىكى

قارا كوسەيلەرمۇ ئىش تاشلىدى. ھەلىقى باقى قويچىنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە كەلگەن ھەلىقى باشلىقى بىرىنىڭ قاسىم ئۇچ بېگىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار قولغا چۈشتى. بۇ ئىش تېخى بىر ياقلىق قىلىنماي تۇرۇپ تۈنۈگۈن ئەتىگەندە، كىمنىڭ ئىشىكىن، ئىشرەت ئوغرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ مېنىڭ پەنجىرەمنىڭ ئۇدۇلىدىكى چىنارغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ نېمە ئىش ئۆزى؟ ماڭا قىلىنغان تەھدىت ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالارنىڭ ئوردىغا يازغان خەتلىرى كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىمدۇ،—ۋاڭنىڭ ۋەھىمىلىك چىرايى تېخىمۇ ئۆڭدى. ئۇ يېنىدا تۇرغان بىر مېتىردەك ئاق رەختنى قولىدا سىقىمداپ تۇتتى-دە، ئولتۇرغانلارغا كۆرسىتىپ سۆزلىدى،—مانا بۇنى ھېلىقى چىنارغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئوقۇپ كۆرۈڭلار!—ۋاڭ پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى تەيجىلەرنىڭ ئاياق تەرىپىگە تاشلىدى.

باش تەيجى ئەرزنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭمۇ رەڭگى ئۆڭدى. بۇ خەتتە تەيجىنىڭ زالىملىقى ھەققىدىمۇ يېزىلغان ئىدى. ۋاڭ ئۇنىڭ ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا چېچىلىپ كەتتى.

—تاغدىكىلەرنى بېسىقتۇرۇپ تۇرساق، مانا ئەمدى كاندىكى قارا كوسەيلەر چىقتى. بۇنداق ئىشلارغا سەل قارىساق، دەسسەپ تۇرغىنىمىزمۇ بىر گەپ بولۇپ قالىدۇ......

—خوش-خوش، ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق،—ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى تەيجى،—مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، "قول سەمرىسە خوجىسىغا ياندۇ، ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋايدۇ" دېگەندەك، پۇقرالار نەچچە يىلدىن بېرى سەل ئەركىنلىشىپ قالغاچقا، ھازىر بىزگە يېنىۋاتىدۇ. ئوردىدىكى ھاشاغا گايىلىرى چىقىپ، گايىلىرى چىقمايۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا سەل

قاراپ، ئۇزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇۋاتىدۇ.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ۋاڭنىڭ يۈزلىرىگە زەھەر تاراشقا باشلىدى.
— بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە كورسىتىلىشىچە، قول دىگەننىڭ ھىچ-نەرسىسى بولمايدۇ. بىزگە قوشۇل خەلقى دارخان①. يەرلىرى جا-ساق②. بىزنىڭ ئىززەت-ھورمىتىمىز ئۇچۇن ئۇلار ۋاقتى-ۋاقتىدا ھاشا قىلىپ تۇرۇشى كېرەك!
تەيجى ۋاڭنىڭ پەرمانىنى مىڭ ھەسسە ئىجرا قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇپ تازىم قىلدى.
— خوش-خوش، ئاللىرىنىڭ پەرمانى ئاتقان ئوقتا ئوخشاش، ئۇنى بىجا كەلتۇرۇشكە پەرمان-بەردارمىز.
ۋاڭ يەنىمۇ بىر نەرسىلەرنى ئويلىغاندەك سۇلتان مىرغەزەپكە قارىدى.
— خەۋىرىڭىزدە بار، — دىدى ئۇ، — كۇلىمۇ (ئىچكى ئولكىلەر-نى دىمەكچى) تىنجىمايۋېتىپتۇ. بۇ شامالنى قوشۇلغا كەلمەيدۇ دى-گىلى بولمايدۇ. كۇلدىن چىققان ھىلىقى ئوغرىلارنى دەرھال ئوز جايلىرىغا قايتۇردىڭىزمۇ؟
— قايتۇرۇلدى، — دىدى سۇلتان مىرغەزەپ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ.
ھازىر بۇ يەردە ئولتۇرغان تەيجى، قازى، سۇلتان مىرغەزەپنىڭ كوڭۇللىرىدە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىياللار كەچمەكتە ئىدى. تەيجى ئويلايتتى: "ۋاڭ خوجام بىزنىڭ پانايىمىز، ئىلاھىم ئۇنى ئوز ئامانلىغىدا ساقلىغاي". سۇلتان مىرغەزەپ ئويلاتتى: "شۇ يىشىمغا يەتكىچە ۋاڭغا ئىشلەپ خاتىرجەم بولغىنىمنى بىلمەيمەن، دەرت بىلەن ئازابلىنىۋاتقانلارنى ئويلىماي بولمايدۇ. بىرى ئالتۇن تاۋاقتا

① دارخان — قول.
② جاساق — مىراس.

نان يەر، بىرى ئاچلىق دەردىدە جان بېرەر، دىگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ......". سۇلتان هاجى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، خىياللىرىنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. ياسىن قازى ئويلايتتى: "ئىلياز خوجىدىكى بايلىق مەندە بولسىيدى. شۇ بايلىق بىلەن نۇرغۇن خەلقنى سېتىۋالاتتىم. ئەتراپىمغا نۇرغۇن ئادەمنى توپلاپ ۋاڭنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزەم ۋاڭ بولاتتىم. ئىلياز خوجا ئەخمەق-تە! هېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي يېرىلىپ ئۆلدى. هەي ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام بولاتتى. ئاز-تولا نەرسىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالاتتىم. ۋاڭ ئىجازەت بەرمەيدۇ-دە!".

ۋاڭ ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى بولۇپ ئەينى مۇددىئاسىدىن گەپ ئاچتى:

— سىلەردىن شۇنى سورايكى، بۇ نادان، پەس قۇللار كۆلەدىكىلەرنى دوراپ بۇ يەردىم؛ قىلىچ، نەيزە كوتىرىپ، مېنى بەسەرەمجان قىلىسا قانداق قىلىشقا بولىدۇ؟

كېڭەشتە ئولتۇرغانلار بۇ هەقتە ئويلاپ كورمىگەچكە دەرهال بىر نىمە دىيەلمىدى. ۋاڭ ئۇلارنىڭ سوزىنى كۈتمەي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇنداق پالاكەتنى باشقا كەلمەيدۇ، دىگىلى بولمايدۇ. مانا قاراڭلار،—ۋاڭ ئەرز يېزىلغان 10 پارچىدەك ئۇزۇن-قىسقا ئاق رەختلەرنى يەرگە تاشلىدى،—كورۈپ بېقىڭلار، بۇ ئىنساپسىزلار بۇنىڭ هەممىسىدە مېنى قاغىغان، هەتتا ۋاڭ ئوردىسىنى تۈزلىۋېتىمىز، ۋاڭنى ئاغدۇرۇۋېتىمىز، دىيىشكەن. بۇ ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويۇش كېرەك!

سۇلتان مىرغەزەپ ئەرزلەرنىڭ هەممىسىنى بىر-بىرلەپ كورۈپ چىقتى. تەيجى بولسا، بۇ ئەرزلەرنى كورگەندىن كېيىن هودۇقۇپ ئاغزىغا كەلگەننى سوزلەشكە باشلىدى:

— خاتىرجەم بولسىلا ۋاڭ خوجام، ئۆزلىرى ئاسماندىكى ئاي

ۋە كۆڭگە ئوخشاش، قۇمۇل تۇپرىقىدا مەڭگۈ نۇر چېچىۋېرىدىلا، ئۇنداق ئەندىشىلەردىن ئۆزلىرىنى يىراق قىلىشلىرى زۆرۈردۇر. ھەددىدىن ئاشقان بەدنىيەتلەرنىڭ جاجىسىنى خۇدا بېرىدۇ. ئۇلدىن قالسا، مانا بىز!

— بەرھەق، — دەپ تەستىقلىدى قازى، — خۇدا ئۆزلىرىگە ئامانلىق بەرگۈسىدۇر.

قۇرۇق گەپ قىلىسىلەر! — دەپ چېچىلدى ۋاڭ. — نىشىنىڭ قۇرۇق سۆز بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىشى مۇمكىنمۇ ئۆزى؟!

— چارە ئويلاشتىن ئاۋال، — دەپ سۆز باشلىدى مىرغەزەپ، — شۇنداق بىر نەرسىنى ئويلىشىمىز كېرەككى، ھازىرغىچە كۆزگە ئىلىنماي كەلگەن پۇقرالار نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بۇ ئەرزلەرنى يازدى؟ بۇنى تەھقىقلاپ كۆرۈشكە ئەرزىمىدۇ-يوق؟ مانا بۇ بىر پارچە ئەرزدە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، نەچچە يىلدىن بېرى قورغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ، ئاشلىق ئوخشىمىغان. سۇ بېگىملەر ئۈچۈن ئاققان پۇقرالارغا سۇ بولمىغان، لېكىن بىزنىڭ ئالۋاڭ-سېلىقلىرىمىز ئۆزگەرمىگەننىڭ ئۈستىگە بارغانچە كۆپىيىپ كەتكەن. شۇ سەۋەپلىك بەزى دېخانلار ئۇلۇۋېلىشتا، بەزىلەر يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، — سۇلتان مىرغەزەپ بىر پارچە ئاق رەختنى قولىدا تۇتۇپ سۆزلىگەندىن كېيىن، يەنە بىر پارچىنى قولىغا ئالدى، — مانا بۇنىڭدا بولسا، شاھزادە خوجامنىڭ ئەيش-ئىشرەتكە تولىمۇ بېرىلىپ كېتىپ قىلغان قىلمىشلىرى يېزىلغان. مانا بۇنىڭدا ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ چوڭىدىن تارتىپ كىچىككىچە، قازىلىرىمىزدىن تارتىپ ئەلەمچىگىچە پارىخور، خىيانەتچى بولۇپ كەتكەنلىكى يېزىلغان، — سۇلتان مىرغەزەپ ئۇ ئەرزنى يەرگە قويۇپ، يەنە بىرسىنى ئېلىپ سۆزلىمەكچى بولغان ئىدى، ۋاڭ قولىنى سىلكىپ توختاتتى.

— مەن ھەممىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان. سىز بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولسىز؟ مەقسەتنىڭ ئۆزىنى ئېيتىڭ!

— خوش، — بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ سۆزلىدى سۇلتان مىرغەزەپ. — "دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ" دېگەن گەپ بار. مەن ئۆزەمنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئاللىرىنىڭ خىزمىتىگە سادىقەت كۆرسىتىپ كەلگەنلىگىمنى ئىسپاتلىمىسامۇ، ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇملۇق. شۇنىمۇ ئېيتىشىم كېرەككى، بۇ ئەرزلەرگە قۇلاق سېلىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇقرانىڭ كۆز يېشى گويا كەلكۈندەك بىزنى ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن. خانلىقنىڭ غۇلىشىمۇ شۇنىڭ مىسالىدۇر.

— تۈفى! — دېدى ۋاڭ سۇلتان مىرغەزەپكە دومىيىپ، — جۆيلۈۋاتامسەن، خانلىقنىڭ ئورۇلۇپ كەتكىنىگە ئىشىنىۋاتامسەن؟ شۈبھىسىزكى، خانلىق ئاغدۇرۇلمايدۇ. ئۇ، ئۇ ئالەم، بۇ ئالەدىلىك خانلىق. كىمكى ئۇز رەقىبى ئالدىدا قورقۇنچاقلىق قىلسا، ئۇ ھالاكەتكە يولۇقىدۇ!

سۇلتان مىرغەزەپ ۋاڭنىڭ تەرسا ئەلپازىدىن ئەندىشە قىلىپ ۋاڭ ئالدىدا بېشىنى ئەگدى ۋە ئاستا سۆزلىدى:

— ھەزرەتلىرى ئالدىدا گۇناكار بولسامۇ، ئېيتايكى، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئانچە-مۇنچە ئىشلار ۋەجىدىن ئېيتىلغان ئەمەس. مىڭلىغان كىشىلەرنى سوراق قىلىپ، يۈزلىگەن كىشىلەرگە جازا بەردىم. ئەپسۇسكى مەن ئۇلارنىڭ قايسىنى ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىپ، قايسىنى ئادىللىق بىلەن جازالىغانلىغىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ھەممە ئىشنى ھەزرەتلىرىنىڭ رايى بويىچە قىلدىم. ھازىر بولسا كىشىلەر ئۇرغۇن خاتالىقلىرىمىزنى كۆرۈۋالدى، لېكىن بىز، ھېلى بولسىمۇ كەينىمىزگە نەزەر سېلىپ، ئالدىمىزدىن يول ئاچساق خاتا قىلمىسمىز، دەپ ئويلايمەن، ئويلاشلىرى زورۇركى، يۇقرانىڭ قولىدا كەتمەن-گۈرجەكتىن باشقا نىمىسى بار؟ ئۇلار بىر پارچە ناننىڭ قۇلى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. غەزنىگە يىغىلغان ئالتۇن-كۈمۈش تاغ بولدى، ھەر خىل سېلىق، ياقىدىن① كەلگەن ئاشلىقتا ساڭ يې-

①ياقا — ئىجارە ھەققى.

تىنچىمەي، يېڭى-يېڭى ساڭلارنى سېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. تاغدىكى
مال چارۋىلار يايلاقلارغا پاتمايۋاتىدۇ. لېكىن پۇقرالارچۇ ئاچ-
لىق-زارلىقتا يىغلاپ-قاخشاپ تۇرغان. بىزنى پۇل-مالغا تويغۇزۇ-
ۋاتقان بۇ پۇقرالارنىڭ ئاھ-زارىغا ئازراقمۇ قۇلاق سالمىساق، خۇ-
دانىڭ ئالدىدا نېمە دەيمىز؟!

سۇلتان مىرغەزەپنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق تامچە ياش ئېقىپ
مەڭزىگە چۈشكەن ئىدى. ۋاڭ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى
بىر ئىشنى ئەسلەشكە باشلىدى:

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ دەۋر سۈرگەن يىللار ياز كۈنلىرىنىڭ
بىرى. بازاردا بىر خەنزۇ قاساپ بىلەن بىر خۇيزۇ قاساپ ئوت-
تۇرىسىدا گۆش سېتىش ئورنىنى تالىشىپ ماجرا چىقتى. خۇيزۇ
قاساپ ئاچچىغىدا چىدىماي خەنزۇ قاساپنى پىچاق سېلىپ ئول-
تۇرۇپ قويدى. خەنزۇ قاساپنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ خۇيزۇ قاساپنى
پىچاق سېلىپ ئۆلتۈردى. ئاخىرى ماجرا ئىككى گۇرۇھقا يېيىلدى،
مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ ۋەقەنى بىلەلمەي يېنىدىكى تەيجىسىدىن
مەسلىھەت سورىدى. تەيجى خەنزۇ قاساپقا يان بېسىش لازىملى-
غىنى ئېيتتى. ۋاڭ تەيجىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە خەنزۇ قاساپقا
يان بېسىشقا باشلىدى. خۇيزۇ قاساپنىڭ تەرەپدارلىرىنى باستۇر-
دى. شۇ باستۇرۇشتىن كېيىن پۈتۈن خۇيزۇلار قوزغىلىپ ۋاڭغا
قارشى چىقتى. ۋاڭ بولسا، خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ،
ھېيتكار مەچىتىنىڭ ئىچىگە يىغىۋالغان قېرى، ياش ئەر-ئايال خۇي-
زۇلارنى ئۇششاق بالىلىرىغىچە قىرىۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىن بىر كى-
شى قۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئەسكەر باشلىغى بەي يەنخۇنىڭ
ئالدىغا باردى: دەرغەزەپكە كەلگەن بەي سىلىڭ پۈتۈن ئەسكەر-
لىرىنى سەپكە تارتتى. كوچا-كوچىلارغا: "ھەرقانداق ئادەم قۇ-
مۇلغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشسا ئالغان ئولجىسى ئۆزىنىڭ بولىدۇ"
دەپ ئېلان چاپلىدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، چېرىكلەرگە بۇيرۇق بېرىپ ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى دايەنشەيمۇ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن بەي يەنخۇغا قارشى يول توسۇپ تۇردى.

لېكىن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن بىرسى بەي يەنخۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەسلىم بولدى. ھەم ۋاڭنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى، دايەنشەينىڭ ئادىمى ئۇرۇش ئورنى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇنىڭ بىلەن بەي يەنخۇ باشلاپ كېلىۋاتقان ئەسكىرىنى ئىككىگە بولدى. بىر قىسمى دايەنشەيگە، بىر قىسمى ۋاڭغا قارشى تۇردى. بەي يەنخۇ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغىنى ئۈچۈن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دايەنشەي بىلەن ۋاڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈردى.

بەي يەنخۇ قۇمۇل شەھىرىگە كىرگىچە يېزا-قىشلاقلاردىكى ئۇچرىغانلىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇششاق بالىلىرىغىچە قىرىۋەتتى. شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، شەھەرنى تالان-تاراج قىلدى. خەلقنى ئۆلتۈرۈپ چاپتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنى بىرقانچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تىرىك تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. ئاشۇ چاغدا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ يېقىن ئادىمى تاجىدىن ئۈستىگە ئەسكى-تۈسكى پۇقراچە كىيىمنى كىيىپ، كىچىك ئوغلى شاھمەخسۇت بەگنى ئېلىپ تاققا چىقىپ كەتتى.

بەي يەنخۇ ئۆزى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنى سوراق قىلىپ كاللىسىنى ئالدى، شۇندىن كېيىن، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان قۇمۇل خەلقى خېلى يىللارغىچە ئۇياق-بۇياقلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى. قاچالماي قالغانلىرى ئاچ قالدى. بىر پارچە ناننى ئون ئادەم تالىشىپ يەيدىغان ئىشمۇ كۆرۈلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىق دەستىدىن شەھەر كوچىلىرىدا جان ئۈزدى. شۇ چاغدا خەلق ئىچىدە: "ئۈنچە مارجان تاش ئىكەن، ئارپا-پۇرچاق ئاش ئى-

...ەن" — دېگەن ماقالمۇ تارقالدى.
شەھەردىكى ئائىلىلەر ئاچارچىلىق دەستىدىن جان بېرىشكە
باشلىغاندا، تاغ خەلقى چورۇغى① دېگەن ئۆسۈملۈكنى يېدى. شۇڭا:

"چورۇغى دېمەڭ بىزنى،
ئۈچ يىل تېجىدۇق سىزنى"

دېگەن قوشاقمۇ تارقالغان ئىدى.

تاجىدىن تەيجى بەي يەنخۇنىڭ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ
يېقىن كىشىلىرىنى تۇتۇش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئاڭلاپ، ئوغلى
شامەخسۇتنى بىر تاغدا قالدۇرۇپ، ئۆزى باشقا بىر تاققا چىقىپ
كەتكەنلىكتىن، شامەخسۇت يالغۇز قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن شاماخسۇتنىڭ پۇتىدىكى ئايىغى، ئۈستىدىكى كىيىملىرىمۇ
يىرتىلىپ تۈگىدى. قورسىقى ئاچتى. دەرمانىدىن كەتتى. ئاخىرى
بۇ بالا ئۆيمۇ- ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لېكىن
كەچكىچە تىلەمچىلىك قىلسىمۇ قورسىقىغا بىر بۇردا نان كىرمىدى.

شۇ كۈنلەردە شامەخسۇت بىر تۇل مومايىنىڭ ئوغلى سۇلتان
بىلەن تونۇشۇپ قالدى. سۇلتان ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ئانى-
سىغا: "بۇ بالا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قەلەندەرلىك يولىغا چۈشۈپ-
تۇ. بۇ بىچارىگە يېگۈدەك نەرسە بەرچۇ ئانا" — دېدى. موماي
ئوغلى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغان بۇ بالىغا سەپسېلىپ قارى-
دى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، سارغايغان يۈزلىرىنى
كە - توپا باسقان. كىيىملىرى جۇل - جۇل ئىدى. بالىنىڭ تەل-
مۈرگەن كۆزلىرىنى چاپاق باسقان ئىدى. موماي شامەخسۇتنىڭ
نەسلىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئېتىنى مەخسۇت، بىر كەمبەغەلنىڭ
ئوغلى دەپ تونۇشتۇردى. ئىچى ئاغرىغان موماي بىر چۆچەك
سۈت بىلەن بىر پارچە ناننى بېرىپ ھالىغا يەتتى.

شۇندىن كېيىن شامەخسۇت سۇلتانىنىڭ ئۆيىدە بىللە يېتىپ

① چورۇغى — تاغدا بولىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك.

بىللە قوپۇپ، قويلىرىنى بېقىشىپ، ئاپقاننى تەڭ يېيىشىپ تۇرمۇش كەچۈردى.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بېيجىڭ خانلىغى قومۇل ۋاڭلىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چىقاردى. ياقا - يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مېھرىبانۇ پوجۇڭ ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ قومۇلغا قايتىپ كەلدى. مېھرىبانۇ ھالىدىن كەتكەن قومۇل خەلقىنى توپلاپ، يۇرت سوراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا تاجىدىن ئەيجىمۇ تاغدىن قايتىپ كېلىپ، مېھرىبانۇ پوجۇڭنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. ئۇ تاققا ئادەم ئەۋەتىپ ئوغلى شامەخسۇتنى ئىزلەپ تاپتۇرۇپ ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇپ كەلدى.

كېيىنكى يىللاردا ۋاڭلىق شامەخسۇتقا قالغاندىن كېيىن، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا تاغدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆزىگە پانا بولغان سۇلتاننى چاقىرىپ كېلىپ، مىرغەزەپ مەنسىۋىنى بېرىپ يېنىدا تۇرغۇزدى.

ياش چاغلىرىدا دىنى مەكتەپتە خېلىلا ئوقۇغان سۇلتان دىنىي ئېتىقادى چىڭ، بەش نامازلىق، تەقۋادار ئادەم بولغاچ ۋاڭنىڭ ياردىمى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلدى.

شامەخسۇت ۋاڭ بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە ئويلىدى. ئۇزۇن يىل ئۆزىگە سادىق خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان، ھازىر بولسا ساقاللىرى ئاقارغان، قاۋۇل گەۋدىسى سەل پۈكلەنگەن، يامان كۈنلەردە ئۆزىگە ئەسقاتقان بۇ كىشى ھازىر ۋاڭغا يامان نىيەت بىلەن سۆز قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ نۇرغۇن مۈشكۈللۈكلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئوڭۇشلۇققا ئۈندىگەنمۇ ئاشۇ مىرغەزەپ ئەمەسمىدى؟!

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ياكى بۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەكمۇ؟ ۋاڭغا قارشى مۇشت كۆتەرگەن بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ ئەرزلىرىگە

قولاق سېلىش ئەھمەقلىق بولماسمۇ؟ مىرغەزەپ ماڭا كويۇنۇپ سوزلەۋاتامدۇ - يە...؟ ۋاڭ شۇ خىياللارنى كوڭلىدىن ئوتكۇزۇپ تامامەن يۇمشاپ قالغاندەك بولدى.

— مەن سىزگە ئىشىنىپ كەلدىم، — دىدى سۇلتان مىرغەزەپكە قاراپ، — سىزنىڭ ئومرىڭىز مېنىڭ خىزمىتىمدە ئوتتى. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشنى ئۇمىت قىلىمەن. مەن شۇنى بۇيرۇيمەنكى، ئەتە ئەتىگەندە، ھىلىقى توپىلاڭچىلارنى ئوزىڭىز شەن يامۇلغا ئېلىپ چىقىڭ! ئاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ، بۇگۈنكى سوزلىرىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىڭ!

شۇ سوزدىن كېيىن ۋاڭ مىرغەزەپنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۇچۇن ئىجازەت بەردى.

— خوش، — سۇلتان مىرغەزەپ بېشىنى سەل ئېگىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالغا ھاڭ - تاڭ قالغان تەيجى، ياسىن قازىغا مەنىلىك نىلىپ قاراپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ كوڭلىدە "سۇلتان مىرغەزەپنى ۋاڭ چوقۇم جازالايدۇ" — دىگەن پىكىر تۇغۇلغان ئىدى. قازى ئاللىنىملەرنى ئويلاپ كەتتى. ۋاڭ تەيجىگە بۇيرۇدى:

— بارلىق چېرىكلەر ھوشيار بولۇپ، ھەرقانداق يامان نىيەتتىكى بەدبەخلەرنى باستۇرسۇن! — ۋاڭ سەل جىم بولۇپ يەنە بۇيرۇدى، — قاسىم ئوچ بېگىنىڭ ئورنىغا سالى قويۇلسۇن. ئۇ ئادەم چىقىرىپ كومۇرلۇكتىكى ئەھۋاللارنى تەھقىقلاپ كەلسۇن!

— خوش، ئاللىرىنىڭ خىزمىتىگە جېنىمىز پىدا، — تەيجى ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ قازىنى يېقىنراق ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قازى ئېگىلىپ قۇللۇق قىلغاندىن كېيىن تەختنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى.

— قېنى سوزلەڭ قازى، ھەممىنى ئوز قودرىتى بىلەن ياراتقان ئاللا بىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۇنلىرىمىزنى ھارام

قىلارمۇ؟

— سۆزلىرى بەرھەق پادىشاھىم، ئاللاتائالانىڭ ئەزىز بەندىلىرى ھامان ئەزىزدۇر. مۇشكۇللىرى ھامان ئاساندۇر. لېكىن ئالىملىرىنى پەسكەش قۇللار ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتقۇچىلار ھەربالا، ھەر جازاغا لايىقتۇر.

— قۇلىغىم سىزدە، قېنى سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى ۋاڭ، قازىنىڭ كېيىنكى گېپىدىن سەگەك بولۇپ.

— مەن شۇ سائەتتە ئالىملىرى ئالدىدا، مەندەك سادىق بىر قۇلنىڭ يوق ئىكەنلىگىگە ئىشەندىم. مىرغەزەپ سۇلتان ھاجىنىڭ شۇ قاتارلىق سۆزلەرنى ئالىملىرىنىڭ ئالدىدا قىلىشقا نىمە ھەددى بار ئىكىن؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئالىملىرىگە قىلىپ قويغان ئانچە بىر ياخشىلىغى ئۈچۈن مىرغەزەپ تۈگىمەس دۆلەتلىرىنى كورۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالىملىرىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغانلىغى مەلۇم بولۇپ قالدى.

ۋاڭ ئەسلىدە پۇقرالارنىڭ قارشىلىغىنى بېسىشتا قازىدىن ياخشىراق بىرتەدبىر چىقارمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن قازى پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، گەپنى باشقا ياقتىن باشلىغىنى ئۈچۈن، ۋاڭ ئاستا ئەپيۇن چىرىغىنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى ۋە ھەممە تەرەپنى ئويلىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى...

## يىگىرمە تۆتىنچى باپ

قىناۋەرمە، قىناۋەرمە،
ئۆۋالىم باردۇر.
قىيامەتكە بارغىنىمدا
سوراغىم باردۇر.

ياسىن قازى شۇ كۈنى كەچتە سۇلتان ھاجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سۇلتان ھاجى جەينىماز ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ياسىن قازىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئوقۇۋاتقان ئايەتنى تېز تۈگەتتى-دە، ياسىن قازىنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

قازى سۇلتان ھاجىنىڭ دۇئا تىلاۋىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن ئەپۇ سورىدى ۋە سۈرۈلۈپ ھاجىغا يېقىنراق ئولتۇردى.

ئاقارغان ساقىلى كۆكرىكىگە چۈشكەن ھاجى قازىدىن ھال ئەھۋال سورىدى.

ئاردا چاي - پاي ئىچىلىپ بولغىچە تۈزۈك پاراڭ بولمىدى. قازى مەدرىستىكى بىر قىسىم مۇرىتلىرىنى توپلاپ موللانىياز ئۈستىدىن شىكايەت يېزىپ "دەھرى" دەپ قارىلىغىنىدىن كېيىن مىرغەزەپنىڭ ئۆيىگە ھاجەتلىك زورۇر ئىشى بولمىسا كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى مىرغەزەپ قازى بىلەن موللانىياز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگىنىدىن كېيىن، قازىنى چاقىرىپ تەنبىھ قىلغان ئىدى. لېكىن قازى بۇنىڭغىمۇ تەن بەرمەي ۋاڭغا موللانىياز نامىدىن ئۇلارنى ھاقارەتلەيدىغان خەت يېزىپ،

ۋاڭنىڭ غەزىۋىنى ئورلىتىش بىلەن موللانىيازغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدۇرغان ئىدى. سۇلتان مىرغەزەپ بۇ ئىشلاردا موللانىيازغا يېقىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشى بىلەن قازىنىڭ سۈيىقەستىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ موللانىيازنى ئاقلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. ئەتىگەنكى ۋاڭ ھوزۇرىدا بولغان كېڭەشتە بۇ ھەقتە ئازراق دارىتمىلاپ ئۆتۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاڭ بۇنىڭغا يول قويمىدى. سۇلتان ھاجى قازىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ جىمى پەسكەشلىكى، ئوت قويۇرۇقلۇغىدىن تارتىپ ھەتتا تارىخى نامى ئەھۋالىغىچە سۇلتان مىرغەزەپكە ئايان ئىدى. شۇڭا مىرغەزەپ تېگىشلىك ئىشلاردا قازىنىڭ كوڭلىگە قاراپ ئولتۇرماي، ئۇدۇللۇق مۇئامىلە بىلەن تېگىشلىك سوز قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.

قازى ئەسلىدە، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ دەۋرىدە سودىگەرچىلىك بىلەن داڭ چىقارغان بەگ جەمەتىدىن بولغان ھېۋىزۇللا بەگنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ بەگ ئومرىدە بالا يۈزى كورمىگەن ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كورۇشنىڭ غېمىدە يۈرسىمۇ نېسىپ بېتەلمەي ھەسرەتلىنىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاق سەھەردە ئۇ ئىشىكىنىڭ قېقىلغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بەگ سىرتقا چىقىپ قارىسا ھېچكىم كورۇنمەيدۇ. لېكىن يولنىڭ دوقمۇشىغا ئورنىتىلغان يوغان تاشنىڭ ئۈستىدىن بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. بەگ ھەيران بولۇپ تاشنىڭ يېنىغا بارىدۇ. قارىسا يوگەككە ئوراپ تاشلاپ قويۇلغان يېڭى تۇغۇلغان بىر بالا. بەگ بۇ بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ ئويىگە ئەپكىرىدۇ-دە، ئارزۇلۇق بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ. بالىسىنىڭ ئىسمىنى ياسىن بەگ قويىدۇ. ياسىن بەگ ئەركىلىتىش، توقلۇق، شوخلۇق ئىچىدە ئەركە چوڭ بولىدۇ. بۇ باي سودىگەر بەگ ھەددىدىن ئارتۇق جازانىخور بولۇشىغا قارى-

ماي خەنزۇ تىل - يېزىقتا پىششىق، مەكتەپ يۈزى كۆرگەن ئىدى؛ ئۇ كەلگۈسىدە ئوغلىنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا يارامىلىق تۇڭچى ياكى باشقا بىرەر مەنسەپكە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاچقا، بىرتەرەپتىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتسا، يەنە بىرتەرەپتىن خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىتىدۇ.

ياسىن بەگ كىچىكىدىن تارتىپلا تاماخورلۇق، قۇۋلۇق، شۇملۇق، مۇغەمبەرلىكتە ئۆزىنى كۆرسىتىپ چوڭ بولىدۇ.

ياسىن بەگ يىگىت بولغان چاغلاردا دادىسى ھېۋىزۇللا بەگ ۋاپات بولىدۇ.

ياسىن دادىسىدىن قالغان پۇل - مال بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىپ، بىر بايلىق ئۈستىگە ئۇن باراۋەر بايلىق توپلاشنى ئويلاپ، يۇرتمۇ - يۇرت سودا سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەپسۇس ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا، ئاغىنىلىرى لۈكچەك، قىمارۋاز، ئوغرى بولغىنى ئۈچۈن، دادىسىدىن قالغان پۇل-مالنى ئۈچ يىل ئىچىدە يەپ - ئىچىپ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ئىچكىرىدە لۈكچەك، ئوغرىلارنى كەينىگە سېلىپ ئوغرىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر سودىگەرنىڭ سارىيىغا ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ. سودىگەرنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدۇ. ئۇ ساقايغان بولسىمۇ سىرتقا چىقالمايۋاتقان كۈنلىرىدە شامەخسۇت ۋاڭ بېيجىڭ خانلىقىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ قالىدۇ. ياسىن بۇنى ئاڭلاپ شامەخسۇتقا پانا تىلەپ خەت يازىدۇ. خەتتە دادىسىنىڭ ۋاڭ ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ مۇساپىرچىلىقتا يۈرگەنلىكىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭ ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ. يەنە خەتنىڭ باش - ئاخىرىدا شامەخسۇت ۋاڭنى ئەرش - ئەلاغا كۆتۈرۈپ ماختايدۇ.

شامەخسۇت خەتنىڭ تولىمۇ چىرايلىق، مەزمۇنلۇق ئىكەنلىگى-
دىن ھەيران بولۇپ، خەتنىڭ ئىگىسىنى بىلمىدار، سوزمەن، قابىل
ئادەم ئىكەن، دەپ قارايدۇ ۋە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ياسىننى
ئوز يېنىغا چاقىرتىپ كېلىدۇ. ياسىن رەسىم-يوسۇن-قائىدىگە
پىششىق بولغىنى ئۈچۈن، بىرىنچى كورۇشۇشتىلا ۋالىنىڭ كوڭلىگە
يېقىپ قالىدۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ ۋالى ئۇنى ئوز يېنىغا ئەپ-
قېلىپ تىزگچى قىلىۋالىدۇ. قومۇلغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ-
غا بازار بېگى مەنسۇۋىنى بېرىدۇ. چوڭ قازى ئولگەندىن كېيىن
ئۇنى قازىلىققا تەيىنلەيدۇ......

سۇلتان مىرغەزەپ ياسىن قازىنىڭ يۇقۇرقى ئەھۋاللىرىنى
ئويلىغان ھالدا، ئۇنىڭ ئىشرەت ئوغرىغا يان بېسىپ، سوپى دىخان-
غا ئوۋال قىلغانلىغىنى يەنە بىر قېتىم يادىغا ئالدى-دە، ئۇنىڭ-
غا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى. ھەتتا بۇگۈن ئويىگە تويۇقسىز
كىرىپ كەلگىنىگە ئەجەپلەندى.

قازى بىر پەس ئوڭايسىز ھالدا جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن
كېلىشنى قېقىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:
— بۇگۈن جاناپلىرىنىڭ سوزلىرىدىن ئۇلۇغ تەسىراتلارنى ئال-
دىم. دىمىسىمۇ ئۇلۇغ پادىشاھىم ھەممە ئىشنى ھەر تەرەپتىن ئويى-
لىشى زورۇر ئىدى. ئاقىۋەت ۋالى خوجامغا بىرەر دەخلى ئۇقسان
يېتىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ
قالدىم.
— خوش، قايسى ۋەجىدىن شۇ خىيالغا كەلدىلەكىن؟
— يۇقرانىڭ غەزنۇى تاشىا، ھەشەمەتلىك ئوردا ساق قال-
دۇ، دەمدىلا؟ كوپ دىگەن كوپتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋالىنىڭ تۇۋ-
رۇگى خانلىق خاراپ بوپتىمش. ئەگەرچەندە ئىش شۇنداق بولسا
ۋالىنىڭ تاغدەك يولەنچۇگى تۇگىدى دىگەن سوز. ئەمدى
ۋالى ئالىيلىرى كىمگە يولەنمەكچى؟

سۇلتان ھاجى چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ كوڭلىدە جانلىنىۋاتقان پىكىرلەرنى يوشۇرماي كىنايە بىلەن ئېيتتى:

— بىز بولساق، ۋاڭ خوجامنىڭ ئەتراپىدا جان بېقىپ سەم-رىگەن ئىتلارمىز. قولىمىز ئاھۇ-زار ئىچىدىكى خەلقنىڭ قېنىغا مىلەنگەن. بىزنىڭ يەۋاتقان، كىيىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇ قاننىڭ داغلىرى بار. بىزنىڭ خاتا قىلغان يېرىمىز شۇكى "پەس" دېيىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرانىڭ ئاھۇ-زارىغا قۇلاق سالمىدۇق. ئىش ھەق بولسا، بۇ جاھاندا ھەممەيلەن تۇز نېسىۋىسىدىن بەھ-رىمەن بولسا ياخشى ئەمەسمىدى؟ ئۇ چاغدا ئۇلۇغ ئوردىغا يېنىش دېگەن نەدىن چىقاتتى؟ بىزگە زورۇرى شۇلكى، ئۇلۇغ ۋاڭىمىز-نىڭ تەختىگە ئامانلىق بېرىش ئۈچۈن پۇقرانى ئاياش كېرەك!

قازى بۇ گەپلەردىن سەل گاڭگىراپ تۇيىلىپ قالدى. خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتاندىن كېيىن، قازى:

— خوش-خوش، شۇنداق، ئەلۋەتتە. ۋاڭ خوجامغا ئامانلىق لىمسا بىزگىمۇ ئارامىلىق بولمايدۇ، دېسىلە، — دېدى ۋە سەل بىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سوزىنى داۋام قىلدى، — جاناپ-لىرىدىن يەنە بىر ئىشنى سورىۋالاي دېگەن ئىدىم، — دەپ سۇل-تان مىرغەزەپكە قارىدى. سۇلتان مىرغەزەپ "سوراڭ" دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— جاناپلىرىمۇ ئۇقتىلا، ئىشرەت ئوغرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ۋاڭ خوجامنىڭ پەنجىرىسىگە ئۇدۇل ئېسىپ قويغىنى قانداق ئىشتۇ؟ ھەي-ھەي، قورقۇنچلۇق دېسىلە، بۇ ئىشنى كىممۇ قىلغاندۇ، ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ھەققىدە زاھىر تەيجىگە مەسلىھەت بەرگەن ئىدىم. بۇ ئىشقا شاھزادە خوجام ئارىلىشىپ، ئۇنى گۇندىخانىدىن چىقىرىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئولتۇرۇلۇشى قىزىق ئىش، — قازى ئوڭايسىز ھالەتتە كوزىنى پاقىرىتىپ سۇلتان مىرغەزەپكە قارىدى.

سۇلتان مىرغەزەپ ئىختىيارسىز ھالدا كۈلۈپ كەتتى ۋە دېدى:

— ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ قاتىللىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق، شاھزادىدىن مۇكاپات ئالسا، پۇقرانى قاراپ تۇرىدۇ دەمدىلا؟ ئۇلارمۇ ئادەم - دە! ھەر كىشى ئۆز رەقىبىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى خالايدۇ. قىزىق ئىش ئەمەس. جايىدا بولغان ئىش. بىز جازا بەرمىسەك، پۇقرا ئۆزى جازالايدۇ. شۇنداق ئاخۇنۇم، بۇ بىزگە بېرىلگەن بىر قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش! ئىشرەت ئوغرىنىڭ كاللىسىنى كەسكەن ئۆتكۈر پىچاق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرى بىلەن مېنىڭ كاللامنىمۇ كېسىشى مۇمكىن. بۇنىمۇ ئويلاپ قويۇش زۆرۈرمىكىن.

قازىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى. سۇلتان مىرغەزەپ قازىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ھەر بىر ئىشنى ئۆزىمىز بىلىپ - بىلمەي دېگۈدەك قىلىپ قويىمىز. لېكىن بىز ئۇنى خارلىنىۋاتقان پۇقرانى كۆرىدۇ بىلىدۇ، دەپ ئويلىمايمىز. ئاددىسى بىز ئۇلارنى نەزەردە تۇتمايمىز. ئويلاپ كۆرسىلە، مەسىلەن ئېيتايلى، بىر ئىت سىلىگە قاراپ قاۋىدى. سىلى ئاۋال جىم تۇردىلا. سىلىنىڭ جىم تۇرغانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئىت ھەددىدىن ئېشىپ سىلىنى چىشلىمەكچى بولدى. شۇ چاغدا سىلى قوللىرىغا يە تاياق، ياكى تاش - كېسەك ئېلىشقا مەجبۇر بولامىلا - يوق؟ ئىش مانا شۇنداق، پۇقرانىڭ سەۋر - تاقىتىنىڭ چېكى بولىدۇ - دە، — سۇلتان مىرغەزەپ ئويلانغان ھالدا جىم بولدى. قازى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك كېكىرتىكىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويىدى. سۇلتان ھاجى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— خۇدا ئالدىدا نى - نى گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۇق. ئاجىز پۇقرانى زار - زار قاخشاتتۇق. ئۇ دۇنيادا گېلىمىزنى سىقىدىغان

سانسىز سىرتماقلار تۇرىدىغاندۇ!......

— بەرھەق، بەرھەق، — دەپ قويدى قازى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

ئۇلار ئۇياقتىن-بۇياقتىن يەنە بىرئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن قازى خوشلاشتى. سۇلتان مىرغەزەپ ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.

ياسىن قازى يولدا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭغا گويا مىڭلاپ پىچاقلار تەڭلىنىۋاتقاندەك، كىمدۇ بىرسى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ بىردەم كەينىگە، بىردەم ئىككى يېنىغا قاراپ سىزى-سۇق قىلغىنىچە ئالدىراپ مېڭىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

سۇلتان ھاجى يېرىم كېچىگىچە ياتمىدى. ئۇنىڭ تۇرار جايى رەڭمۇ-رەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى شۇ رەڭمۇ-رەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك سارايدا ئۆتكۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغاندەك بولدى. قۇلىغا ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئاپپاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۆزىنى مۇقەددەس، بۇزۇلماس، مەڭگۈلۈك دەپ تونۇغان ھۆكۈمرانىنىڭ دەككە-دۈككىدە قالغانلىقىنى، ئاجىز، نادان دېيىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرادىن قورققانلىقىنى ئەتىگەندىلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئىشەندىكى، خانلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ۋاڭنىڭ ئوردىسىمۇ مۇقەددەس بىر نەرسە ئەمەس ئىكەن. ئوردىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ بىر ئۆتكۈنچى ئىكەن. ئۇ ئويلايتتى: "بەندىنى ئاللا ئوخشاش ياراتتى. نېمىشقا بىز ئاجىز پۇقرانى خورلايمىز، دەپسەندە قىلىمىز؟ ئەنە، ۋاڭ ئۆزىمۇ ئۆز غېمىدە، ئەنە

قازى، ئۇمۇ ئولجىنىڭ غېمىدە، ئاجىز پۇقرانى يەپ تۈگىتىشنىلا ئويلايدۇ. تۈگىمەس دۇنيا تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. لېكىن كىشىلەر تىنچ ياتامدۇ؟ ياق، — ئۇ باتۇرنى ئويلىدى، — تۈنۈگۈنىلا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنغان ئىدى. ئەمدى بۈگۈن ئوغلىنىڭ كاللىسىنى كەسمەكچىمۇ؟ زادى ئۇلارنىڭ گۇناسى نېمە؟! قاسىم ئۈچ بېگىنى ئۆلتۈرگەن بولسا خوپ قىپتۇ، يامان نىيەتتى ئۆزىگە يولداش بوپتۇ!" مىرغەزەپ خېلىغىچە ئويلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ قاسىم ئۈچ بېگىنىڭ سورۇن تەلەتىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قارانىيەت-ياۋۇزلۇغىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. قاسىم ئۈچ بېگى دائىم سوراق مەيدانىدا مېنىڭ راست دەپ تۇرۇۋېلىپ، ھەرقانداق گۇناكار ئۈچۈن قىلىچىنى بىلەيتتى. مىرغەزەپ ئۇنىڭغا نە ياخشى، نە يامان سۆز قىلىپ ئۆتكۈزەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇلار جاڭجاللىشىپ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، جازالىنىماقچى بولغان گۇناكارنىڭ بىر گۇناسىغا مىڭ گۇنانى قوشۇپ ۋاڭنىمۇ ئىشەندۈرەتتى. ئاخىرى ئۇ گۇناكارنى مىرغەزەپنىڭ ئارزۇسىغا زىت ھالدا ئۆزى دىگىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. مىرغەزەپ ئۇنىڭ بۇ خۇي-پەيلىنى ئەسلىگەن ھالدا يەنە بىر قېتىم "خوپ بولدۇق" دەۋەتتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت باتۇرغا ھەشقاللا ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قوزۇقتىن سەللىسىنى ئېلىپ بېشىغا كىيگەندىن كېيىن، پەگاغا سېلىپ قويغان كەشىنى كىيىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇ پىيادە، بوران گۈكىرەپ تۇرغان ئادەمسىز كوچىدا خېلى ماڭدى. ئۇ ئوردا ئالدىغا كەلگەندە گايى ئېچىلىپ، گايى تۈتۈلۈپ تۇرغان بورانلىق ھاۋا بوشلۇغىدا نەيزىلەرنى تىك تۇتۇپ، ھەركەتسىز تۇرغان گەۋدىلەرنى كۆردى. ئۇ ھىچنەرسىگە پەسەنت قىلماي ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇز ھوكۈمرانىغا قارشى تىغ كۆتەرگەن باقى قويچىنىڭ ئوغلى باتۇر قەيەردى-

كىن؟ ئۇ زەنجىر، كىشەن، زىندان، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان قەيسەرلىكىنى تونۇغۇنىلا ۋاڭ بىلەن سۇلتان سوراقچى ئالدىدا نامايەن قىلغان ئىدى. ئۇ ۋاڭغا نەپرەت بىلەن قاراپ "پۈتۈن ئۆمرى ئازاپ-ئوقۇبەت، زۇلۇمدا ئۆتكەن بىچارە مالچى-نىڭ بېشىنى نىمە ئۈچۈن تېنىدىن جۇدا قىلىشتىڭ؟ ئەمدى مېنىڭ بېشىمنىمۇ كەس. نەسلىمىزنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەت!" دې-گەن ئىدى. سۇلتان سوراقچى بولارنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تونۇغۇن ۋاڭنىڭ: "باتۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ بولغاندى-دىن كېيىن، دىگەنلىرىڭنى ئىسپات قىل" دىگىنىنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزىگە: "جاھىل ۋاڭ خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىسۇن. ھەمىشە بېشىدا قىلىچ تەييار تۇرغان ئاجىز پۇقرا ئۆز بىلگىنىنى قىلسۇن. توۋە گۇنانى يەر. مەھشەر كۈنى يۈزۈم يورۇق بولسا بولدى"— دەپ پىچىرلىدى-دە، ئۇدۇل گۈندىخانا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنى كورگەن كۈزەتچىلەر بۇندىن ئىككى كۈن بۇرۇن تۇتۇلغان ئىككى گۇناكارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن شەن يامۇلغا ئېلىپ بارسا كېرەك دەپ ئويلاشتى. سۇلتان مىرغەزەپ گۈندىخانا ئىشى-گىدە يىپەكتەك ساقىلىنى تىترىگەن بارماقلىرىغا يوگەپ بىر پەس تۇردى. كۈزەتچى سۇلتان مىرغەزەپنى كوروپ ھورمەتتە تۇردى.

سۇلتان مىرغەزەپ جاڭجۇڭ قولۇپىنىڭ ئاچقۇچىنى گۈندىپايغا تاشلاپ بەردى. گۈندىپاي ئالدىراپ گۈندىخانا ئىشىگىنى ئاچتى.

باتۇر بىلەن كامال قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئوزلىرىنىڭ ئولتۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا خېلىغىچە خىيال سۈردى. شۇ ئارىدا باتۇر كامالدىن گۈلدەستىنى سورىدى، كامال تۇۋەن-دىكى ئەھۋالنى سوزلەپ بەردى:

ئىبراھىم دوغا شاھزادىگە ياخشىچاق بولۇپ مۇكاپات ئېلىش غەرىزىدە، گۈلدەستىنى شاھزادىگە تېپىشتۇرۇش نىيىتىگە چۈشۈپتۇ.

شۇڭا ئۇ ھەجەر ئاپپاققا بۇ غەرىزىنى ئېيتىپتۇ. ھەجەر ئاپپاق خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ كېتىپ. ئىبراھىم دوغىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا، شاھزادە خوجامدىن ئۇرغۇن ئىنئام ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھەجەر ئاپپاق قىزنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىبراھىم دوغا بىلەن بىللە تاققا چىقىپتۇ ۋە گۈلدەستىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال قىزنى ئېلىپ كېلىشكە يەنە ھەجەر ئاپپاقنى يولغا ساپتۇ. لېكىن گالى پالۋان ھەجەر ئاپپاقنىڭ كېلىپ كېتىشىدىن گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ-نىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپتۇ. سىلىق مۇئامىلە قىلماپتۇ. ھەجەر ئاپپاق گالى پالۋاندىن قورقۇپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەجەر ئاپپاقتىن رەنجىپ، ئىشرەت ئوغرىغا بىر كىشىنى قوشۇپ قىزنى ئوغرىلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىشرەت ئوغرى قىزنى كۈندۈزدىلا سۇغا چىق-قان يېرىدىن، بېشىنى پۈركەنچە بىلەن يېپىپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئەپقېچىپتۇ.

ئۇزۇندىن بېرى ئىشرەت ئوغرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن سوپى دىخاننىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ بۈگۈن ئوردىدىن ئاتلىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جاي-جايلاردا يول توساپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتقان ئىكەن. يېرىم كېچىدە، مامۇت زور بىلەن كامال ئۇشتۇمتۇت ئىشرەت ئوغرىنىڭ ئالدىدىن چە-قىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە گۈلدەستىنى ئازات قىپتۇ. مامۇت زور بىلەن كامالنىڭ ئىشرەت ئوغرىغا غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تېشىپتۇ. ئۆز ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئەمدى دوستىنىڭ سۆيگۈسىگە قول ئۇزاتقانلىقىنى كۆرگەن كامالنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى تىك كۆ-تىرىلىپ، ئىشرەتنىڭ بويىنىغا غەزەپ-نەپرەت ئىنتىقام قىلىچى

بولۇپ ئۇرۇلۇپتۇ......

باتۇر بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ كامالدىن رازى بولدى. باتۇر تۇرمىنىڭ تام-تورۇسلىرىغا سەپسېلىپ قارىماقتا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تامنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىگە مۇشتى بىلەن گۇم-گۇم ئۇرۇشقا باشلىدى. كامال باتۇرنىڭ ھەركىتىگە سەپسېلىپ تىپ-تىنچ ئولتۇراتتى.

— ھەي كامال، بىز مۇشۇنداق تىپ-تىنچ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇق؟ تۇر ئورنىڭدىن! پۇت-قولىمىز بوش، ھەركەت قىلىپ كۆرەيلى.

— قانداق ھەركەت قىلىمىز؟

— ماڭا قارا، مانا بۇ يەر پوك-پوك قىلىۋاتىدۇ. قارىغاندا تامنىڭ ئۇلى بوش. مۇشۇ يەرنى كولاپ كۆرەمدۇق، تاڭ ئاتقىچە تېشىپ بولىمىز.

كامالنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىت نۇرى چاقنىدى. باتۇرنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. لېكىن ئۇلار تامنى تېشىدىغان ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئاخىرى باتۇرنىڭ تەكچىدە تۇرغان قوپال ساپال چىراققا كۆزى چۈشتى. ئۇنى قولىغا ئېلىپ:

— مانا مۇشۇنىڭ بىلەن تېشىمىز. تالادىكى گۇندىپايلار ئاڭلاپ قالمىسۇن. ياخشىسى تۇيدۇرماي سىلىق ھەركەت قىلايلى.

باتۇر شۇ سۆز بىلەن تەڭ تام تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپ كەتتى.

تامنىڭ ئۇلى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغاچقا، بۇ ئىش ئۇلارغا ئۈنۈم بەرمىدى. شۇڭا ئۇلار تامنىڭ تەكتىدىن ئويۇشنى پىلانلىدى. ئۇلار تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەپ ئەمدىگىنە خىش تامنىڭ تەكتىگە يەتكەن ئىدى، ئۇشتۇمتۇت گۇندىخانا ئىشىكى ئېچىلدى.

گۇندىخانا ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ھېچنىمىنى كۆرگىلى بول-

مايتتى. گۈندىپاي ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— باتۇر! كامال!

باتۇر بىلەن كامال ئالدىرىماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سىرتقا چىقتى. گۈندىپاي قوپال ۋە، خوشياقماسلىق بىلەن:

— مېڭىش! — دەپ بۇيرۇدى.

باتۇر بىلەن كامال ئۇزلىرىنىڭ ئولتۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئىككىلەننىڭ كوز ئالدىغا ۋاڭنىڭ ئۇلارنى سوراق قىلغان ۋاقتىدىكى دەھشەتلىك تەلەتى كەلدى. ۋاڭ: "بۇ ئىتنىڭ بالىلىرىغا رەھىم قىلىنمىسۇن" دىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئولتۇرۇلىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمىدى. لېكىن ئۇلار بىر نەرسىدىن خوشال ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى بوش. مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ بىر ئامال قىلىپ گۇزەتچىلەرنى ئولتۇرۇپ قېچىشنى ئويلىدى.

باتۇر بىلەن كامال سەگەكلىك بىلەن ئىشككە قاراپ ماڭغاندا، گۈندىپاي سۇلتان مىرغەزەپكە:

— بېگىم، بۇ دەردىسەلەرنى نەگە ئەپ بارىمىز، كاللىسىنى ئېلىشقا تېخى ۋاقىت ئەتىگەنغۇ؟ — دىدى.

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، بۇلار بىلەن ئۇزەم سوزلىشىمەن! — دىدى سۇلتان مىرغەزەپ ۋە باتۇر بىلەن كامالنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. گۈندىپاي "خوش-خوش" دەپ تازىم قىلغاندىن كېيىن قەپقالدى.

بۇ چاغدا گۆكىرەپ چىقىۋاتقان بوران سەل پەسىيىپ ئاسماندىكى مىس تاۋاقتەك ئاي ئەتراپىنى سۇس يورۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

باتۇر بىلەن كامال ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي، ھەيرانلىق ئىچىدە بىر بىرىگە قارىشىۋالدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، سۇلـ-

تان مىرغەزەپ ئەشەنچلىك ھالدا:
— مەن سىلەرنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كەچتىم، — دىدى.

باتۇر بىلەن كامال قولاقلىرىغا ئىشەنمەي ئىتتىك سۇلتان مىرغەزەپكە قاراشتى. مىرغەزەپ ئۇلارنى ئوردىنىڭ ناغرا خانىسى-نى ئايلاندۇرۇپ، ئوت-چۆپ بېسىلغان ئويىنىڭ يوغان تۆڭلۈگى ئارقىلىق ئوگزىگە ئېلىپ چىقتى.

ئۇلار ئوگزىدىن چۈشۈپ، تاملاردىن ئارتىلىپ، ئاخىرى شەھەرگە چۈشتى.

ئۈچ كىشى ئوردىدىن يىراقلىشىپ كېتىپ باراتتى، بوران بىر پەسىيىپ، بىر كۈتىرىلىپ تۇراتتى.

سۇلتان مىرغەزەپ باتۇر بىلەن كامالنى سۇ قوۋۇق دەرۋا-زىسىنىڭ ئورۇلگەن يېرى بىلەن سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى، شۇ چاغدىلا باتۇر بىلەن كامال يېنىك بىر ئۇھ تارتىشىپ سۇل-تان مىرغەزەپكە قاراشتى. ئۇزىنىڭ ئۆمرىنى ۋاڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان سۇلتان مىرغەزەپنىڭ چىرايىدا ھازىر يىقىملىق بىر خىل كۆرۈنۈش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، — دىدى باتۇر سۇلتان مىرغەزەپكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

— ئادالەتسىز كىشى قىلسا شاھلىق، ئۇ شاھلىقتىن ياخشى گادايلىق، — دىدى سۇلتان مىرغەزەپ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يېشىم يەتمىشكە يەتتى. خۇدايتائالا ئالدىدا قانچىلىك گۇنالار-نى ئۆتكۈزدۈم؟ پەرۋەردىگار ئۆزى بىلىدۇ. بەندىلەر ئالدىدا قان-چىلىك ياخشىلىق قىلالىدىم؟ بۇ ھەقتە سۆز ئاچالمايمەن. ھەر ئىش ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئەمەس. جان بېقىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ھەر ھالدا جازالىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىگە كەڭچى-لىك قىلدىم. ئەمدى ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ۋاڭ سە-

لەرنىڭمۇ كاللاڭلارنى ئېلىشنى بۇيرۇغان ئىدى. ئۇنىڭغا ۋىجدانىم يول قويمىدى. ئەمدى ئۆلۈم بىزگە خاس، بىز ئۆلسەك بولىدۇ. ئۆتكەندە بىلمىگەن ئىدىم. ئەمدى بىلدىم. خۇدا ئالدىدا قىلغان گۇنايىم كوپ، ئەمدى توۋە ئىستىغپار ئېيتىشقىلا توغرا كېلىدۇ، — مىرغەزەپنى يوتەل تۇتتى. ئۇ بىرئاز يوتەلگەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — سىلەر ۋاڭنى كۈچلۈك دەمسىلەر؟ ئۇ ھازىر ساراسىم ئىچىدە قالدى......

باتۇر بىلەن كامال روھلىنىپ، مەنىلىك ھالدا بىر بىردگە قاراشتى. مىرغەزەپنىڭ سوزلىرى ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى.

— ئەمدى سىلىگە تەس بولىدۇ، ھاجى دادا، بىزنى ئاسرايمەن دەپ ئۆزلىرىگە......

— ياق، — دەپ بېشىنى چايقىدى سۇلتان مىرغەزەپ، — مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم. خەلق مېنى تەسىرلەندۇردى. سىلەرگە ئوخشاش ئادالەت يولىدا جېنىنى تىككۇچىلەر ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. دۇنيادا ھەممىدىن قورقۇنچلۇغى ئۆلۈم. لېكىن ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمىدى. سەۋەپ شۇكى، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھەق. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىشەنچى كامىل. مەن بۇنى ھازىر بىلىپ تۇرۇپتىمەن. بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ بۇ قېرى جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم. ھېچ ئارمانىم قالمىغاندا، سىلەرنىڭ ئورنىڭلاردا مېنىڭ بېشىم كېسىلسىمۇ مەيلى!

سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مەردانە ئاۋازى گۈكىرەپ تۇرغان بوراننىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

— بۇ يەردە ئۆزلىرىدەك بىزگە كېرەكلىك ئادەمنىڭ بولۇشى بىز ئۇچۇن غېنىمەت. رەھمەت ھاجى دادا. بىزنىڭ ئۇمىدىمىز سىلىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئوخشاش، — دېدى باتۇر.

— تەنلىرى سالامەت بولسۇن، ئۆزۈن ئومۇر كورسىلە

ھاجى دادا، ــ دېدى كامال قىزغىن ھالدا.

ــ ئەمدى مېڭىڭلار، تېز بولۇڭلار، ــ سۇلتان مىرغەزەپ بىلگە چىگىپ كەلگەن، ھازىر بولسا قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئاغامچىنى ئۇلارغا ئۇزاتتى، ــ مۇشۇنىڭ بىلەن سېپىلدىن چۈشۈڭلار. خەير، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن!

ــ رەھمەت ھاجى دادا!

ــ سالامەت بولسىلا!

باتۇر بىلەن كامال سۇلتان مىرغەزەپكە كەينى-كەينىدىن تەشەككۈر ئېيتتى.

ئاغامچىنى بېلىگە باغلاپ ئاۋال كامال چۈشتى. ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى باتۇر تارتىپ تۇردى. كېيىن باتۇر چۈشتى. ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى مىرغەزەپ تارتىپ تۇردى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى سۇلتان مىرغەزەپ بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى...

## يىگىرمە بەشىنچى باپ

نۇستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن زالىملار،
بىز بېرىمىز جازاڭنى.

باتۇرنىڭ ئاتنى مىنىپ قاچقانلىقىنى بىلگەن قېزى بەگ باتۇرنىڭ يېقىن ئادىمى ئىسلامنى تۇتۇپ، قىيىن-قىستاققا ئالماقچى بولدى. بىراق نەچچە كۈندىن بېرى ئىش تاشلاپ قېزىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان كانچىلار بۇنىڭغا يول قويمىدى. ئىسلام باتۇر كەتكەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ ۋولايىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرسۇن ئاتىنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ قۇمۇلغا كېلىۋالدى.

ئۇ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپلا، ئەتىگەندە مامۇت تۆمۈرچىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. تۆمۈرچى نامازدىن يېنىپ تېخى ئەمدىلا قايتىپ كىرىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — سالام بەردى ئىسلام.

تۆمۈرچى ئىسلامنى تونۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە ئالدىراپ سورىدى:

— كەل ئوكا، كەل، قاچان كەلدىڭ؟

— ھازىر يېتىپ كېلىشىم، تېچ تۇردىڭىزمۇ مامۇت ئاكا؟

— تېچلىق ئوكام، تېچلىق، — مامۇت تۆمۈرچى ئىسلامنى يې-

نىغا ئولتۇرغۇزۇپ غېدىرغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە بىر زاغرا ناننى تۇت پارچە قىلدى - دە، داستىخاننى ئىسلام تەرەپكە سۈرۈپ، چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى چاي ئىچ، يېقىن ئولتۇر.

ئىسلام غېدىرنى قولىغا ئالغاچ سورىدى:

— باتۇرنى كۆردىڭىزمۇ؟

مامۇت تومۇرچى جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئىسلامنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇ چاينى بىر سۈمۈرۈپ، داستىخانغا قويدى - دە، يەنە سورىدى:

— نېمە، باتۇرنى كۆرمىدىڭىزمۇ، بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ - يە؟

— ئاۋال چاي ئىچ، ئاندىن پاراڭلىشىمىز، ۋاقتىدا كەپسەن ئوكام. ئەمدى ھەممىمىز جىددى تۇتۇش قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش يولىغا چۈشمىسەك بولمايدۇ.

— ھە! نېمە، باتۇر قولغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ — ئىسلام چۆچىگەن ھالدا يەنە سورىدى.

مامۇت تومۇرچى ئەھۋالنى بىر - بىردىن ئىسلامغا سۆزلەپ بەردى.

ئىسلام كۆڭلىدە گۈلدەستىنى قۇتقۇزۇپ قالغان مامۇت تومۇرچى بىلەن كامالغا ھەشقاللا ئېيتتى ھەم باتۇر بىلەن كامالنىڭ قاسىم ئۇچ بېگنى ئولتۇرگەن جاسارىتىدىن خوشال بولدى. ئەپسۇس ئۇلارنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقى، بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە كاللىسىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقى ئۇنى قايغۇغا سالدى. ئۇ باتۇرنى دوستلۇق، سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئىسلامنىڭ كەڭ غوللۇق، قۇۋۋەتلىك گەۋدىسى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ بىردەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتا سورىدى:

— ۋاڭ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ، دېدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، شۇڭا نەچچىمىز بىرلىشىپ بىر ئامال ئىزلەيلى دەۋاتىمەن.

ئىسلام جىددى ئويلىنىپ قالدى ۋە بىر خىيالنى كۆڭ-لىگە پۈكۈپ، گۈلدەستىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— گۈلدەستىنى تۈنۈگۈن كەچتە يەنە بىرەر خېيىم-خەتەرگە يولۇقۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىمىزغا، گالى پالۋاننىڭ نەچچە ئاتلىق ئادىمى ئىزلەپ كەلگەن ئىكەن، ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. تاققا ئېلىپ كەتتى.

— ئەگەر گۈلدەستە بولغان بولسا، — دېدى ئىسلام، ئويلان-غان ھالدا، — سۇلتان مىرغەزەپنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن بولساق قان-داق بولاتتىكى، نېمە بولسىمۇ گۈلدەستە مىرغەزەپنىڭ نەۋرىسى قاتاردا ئەمەسمۇ؟ مىرغەزەپنىڭ بىر رەھىمى كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ئىدى.

مامۇت بۇ سوزنى ئۇرۇنلۇق، دەپ ئويلاپ بېشىنى لىڭشى-تىپ قويدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى ئۇشتۇمتۇت يولدا پەيدا بولغان ئوپۇر-توپۇر ئاۋازلار بولدى. مامۇت زور دەرھال ئېس-گە بىر نەرسىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئېتىپ قويدى-دە، ئادەم بويى قوپۇرۇلغان ھويلا تېمىدىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ كوچىغا قارىدى. ئوردىدىن چىققان بىر توپ چېرىكلەر دۈكۈرۈشىپ توۋەن تەرەپ-كە كېتىشىۋاتاتتى. مامۇت زور چوچۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى-دە، ئىسلامغا دېدى:

— يەنە ئادەم تۇتقىلى قوتراپتۇ بۇلار. چوقۇم بىر ئىش بار!

شۇ ئارىدا ئىسلام كومۇرلۇكتە بولغان ئىشلارنى سوزلەپ بەردى. مامۇت زور ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىسلامنى سامانلىققا ئەپكىرىپ، سامانىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئۆزى يېڭى

سوققان ئاي پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ، بىسىنى بارمىقى بىلەن بې-
سىپ كوردى-دە، بىلەيىنى هول قىلىپ، ئاي پالتىنى بىلەشكە
كىرىشتى. ئۇ ئەمدىلا بىلەيىنى ئىككىنچى قېتىم هوللىغەن ئىدى، ئى-
شىك قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ماموت زور ئورنىدىن تۇرۇپ
ئىشىكنى ئاچتىچە ئىككى چېرىك هويلا تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ
ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

چېرىكلەر ئويگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئوينىڭ ئىچىنى ئوكتەي-
توكتەي قىلىشقا باشلىدى. تومۇرچى غەزەپلەنگەنلىگىدىن ئاي پالتى-
سىنى كوتىرىپ:

— هەممىگنى چېپىۋېتىمەن، نىمە ئارامى خىۇدا بىر پارچە
زاغرا ناننى سىگدۇرۇشكە قويمايسەن؟! — دەپ ۋاقىردىدى.

ماموت تومۇرچىنىڭ قاۋۇل بەستى، سۇرلۇك قىياپىتى، قېلىن
قارا قاشلىرى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يوغان كوزلىرى چېرىكلەر
باشلىغى سالى ئۇچ بېگنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى.

— ۋاك خوجامنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز، هىلىقى باش
كېسەر ئىككى ئوغرى كېچە تورىسدىن قېچىپتۇ. ئۇلار سېنىڭ ئو-
يوگدىن باشقا ئويگە يوشۇرۇنمايدۇ. نەگە يوشۇردۇڭ ئۇلارنى؟!
گاڭگوڭلۇغوگنى قويۇپ ئۇلارنى بىزگە تاپشۇر! — دىدى ئۇچ بېگى.

— قايسى ئوغرىلارنى دەيسەن؟ ئوزەمنىڭ جېنىمۇ ئېغىر كې-
لىۋاتقاندا ئوغرىلارنى يوشۇرۇپ نىمە قىلاتتىم؟! شۇ ئوغرىنى ماڭا
كورستىپ قويغىنا، مۇشۇ پالتا بىلەن چېپىپ تاشلاي... — تومۇر-
چى قولىدىكى پالتىنى كوتىرىپ هەيۋە قىلدى.

سالى ئۇچ بېگى چېرىكلەرنى يەنە بىر قېتىم ئوينى ئاختۇ-
رۇپ كورۇشكە بۇيرۇپ، تومۇرچىگە دىدى:

— ئۇلارنىڭ سېنىڭ ئويىڭگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كور-
گەن ئادەم بار، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرمىگىچە ساڭا ئاراملىق بول-
مايدۇ!

تومۇرچى مەسخىرىلىك كۈلۈپ دېدى:

— ئەخمەقلەر، ئوردىنىڭ تۇرمىسىدىن قاچقان كىشى ئور-
دىنىڭ يېنىدىكى ئۇيگە يوشۇرۇنامدۇ؟ ئۇخلاپ چۈش كورۇپسلەر،
كىم بىلىدۇ، ئۇلارنى!

تومۇرچىنىڭ گېپىنى بولۇپ، سىرتتىن بىر چېرىك يۈگۈرۈپ
كىرىپ سالى ئۇچ بېگكە خەۋەر قىلدى:

— سۇ قوۋۇق تەرەپتىن قاچقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى.

سالى چېرىكلىرىگە شۇ ياققا مېگىشنى بۇيرۇپ، ئۇزىمۇ ھويـ
لىدىن چىقىپ كەتتى.

خوشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان تومۇرچى: "ئەزىمەتلەر، قېچىپـ
تۇ-دە، قانداق قاچقاندۇ؟" دىگەن خىياللارنى كوڭلىدىن ئوتكۇ-
زۇپ، نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ، بىر پىكرگە كېلەل-
مىدى. ئۇ ئاستا سامانلىققا كىرىپ ئىسلامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۇز-
دى، ھەم ئىسلامنى ئۇزىنى يەنىلا دالدىغا ئېلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ،
ئوزى كوچىدا يەنە بىرەر خەۋەر بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ
ئىشىغا كىرىشتى.

ماموت زور ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز، كەڭلىگى بىر گەز، قېلىنلى-
قى يېرىم گەز كېلىدىغان تاش ئوقۇرنىڭ ئۇتقۇچىنى بىر قولى بىلەن
تۇتتى-دە، يەردىن كوتىرىپ ئېلىپ، ئېتىنىڭ ئالدىغا ئەپكىرىپ
قويدى ۋە تەييارلاپ قويغان بوغۇزنى تاش ئوقۇرنىڭ ئىچىگە
توكتى.

ئات تاقىلىتىشقا كەلگەنلەر بىر-بىرلەپ ئاتلىرىنى باغلاپ
ماموت تومۇرچى بىلەن سالاملاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خان خو-
جىنىڭ چاكىرى، چېچىغا ئاق كىرگەن قىرى قولمۇ بار ئىدى. ئۇ
ئىلياز خوجىدىن قالغان يوغان، سېمىز ئاتنى تاقىلىتىشقا كەلگەن
ئىدى. ماموت زور قىرى قولغا ئاتنى يېشىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.
ماموت زور ئۇنىڭ ئېتىنى دارغا تارتقاچ سورىدى:

— سولانغانلاردىن خەۋەر بارمۇ؟
قېرى قول ئاۋازىنى ئاستا چىقىرىپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:
— ھازىر ئاڭلىسام ئۇلارنى گوڭدىخانىدىن قېچىپتۇ دېيىشىدىغۇ.
— كىم شوڭداق دىدى؟
— ئويمۇ-ئوي ئاختۇرۇپ يۈرگەن چېرىكلەر شوڭداق دەپتۇ.
مامۇت زور كۈلۈپ قويدى ۋە گەپنى يوتكەپ:
— خوجاڭلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئاراملىق بولۇپ قالغانسىلەر؟ — دىدى.
— نەدىكىنى، خوجىنىڭ بالىسى دادىسىدىنمۇ ئەسكى دىسىنا ئوكام، مانا قارا، تۈنۈگۈن دادىسى ئۆلسە، بۈگۈن ئات تاقىلىتىشنى كىم قويۇپتۇ — ئۇنىڭغا. ساراڭ، غىچچىدە ساراڭدە ئۆزى!
— خوجىلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى؟ ھەممىسىنىڭ قولىدا پۇلى بار. ئۇلارنىڭ قوسىغى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق. سەن بىلەن بىزنى بوزەك قىلمىسا كۈنى ئۆتەمدۇ، ئۇلارنىڭ!
مامۇت تومۇرچى بىرەر كىشىنىڭ ياردەم بېرىشىنى كۈتمەيلا ئاتنى دارغا باغلاپ بولۇپ، سول قولى بىلەن ئاتنىڭ بىر پۇتىنى قولتۇغىغا قىستى-دە، تاقىلاشقا باشلىدى. ئات قىمىر قىلمايتتى.
مامۇت تومۇرچىنىڭ ئويى يول ئۈستىدە بولغاچقا، ھەر كۈنى ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. بۈگۈنمۇ بۇ يەرگە كىشىلەر كوپ يىغىلدى. ئۇلار مامۇت زورغا ھەر خىل چاخچاقلارنى قىلىشاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭ بەستىگە قاراپ ئۇنىڭ باتۇرلۇغىنى، كۈچلۈكلۈگىنى ماختىشىپ: "ۋاڭنىڭ يۈز چېرىگىگە تەڭ كېلىدۇ" دېيىشىپ قوياتتى. مامۇت تومۇرچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەنىلىك قىلىپ:
— كۈچ بىلەكتىن، گەپ يۈرەكتىن چىقىدۇ، مەن يۈزىگە تەڭ كەلگەن يەردە سىلەر مىڭغا تەڭ كېلىسىلەر، دەپ قوياتتى.

شۇ ئارىدا ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي ئالدىراپ هويلىغا كى-
رىپ كەلدى - دە:

— هاي هوشۇر! — دەپ ئوز ئوغلىنى چاقىرىپ سىرتقا ئېلىپ
چىقىپ كەتتى.

هوشۇر بىر پەستىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، ئالدىراشلىق بى-
لەن كوپچىلىككە دىدى:

— ۋاڭ كومۇرلۇككە ئادەم ئېلىش ئۈچۈن پەرمان چىقىرىپ-
تۇ، هەربىر ئويدىن قاۋۇل كىشلەر چىقسۇن، دەپتۇ!

هويلىدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇدۇڭشىپ كەتتى:

— كاللىمىزنى ئېلىپ باقى قويىچىنىڭ بېشىنىڭ يېنىغا ئا-
سىمۇ بارمايمىز!

بۇ گەپ ئۈزۈلمەيلا پازىل كىرىپ هويلىدىكىلەر بىلەن سالام-
لاشتى. ئۇنى يېقىندىلا سۇلتان مىرغەزەپ گۇندىخانىدىن ئازات
قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقنايتتى.
ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر هالەتتە يۇرگىنىگە خېلى بولغان ئىدى. كى-
شلەرمۇ بۇنى بىلەتتى. ئەسلىدە خۇشچاخچاق، دائىم كۇلۇپ تۇر-
ىدىغان بۇ يىگىت گۇندىخانىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن، قىساس
ئوتىدا يېنىپ يۇردى. ئۇ تۇنۇگۇن كامالنى قۇتقۇزۇش هەققىدە
بىرەر چارە - ئامال ئىزلەش ئۈچۈن يېزىدىكى كىچىك ئاتىسى ن
ياز پالۋاننىڭ ئويىگە بارغان ئىدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇشتۇ-
تۇت بۇ ئويگە باتۇر بىلەن كامال كىرىپ كەلدى. ئوز كوزىگە
ئوزى ئىشەنمىگەن پازىل هەيران بولۇپ "چۇشۇممۇ، ئوڭۇممۇ"
دىدى - دە، كامال بىلەن باتۇرنى مەهكەم قۇچاقلاپ، بىر هازا-
غىچە گەپ قىلالماي قالدى.

پازىل ئەهۋالنى ئوققاندىن كېيىن:

— ئەجەپ ئوبدان قۇتۇلۇپسىلەر، سۇلتان هاجى هەقىقەتەن
ياخشى ئادەم ئىكەن، ئەمدى ئاخىرقى مەقسەتلىرىمىزگە يېتىدىغان

كۆنلەرمۇ كېلىپ قاپتۇ!— دېدى.

ئۇلار ئاخىرى بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەرگە بارلىق يىغىن كىشىلىرىنى يىغماقچى بولۇشتى. بۇ ۋەزىپىسىنى پازىل خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى - دە، ئالدى بىلەن ئاكىسىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

ئۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ، قانداقتۇ مەنىلىك قىلىپ، بايىقى جىددى ھالىتىنى بۇزغان ھالدا كۈلۈپ قويدى.

سەزگۈر ماموت زور ئىنىسىنىڭ بىرەر ئەھۋال ئۈستىدە خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. لېكىن ئەتراپتا ئادەم كۆپ بولغاچقا سۆزلىشىش بەپ ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇزۇن چاپان كىيگەن، يەلپۈگۈچ تۇتقان ئۈچ ئادەمنىڭ دۇكان ئالدىغا كېلىشى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ يولۇچىلار ئىچكىرىسىدىن چىققان بولۇپ، ئۇلار ۋاكىنىڭ مال - دۇنياسى توغرىسىدا "ۋاكىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش تاغلىرى بار ئىكەن، ئالتۇن تېغى كۈندەك نۇر چاچسا، كۈمۈش تېغى ئايدەك شولا چېچىپ تۇرىدىكەن" دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىكەن، ئۇلار بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ "راستمۇ، يالغانمۇ كۆرۈپ ئۆتەيلى" دېگەن نىيەتكە كەپتۇ - دە، ئىزلەپ سوراپ ئوردا تەرەپكە يول ئاپتۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— ۋاكىنىڭ جىڭسەن①، يىڭسەن② دېگەن تاغلىرى بارمىش دېگەن سۆزنى ئاڭلىدۇق. بۇ تاغلار ئوردىنىڭ ئارقىسىدىمۇ ياكى ئالدىدا؟

— سىلەر بۇ تاغنى كۆرۈپ نېمە قىلىسىلەر؟— دەپ سورىدى بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىرسى.

— ئىچكىرىسىدىن چىققان ئىدۇق، كۆرۈپ كېتەيلى دېدۇق -

① جىڭسەن — ئالتۇن تېغى.

② يىڭسەن — كۈمۈش تېغى.

تە، ھېلى جۇلۇڭشىنى ① كوردۇق.

دۇكان ئالدىدا تۇرغانلار بولارنىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى ياندۇرۇپ سوئال سورىغان كىشى جاۋاپ بەردى:

— ۋاڭنىڭ ئالتۇن-كۆمۈش تاغلىرىنىڭ بارلىغى راست، لېكىن بۇ تاغلار ۋاڭ ئولتۇرغان تەختنىڭ سول تېمىغا تۇتاش، ئوردىنىڭ ئىچىدە. ئۇنى كىشىلەر ئاسانلىقچە كورەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇ يەرگە ئۇچار-قاناتلارمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت غەزىنىچىلەرلا كورىدۇ.

يولۇچىلار بىلەن بۇ يەردە تۇرغانلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندە پازىل ئاكىسىنى تارتىپ ئەھۋالنى سوزلەپ بەردى. مامۇت زور خوشال بولۇپ، ئىسلامنى ئېلىپ كەچتە چوقۇم بارىدىغانلىغىنى ئېيتتى. پازىل كوزدىن غايىپ بولدى.

كەچتە نىياز پالۋاننىڭ ئويىگە تۇرسۇن ئاتا، موللانىياز، مامۇت زور، ئىسلام، پازىللار كېلىشتى. ئۇلار باتۇر ۋە كامال بىلەن كوزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا كورۇشتى. ئۇزۇندىن بىر بىرىنىڭ دىدارىغا تەشنا بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرى يايراپ

---

① جۇلۇڭشى — توققۇز ئەجدىھا تال (مەھەللە ئىسمى)، توققۇز ئەجدىھا تال ھەققىدە قەدىمدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان ئىكەن. قايسىدۇر بىر خاننىڭ دەۋرىدىكى مۇنەججىملەر ئېيتىپتۇ: "قۇمۇلدا توققۇز باشلىق ئەجدىھا تال پەيدا بوپتىمىش. ئۇنىڭ بېشى سۇغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئەگەر تالنىڭ ئۇچى سۇغا تەگسىلا شۇ ھامان ئەجدىھا تالغا جان كىرەرمىش ھەم شۇ چاغدا بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلەرمىش. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن سۇلتانلىق شۇ ئوغۇلغا مەنسۇپ بولارمىش".

بۇنى ئاڭلىغان خان قۇمۇل تەۋەسىدىكى ئەمەلدارلارغا ئادەم چىقىرىپ تەكشۈرۈپ كورسە، قۇمۇلنىڭ خۇيچېڭ (مۇسۇلمان شەھىرى) شەھەرنىڭ سېپىلى يېنىدىكى غايىپ بوزورگادا بىر تۈپ تال بار ئىكەن. ئۇنىڭ توققۇز تەرەپكە شاخلىغان توققۇز شېخى بار بولۇپ، مازارنىڭ گۈمبىزىنى ئوراپ ئاجايىپ ئوسكەن ئىكەن. شاخلىرى بولسا بىر بىرىگە

كەتتى. لېكىن باقى قويچىنىڭ ئۆلۈمى، توختى بوۋاي بىلەن شەرىخاننىڭ تۇتۇلۇشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلاتتى.

تۇرسۇن ئاتا ھازىر خېلىلا قېرىپ قالغان، ساقال-بۇرۇتلىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان، ئورۇق گەۋدىسى سەل مۈكچەيگەن ئىدى. موللا نىياز خېلى يىللاردىن بۇيان سەرسان، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، تېتىك، جاسارەتلىك، ئۈمىتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوتلار چاقناپ تۇراتتى. كامالنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىق، يىگىتلىك نۇرى چاقناپ تۇراتتى. مامۇت زورنىڭ بەستىدىن قۇۋۋەت - باتۇرلۇق يېغىپ تۇراتتى.

نىياز پالۋان ئىشىكلىرىنى تاقاپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلار رەسمىي كەپكە چۈشتى. ئالدى بىلەن دەرت - ئەلەملەرنى ئەسلەپ بىر بىرىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك تەسەللى بېرىشتى. كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قوزغىلىش، خانلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، ھازىرقى ئەھۋاللارنى، ۋاڭ ۋە چوڭ - كىچىك قانخورلارنىڭ قىلمىشلىرىنى شىكايەت قىلىپ ئىنتىقام، قىساس ئالىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشتى.

---

چىرمىشىپ كەتكەچكە تالنىڭ ئۇچى بىلەن تۈۋىنى پەرق ئەتكىلى بولماپتۇ. بۇنى تەكشۈرگۈچىلەر "ئەجدىھا تال مۇشۇ ئىكەن" دېيىشكەن. ھەم ئۇ تالنى دەرھال كېسىۋېتىشكەن.

كېيىن مېھرىبانۇ پۈجۈك تۇققان ئوغۇل ئەيمىناق تۇغۇلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئاشۇ تالنىڭ رىۋايىتىگە تەخلىت قىلغان.

بۇ رىۋايەت دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كەڭ تارقالغاچقا، ئىچكىرىسىدىن چىققانلار، ئاۋال كېلىپ "جولۇڭشى" مەھەللىسىنى، ئاشۇ تالنىڭ ئىزىنى كۆرىدىغان بولۇشقان. قۇمۇلغا كەلگەنلەر ئىچكىرىسىگە قايتىپ بارسا ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى "جولۇڭشى" نى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سوراش ئادەت بولۇپ قالغان. كۆرمىدۇق دېسە "سەن قۇمۇلغا بارماپسەن" دەپ ئىشەنمىگەن.

— مەن ھەممىنى كۆردۈم، — دەپ گەپ باشلىدى مۇللانىياز، — مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئېچىلغان يېرى شۇ بولدىكى، خەلق دېگەن ھايت دېسىلا ماڭىدىغان بىر پادا مال ئەمەسكەن. ئېچكىرىدىكى خەلق بالىسىدىن - بالىسىغا مىراس قالدىغان، خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىسىز قۇلى قىلىدىغان بۇ جاھالەتلىك خانلىق تۈزۈمنى ئاللىقاچان ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇ بىزگە ۋاڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى......

— زۇلۇم، ئازاپ - قايغۇ، ھەممىسى بىزنىڭ نادانلىقىمىزدىن، ھەممىسىگە كۆنۈپ قالغانلىقىمىزدىن بولدى، — دەپ سۆزلىدى ئىسلام، — بولمىسا نېمە بۇ، باتۇر ئېيتقاندەك تاش غۇلىسا تاغمۇ تۈزلىنىدۇ. خەلق دېگەن بىر دەريا، دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كەلكۈنگە ئايلىنىدىغان بولسا، نە ۋاڭنىڭ سارىيى، نە ئۇنىڭ تاجى - تەختى ساق قالىدۇ؟ ھەممىسى غەرق بولىدۇ!

ئىسلامنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن كامال قورقماي كۆڭلىدىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ ھازىر جىددىي تۈس ئالغان ئىدى.

— ۋاڭنىڭ بۇ ئوردىسى، خوجا، بەگلەرنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرى خەلقنىڭ قېنى، سۆڭىكى بىلەن قوپۇرۇلغان، بۇلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك!

— كامال راست ئېيتىدۇ، — دەپ تەستىقلىدى تۇرسۇن ئاتا، — بۇ ھەممە پەسكەشلىك، ھەممە جىنايەت بىلەن تولغان ئوردا ۋە سارايلار خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندىدۇر. بۇنى ۋەيران قىلىش، زۇلۇم قىلغۇچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. خۇدا يولىمىزنى ئاسان قىلغاي.

— يىغا - زارە، نالە - پەرياتقا خاتىمە بېرىشنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالدى، — دېدى باتۇر ئولتۇرغانلارغا ئىلھام بېرىپ، — ھەممىدىن ئاۋال خەلقى ئالەم ئالدىدا ۋاڭنىڭ زۇلمىنى ئاشكارىلاپ، خەلق-

نى ئويغىتىش، قوزغاش كېرەك. مېچىتتە جۈمەگە كەلگەن كىشىلەرگە بۇ ھەقتە قورقماي سۆزلىسەك، ئاندىن تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، پەيتنى توغرىلاپ، ۋاڭنىڭ زۇلمەتلىك ئوردىسىغا قارا بوراندەك ھۇجۇم قىلايلى! — باتۇر تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — خەلقنى قوزغاش بىر گەپ، ئۇلارنى يېتەكلەش يەنە بىر گەپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇشمۇ بار تېخى. بۇ بىزنىڭ ئۆتۈپ چىقىش - چىقماسلىقىمىزغا ئالاقىدار مۇھىم ئىش، بۇنى ئوبدان مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

— دۇرۇس، — دېدى موللانىياز، — كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس، دېگەن گەپ بار. ھەممە تەرەپتىن ئوبدان ئويلاشقىنىمىز تۈزۈك. مېنىڭچە سەن ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بىزنى يېتەكلەيسەن، بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىمىز ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىشلارنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز...

ئولتۇرغانلار تەييارلىق ئۈستىدە، قوراللىنىش ئۈستىدە بىرمۇنچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى تالاش - تارتىشلارمۇ بولدى.

— ئۇنداقتا مۇنداق بولسۇن، — دەپ سۆزلىدى باتۇر، — مامۇت ئاكا پۈتكۈل شەھەر ئىچىنىڭ ئىشلىرىغا، نىياز ئاكام شەھەر سىرتىنىڭ ئاياق تەرىپى، بوغازغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارغا، قارا دۆۋە، لاپچۇق — بەششەھەر تەرەپكە موللانىياز ئاكام بىلەن تۇرسۇن ئاكا، قالغان ئىككى تاققا ئىسلام، كاماللار مەسئۇل بولسۇن. بۈگۈن كېچىدىلا كومۇرلۇككە بىر ئادەم يۈرسۇن. ئۇ ياقتىكى ئەزىمەتلەرمۇ ئارانلا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزىمىزنى قوغداشقا ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىدىن بىر قىسىم ياشلارنى مەخپىي توپلايلى. ھەركەت ھەممە يەردە ئوخشاش بىر كۈندە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك!

باتۇرنىڭ مەسلىھىتىگە ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى.

كوپچىلىك روھلىنىپ، ئۆزلىرىنى بېسىپ تۇرئان ئېغىر ئاش ئېلى-
نىپ كەتكەندەك يەڭگىل ھېس قىلىشتى.

— ئوبدان بولدى، تولىمۇ ئوبدان بولدى، — دېدى باياتىن
بېرى ھەممىسىنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن زەڭ قويۇپ ئولتۇرغان
مامۇت زور ھاياجان ئىچىدە، — تېز پۈكۈپ ياشىغاندىن، تىك تۇرۇپ
ئۆلگەن ياخشى. ھەممىمىز مۇشۇنداق بىر نىيەتكە كەلسەك، بىزگە
كىم تەڭ كېلەلەيدىكەن؟ ۋاڭنى يوقىتىپ، ئوردىسىنى تۈزلىۋېتىمىز.
ئۇنىڭ ئىزىغا باتۇر ئېيتقاندەك سۇلتان مىرغەزەپكە ئوخشاش ئادىل
كىشىنى ئولتۇرغۇزىمىز......

كامالمۇ ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۆزى تولىمۇ ياخ-
شى كورگەن، تېخى تويى قىلىشقا ئۈلگۈرمەي، شاھزادىنىڭ ۋەھ-
شى ئوقىدا قازا قىلغان سۆيۈملۈك سۆيگىنى گۈلشەننىڭ ئىنتىقامىنى
ئېلىش پەيتى كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي
سوز قىستۇردى:

— مەن شۇ چاغدا شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باقى ئا-
كامنىڭ بېشى ئېسىلغان يەرگە، ۋاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن
ئىگىزرەك يەرگە ياكى تاراتى① تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە سېلىن-
غان بەگلىك ھوك② نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خادىغا ئېسىپ قويىمەن!

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. سوھبەت يېرىم كېچىگىچە داۋام
قىلدى. بۈگۈن كېچە ئۆيلەرنىڭ كوگۈللىرى ئۈمىت ۋە شاتلىق
بىلەن تولۇپ، ھەقىقەت نۇرلىرى بىلەن يورۇپ كەتكەندەك
بولدى.

---

① تاراتى — قۇمۇلنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئىسمى.

② بەگلىك ھوك — تاراتى تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە "بەگلىك ھوك" دېيىلگەن ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىنغان. بىز ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى ئۇزۇن بىر خادا تىكلەنگەن. بۇنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ تەيجىلىرىدىن بىرى ھوگنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قۇمۇلنى كورۇش، قۇمۇلدا تۇرۇپ ھوگنى كورۇش ئۈچۈن ياساتقان.

## يىگىرمە ئالتىنچى باپ

ئېتىم مېنىڭ سەكرىمەيدۇ
ئېگىز ئوتىدا.
ئەمدى يۈرەك چىدىمايدۇ،
ۋاڭنىڭ زۇلمىغا.

كىشىلەر نەچچە كۈندىن بېرى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىدىغان قانداقتۇ بىر يېڭى ھادىسىنى كۈتۈپ جىددى تەۋرەپ كەتتى. بۈگۈن ئادەتتە نامازغا بارمايدىغانلارمۇ جۈمە مېچىتى تەرەپكە ئاقتى. جۈمە مېچىتىنىڭ ئىچى-تېشى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، ھەممە كىشى سەپ تارتىپ، ئىمامغا قاراپ ئىختىدا قىلىپ تۇرۇشاتتى.

ناماز ئوقۇلۇپ بولۇشىغىلا كىشىلەر بىردىنلا جامائەت ئارىسىدىن دادىل قەدەم تاشلاپ مېھراپ تەرەپكە ئۆتۈۋاتقان بىرقانچە قاۋۇل كىشىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى. ئۇلار دەرھال ۋەز-نەسىھەت ئېيتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ياسىن قازىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ياسىن قازى بۇلارنى كورگەندىن كېيىن كوزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بەزىلەر بۇ ئەزىمەتلەرنى تونۇيتتى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تونۇمايتتى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا "كاللىسى ئېلىنىدىكەن" دېيىلگەن ئادەملەر بۈگۈن كىشىلەر ئالدىدا تۇراتتى.

سانسىز ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تەر تۆكۈپ ئەجرى قىلىشى ئارقى-

سىدا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كوتىرىپ تۇرغان بۇ ئىگىز پەشتاقلىق جۈمە مەچىتى بۈگۈن زالىملارنىڭ زورلۇق، ۋەھشىلىك-لىرىنى، ئىپلاس جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ۋاڭغا قارشى غەزىۋىنى قوزغايدىغان بىر ئورۇنغا ئايلانغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ كوزى كوپچىلىككە نەزەر سېلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گەۋدىگە — باتۇرغا تىكىلدى. باتۇرنى بىلىدىغانلار باتۇرنىڭ، ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ، سىڭلىسىنىڭ ئولۇمى، توختى بوۋاي بىلەن شەرىخاننى تۇتۇپ كەتكەنلىگى توغرىسىدا پىچىرلاشتى. كىشىلەر خۇددى قايتىدىن ناماز ئوقۇلىدىغاندەك، رەتلىرىنى بۇزۇشماي، ئالدىغا قاراپ دىققەت بىلەن تۇرۇشاتتى.

بىردىنلا ئۈنلۈك بىر ئاۋاز جاراڭلاشقا باشلىدى:

— ئانىلار! ئاكىلار! قېرىنداشلار! ئۈستىمىزدىكى زۇلۇم ھەددى-ھېساپسىز كوچىيىپ كەتتى. بىزنى قۇرۇتۇپ، دەرمانىمىزدىن كەتكۈزدى. رەھىم قىلارمىكىن دەپ ۋاڭغا تۇرغۇن قېتىملار ئەرزىلەر يېزىلدى. بۇنىڭغا قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بىزنى تالاپ قىيما-چىيما قىلغىلى تۇردى. شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ قېرىنداشلار، مانا قاراڭلار، ھازىر ئالۋاڭ-سېلىقنىڭ دەردىدىن تۇرغىلى بولمايدۇ. يېيىشكە تاماق، كىيىشكە كىيىم، تېرىشقا يە بولمىسا، ئەمدى بىز ئۇلارغا نېمىمىزنى بېرىمىز؟! ھەتتا دىخانلا ئوزلىرى يەر ئېچىپ، بىنەم يەرلەرگە قىلىۋالغان كىچىككىنە باغلارنىمۇ ۋاڭ تارتىۋالدى. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ كورۇۋاتقىنىمىز زۇلۇم، خورلۇق، قىيناش، ئولتۇرۇش، چېپىش!......

پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان بۇ ئەزىمەت تەمتىرىمەي، قەددىنى تىك تۇتۇپ ئېنىق سوزلەيتتى. جامائەت ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغانلىقىدىن: "ئاڭلىدىڭمۇ، قانداق بەلەن سوزلەۋاتىدۇ-ھە؟" — دېيىشىپ بىربىرلىرىنى نوقۇپ قويۇشاتتى. ئۇلار قورقۇشنىمۇ ئۇنتۇشقان ئىدى. ھەتتا ياسىن قازىنىمۇ ئە-

لىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ھالدا باتۇرنىڭ سۆزلىرىگە زوق بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن قانلىق پاجەلىك تۇرمۇش تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. باتۇرنىڭ سۆزلىرى ئاسماننى يېرىپ، ھەيۋەتلىك جاراڭلايتتى. مىڭلىغان كۆزلەر باتۇرغا تىكىلگەن ئىدى.

— بىز زادى زۇلۇمدىن باشقا نېمىنى كۆردۇق؟ خۇدا ھەممە بەندىنى ئوخشاش ياراتتى. نېمە ئۈچۈن بىز ۋاڭغا قۇل بولۇپ ياشايمىز، قاچانغىچە زۇلۇم - خورلۇقتىن قۇتۇلالمايمىز؟ بىزگىمۇ ئەركىنلىك كېرەك! ھايۋاندەك ئەمەس، ئادەمدەك ياشىشىمىز كېرەك!

بۇ سۆزلەردىن جامائەت غۇلغۇلا قىلىشىپ، "ئەركىنلىك كېرەك!"، "ئەركىنلىك كېرەك!" — دەپ تۇۋلاشتى. جۈمە مېچىتىنىڭ ئىچى گويا دېڭىزدەك چايقىلىپ كەتتى.

باتۇرنىڭ ئەزىمەتلىرى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان قازى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ باتۇرنىڭ شۇنچە يۈرەكلىك بولۇپ كېتىشىنى، ئۇنىڭ جۈمە نامىزىدىن پايدىلىنىپ، شۇنچە خەلقنى ۋاڭغا قارشى قوزغىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. "ئۇ، گۇندىخانىدىن قېچىپ قۇتۇلسۇنۇ، شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، يەنە كېلىپ ئوچۇق - ئاشكارا مەيداندا خەلقنى ۋاڭغا قارشى قۇتراتسۇن. بۇ نېمە دېگەن نائىنساپلىق!" قازى شۇ خىياللار ئىچىدە جامائەتكە قارىۋىدى، مىڭلىغان كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غال - غال تىترەپ كەتتى.

— ئاتىلار! ئاكىلار، قېرىنداشلار! — قولىنى قازىغا شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى باتۇر، — بۇ مەلئۇن ئۆزىنى ئۇلۇغ ئۆلىما قىلىۋېلىپ، دىنىمىزنى ئاياق - ئاستى قىلماقتا. دىنىمىز مەنئى قىلغان ھەممە پەسكەشلىكلەرنى ئۆزى قىلماقتا. ۋاڭغا يان تاياق بولۇپ، پۇقرالارنى بۇلاپ تالىماقتا، ۋەيران قىلماقتا. ئاتا - ئانىنى بالىدىن،

بالىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىماقتا، شەرىئەتنى گۇناسىزلارنىڭ قېنى بىلەن بۇلغىماقتا. بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟

غەزەپلەنگەن ياشلار دەررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنى باغلىماقچى بولۇشتى.

— باغلىماڭلار! — دېدى باتۇر ئۇلارغا قاراپ، — ئۇ نەگىمۇ قېچىپ كېتەلەيدۇ؟ ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار. بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى بېرىپ زالىم ۋاڭغا ئېيتسۇن! جاھاننىڭ ئەمدى كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن!

قازى توقماق يېگەن ئىتتەك شۈمشىيىپ مېچىتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە بەزەن بەگ ـ خوجىلارمۇ چىقىپ كەتتى.

باتۇرنىڭ سۆزلىرى ئاياقلاشقاندا كامال باتۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئالۋاستى قورققانغا چاڭگال سالىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى بېسىلىپ، ئازابلىنىپ كەلدۇق. يەنە ئازاب چېكىۋېرەمدۇق؟ ئەگەر بىز ۋاڭنى يوقاتمىساق ۋاڭنىڭ قىلىچى بىزنى يوقىتىدۇ. يا ئۆلۈش كېرەك، يا ھايات ياشاش كېرەك. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھايات ـ ماماتلىق ئىككى تەقدىر تۇرۇپتۇ. ھايات ياشاشنى خالايدىكەنمىز، ۋاڭنى يوقىتىش كېرەك، ئۇنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىپ تاشلاش كېرەك! — ھاياجانلانغانلىقىدىن كامالنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى قاتتىق چىقاتتى. ئۇ گۈلسۈمخان، باقى قويچى، گۈلشەننىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان پاجەلىك ۋەقەلەرنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ ئۆتتى، — بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئازمۇ، بۇنىڭغا قاچانغىچە چىداپ تۇرىمىز؟!.

زۇلمەتلىك تۇرمۇشنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىدە يۈرەكلىرى قان ـ زەرداپقا تولغان خەلق شىددەت بىلەن چۇقان سېلىشقا باشلىدى:

— ۋاڭنى يوقىتىمىز!

— ۋاڭ ئوردىسىنى تۈزلىۋېتىمىز!

جۇمە مېچىتىنىڭ ئىچى گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن تولدى. ھېچقاچان كورۇلۇپ باقمىغان بۇ ئىشنىڭ خەۋىرى چاقماق تېز-لىگىدە ئەتراپقا تارالدى. ئاياللارمۇ ئۇ يەر-بۇ يەردە توپ-توپ بولۇپ بۈگۈنكى ئىش ئۈستىدە سوزلىشەتتى. ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك: "نامەھرەم بولدى" دەيدىغان ئادەممۇ بولمىدى.

پاھ، بۇ يېڭىلىقنى! كىشىلەر بۇرۇن قىلىچ، ئوق، تاياق-توقماق، دەرە، پالاق، قامچا، قىزىتىلغان ياغ، زىندان، بويۇنغا سېلىنىدىغان قوۋۇق، كويزا-كىشەنلەردىن قورقۇشۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ بۈگۈن ئۇلار ھېچنىمىدىن قورق-ماي ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىقتى. نەچچە مىڭ كىشى قاپ-قاراڭغۇ زۇلمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاشقا باشچى بولۇپ چىققان قاۋۇل ئەزىمەتلەرنى تاۋاپ قىلىشقا ئالدىرىدى......

مېچىتنىڭ ئىچى گۈلخان يېقىلغاندەك، ھەممىسىنىڭ تەنلىرى قىزىشىپ كەتتى......

ئوردا ئىشىكىدىن چىققان يوغان ئاتلارغا مىنگەن چېرىكلەر، جۇمە مېچىتىگە قاراپ يول ئالغاندا، بارلىق خەلق تاراپ كېتىش-كەن ئىدى.

بۈگۈن كېچە پۈتۈن خەلق توپ-توپ بولۇپ ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلدى ھەم ئەتىكى ئىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. شەھەر ئىچىدىن تارتىپ تا قارىتال، بوغازغىچە، دوۋە-جىن، پالۋانتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق خەلق ھەيۋەتلىك بىر ۋەقەنىڭ تەقەززاسى بىلەن كىرپىك قاقمىدى.

تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ، سۈپ-سۈزۈك تىنىق ئاسماننىڭ

چىرايلىق ھوسنى كورۇندى. نەچچە مىڭلىغان ھەيۋەتلىك كىشىلەر توپى چۇقان بىلەن گويا كەلكۈندەك ۋاڭ ئوردىسى تەرەپكە ئاقتى. ھەممەيلەن قولىغا تاياق، توقماق، كەتمەن، ئارا، گۈرجەك ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە غەزەپ ۋە نەپرەت بەلگىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قان-زەرداپقا تولغان يۈرەكلىرىدە ئىنتىقام، قە-ساس ئوتى لاۋۇلدايتتى. "ۋاڭنى يوق قىلىمىز!"، "ۋاڭ ئوردىسىنى تۈزلىۋېتىمىز!" دېگەن سادالار كوكنى تىترىتەتتى.

ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى قىلچىمۇ نەزەرگە ئىلماي كەلگەن بۇ قارا خەلقنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈن يىللاردىن بېرى يۈرگۈزۈلۈپ كې-لىۋاتقان مۇقەددەس يوسۇن-قائىدىلەرنىڭ كۆلى كوككە سورۇل-ماقتا ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدى-كەينى بىردەمدىلا خەلقنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى.

سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان باتۇر، كامال، ئىسلام، موللانىياز، تۇرسۇن ئاتا، مامۇت زور ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. ئوردىنىڭ توققۇز ئىشىگى تاقىۋېتىلدى. ھەيۋەتلىك سادالار، قان-لىق قىساس چۇقانلىرى ئوردىنى تىترەتمەكتە.

سالمى ئۈچ بېگى تەختلىك ئويىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا مەلۇمچىگە:

— پۇقرالار باستۇرۇپ كەلدى. ئادەم ناھايىتى كوپ، ئىشىك-لەرنى تاقىۋەتتىم، — دېدى. ئۇنىڭ يۈرىگى خۇددى ھاۋانچا تې-شىدەك گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بوزارغان رەڭگى مەلۇم-چىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

مەلۇمچى يېتىپ كىرگەندە دەرىزىدىن ھەممىنى ئېنىق كورۇپ تۇرغان ۋاڭ تەيجىلىرىگە سوزلىمەكتە ئىدى:

— ئاتا-بوۋامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان قائىدە-يو-سۇننى بۇزۇپ شۇنچە كوپ يالاڭتوشنى كىم قوزغىۋەتتى؟ يۇرت بۇزۇق-

لىرىنىڭ جازاسىنى نىمە ئۈچۈن ۋاقتىدا بەرمىدۇق؟ — ۋاڭ قورقۇپ
كەتكەنلىكتىن "چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەن ئىدى، —
ئەمدى نىمە چارە، نىمە چارە؟ ھەممىڭ ھارام تاماق يەپ سەمرىشىنىلا
بىلىشىسەن! — ۋاڭ بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە يېنىپ سوزلىمەكتە.

مەلۇمچى بېشىنى كوكرىكىگە تاشلاپ ئۇزۇنىغىچە تۇردى. ۋاڭ
بىر ھازادىن كېيىن، ھوشىغا كەلگەندەك مەلۇمچىگە قارىدى:

— ئۈچ بېگىگە پەرمان بېرىلسۇن، ئالەمنى بېشىغا كىيگەن
بۇ بەتبەخلەرنى قىرىپ تاشلىسۇن!

تەيجىلەر ۋە ياسىن قازى ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىشتى.
ئۇلار قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە قالغان ئىدى.

— خوش، ئالىلىرىدەك مېھرىۋان ۋاڭغا قارشى چىقىش پەقەت
پۇقرالارنىڭ قارا كوڭۇللۇكىدىن كېلىپ چىققان، — دېدى چوڭ
تەيجى دۇدۇقلاپ.

— پادىشالارنىڭ دولەتمەن، قۇدرەتلىك بولۇشى، قۇللارنىڭ
قۇل بولۇشى ئاللانىڭ ھوكمى. — دېدى قازى ۋاڭغا خوشامەت
قىلىپ، — ئالىلىرىدەك ئىززەتلىك ۋاڭغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ
ئەدىۋىنى بېرىش كېرەك. بۇلارنى قىرىپ تاشلاش كېرەك!

ۋاڭنىڭ يېنىدا ئوردا ئەمەلدارلىرى، قازى ۋە ئەلەملەرنىڭ
ھەممىسى بار ئىدى. لېكىن سۇلتان مىرغەزەپ يوق ئىدى. باتۇر
بىلەن كامال گۇندىخانىدىن قاچقاندىن كېيىن ئوردىدا "قانداق
قاچتى، كىم قاچۇردى" دىگەن مەسىلە تەپتىش قىلىنغان. ياسىن
قازى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋاڭنىڭ يېنىغا پالاقلاپ بېرىپ
مىرغەزەپنى ۋاڭغا چاققان ئىدى.

— مەن خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ كېلىۋاتىمەن، —
دىگەن ئىدى قازى، — قارىسام ئۇ قويىندا ئالىلىرىغا قارشى پىچاق
ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى.
ھېلىقى كۇندىكى سوھبەتتە كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان سوزلىرى

ئەسلىرىدە باردۇر؟ بىراق ئاللىرى ئۇ ئالا كۆڭۈلگە ئانچە دىققەت قىلمىغاندەك قىلدىلا، مەن كۆڭلۈمدە ئۇنى بىلىپ قويغان ئىدىم. تېخى ئۇ ماڭا كېيىن يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ شۇ گەپلەرنىمۇ قىلدى: ئاللىرىنى "خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىغا قۇلاق سالمىدى، بىر كۈنى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. خۇددى ئىشرەت ئوغرىدەك كاللىسى كېسىلىدۇ" دېدى. بۇ ئىككى بالاخورنى ئۇنىڭدىن باشقا كىم قاچۇرۇۋېتەلەيدۇ؟ ئىشەنچىم كامىلكى، بۇ چوقۇم مىرغەزەپنىڭ ئىشى. ئۇنى تېزرەك جايلىۋەتمىسەك باشلىرىغا بالا بولىدۇ!

قازىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئىشەنگەن ۋە شۇ ھامان جالالىلىرىنى چاقىرىپ مىرغەزەپنى گۈندىخانىغا تاشلىغان ئىدى.

لېكىن ياسىن قازى سۇلتان مىرغەزەپنىڭ سولانغىنىغىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈنكى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يەنە سۇلتان مىرغەزەپ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى:

— مۇشۇنچىلا كۆپ يالاڭتۆشنىڭ تەپتارتماستىن ئاللىرىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈشىمۇ شۇ مىرغەزەپنىڭ ئوت قويرۇقلۇقىدىن بولدى. ئەگەر ئۇ نانكور، ھېلىقى ئىككى گۇناكارنى قاچۇرمىغان بولسا، بىزگە بۇ بالامۇ يوق ئىدى. مانا ئۇ قاچۇردى. ئۇلار قېچىپ بېرىپ بۇ ئىشنى تەۋرەتتى...

قازىنىڭ سۆزلىرى ۋاڭنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. ئۇ ئاچچىقىدىن بىردەم بارمىقىنى چىشلەيتتى. بىردەم ساقىلىنى تۇتاملاپ سىلىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىشقا پەرمان بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بېشىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى.

سىرتتا ئادەم دېڭىزى چايقالماقتا ئىدى. شىددەتلىك چۇقان-سۈرەنلەر ئىچىدە يامغۇردەك يېغىۋاتقان تاش-كېسەك ۋاڭ ئوردىسىغا قاراپ ئۇچاتتى. كىشىلەر تاملار ئارقىلىق يۇقۇرىغا يامىشىپ چىقىپ، ۋاڭنىڭ سارايلىرىغا تاش-كېسەك ئېتىشنى بۇلغايتتى.

كامال يۈزلىگەن ياشلارنى باشلاپ، سولاقخانىلارنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ تاشلىدى...... شەرىخان قۇتۇلدۇرۇلدى، ئەمما توختى بوۋاي نوم زىندانىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى.

بۈگۈنكى بۇ ۋەقە مۇقەددەس دەپ ھېساپلانغان بۇ قانلىق ئوردا ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى. تالاي يىللاردىن بۇيان لەنىتى تەقدىرنىڭ ئاغامچىسى بىلەن باغلىنىپ، ئازاپ ئىچىدە قىمىرلىيالماي كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ كۈچلۈك قوللىرى چېقىلماغىلى بولمايدىغان ئوردىنى خۇددى چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىدەك بۇزۇشقا باشلىغان ئىدى......

پۈتكۈل خەلق غايەت زور كۈچ بىلەن ئويغاندى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۈمىت بىلەن تولدى. تاغ - تاغلاردىن كەلگەن قىيان سۇ قوشۇلۇپ مىسلىسىز زور كەلكۈنگە ئايلانغاندەك، سەپلەر بارغانسېرى ئۇلغايدى. ھەتتا ئاياللارمۇ بۇ ھەيۋەتلىك سەپ ئىچىگە قوشۇلدى. مانا، "كىچىك نوم" نىڭ ئۆيى تەرەپتىن چىرايلىرى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئەمما قەلبىگە خوشاللىق تارىغان ئون نەچچە ئايال تاياق - توقماق كۆتەرگەن ھالدا ئېتىلىپ كېلىپ خەلق ئىچىگە قوشۇلدى. ئۇلار جۇمە مېچىتىدە بولغان تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئېيتقۇسىز خوشاللىققا چۆمگەن ئىدى. خۇشنار خېنىمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھشىلىكى، دەھشەتلىك ھەيۋىسىمۇ ئۇلارنى قورقىتالمىغان ئىدى. ھودۇققان خۇشنار خېنىم ھەرقانچە تەھدىت سالسىمۇ كارغا كەلمىدى. غەزەپكە تولغان ئاياللار خۇشنار خېنىمنى راسا ئۇردى. چاچلىرىنى يۇلۇۋەتتى ۋە قېچىپ چىقىپ كەتتى.

چۇقان - سۈرەنلەر بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا، قاياقتىندۇر دومباق چالغان كىشىلەر توپى، يەنە قاياقتىندۇر ناغرا، كاناي چالغان كىشىلەر توپى كەلمەكتە. گايلىرىنىڭ قوللىرىدا نەيزە، گايلىرىنىڭ قوللىرىدا قىلىچ، ئاي پالتىلار پاقىرىماقتا.

ۋاڭ ئۆز ئۆمرىدە پۈتۈن خەلقنى ئەقىلسىز، نادان، ئىتائەت
قىلىشقىلا ئادەتلەنگەن پەس-قول دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدى.
ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغان بىر قۇدرەتلىك
كۈچ ئىكەنلىكىنى نەدىمۇ پەرەز قىلالىسۇن! مانا ئەمدى بۇ "نادان،
پەس" ئادەملەر بىردىنلا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ، زامان-زاماندىن
قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ كەلگەن ۋاڭنى بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەي
دىغان نەرسە قىلىپ، ئۆلۈم قايغۇسىغا سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەتتا
بىر پەس تۇرۇپ خاتىرجەم ئويلىۋېلىشىغىمۇ مادارى قالمىغان ئىدى.

ئاق سارايدىكى نەزەرمۇ خۇددى دادىسىغا ئوخشاش سارىسىم
ئىچىدە قالدى. ئۇ گۈلدۈرلەپ كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ يەنچىۋېتى-
شىدىن قورققان ئىلاندەك تۈگۈلۈپ قالدى. راستىنلا
يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئىسيان ھارۋىسى شىددەت بىلەن باستۇرۇپ
كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ،
پۇت-قولىدا دەرمان قالمىدى. ئۇ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرگەندەك
چىقىرىۋەتتى. "تۇفى! دادامغىمۇ تۇفى! ۋاڭلىقىغىمۇ تۇفى! ھەممىنى
قىلغان دادام. بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ نوخۇلىسىنى ئۇستۇرۇپ
قويغانمۇ شۇ دادام!"

"چاك!" قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ تەخت
دەرۋازىسىنىڭ ئەينىكى سۇنۇپ كەتتى. ۋاڭ، تەيجىلەر يۈرەكلىرىنى
تۇتۇپ "يائاللا!" دېيىشتى. قازى دەرھاللا قوللىرىنى كۆتەرگەن
ھالدا خۇدادىن پانا تىلەپ ئىستىغپار ئوقۇشقا باشلىدى. ۋاڭمۇ،
تەيجىلەرمۇ ئالقانلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ۋاڭنىڭ مۇنۇ
سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ئاھ، تەڭرىم! ئامانلىق ئاتا قىلغايسەن!

ئوردىغا يىغىۋېلىنغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ قوزغىلىپ ۋاڭنىڭ تەختىگە
قارىتىپ، تاش-كېسەكلەرنى ياغدۇردى. خىشنىڭ بىر پارچىسى
دەرىزىدىن ئوقتەك كىرىپ، ۋاڭنىڭ زەرباپ قالپىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

ۋاڭ ۋۇ تەيجىلەرگە چاشقان تۇشۇگى ساراي كۆرۈنۈپ، ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى، ۋاڭ ئۆزىنى يوقىتىپ، ئالاقزادە بولۇپ تۇرغان تەيجىلەرگە قاراپ يەنە ۋاقىردى:

— قاراپ تۇرۇشامسەن! ئوق ئاتمامسەن. ئوق!

چېرىكلەر قوراللىنىپ تەرەپ-تەرەپتىن چىققاندا ئىسيانچىلار توپى غەربىي دەرۋازا ئارقىلىق سېپىلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا مىلتىق بولمىغاچقا، ئۆزىنى قوغداشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ پۈتۈن سېپىلىنى قورشىغان ھالدا ماكان تۈزەتتى. ئوردا قوۋۇق، سۇ قوۋۇق دەرۋازىلىرى تاقىۋېتىلدى. بەششەھەر، ئون ئىككى تاققا كەتكەن خەۋەرچىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ھەر تەرەپتىن ئىسيانچىلار تۆركۈم-تۆركۈملەپ يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. كومۇرلۇكتىكى كانچىلار قوشۇنى، قارا دوۋە، لاپچۇق، ئاستانىدىكى ئىسيانچىلارنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى.

ۋاڭ ئوردىسى قاتمۇ-قات قورشاۋ ئىچىدە قالدى. نە ئوردا خىزمەتچىلىرى، نە ۋاڭ سىرتقا چىقالمىدى. نەچچە كۈندىن بېرى بېشى سېلىنىپ، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشەرەپ كەتكەن ۋاڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. ئۇ پەقەت ۋەھىمە ئىچىدە خىيال سۈرەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى، بۇرۇنقىدەك تېنچ ھايات باشلانسا ۋەھىمىنى باشلىغانلارنى قانداق جازالاپ ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشنى ئويلايتتى. لېكىن مۇشۇ ۋەھىمىلىك ۋەقە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردەم سىقىلىپ، نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇرسا، بىردەم يىڭنە سانچىغاندەك ئاغرىيتتى. قورقۇش، چۆچۈش بىلەن كېچىلىرىمۇ ياتالمايتتى. كۆزى يۇمۇلسىلا قاتتىق قارا باساتتى، جويلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. دەرۋەقە ۋاڭنىڭ يۈرىكىگە كېسەل تەككەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزد-نىڭ تاپلىق ھوكۇمرانلىغىنى قولىدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى......

## يىگىرمە يەتتىنچى باپ

يىلان يالتىراق تۇرقى مۇلايىم.
زەھەر سالماق قەستىدۇر دائىم.

ۋاڭ قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن كۈنىدىن باشلاپلا ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالدى. جان - قايغۇسى بىلەن ياتقان ۋاڭغا ئالتۇن تەختىمۇ، تەيتىلادىن تىكىلگەن يوتقان-كۆرپىمۇ ئەرزىمەس بىلىندى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە نەچچە قېتىملاپ: "تەن ساقلىق — دولەت ئىكەن" دىگەن سوزنى تەكرارلاپ ئېيتتى.

بېشىل مۈۋۈت چاپان كىيگەن، بېشىغا يېڭى ئاق سەللە ئورىغان ياسىن قازى ۋاڭنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋاڭغا تازىم قىلىپ:

— ئالتۇن بويلىرى ئىسەنمىكىن؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى

— "تەن ساقلىق — دولەت" دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — دەپ قويدى ۋاڭ بېشىنى ياستۇقتىن ئېلىپ ۋە مەيۈسلەنگەن، تەشۋىشلەنگەن ھالدا قازىنى يېنىغا چاقىرىپ سورىدى، — قانداق نەس كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ، باغىيلار① سۇ قوۋۇق، ئوردا قوۋۇق دەرۋازىلىرىنى خىش - كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇۋېتىپتۇ دىيىشىدىغۇ، شۇنداقمۇ؟

قازى شۇنداق دىگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھېلىقى ئۇرۇمچى بىلەن بارىكولگە ياردەم تەلەپ قىلىپ ماڭغانلار قانداق يولغا سېلىندى؟

① باغىيلار — ۋاڭغا قارشى چىققۇچىلار.

— ھەزرەتلىرىنىڭ سايىسى ھەر ئىشقا ئاسانلىق بېرىدۇ، — دېدى قازى ئالدىرىماي جاۋاپ بېرىپ، — يان باغ تەرەپتىن كېچىدە يوشۇرۇنچە ماڭدۇردۇق.

ۋاڭ خوشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. قازى يەنە سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باغىيلار پۈتۈن بۇغدايلارنى ئورۇپ بوپتۇ. ھەر قايسى تۈگمەنلەرگە ئادەم قويۇپ ئۇن تارتقۇزۇۋېتىپتۇ. بىر قىسمىلىرى تاغدىكى قوي-كالىلارنى ھەيدەپ كېلىپ يەۋېتىپتۇ. پۈتۈن شەھەر ئەتراپىنى قارا قاغىدەك ئادەملەر قاپلاپ بوپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بەششەھەر، ئون ئىككى تاغنىڭ ئادەملىرىمۇ كېلىشىۋاتقۇدەك...

ۋاڭنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، قازى ۋاڭنىڭ بۇ ھالىنى سەزمەي سوزلەۋەردى:

— ئەگەر ئۈرۈمچى بىلەن بارىكولدىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن يېتىپ كەلسە، سىرتتا باغىيلارنى قورشاپ تۇرسۇن، دېدۇق.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دەپ بېشىنى كوتەردى ۋاڭ، — شۇنداق قىلىش كېرەك. ئۇلارمۇ بۇلارنى بىر قەۋەت قورشىسۇن. باغىيلار ئاندىن ئەدىۋىنى يەيدۇ.

— خوش قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى قازى، — خۇدا بىزگە رەقىپلەرنى يېڭىشنىڭ بىرقانچە يولىنى كورسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ بىرسى، پەم-پاراسەت بىلەن چارە ئىزلەش، ئىككىنچىسى، خۇدايىمدىن ياخشى كۈنلەرنى تىلەش. ئۈچىنچىسى، ئوز رەقىبىنى بىخوتلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزلەش، يەنە بىرسى، ئەپۇ سوراش، ئىت-ئىت بىلەن ياخشى، مېنىڭ ئويۇمچە، ئالىلىرى مىرغەزەپنى بۇ ئىشنى تىنجىتىشقا بۇيرۇسىلا. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە باغىيلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلايلى. شۇنىڭدىن بىزگە نەپ تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ۋاڭ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ بۇ ئىشقا كونۇشىدىن كۇمانلىنىپ تەتۇر قاردۋالدى. قازى مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شات - خۇراملىق بىلەن ئوتكۆزۋاتقان بۇ كۈنلىرىمىزدە، تۇيۇقسىز چاپقۇن چىقىپ، زاۋال ۋاقتىدا خوراز چىللىغاندەك بىر ئىش بولدى. بۇ ئىش بىزگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈردى. دولەتلىرى ئاپتۇۋنى قارا بۇلۇت قاپلىماقتا. شۇڭا ھەر خىل چارە - ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئاللىرىنىڭ قۇياشتەك يۈزىنى كوككە قارىتشىمىز كېرەك.

ۋاڭ قازىنىڭ مەسلىھەتىنىڭ تېگىگە چۈشەندى ۋە شۇ ھامان ئۇ سۇلتان مىرغەزەپنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

كويزا - كىشەنلەردە ئازاپلانغان مىرغەزەپ ۋاڭنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلدى. ياشىنىپ قالغان مىرغەزەپ ماغدىردىن كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدە ھارغىنلىق، ئازاپ ئەكس ئېتەتتى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، كوزىنى بىر ئېچىپ، بىر يۇماتتى. ئۇ شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرسىمۇ ۋاڭدىن شەپقەت تىلەشنى خالىمىدى. شۇڭا ئۇ، غەزەپ ئوتچۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كوزلىرى بىلەن ۋاڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى. ۋاڭنىڭ چىرايى ئاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ۋاڭ مىرغەزەپكە قارىماي بۇيرۇق قىلدى:

— سۇلتان ھاجىنى ئازاپلاپ تۇرغان كويزا - كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىڭلار!

سۇلتان ھاجى كويزا - كىشەنلەردىن ئازات بولۇپ، ئاغرىۋاتقان پۇت - قوللىرىنى سىلاپ قويدى. ۋاڭ سوزلەشكە باشلىدى:

— تاغلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە سەن ماڭا ئەستائىدىل ئىدىڭ، بېشىمغا دولەت قۇشى قونۇپ، پۈتۈن يۇرتقا پادىشا بولغىنىمدا، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. سەنمۇ ھەرھالدا، ماڭا ئاز - تولا ئىش قىلىپ بەردىڭ. ھازىر يەنە مېنىڭ بېشىمغا

كۆزن چۈشتى. قارا بۇلۇت ئۈستۈمدە ئەگىپ يۈرۈپتۇ. سەن ئەمدى ماڭا خىزمەت قىلمايدىغان بولساڭ، غەزىۋىمنىڭ قەھرىنى سىنىپ كۆرۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ.

ۋاڭنىڭ سۆزلىرى غەزەپتىنمۇ ياكى يالۋۇرۇشتىنمۇ ئىشقىلىپ ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقاتتى. ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇپ بىردەم جىم بولۇپ كەتتى. مىرغەزەپ غەزەپلەنسىمۇ چىشىنى چىشلەپ جىم ئولتۇراتتى. ۋاڭ ئۇخلىسىغا يېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— ئەگەر سەن مەندىن بەزمىگەن بولساڭ، قازى ساڭا نىمە ئىشنى بۇيرۇسا شۇنى قىلىشىڭ. ئىككى كۈن ئىچىدە پۈتۈن جاھاننى تېپچىلاندۇرۇپ مېنى خوشال قىلىشىڭ كېرەك. قېنى قازى، سىزچە قانداق قىلماقچى سۆزلەڭ.

قازى ئالدى بىلەن بېشىنى ئېگىپ ۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاندىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئالىيلىرىدىن سۇلتان ھاجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگىنىم ئۈچۈن، سۇلتان ھاجى ئازات قىلىندى. ھەر نىچۈك بولغاندىمۇ تۈز بەرگەن ئۇلۇغىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەيمىز. تۈز ھەققىنى ئاقلىماق ئىنساننىڭ ئالىي پەزىلىتىدۇر. ئوقۇشماسلىقتىن بولغان بەزى ئىشلارنى سۇلتان ھاجى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشى لازىم. مېنىڭ ئويۇمچە، بۈگۈن سۇلتان ھاجى بىلەن ئىككىمىز توپىلاڭچىلارنىڭ ئىچىگە بارايلى. ئالدى بىلەن باغىيلارنىڭ تەلىۋىنى ئاڭلاپ، ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىغىمىزنى ئېيتايلى ھەم ئۇلارنى ئىشەندۈرەيلى. ئەگەر ئىشەنمىگۈدەك بولسا، تۈز دىنىمىزدا ئىشەندۈرۈشنىڭ ئاخىرقى بىر ئۇسۇلى باركى، ئۇ بولسىمۇ، قۇرئان دەسسەپ تۇرۇپ، قەسەم ئىچىش. بۇنىڭ بىلەن يۇرتنى تېپچىلاندۇرغىلى بولىدۇ.

سۇلتان مىرغەزەپ يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئاچتى ھەم ئويلىدى: "تۈز ۋاقتىدا پۇقرانىڭ كۆز ياشلىرىدىن ئېھتىيات قىلمىغان ئىدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ تەلۋىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچىشكىمۇ تەييار بولۇشۇپتۇ. قەسەم ئىچىش — ۋەدىدە چىڭ تۇرۇش دېگەن سۆز، ئەگەر بۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان بولسا. پۇقرانىڭ ئېغىرچىلىقى جىق يەڭگىللىگەن بولىدۇ." سۇلتان ھاجى ئويلىماقتا. قازى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ بىز ئىككىمىزنى باغىيلار ئىچىگە تۇپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىشى ئۇلارغا كۈچى يەتمىگەنلىكتىنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇنچە خەقنى قانغا بوياش نادانلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

ۋاڭ سۇلتان ھاجىنى قازى بىلەن بىللە ئەتە — كۈن چىققاندا قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا بېرىشقا بۇيرۇدى ۋە ھەممە ئىش قازىنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغانلىقىنى، خەلق نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى تاشقا ئويۇپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پۇقرالارنىڭ تەلۋىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ سۇلتان مىرغەزەپ خۇشال بولدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى. كۆڭلى ئارام تېپىپ پۈتۈن بەدىنى يېنىكلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ۋاڭ سۇلتان ھاجىغا ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ ھاردۇق ئېلىشىنى بۇيرۇدى.

سۇلتان ھاجى ئادەت بويىچە، تازىمىدىن كېيىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان ھاجى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قازى پۈتۈن مەقسەتنى ۋاڭنىڭ قولىغا شۇۋىرلاپ دېگۈدەك ئېيتتى، خۇشال بولغان ۋاڭ:

— يارايسىز قازى، سىزگە سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مەنسىۋىنى بېرىمەن! — دېدى.

ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش-

لىقلىرى ئۇردا قوغۇنلۇغىنىڭ ئالچۇغىدا ئۇردىغا رەسمى، چوڭ ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. باتۇر ئالدى بىلەن نەچچە كۈندىن بېرى مامۇت تومۇرچى، موللانىيازلار سوقتۇپ پۈتكۈزگەن ئاي پالتا، قىلىچ، نەيزىلەرنى كۆچلۈك ئەزىمەتلەردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچى قوشۇنلارغا تارقىتىپ بېرىشنى، ئۇلارغا قىلىچۋازلىقنى ئۆگىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

موللانىياز باتۇرنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلۇپ دېدى:

— كومۇرلۈكتىن كەلگەن قوشۇن بىلەن شەھەردىن توپلانغان چوڭ قوشۇننى ھەر ئېھتىمالغا قارشى يىراقراق موكتۇرۇپ قويۇش كېرەك. نېمە ئۈچۈن دېسەڭلەر، ۋاڭ يا ئۇرۇنچىدىن، ياكى باركۆلدىن ياردەمگە ئەسكەر يۆتكەپ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە، كۈچىمىزنى ساقلاشقا پايدىسى بار.

— بۇ جايىدا گەپ بولدى، — دېدى مامۇت تومۇرچى، مانا بۇ يېقىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇلار بىلەن ئۆزەم ئېلىشالايمەن!

— مېنىڭ ئويۇمچە، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى تۇرسۇن ئاتا، — ئۇردىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمىغىنىمىز تۈزۈك. ئالدى بىلەن كىشىلەر قولىغا ئالغان قوراللىرى بىلەن تونۇشسۇن. ئۇرۇنلاشتۇرۇشىمۇ پۇختا بولسۇن، چالا-پۇلا ئىش قىلىپ قويۇپ، قالايمىقانچىلىقتا ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئۆزىمىز قىرىپ تاشلايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

ئولتۇرغانلار تۇرسۇن ئاتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمما باتۇر كۈلمىدى. ئۇ جىددى قىلىپ دېدى:

— تەييارلىق ئەلۋەتتە ناھايىتى زورۇر، لېكىن ھۇجۇمنى كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ. ۋاڭ ئۆزىنى پۇختىلىۋالغىچە ھۇجۇم قىلىشاق بىزگە پايدىلىق. بۇ يەرگە يىغىلغان ئادەمنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنى ئۇزۇنچە بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشىمۇ بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئالدىراش كىرىپ كەلگەن سادىقنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋەتتى:

— ياسىن قازى بىلەن سۇلتان سوراقچى بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، بىزنىڭ قاراۋۇللىرىمىز تۇتۇپ باغلاپ قويدى.

ئارىدا بىر پەس جىملىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن باتۇر بۇيرۇدى:

— بۇياققا ئېلىپ كېلىڭلار!

كۆپ ئۆتمەي، سۇلتان مىرغەزەپ بىلەن قازى ئېلىپ كېلىندى. باتۇر مىرغەزەپنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سورماقچى بولدى. لېكىن مىرغەزەپنىڭ قانداقتۇ بىر مەنىلىك كۆز قىسىشىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال خىيالىدىن يانىدى-دە، ئۆزىنى ئوڭشاپ، ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى ئويلىدى.

— بىزنىڭ مەقسىدىمىز سىلەر بىلەن بىر، — دېدى قازى مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئۇياتسىز ۋاڭ شۇنچە خەقنى قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، بارىسكۆل، ئۈرۈمچىدىن ئەسكەر تارتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. قاراپ تۇرۇپ قولىدا قورال بولمىغان ساددا خەلق قانغا بويالسا، قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ شۇ ۋەجىدىن بىز خەلق تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. خەلقنى قانغا بويىلىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تەلۋىڭلارنى قويۇڭلار، بىز ۋاڭنى سىلەرنىڭ تەلۋىڭلارغا كۆندۈرىمىز. ۋاڭ ئۆزىمۇ شۇ قارارغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بىزنى يولغا سالدى.

قازىنىڭ ئۇزۇنچاق ساغۇچ يۈزلىرىدە خوشامەتچىلىك كۈلكىسى پەيدا بولدى. كۆزلىرى بولسا مۇغەمبەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇراتتى.

باتۇر مىسلىسىز ئۆچمەنلىك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا خەنجەردەك تىكىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىغا باردى-دە، ئۇنىڭ

ياقىسىدىن تۇتۇپ، بىرنەچچە قېتىم سىلكىپ قويۇۋەتتى ۋە دېدى:
— زالىم ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھاياسىز شاھزادىسى، ئوردا ئىچى- 
دىكى ساغا ئوخشاش زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكى پۈتۈن خەلقنى
سەرسانلىققا سالدى!
ئالچۇق ئەتراپىغا يىغىلغان خەلق ۋاقىرىماقتا. ئۇلارنىڭ "قازىغا
ئالدانماڭلار، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار" — دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلان-
ماقتا ئىدى. باتۇر بۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالغان ھالدا سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:
— سەن قازىمۇ جىنايەتلىرىڭ بىلەن خەلق ئالدىدا گۇناكارسەن،
خىيال ئەيلىمىگىنكى، خەلق سېنى بوش قويۇپ بەرمەيدۇ!
شۇ چاغدا ئالچۇقنىڭ ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ ئىككى ئايال
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرسى ياش ئايال، يەنە بىرسى موماي
ئىدى. ياش ئايالنىڭ قولىدا توقماق بار ئىدى. ئۇ كىرىش بىلەنلا
قازىنى:
— ھەي ئۇياتسىز، شەرمەندە، تۆھمەتخور ئىبلىس! سەن بۇ
يەرگە كىمنى ئالدىغلى كەلدىڭ! — دەپ تىللاپ كەتتى.
ئۇ تىللاش بىلەن دەردى چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، قازى-
نىڭ بېشىغا توقماق بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سېلىش ئۈچۈن،
توقماقنى ئىگىز كۆتەردى. تۇرسۇن ئاتا قازىنىڭ توقماق تېگىشى
بىلەن ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇ-
ۋالدى.
— مېنى قويۇۋەت! تۇرسۇن ئاتا، قويۇۋەت! — دەپ ۋاقىردى
ئايال، — بۇ مۇناپىقنى ئىككىنى ئۇرۇۋالمىسام دەردىم چىقمايدۇ!
شۇ ئەسنادا موماي قازىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ غەزەپ بىلەن
ۋاقىراشقا باشلىدى:
— ھەي قارا يۈز، مۇناپىق! شۇ يۈزۈڭنى كۆتىرىپ خەلق
ئالدىغا نىمە دەپ كەلدىڭ؟ سېنىڭ نىيىتىڭ زالىم ۋاڭغا يەنە نىجاتلىق

تىلەشمۇ ـ ھە؟ بىلىپ قوي، سەن ئەمدى ۋاڭنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايسەن!

بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى مايىنۇرخان، بىرسى شەرىخان موماي ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىك، قىساس ئوتى يېنىپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلىرى بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا لاۋۇلداۋاتقان ئىنتىقام ئوتىغا ياغ چاچقاندەك بولدى.

ئارىغا موللانىياز چۈشتى. ئۇ قازىنىڭ ئىڭگىكىدىن تۇتۇپ يۇقۇرى كۆتىرىپ:

— ماڭا قارا، مېنى تونۇۋاتامسەن؟ — دېدى. قازى موللانىيازنى تونۇپ قېتىپلا قالدى. موللانىياز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەممە پەسكەش جىنايەتنى سەن قىلدىڭ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۇۋالىغا بىزنى قويدۇڭ، سەن مۇناپىق بۇنىڭغا رازى بولماي، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ۋاڭغا يالغان ئەرز يېزىپ، مېنىڭ كاللامنى ئېلىشقا يارلىق ئالدىڭ. مانا ئەمدى مېنى ئوردىغا ئاپىرىپ، كاللامنى ئېلىپ، باقى قويچىنىڭ يېنىغا ئاس!

قازى موللانىياز ئالدىدا تىزلىنىپ ھىلىگەرلىك بىلەن ئۆز گۇنايىنى تىلەشكە باشلىدى:

— ھەرقانچە بولسىمۇ، شەيتاننىڭ ئىشى، خۇدايىم تۇۋۋە قىلغان بەندىسىنى كەچۈرىدۇ. سەنمۇ كەچۈرگىن مېنى...

ھەممە تەرەپتىن: "قازىنى دۇمبالاش كېرەك، ئۆلتۈرۈش ـ چېپىش كېرەك!" دېگەن چۇقان سادالىرى ياڭرىدى. قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك بولۇپ كەتكەن قازى باتۇرنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ ئەپۇ سوراشقا باشلىدى:

— ئەيىپسىز بىر ئاللانىڭ ئۆزىدۇر، جېنىم ئوغلۇم، ماڭا رەھىم قىل، ئازمايدىغان ئىنسان يوق. مەن ئازدىم. گۇنا قىلدىم، قانسىرىغان تېنىم قىلىچىڭ ئالدىدا ئەيىپكار، مەن ئەمدى سەندىن گۇنايىمنى تىلەيمەن. مېنىڭ جېنىم سېنىڭ قولۇڭدا...

باتۇرنىڭ بېشىدا ھەرخىل پىكىرلەر ئايلىنىپ كەتتى. "نېمە قىلىش كېرەك؟" ئۇ ئاستا مۇللانىيازنىڭ كۆزىگە قارىدى. مۇللانىياز: "ئەدىۋىنى بېرەيلى" دېگەن مەنىدە مۈشتىنى سىلكىپ قويدى.

— ئېلىپ چىقىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى باتۇر.

— ئۆز گۇنايىنى تونۇغان ئىنساننى خار قىلما ئوغلۇم، سېنىڭ ئادىللىقىڭغا ئىشەنمىسەم ئالدىڭغا كېلەتتىممۇ؟ شۇنچە كۆپ، ئاجىز پۇقرانى ئوقتا تۇتۇپ بېرىشنى خالىمىدىم، يامانلىق يولىنى تۇتسام بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم...

قازىنىڭ ياغلىق تىللىرى بىر قىسىملارنى ئويلىنىشقا سېلىپ قويدى.

— قوي ئۇكا، — دېدى تۇرسۇن ئاتا، — ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەرچەندە راستىنلا ۋاڭ ئىنساپقا كەلگەن بولسا، دېگەنلىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتسۇن، ئەمدى بۇلارنىڭ ئالدىدا بوزەك بولمايمىز. بىز ئالدى بىلەن تەلىۋىمىزنى قويايلى. ۋاڭ بۇنى تاشتا ئويۇپ، ئوردا قوۋۇق ئالدىغا ئولتۇرغۇزسۇن. ئازنا كۈنى ۋاڭ خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۇنالىرىغا كەچۈرۈم سوراپ ئىككىنچى شۇنداق قىلماسلىقىغا، بىزنىڭ جىمى تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنلاشقا قەسەم ئىچسۇن.

بۇ يەردە تۇرغانلار تۇرسۇن ئاتىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇشنى ياكى قوشۇلماسلىقنى بىلمەي جىم بولۇشۇپ قالدى. باتۇر قازىنى چىقىرتىپ، قازىنىڭ سۆزىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، سۇلتان ھاجىغا قارىدى.

سۇلتان ھاجى مەقسەتنى چۈشىنىپ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋاڭ خەلقنىڭ كۆچىدىن خېلى چۆچۈگەندەك قىلىدۇ. ئۇ مېنى زىنداندىن چىقارغاندا، ماڭا: "پۇقرانىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ بېرىمەن" — دېدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭغا بىر ئاز ئىشىنىپمۇ قالدىم. ۋاڭ ئەمدى ئىنساپقا

كەلسە كېرەك، — دېدى. باتۇر سەل ئويلىنىپ قالدى.

ئاخشىمى تۇرسۇن ئاتىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قازى قويۇپ بېرىلدى، مىرغەزەپمۇ كەتتى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى پەيدا بولدى ۋە بۇ ئىختىلاپلار بارغانسېرى كۈچەيدى. تۇرسۇن ئاتىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر قازىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ: "ئەگەر ۋاڭ خەلق ئالدىدا قەسەم ئىچسىلا، بۇ ئۇنىڭ ياخشىلىققا ماڭغىنىنى، شۇنىڭ بىلەن قان تۆكۈلمەيلا ئىش ھەل بولىدۇ" — دېيىشتى. باتۇر، موللانىيازنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر بولسا: "قازىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ۋاڭ بىزنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرمەكچى، ھوشيار بولۇپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك" — دېيىشتى.

ئەتىسى كەچتە قازى مىرغەزەپنى باشلاپ يەنە كەلدى. ئۇلار ۋاڭنىڭ: "خەلق گۇۋايىمدىن كەچسۇن. مەن قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىشكە تەييار، پۇقرالار ئالدى بىلەن تەلەپلىرىنى قويسۇن، مەن بۇنى تاشقا ئويدۇرۇپ ئوردا قوۋۇق دەرۋازىسىغا ئولتۇرغۇزىمەن، ئاندىن تەلەپلەرنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلايمەن" دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

تۇرسۇن ئاتا بۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق ئىشىنىپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر تۇرسۇن ئاتىنى ياقلىدى. ئۇلار ئالۋاڭ - سېلىقنى ئازايتىش، ۋاڭنىڭ پۈتۈن يەرلىرىنى، كۆمۈر كانلىرىنى دېھقانلارغا ئىجارە بېرىپ، ئاز مىقداردا ئىجارە ھەققى ئېلىش، قوزغىلاڭ قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق... قاتارلىق بىرمۇنچە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا جىددىي تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتتى ۋە بۇ تالاش - تارتىش بۆلۈنۈش تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. بىر قىسىملار تۇرسۇن ئاتىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: "بىزنىڭ قولىمىزدا قورال يوق. ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسكەر بىلەن قورال بار،

خەلق قانىغا بويىلىپ كېتىدۇ، ئىشنى قان توكمەي تۇرۇپ ھەل قىلغان تۈزۈك" — دېگەن پىكىردە تۇردى. بىر قىسىملار باتۇر، موللان- يازنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: "يولۋاسنىڭ ھىجايغىنىنى كۈلگىنى دېگىلى بولامدۇ؟ زالىملاردىن نىجاتلىق تىلەش ئەخمەقلىق بولىدۇ. سېپىلنىڭ توت تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان خەلقنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش كېرەك. ۋاڭنى ئاغدۇرمىغىچە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ" دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا قايىل بولماي، ئارىدا ئاز-تولا ماجىرامۇ چىقتى. ماجىرا چىقىش بىلەن تەڭ، تەرەپ-تەرەپتە تىمىسقى- لاپ يۈرگەن ۋاڭنىڭ تىڭ-تىڭچىلىرى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى سۈركىلىشنى ۋاڭغا يەتكۈزۈپ مۇكاپات، ئىنئاملار ئالدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك باتۇرنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ شۇنچىلىك ئازاپلاندىكى، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كۈندۈزى كۆڭلى ئاق تارتمىدى. شەرىخان موماي نەۋرىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئېچىندى ۋە بۇ ئېچىنىش باتۇرنىڭ كۆڭلىدىكى بىئاراملىق بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

— ۋاڭنى ئىناپقا كېلىدۇ دېگىلى بولامدۇ، بالام؟ — دېدى موماي غەزەپ بىلەن، — يىلاننىڭ تېشى يالتىراپ تۇرغىنى بىلەن ئىچى زەھەر، ئۇ بەرىبىر ئادەمنى چاقىدۇ. ۋاڭمۇ، تەيجىلەرمۇ، قازىمۇ شۇ- نىڭغا ئوخشاشلا زەھەرلىك يىلان، مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە بىز پۇقرالار بۇ زالىم بەتنىيەتلەردىن ئىناپ دېگەننى كۆردۇقمۇ؟ مانا مېنى قۇللۇققا تۇتتى. ئاخىرى كېلىپ گۈلشەن بىلەن داداڭنى ئۆلتۈرۈ- ۋەتتى. بوۋاڭنى تۇتۇپ كەتتى. سەن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى بىلى- سەڭ بولىدۇ. سىلەر باشلىغان ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، ئۇنى ئاخىرىغا چىقارماي بولمايدۇ!

مومىسىنىڭ سۆزلىرى باتۇرغا ئارام، ئىلھام، ئۈمىت بېغىشلىدى. ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن مومىسىنىڭ مېھرىۋان كۆزلىرىگە قارىدى.

لېكىن ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئارىدا بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يېنىغا موللانىياز كەلدى.

— مۇنداق قىلايلى! — دېدى موللانىياز غەمكىن بىر قىياپەتتە. — بۇ ئاغىنىلەر ۋاڭنىڭ قورئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكىنىنىمۇ كۆرۈپ باقسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەييارلىغىنىنى قىلىۋېرەيلى! ھازىر بىزنىڭ تەرىپىمىزدە ساپلا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ياش ئەزىمەتلەر، باتۇر يىگىتلەر، پالۋانلار، قورقماس ئوغلانلار تۇرۇپتۇ. بۇلارنى قوراللاندۇرايلى، جىددى مۇداپىئە كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرسۇن. قالغانلارمۇ ۋاڭنىڭ ۋەدىسىنى كۆرۈپ باقسۇن. قانداق دەيسەن باتۇر؟

باتۇر ماقۇل بولدى.

ئەتىسى سەھەردە ۋاڭ بېيجىڭ خانلىغىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە سېپىل ئۈستىگە چىقتى. شۇ چاغدا تۇرسۇن ئاتا باشچىلىغىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر سېپىلنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. قازى ۋاڭغا ۋاكالىتەن خەلق تەلىۋىنىڭ چوقۇم ئىجرا قىلىنىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ سۆزلىدى. تەلەپلەر ئويۇلغان يوغان تاش ئوردا ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇلدى. كېيىن ئوردا قوۋۇق، سۇ قوۋۇق دەرۋازىلىرى ئېچىۋېتىلدى.

ۋاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتتە-سەككىزدەك ئاخۇن قوللىرىدا قۇرئان تۇتۇپ تۇراتتى. كىشىلەر: "ئۇلار ۋاڭغا ۋاكالىتەن قۇرئان دەسسەپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىدىكەن" — دەپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى. شۇ ئەسنادا قازى كىشىلەرنى سېپىلغا يېقىنراق كېلىشكە ئۈندىدى. ۋاڭغا خام-خىيالدا بولغانلار ئالدىنىراق سۈرۈلۈپ، بىر بىرىنى سىقىدىشىپ سېپىلغا يېقىنلاشتى. "زالىملاردىن نىجاتلىق كۈتۈشكە بولمايدۇ" دىگۈچىلەر قولىغا قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا ئالغان ھالدا ھەيۋەتلىك ئاتلارغا مىنىپ ھالقا شەكلىدە يىراقتا تۇرۇشتى.

ئاسماننى يامغۇر بۇلۇتلىرى قاپلىغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ

جىمجىتلىقنى سىپپىل تەرەپتە ھۇۋلىغان ھۇقۇشنىڭ ئۈنى بۇزۇپ تۇراتتى. ۋاڭ پەرۋاسىز ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى. شۇ مەھەلدە قازى ئۇنىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپ:

— ھازىر ئاخۇنۇملار ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامغا ۋاكالىتەن قەسەم ئىچىدۇ. ئالدى بىلەن ھەممىمىز خۇدادىن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلايلى، ئامىن! — دەپ قول كۆتەردى.

بىخوت كىشىلەر ئالقانلىرىنى يېيىپ، بىر بۇلۇتلۇق ئاسمانغا، بىر قاداق باسقان. قوللىرىغا قاراپ ئاللانى ياد ئېتىشكە باشلىدى. دۇئا تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. قازى كەينىگە قاراپ سىرلىق ئىشارەت قىلدى. بۇ چاغدا ۋاڭ غايىپ بولغان ئىدى. تۇيۇقسىز چېرىكلەر توپ - توغرا كىشىلەر توپىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. دالدىسىز ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان سانسىز تەنلەر سىپپىل ياقىلاپ يىقىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇرۇمچى ھەم بارىكۆلدىن كېلىپ سىرتتا يوشۇرۇنۇپ ياتقان چېرىكلەرمۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق بىلەن تەڭ باتۇرنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى.

باتۇر ئۆز قوشۇنىدىكىلەرگە بارلىق ئاۋازى بىلەن جاكالىدى:

— ئالغا! بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە ئېلىشايلى! ئالغا!

شۇنىڭ بىلەن ھايات - ماماتلىق جىددى ئېلىشىش-تىركىشىش باشلىنىپ كەتتى.

چۈش قايرىلغىچە شۇنداق شىددەتلىك جەڭ بولدىكى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئاز چىقىم بولمىدى. باتۇرنىڭ قوشۇنى بىر قىسىم قۇرالغىمۇ ئىگە بولدى. شىددەتلىك جەڭ ئارىسىدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ "يا ئۆلۈم! يا كورۇم!"، "سەنلەرنىڭ قوللۇڭلارغا چۈشكىچە شېھىت ئۆلگەن ياخشى!"، "زالىم ۋاڭنى يوقىتايلى!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. نەيزە، قىلىچ، ئايپالتا تۇتقان ئاتلىق قوزغىلاڭچىلار، چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلاتتى. مىلتىق ئولجا ئالغانلار ئوق ئاتسا، نەيزىچىلەر نەيزە ئۇراتتى.

قىلىچ، ئايپالتا كوتەرگەنلەر دۈچكەلگەن چېرىكلەرنى چاپات-
تى. بىراق جەڭ ئۇزارغانسېرى چىقىم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ
چاغدا ئىسلام ئات چاپتۇرۇپ باتۇرنىڭ يېنىغا كەلدى. باتۇرنىڭ
يېنىدا كامال بار ئىدى.

— مىلتىقنىڭ كەمچىللىكى بىزگە ئوڭايسىزلىق كەلتۈرۈۋا-
تىدۇ، — دېدى ئىسلام، — تىغمۇ - تىغ، يۈزمۇ - يۈز تۇتۇشقانلارنىڭ-
غۇ قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا بىلەن ئەدىۋىنى بېرىۋاتىمىز. ئەمما بۇ
مەلئۇنلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ئاتقان ئوقى ئادەملىرىمىزنى بىھۇدە
چىقىمغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ، مېنىڭچە دەرھال چېكىنىپ ئۆزىمىزنى
رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئېلىشساق قانداق؟

باتۇرمۇ دەل شۇنى ئويلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىسلامغا جاۋاپ
بەرگىچە ئويۇقسىز كەلگەن ئوق تېگىپ ئىسلام ئات ئۈستىدە
قىڭغىيىپ قالدى. كامال دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ ئىسلامنى يۆ-
لىدى. بىراق ئىسلام جان ئۈزگەن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى سېپىل
ئۈستىدە دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ تۇرغان قازى باتۇر بىلەن كامال-
نى تىرىك تۇتۇشنى بۇيرۇغان ئىدى.

شۇ ئارىدا بىر توپ چېرىكلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇمىلەپ
كېلىشىپ، باتۇر بىلەن كامالنى قورشىۋالدى. ماموت زور لېرىدىن
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ قورشاۋنى يېرىپ
كەلدى - دە، ئۆزى سوققان ئايپالتىدا باتۇر بىلەن كامالنى قور-
شىۋالغان چېرىكلەرنىڭ ئورغۇنىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

چېرىكلەر قېچىشقا باشلىدى. سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان
ۋاڭ ھەم ياسىن قازى تىپىرلاپ كەتتى ۋە بازاردىن ياردەمگە
كەلتۈرۈلگەن ئىككى يۈز چېرىكنى بۇ ئۈچەيلەننى تىرىك تۇتۇشقا
ئەۋەتتى. ئاتلىق ئىككى يۈز چېرىك باتۇر، ماموت زور، كامالنى
قورشاش ئۈچۈن يۈگۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. باتۇر ياڭراق ئاۋاز
بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا بۇيرۇق بېرىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ھەم-
مەيلەن ئۇنى ياندىشىپ سىرتقا قاراپ شىددەت بىلەن ئات سال-

دى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوتلار چاچرايتتى. ئۇلار هايت - هۇيت دېگۈچە بىر يەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. كەينىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇمىدىنى ئۈزگەن هالدا كەينىگە ياندى. لېكىن بىر قىسمى ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ ئالتۇن، كۈمۈش مۇكاپات ئېلىشنى كۆزلەپ، جاھىللىق بىلەن قوغ-لاشنى داۋاملاشتۇردى.

مەمۇت زور ياندىشىپ كېتىۋېتىپ:

— باتۇر سەن ئېيتقاندەك پايلاپ تۇرۇپ ئەدىۋىنى بېرىش كېرەك! — دېدى.

باتۇر بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا چېرىكلەر-نىڭ كەينىدىن موللانىياز باشچىلىغىدىكى بىر قىسىم يىگىتلەرنىڭ قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىغى مەلۇم بولۇپ قالدى. باتۇر بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى-دە، بۇيرۇق قىلدى:

— كەينىمىزگە قاراپ ھۇجۇم!

باتۇرنىڭ سەپداشلىرى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە دەرھال بۇ-رىدى-دە، باتۇرغا ئەگىشىپ چەمبەر شەكلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى ۋە چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا شۇنداق شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باردىكى، كورەڭلەپ، قوغلىشىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇلار ئىككى سەپنىڭ ئارىسىدا قالدى. ھەتتا ئاتلىرىمۇ ئۈركۈپ، ئۇياق - بۇياققا ئەپ قېچىشقا باشلىدى. كورۇنۇپ تۇرغان ئۆلۈم خەۋپى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ تۈزلەڭ سايلىقتا بولغان ئېلىشىش ئۇزاققا بارمىدى.

قوزغىلاڭچىلار چېرىكلەرنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا تارمار قىلى-دى. سايلىقتا چېرىكلەرنىڭ جەسىدى يېيىلىپ كەتتى؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى، پەقەت ئىككىسىلا قېچىپ كېتەلىدى. باتۇرنىڭ سەپداشلىرى يۈزلەپ مىلتىق، ياخشى ئاتلارغا ئىگە بولدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر بىرسى ئىككىدىن ئات، ئىككى - ئۈچتىن مىلتىق بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى...

## يىگىرمە سەككىزىنچى باپ

قىيىن ئىگەر چاپتۇردى،
كىمخاپ بىلەن ياپتۇردى.
يۈزى قارا شامەخسۇت،
شۇنچە خەقنى ئاتتۇردى.

خەلق ئۇشتۇمتۇت ئوققا تۇتۇلغاندا، قازى ئىشىنىڭ ئۆز پىلانى بويىچە بولغانلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ گىدىيىپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ گېلىنى سۇلتان ھاجىنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئام-بۇردەك قىستى:

— ئادەم ئەمەس ۋەھشى ھايۋان ئىكەنسەن! ئەسلى سېنىڭ نىيىتىڭ شۇمىدى؟ شۇنچە خەقنى قانغا بوياپ نىمە مەقسەتكە يەت-مەكچى ئىدىڭ، ئالدامچى ئىپلاس! مېنىمۇ ئالداپسەن مۇناپىق!

سۇلتان مىرغەزەپ قازىنىڭ كاچىتىغا ئىككىنى ئۇرۇۋشقىلا ئۈلگۈر-دى. ئاڭغىچە چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ چەمبەرچەس باغلىدى. شۇ ئەسنادا بارىكولدىن ياردەمگە كەلگەن چېرىكلەر قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغى بولمىغان بىگۇنا خەلقنى دەھشەتلىك باستۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. نۇرغۇن خەلق ئۆلدى. بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئاز بىر قىسمى يوشۇرۇندى. تۇرسۇن ئاتا بىلەن سوپى دىخان تىرىك قولغا چۈشتى. ئەتىسى ئاتلىق چېرىكلەر كوچا-كوچىلاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ خەلقنى تۇتقۇن قىلدى. بىرنى قوزغىلاڭغا قاتناشتىڭ، دەپ تۇت-سا، بىرنى قوزغىلاڭچىنىڭ تۇققىنى، ئاغىنىسى، دەپ تۇتتى. گۇن-دىخانا ئادەمگە لىق تولدى.

خەلق دەھشەتلىك قورقۇش، ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ۋاڭ تۇتۇلغانلارنى بارىكولدىن ياردەمگە كەلگەن چېرىكلەرنىڭ جازالىشىغا تاپشۇردى. پۈتۈن خەلق جازا مەيدانىغا يىغىلدى. تۇتقۇنلارغا جازا ئېلان قىلىندى. تۇرسۇن ئاتا باشلىق سەككىز كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش جاكالاندى. بۇ سەككىز كىشىگە سەككىز جاللات بەلگىلەندى. سەككىز كىشىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەر بىرى قولىدا قىزىل كىگىز كۆتىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇمىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئالدى بىلەن تۇرسۇن ئاتىنىڭ بېشىنى كېسىدىغان جاللات ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ قولىدا چاقنىغان قىلىچ كۆتەرگەن ئىدى. جاللات ئاۋال قىلىچنى پىقىرىتىپ چامباشى ئوينىدى. ئۇنىڭ قەلىچى كۈن نۇرىدا ۋالىلدايتتى. ئاندىن ئۇ، يىراقتىن سەكرىگەن پېتى كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرغۇزۇلغان تۇرسۇن ئاتىنىڭ بوينىغا چەنلەپ تۇرۇپ قىلىچ ئۇردى. لېكىن تۇرسۇن ئاتا يىقىلمىدى. قىزىل كىگىز كۆتىرىپ تۇرغان، تۇرسۇن ئاتىغا تونۇش بولمىغان كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ، تۇرسۇن ئاتىنى قىزىل كىگىز بىلەن تورۇۋالماقچى بولغان ئىدى، جاللات يېقىن كەلتۈرمىدى. يەنە ئۈچ قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ، تۇرسۇن ئاتىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە كېسىلگەن باشنى قولىغا ئېلىپ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئەمدى سوپى دىخاننىڭ بېشىنى ئېلىش بۇيرۇق قىلىندى. ئىككىنچى جاللات بىرىنچى جاللاتنىڭ ھەركىتىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ تەكرارلىدى. بۇ جاللاتنىڭ چامباشىغا ئۇگەنگەن پۇت-قوللىرى چاققان ھەركەتلىنەتتى. ئۇمۇ يىراقتىن سەكرەپ كەلدى-دە، سوپى دىخاننىڭ بېشىغا چەنلەپ تۇرۇپ قىلىچ ئۇردى، لېكىن سوپى دىخان قىلىچنىڭ شەپىسى كەلگەن ھامان بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى. غەزەپلەنگەن چېرىك قونچىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سوپى دىخاننىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى-دە، ئۇنىڭ يۈرىگىگە خەنجەر ئۇردى ۋە خەنجەرنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇنىڭدىكى قاننى تىلى بىلەن يالىدى.

جاللاتلار شۇ ھالەتتە سەككىز كىشىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى. ئىبراتتا سۇلتان سىرغەزەپ ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. چېرىكلەر ئۇنىڭ پېيىنى كېسىپ ئازاپلىماقتا، كىشىلەر بۇ دەھشەتلىك ياۋۇزلۇقتا چىداپ تۇرالمىدى. بەزى قېرىلار ھۇشىدىن كەتتى. يۈزلىگەن كىشىلەر پۇتىغا دوگگە، بويىنىغا قوۋۇق سېلىنىپ، سۇ قوۋۇق، ئۇردا قوۋۇق دەرۋازىلىرىدا ئىبرەت ئۈچۈن ئۇلتۇرغۇزۇپ قويۇلدى...

باتۇر يۈز كىشىدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ، تۆت تەرىپى تاغ، قېلىن قارىغايلىققا يېتىپ كەلدى.

بۇ قاتمۇ-قات تاغلارنىڭ ئېگىزلىكىگە كۆز يەتمەيتتى. قارىغايلارنىڭ ئاستى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن، ئەسىرلەر بويى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بۇ جايدا توكۇلگەن يوپۇرماقلار چىرىپ كەتكەن ئىدى. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تەبىئى ئۇستەڭدە شاقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۈچ ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان تال دەرەخلەر قاپلىغان، نەچچە يۈز يىللىق قارىغايلارنىڭ ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇراتتى. بۇ يەر تولىمۇ ئەپلىك ھەم گۈزەل جاي ئىدى. رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر، خىلمۇ-خىل ئۇچار قۇشلار ۋە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. كېچىلىرى يولۋاس ۋە چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، ياۋا توڭگۇزلارنىڭ چىقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پالۋانلار ئوۋچىلىق قىلىشقا ئەپلىك بولغان بۇ جايدا بىرقانچە كۈنگىچە ئوۋلاپ كەلگەن ياۋايى ھايۋانلارنى، ئۇچار قۇشلارنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى.

باتۇر بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاجرىتىپ شەھەرگە ۋە بىرقانچە تاققا ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ پىلانى ئاۋال تاغ خەل-

تىنى قوزغاش، تاغدا كۈچ توپلاش، شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىشكەندە بىراقلا شەھەرگە، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋاڭنى يوقىتىش ئىدى.

ئۇلار بۇ يەردە ئون كۈندىن كۆپرەك تۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپكە ئەۋەتىلگەن خەۋەرچىلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، قۇمۇلدا بولغان قوزغىلاڭ بىلەن تەڭ ئون ئىككى تاغدىكى خەلقمۇ ئويغانغان، ئۇلارمۇ ئۆز ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زالىملارغا قارشى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم خەۋەر شۇ بولدىكى، باتۇرنىڭ يۇرتىدىكى ئىبراھىم دوغا ئۆلگەندىن كېيىن ۋاڭ ئۇنىڭ ئورنىغا گالى پالۋاننى دوغا قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. مىرغەزەپ تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن گالى دوغىنى دوغىلىقتىن ئېلىۋېتىپ باشقىسىنى تەيىنلەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، خەلق بۇنى ئاڭلاپ "گالى دوغىنى دوغىلىقتىن ئالمايمىز، ئەگەر باشقىسى دوغا بولسا، تۇرۇپ ئولتۇرىمىز!" — دەپ قارشى چىقىپتۇ؛ بۇنىڭ بىلەن تاققا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دوغىمۇ كېلەلمەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان باتۇر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كېڭەش ئېلىپ باردى.

تاڭ يورۇپ، يەر-زېمىننى بارا-بارا نۇر قاپلاشقا باشلىدى، تاغ-ئورمانلار يورۇپ قارىغاي شاخلىرى كۈننىڭ نۇرى بىلەن چاقناپ كەتتى. رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئۈستىدىكى شەبنەم مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. ئورمانلاردا ھەرخىل قۇشلار سايرايتتى. باتۇر، موللانىياز، كامال، مامۇتزور يەنە بىرمۇنچە سەپداشلىرىنى باشلاپ، ئۆز ۋاقتىدا دادىسى قوي باققان تاققا قاراپ يولغا چىقتى.

باتۇر ئايرىلغىنىغا خېلى يىللار بولغان ئاتا - ئانىسى جاپا -
مۇشەققەت بىلەن كۈن كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ زۇلۇم، ئازاپ - ئو-
قۇبەتلىرىگە ھەم سوھبەت بولغان كوكۇش تاغلارغا، شالاڭ قارىغاي-
لىقلارغا، شاقىراپ ئېقىۋاتقان سۇپ - سۇزۇك تاغ سۇلىرىغا قاراپ
بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇ، گۇللەر ئېچىلىپ تۇرغان ياپ - يې-
شىل يايلاقلاردىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئاتا - ئانىسى يازلىقى كوچۇپ
يۇرۇپ قوي باققاندا تىككەن ئاق ئويىنىڭ ئورنىنى كوردى. ئەنە،
ئۇنىڭ كوز ئالدىدا كىچىككىنە ئويناپ يۇرگەن تاغ - يايلاقلار
ھازىرقىدەك يادىدا تۇرۇپتۇ. باتۇر ئېتىنى يېتىلىگەن پېتى ئاستا
قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئېتىنى ئوت-
لاشقا قويۇۋەتتى - دە، يوغان ئاق تاشنىڭ ئۇستىگە كېلىپ ئوڭ-
دىسىغا ياتتى. ھازىر ئۇ ھارغان، قوسىقى ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن بىر قاتار ئۇنتۇلماس ئىشلار ئوتۇشكە باشلى-
غان ئىدى. ئەنە، تومۇر ساناق ئېلىپ بارىدىغان مەيدان ئوچۇق
كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. دادىسى باقى قويچى، بەلكىم، ئەنە شۇ مەي-
داندا ئوتتۇلغاندۇر. ئۇنىڭ قەھرى غەزەپ بىلەن ئېيتقان سوزلىرى
تومۇر ساناق ئېلىپ بارغانلارغا نەشتەردەك تەككەندۇر....

باتۇر ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، تومۇر ساناق ئېلىپ
بارىدىغان مەيدانىغا كەلدى. بۇيەردە يىراق - يىراققا سوزۇلغان مال
قوتانلىرى، تامغا قىزىتىش ئۇچۇن يېقىلغان گۇلخانلارنىڭ چالا كويگەن
كويۇندىلىرى تۇراتتى. ئۇ ئۇ يەردىن ئاتلاپ بىر ئېدىرنىڭ ئۇستىگە
چىقتى. ئېدىرنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، يىراقلارغا كوز تاشلىدى. ئەنە
مالچىلار قىشلىقى قىشلايدىغان تاش كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئويلەر.
ئويلەرنىڭ بىر قىسمى ۋەيران بولغان. ئۇ ئوزىنىڭ ئويىنى ئوچۇق
كورەلمىدى. باتۇر ئېدىرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە قارىدى. ئۇيەر
قەۋرىستانلىق ئىدى. ئىختىيارسىز ھالدا يۇرىكى دۇپۇلدەپ قەۋرىس-
تانلىققا يېتىپ كەلدى. بەزى يەرلەرگە قەۋرە قوپۇرۇلغان، بەزى

يەرلەرگە توپا دوۋىلىنىپ ئەتراپىغا چۈنچە تام سېلىنغان ئىدى. ئۇ، يېڭىراق بىر قەۋرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قەۋرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىرخىل ئۇششاق قارا تاشتا خەت يېزىلغان بولۇپ، "مەرھۇم شاكىر ئاخۇن" دېيىلىپ، ئاندىن ئاي، كۈن ئەسكەرتىلگەن. باتۇر كىچىك چېغىدا ئۆزىنى ئەركىلىتىدىغان ساقاللىرى ئاپپاق، قەدىردان بوۋايىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ نېرىراغىدا يەنە بىر قەۋرە تۇراتتى. باتۇر قەۋرىدىكى خەتنى ئوقۇدى. خەت بىرخىل ئاق تاش بىلەن ناھايىتى چىرايلىق تىزىلغان ئىدى: "مەرھۇم گۈلسۈمخان 38 ياشتا ۋاپات بولدى" باتۇر ئىختىيارسىز ھالدا قەۋرىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن تۇسۇپ خېلىغىچە ئولتۇردى. كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى.

ئۇ قىزارغان يۈز-كوزلىرىنى تاغ سۈيىدە يۇيۇپ، بىر چاڭگال سۈنى ئىچىپ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. ئۇدۇلدا — ئېرىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر قىزنىڭ سۇ ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىز يىراقتىن قولىنى چېكىسىگە قويۇپ ئوتلاۋاتقان ئاتلارغا، ئۆزىگە تونۇش بولمىغان كىشىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى. قىز يېقىنلاپ كەلگەندە، باتۇرنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز سوقۇپ كەتتى. ئەنە ئۇ باتۇرنىڭ تۇنجى قېتىم ياخشى كورگەن يارى گۈلدەستە ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن كوڭلى سۇنۇق كورۇنەتتى. ئۇنىڭ سىكىلەكلىرى، تال-تال ئورۇلگەن چاچلىرى، چېچىغا ئېسىۋالغان چاچ چاتقۇش، چاچ تۇمارلىرى بەكمۇ ياراشقان ئىدى. باتۇر بىلەن قىز ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىغىدا توختاشتى.

— باتۇر ئاكا، سىز...... بار ئىكەنسىز-ھە؟— قىز ھەيران بولغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا شۇ سوزنى قىلدى.

— ئولۇپ كەتتىمكىن دېدىڭىزمۇ؟— باتۇر قىزنىڭ يېقىملىق يۈزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— كىشىلەر ئاغزىدىن نامىڭىزنى ئاڭلاپ يۈردۈم، دىدارىڭىزنى

كورۈشكە نېسىپ بولمىدى.

باتۇر ئەمدىلا بىر نەرسە دېمەي دەپ ئاغزىنى ئاچقان ئىدى، گۈلدەستە نېرىدىن كېلىۋاتقان مامۇت زور، كامالىلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— ھارماڭ كامال، ھارمىسىلا مامۇت ئاكا، — دەپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— ھە، گۈلدەستە، بىزنى كۈتۈپ ئالمىغلى چىقىپسىز ـ دە؟ — دېدى مامۇت زور، چاخچاق قىلىپ. قىز قىزاردى.

— گالى ئاكامنىڭ ئېتى ساقمۇ؟ — دەپ سورىدى كامال.

— زالىم ۋاڭنىڭ ھاجىسى دادىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىشى ئاغمىسىزغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تاغدىن شاۋقۇنلىنىپ چۈشۈۋاتقان سۈپ ـ سۈزۈك سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى. باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ چىرايىدا ھەم كۈلۈمسىرەش، خوشاللىق ھەم مەيۈسلىنىش، قايغۇرۇش، خىجىل بولۇشتەك ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ كەتتى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن گۈلدەستە باتۇرغا قاراپ:

— نىمىشقا تۇرىسىز باتۇر ئاكا، جۇرۇڭ ئۆيگە بارىمىز، — دېدى.

— بىز كوپ ئادەم، سىلەرنىڭ ئۆيگە سىغمايمىز، — دېدى باتۇر چاخچاق قىلىپ.

— تاغنىڭ ئاسمىنى كەڭ، كوڭلىمىز ئېخىمۇ كەڭ، — دېدى گۈلدەستە تەبەسسۇم بىلەن، — تارتىنماي ھەممەيلەننى باشلاپ بېرىڭىزىڭ، — ئۇ سوغىنى تولدۇرۇپ سۇ ئالدى ۋە مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرۇپ، باتۇرنى يەنە تەكلىپ قىلدى، — بولمىسا مەن بىلەن بىللە مېڭىڭلار.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا موللانىياز كەلدى ۋە باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ بىر بىرىگە يېقىملىق قاراپ تۇرۇشلىرىنى

كورۇپ كۈلۈپ قويدى. كامال باتۇرغا يېقىنراق كېلىپ نىمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ئاندىن باتۇر گۈلدەستىدىن سورىدى:

— تاغىمىزنى ۋاڭ دوغىلىقتىن ئېلىۋەتتىمۇ؟

— دوغا-پوغا دېگەننى قويۇڭ، بۇ يەردىكى تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى دوغىدىن بىزار. سىز ئاۋال ئۆيگە بېرىڭ، تاغام خوشال بولىدۇ.

— ھېلى بارىمىز، سىز ئۆيىمىزگە خەۋەر قىلغاچ تۇرۇڭ، — دېدى باتۇر.

گۈلدەستە بۇ خەۋەرنى گالى پالۋانغا يەتكۈزگەندە گالى پالۋان بىر ئىشىنىپ-بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى. گۈلدەستە باتۇر بىرقانچىلىغان ئاتلىق كىشىلەرنى باشلاپ كەلگەنلىگىنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، گالى پالۋان شۇنچىلىك خوشال بولۇپ كەتتىكى، "مەرھۇم دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان پەيت كەپتۇ!" — دېگىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ باتۇر تەرەپكە ماڭدى. باتۇر يىراقتىن گالى پالۋاننىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ يۈگۈردى.

— باتۇر ئوغلۇم، — دېدى گالى پالۋان، باتۇرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — كەلگىنىڭگە تولىمۇ خوشالمەن. قولۇمدىن قانچىلىك ئىش كەلسە، شۇنچىلىكىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا تەييارمەن. دۈشمەنگە قىلىچ تەييار! — ئۇنىڭ ياشلىنىپ قىزارغان كوزلىرىدىن خوشاللىق ئوتلىرى چاقنىدى.

گالى پالۋان باتۇرلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە غەمكىن خوتۇنى سارىخاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ھەي بالام، خوجىلارنىڭ دولىتى پۇقرالارنى توزاڭدەك توزۇتۇۋاتىدىغۇ. خۇدايىم تەختى-سەلتەنەتتە ئولتۇرغان بۇ قانخور زالىمنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ قالار، — سارىخان باتۇرنىڭ قامەتلىك بەستىگە سەپسالغاندىن كېيىن سو-

زىنى داۋام قىلدى،— ئىسگەكىم بالام، بىز پۇقرالارنىڭ توككەن قان - يېشىمىز ۋاڭنىڭ ئوردىسىنى غەرق قىلىۋېتەر....

— شۇنداق كۈنلەرمۇ بولىدۇ— تېخى،— دەپ قوشۇپ قويدى گاللى پالۋان.

— تىغ بىلەن يۇرت سورىغاندىكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولماي مۇمكىن ئەمەس. مانا ھازىر ۋاڭمۇ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالدى. مۇقەددەس ئوردىنىڭ تاملىرىمۇ ئورۇلۇشقا ئاز قالدى،— دىدى باتۇر.

— بۇ قانخور ۋاڭ بىزگە نىمىلەرنى كورسەتمىدى، جېنىم بالام. شەرۇللا ۋاڭنىڭ يىلقىسىنى باقمەن دەپ يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كەتتى. ئاچام بولسا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ نەلەردە تەنتىرەپ يۈرىدىغاندۇ؟ مانا قارا، ئاتىمىز سىرغەزەپنى بولسا تۇگىتىۋەتتى. قېنى قۇمۇلنىڭ كوركى، قېنى قۇمۇلنىڭ كوكلىمى؟— سارىخان ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە كوز ياشلىرىنى سۇرتىۋېتىپ چاي راسلىماقچى بولدى-دە، كەينىگە قاراپ گۈلدەستىنى چاقىردى:

— گۈلدەستە، ئاكىلىرىڭغا چاي راسلىغىنا، مەن باتۇر ئاكاڭ بىلەن بىردەم مۇڭدىشىۋالاي،— سارىخان باتۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى،— كىچە چۈشۈمگە يۇلتۇز كىرگەن ئىكەن بالام، ئۇ يۇلتۇزنىڭ يورۇقلۇغىنى دىمەمسەن، ئاشۇ يۇلتۇز سەن ئىكەنسەن،— سارىخان باتۇرنىڭ قاۋۇل گەۋدىسىگە، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كوزلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى،— جېنىم بالام، مانا سېنىڭ گەۋدەڭ داداڭنىڭ ئوزى. تۇرۇشلىرىڭ، مىڭىشلىرىڭمۇ شۇ، چىرايىڭنىڭ سەل قارىداپ قالغانلىغىنى دىمىگەندە، ئاناڭغىمۇ ئوخشاپ تۇرۇپسەن. بىچارىلەر بۇ دۇنيانىڭ خارلىغىنى يېتىپ ئاشقىچە تارتتى. جايى جەننەتتە بولسۇن.

بۇ خىل مېھرىۋانلىقتىن كوڭلى سۇيۇنۇپ كەتكەن باتۇر گۈلدەستە راسلىغان قايماقلىق چاينى ھوزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باپ

تۈگمىنى تۈگەر بولساڭ
بېغىشىنى تۈيدۇرما.
دۈشمىنىڭدىن سوز ئالساڭ،
مېگىشىڭنى تۈيدۇرما.

سۇلتان مىرغەزەپ ئولتۇرۇپ كەلگەن دىۋاندا لاپچىيىپ ئولتۇرغان ياسىن قازى قولى بىلەن ئىككى چېكىسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، تۇرقىدىن ئېغىر غەم باسقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ زاھىر تەيجىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. زاھىر تەيجى بىر پۇتى ئاقسىغان ھالدا ھاسا تايىنىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تاغدا ئېلىپ بېرىلغان تومۇر چارۋا سانىقىدا سۇنغان پۇتىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتاتتى.

تەيجى ياسىن قازىغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ-نېمە؟ كەيپىڭىز باشقىچىغۇ؟.

ياسىن قازى تەيجىنىڭ سوزىدىن چوچۇپ، ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، تەيجىگە سالام بېرىپ قول ئېلىشىپ كورۇشتى، ئاندىن ئاستا ئورنىغا ئولتۇرۇپ دېدى:

— خۇدا ئوزى ساقلىسۇن، ھەممىمىزگە خۇدا ئامانلىق بەرەر.

— تۇپرىغىمىز ئاسمىنىدىن قارا بۇلۇتلار كوتىرىلگەن، ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام ئالتۇن تەختتە ئەبەدى بەر قارار بولىدىغان شۇ-

بۇ كۆنلەردە خامۇشلۇق بىرگە مەنسۇپ ئەمەس، — دېدى تەيجى
تەكەببۇرلۇق بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق. باغىيلارنىڭ ئەدىۋىنى بەردۇق. ئەمدى ئارامى خۇدا نۇتۇشكە نېسىپ بولار. ئەپسۇس، ئىش ئۇيلىغان يەردىن چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ؟

— خوش، سەۋەبى نېمىكىن؟

— خەۋەرلەردە باردۇ، ۋاڭ خوجام يەن داخۋا جاناپلىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، يارامىلىق بەشيۈز پالۋاننى ياردەم ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يولغا سالغان ئىدى. ئەل سەزەر، ئىمانسىز باتۇرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى يولدا قورشاپ، پالۋانلارنىڭ بىر قىسمىنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. پۈتۈن قورال-ياراق، ئات-ئۇلاق، كىيىم-كېچەكلىرىنىگىچە بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى باشلاپ ماڭغان بەگلەرنىمۇ هالاك قىپتۇ.

تەيجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ هاڭ-تاڭ قالدى.

— قارشىلىق كۆرسەتكىنىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. تەسلىم بولغاننى بىللە تاقتا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مانا ئەمدى ئۇ بەتيۈز قورال بىلەن بەش مىڭ كىشىنى توپلايدۇ. تاغ دېگەننىڭ ئادەملىرىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا، ئۆتكەندە جاناپلىرىنىڭ پۈتىنى ناكا قىلغانلارمۇ شۇلار، ئۇلار قانچىلىغان ئادەمەرنى ئۆلتۈردى. بۇ قۇتراتقۇلۇقلارنى ئاشۇ باتۇر دېگەن ئىمانسىزنىڭ دادىسى قىلغان. مانا ئەمدى بالىسى دادىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈۋاتىدۇ......

— پالۋانلارنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلگەندۇ-هە؟ — غەمكىن هالدا سورىدى تەيجى.

— مەنمۇ شۇنىڭغا هەيران بولۇپ سۈرۈشتۈردۈم، هېلىقى لاپچۇقتا ماجرا تېرىپ، قېچىپ كېتىپ قولغا چۈشمىگەن بەھەت پالۋانلارنى دەسلەپكى قونالغۇدا ئۇچرىتىپ، نېمە ئادەملەر، نېمە ئىشقا ماڭدى، دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. بىرىنىڭ پالۋان

باشلىغىمىز بۇنى سېزىپ قېلىپ، سەمەتنى تۇتۇپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇنى تاڭ سۈزۈلگەندە ئوردىغا ئەۋەتمەكچى بولغان ئىكەن. ئەپسۇس، ئۇ يېرىم كېچىدە بىر ئاتنى ئوغۇرلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. پالۋانلىرىمىز ئۈچىنچى قونالغۇغا يەتكەندە باغداش دوغىسىنىڭ يۈز ئاتلىق ئادىمى بىلەن باتۇرنىڭ ئىككى يۈز ئاتلىق ئادىمى پالۋانلىرىمىزنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەممە ئىشنى جايلاپتۇ. پەقەتلا ئۇ يەردىن بىرلا ئادەم قېچىپ كەلدى. مانا ئەمدى ۋاڭ خوجامغا نېمە دېگۈلۈك؟ ۋاڭ خوجامنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا، ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. مىجەزى ئىنتايىن تەرسالىشىپ كەتتى. بىرەر ۋەقە بولىدىغۇ، بىزنى قىسىپ ئارام بەرمەيدۇ. زەھەردەك تاپا-تەنە قىلىپ، ھەممىلا گۇناھنى بىزگە ئارتىدۇ. ئەمدى بۇنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بىزگە كۈن يوق دېسىلە؟

ياسىن قازى سۆزلەپ بولۇپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا بېشىنى سىلىپ جىمجىت ئولتۇردى. تەيجىمۇ غەمگە پاتتى.

— بولدى، ئېيتمايلا قويايلى، — دېدى تەيجى، — بۇ گەپنى ئاڭلىسا ۋاڭ خوجامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ چاتاق بولىدۇ.

— ئېيتمىساق بولمايدۇ، — دېدى ياسىن قازى تەيجىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — "ئوتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ، دۈشمەننى سەل چاغلىما ئۆلتۈرىدۇ" دېگەندەك، بۇ ئىشنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. باتۇرنىڭ ھازىرقى ھەركىتى كىچىك ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاتاق بولغىنى، ئۆزۈندىن بۇيان قولغا چۈشمەي كېلىۋاتقان باغداش دوغىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشەۋاپتۇ. تېخى موللانىياز، سەمەتكە ئوخشاش قاچقۇن ئوغرىلارمۇ ئۇلارنى ئىزلەپ تېپىپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى تەيجى ئويلانغان ھالدا، — دەرھال تاققا ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى باستۇرۇش كېرەك، باشقا چارە يوق!

— ئۆتكەندە چىقارغىنىمىز يېرىم يولدا ھالاك بولدى. ئەمدى پۇختىراق ھازىرلىق قىلمىساق بولمايدۇ. مەنچە ئەھۋالنى ۋاڭ خوجامغا مەلۇم قىلىپ، تاقتا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ پىلانىنى تۈزسەكمىكىن دەيمەن.

تەيجىمۇ بۇ گەپكە قوشۇلغاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇل باشلىقى ئىشىكتىن كىرىپلا تەيجى بىلەن ياسىن قازىغا تازىم قىلدى. ئاندىن دېدى:

— شادى دوغىنىڭ ئوغلى تاغدا بولغان پاراكەندىچىلىكتىن قورقۇپ قېچىپ كەپتۇ، ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئوخشايدۇ.

ياسىن قازى بىلەن تەيجى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر بىرسىگە قارىشىپ قويدى.

— كىرسۇن! — دېدى ياسىن قازى ھودۇققان ھالدا.

قارىغاي شېخىنى سۇندۇرۇپلا ھاسا قىلىۋالغان، يۈز-قوللىرىنى كىر باسقان، ئۈستىگە چەكمەن چاپان كىيىپ بېلىنى باغلىغان پۇتىغا كوندىن تىكىلگەن ئۇتۇك كىيگەن بىر كىشى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ كىرىپلا ياسىن قازى بىلەن تەيجىگە پۈكۈلۈپ تازىم قىلدى.

— كىمنىڭ ئوغلى بولىسەن؟ — سورىدى تەيجى.

— شادى دوغىنىڭ ئوغلى بولىمەن، — ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن ھەييارلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا توختىماي سۆزلەپ كەتتى. — نېمە كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ، بەگلىرىم؟ قۇدۇل زېمىنىدىكى قارا قاغىلارنى تاغلارغا ھەيدىۋېتىپ، ھەزرەتلىرىلا خاتىرجەم بولۇپ، بىزنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشتىلا، ئاتامنى باتۇرنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. زىنداندىكى گۇناكارلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئازات قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇ-

تۈن ئۇن ئىككى تاغدىكى ياراملىق يىگىتلەرنى، كۈچلۈك پالۋانلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ھەممىسىگە قورال تارقىتىپ، ھەممە تاغدا پالۋان باشلىقلىرىنى تەيىنلىدى. ئۇلار پات يېقىندا ئوردىغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ. ۋاڭ خوجامنىڭ تاغدىكى قوتان-قوتان قوي-كالىلىرىنى، يۈزلەپ ئاتلىرىنى، توپ-تالاس قىلىپ بولۇشۇپ كەتتى. ھەممىلا يەردە داش-قازانلار ئېسىلىپ، قوي-كالىلار سويۇلماقتا. مانا بىزدەكلەر بولسا، ئوز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ۋاڭ خوجام ئاللىرى تېچ ياتمىسا بولاتتى. بىر يۇرت تىنجىغان بىلەن ئون ئىككى يۇرت بۇزۇلدى. كوپ قىسىم جايلارنى باتۇر ئوز قولىغا ئەپ بولدى. بۇ كۈنلەرگە قانداق چىدىغۇلۇق؟! ۋاڭ خوجامغا، ھەزرەتلىرىدەك تەڭداشسىز بەگلىرىمىزگە ئەرزى-ھالىمىزنى ئېيتماقچى بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىم.

كوڭۈللىرى ئېچىمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتكەن تەيجى بىلەن ياسىن قازى ئۇنىڭ سوزلىرىگە گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەي، بىر پەس چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئاندىن تەيجى:

— دىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راستىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست بولمىسا بېگىم، ئاللائاتالا تۇپەمدىن ئۇرسۇن، راستىنى ئېيتسام، ئون ئىككى يۇرتنىڭ ھەممە ئادىمى باتۇر تەرەپكە ئوتۇپ، ۋاڭ خوجامغا باغيى بولماقتا.

— سېنى بىر نەرسە قىلمىدىمۇ ئۇلار؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ياسىن قازى.

— مەن يالۋۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇۋالدىم، ئۇلار "كىم ئەسكىلىك قىلسا، شۇنى ئولتۇرىمىز" — دەيدىكەن. دادامنىمۇ زىنداندىكى كىشىلەرنى ئازاپلاپسەن دەپ جازالىدى. ماڭا تەگمىدى. مەن قورقۇپ قېچىپ كەتتىم.

— ئەمدى سەن يەنە تاقىقا قايتىپ چىقساڭ، سېنى ھېچنەرسە قىلماس؟ — دەپ سورىدى تەيجى كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپ.

— نېمە قىلاتتى بېگىم، ئۆزەم سۈمرۈختەك سويلاپ، ئىگىز تاغنىڭ قارائىغۇ يوللىرىدىن ئۆزەمنى ھېچكىمگە كورسەتمەي قومۇلغا چۈشتۈم. مېنىڭ ۋاڭ خوجامغا ئىچىم ئاغرىدى. يۇرتىمىزنىڭ ئىززەتلىك ئۇلىمالىرىنىڭ ئاياق-ئاستى قىلىنىشىغا ۋىجدانىم قايىندى. ئەگەرچەندە ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ۋاڭ خوجام بىخۇت بولمىسۇن، دەپ بۇ خەۋەرنى ئېيتىپ كەلدىم.

قازى بىلەن تەيجى بۇ ئادەمنىڭ سوزلىرىگە ئىشەندى.

— ئۇنداقتا، — دېدى تەيجى ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — سەن تاقىقا قايتىپ چىقىپ، باتۇرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى، قانچىلىك ئادىمى، قانچىلىك قورالى بارلىغى، قومۇلغا قاچان ھۇجۇم قىلىدىغانلىغى ھەققىدە بىزگە خەۋەر ئېلىپ كەل. بۇ ئىشنى ياخشى قىلالىساڭ، ۋاڭ خوجام كەلگۈسىدە ساڭا مال-دۇنيا، چوڭ مەنسەپ ئاتا قىلىدۇ. داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا تىرىش، بولامدۇ؟

— بولىدۇ بېگىم، بولىدۇ، ئەمما لېكىن بىر نەرسىنى ئۇقتۇم بار، كۆڭلۈم ناھايىتى ئەنسىرەپ تۇرىدۇ. ۋاڭ خوجامنىڭ تاغدىكى بۇ ئىمانسىزلارنى يوقىتىشقا قانچىلىك تەييارلىغى باركىن؟

— سەن بۇنىڭدىن غەم قىلما، ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىڭگە قاراپ تەييارلىقنى تېخىمۇ پۇختا قىلىمىز. بىز تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىپ ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىمىز! — تەيجى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى، — سەن بىز ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىل، ئەتىلا تاقىقا قايتىپ چىقىپ، ھېلىقى تەرەپلەرنى بىلىپ كەلگىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — تازىم قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ئۇ، لېكىن ياسىن قازى ئۇنىڭ كەينىدىن ئويلىنىپ قالدى ۋە تەيجىگە دېدى:

— بۇ باتۇرنىڭ ئادەملىرىدىن بولۇپ يۈرمەسۇن يەنە؟ ھازىرقى كۈنلەردە ناھايىتى سەگەك، ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ.

تەيجىمۇ ئىككىلىنىپ قالدى ۋە ياسىن قازىغا دېدى:

— شادى دوغىنىڭ تەۋەسىدىن كەلگەن پالۋانلاردىن ئېنىقلاپ كورەيلى، زادى دوغىنىڭ قانچە ئوغلى بار، رەڭگى-رويى، بوي-تۇرقى قانداق؟ بۇلارنى سۈرۈشتۈرمەي بولمايدۇ!

ھېلىقى كىشى ئوردىدىن چىقىپ، ئېتىغا مىندى-دە، يېزىدىكى نىياز پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

يېقىندا باتۇر باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىغان بىر كېچەشتە "ۋاقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنى بىلىش كېرەك"— دېگەن مەسىلە قارالغان ئىدى. شۇڭىغا بىنائەن بۇ ۋەزىپىنى مامۇت زور قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى.

باتۇر مامۇت زورنىڭ ئېگىز بويى، كۈچلۈك بەستىگە قاراپ، ئۇنىڭ قىلىچۋازلىقتىكى ماھىرلىقى قاتارلىقلارنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدى.

ئۇ قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن نىياز پالۋاننىڭ ئۆيىنى ماكان تۇتتى. چۈنكى نىياز پالۋان قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ تاققا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بالا-چاقىلىرىمۇ ۋاڭدىن قورقۇپ تاققا چىقىۋال-غان ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاققا چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنى خېلى كۈنلەرگىچە ھېچكىممۇ كورمىدى.

ھېلىقى كىشى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە، ئۇ ھويلىدا چامباشى ئويناپ مەشق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان كىشىنى كورۇپ، قىلىچىنى سورىگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— كەل ناسىر، كەل، ئىشلىرىڭ قانداق، باتۇر تاپشۇرغان ئىشلارنى ئادا قىلالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئادا قىلالمىدىغان، ئادا قىلدىم، — جاۋاپ بەردى ناسىر، — دىگەندەك ئاۋال ئوردىغا توپلانغان پالۋانلار ئارىسىدا بولدۇم. پالۋانلارمۇ جىبىندىن جاق تويۇپتۇ. ئامال قىلىپ ئوردىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلمىدىغان بولدى. كېيىن تەيجى، قازى بىلەن كورۇشۇپ ئۇلارنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتىم.

— دىگەنلىرىڭگە ئىشەندىمۇ ئۇلار؟

— كوڭۇل ۋەسۋەسىگە چۈشكەندە كوڭۇلنى بىارام قىلىۋاتقان ئىشقا ئىشىنىش كوپرەك بولىدۇ. مانا ماڭا "بىز ئۇچۇن خىزمەت كورسەتكىن" — دەپ مۇكاپاتىمۇ بېرىشتى تېخى!

ناسىر پۇلنى كورسەتتى. ئىككىسى تەڭلا كۇلۇشۇپ كەتتى.

— ئەسقاتتىڭ - دە، ناسىر سوغ، ئەسقاتتىڭ! — خوشاللىق بىلەن مامۇت زور ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ سوزلىدى، — يەنە بىرقانچە قېتىم ئوردىغا كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. سەن ھازىر بىر بولۇك پالۋانلارنىڭ ئارىسىغا كىردىڭ، ئەمدى بىرنەچچە كۇندىن كېيىن يەقىندا يىغىۋالغان پالۋانلار ئارىسىغا كىرىشىڭ كېرەك.

— ماڭىمۇ ئۇلار تاغنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەل، دەپ ئىش تاپشۇردى. مانا ئەمدى ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دەڭا.

مامۇت زور قىلىچنى ناسىرغا تۇتقۇزۇپ، ئوزى باشقا قىلىچ ئالدى - دە، ناسىر بىلەن قىلىچۋازلىق مەشقىنى باشلىۋەتتى.

ياسىن قازى پالۋانلار ئارىسىدىن يېنىپ، توپ - توغرا تەيجىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ تەيجىگە پالۋانلارنىڭ "شادى دوغىنىڭ ئوغلى ئەنە شۇ بىرلا" دەپ ئىسپات بەرگىنىنى يەتكۇزدى. تەيجى بىلەن قازىنىڭ غېمى ئەمدى تاغدىكى ئىشلارغا يوتكەلدى. بۇنى

ئويلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى راستىنلا پاراكەندىچىلىككە چۈشتى. ئۇلار ئەمدى سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ۋاڭغا ھەممە ئىشنى مەلۇم قىلماقچى بولدى.

ۋاڭنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، كۆڭلى بىسەرەمجانلىق بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ ئۇن ئىككى تاغنى لەرزىگە سالغان باتۇرنى ئويلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. بىر نىمىدىن قورقاندەك ئۆزىچە چوچۇيتتى. ۋاڭ شۇنداق سەراسىم ئىچىدە بىر قانچە كېچە كىرپىك قاقمىدى.

بۇ يىل بىرمۇ تاغدا تومۇر چارۋا سانىغى ئېلىپ بارالمىدى. تاقتا ھۇجۇم قىلغان چېرىكلەرمۇ مەغلۇپ بولغان ئىدى.

ۋاڭ ئەمدى يەنە نۇرغۇن چېرىك بىلەن تاقتا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ تۇراتتى. ياسىن قازى سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ سالامدىن كېيىن ۋاڭنىڭ ئېسەنلىكىنى سورىدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ قازى، قىنداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، تىنچلىقىمىز بۇزۇلدىغۇ؟ مەن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، — دىدى ۋاڭ ئۆزىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە قالغانلىقىنى يوشۇرالماي.

— ئەلھەزەر، — ياسىن قازى سەل تىنىۋېلىپ سۆزلىدى، — پادىشانىڭ ئەزىۋىدىن بۇ پاسىق پۇقرالار ئەلۋەتتە پانا قىلىشى لازىم ئىدى. ھەقتائالا دائىم يۇلتۇزلىرىنى ئىگىز كۆتەرگۈچىدۇر. مانا بۈگۈن بولسا، يەن داخۇا جاناپلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتقان ئىكەن، زىمىنىمىزغا چۈشكۈن بولۇپتۇ. ئارىدا ئۆتكەن يېقىن مۇناسىۋەتلەر يۈزىسىدىن ئالىيلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ھال-ئەھۋال سورىسا كېرەك.

ۋاڭ بۇ خەۋەردىن كېيىن كۆڭلىدە بىر خىل خۇشلۇقنىڭ ھوزۇرىنى سېزىپ، ئورنىدىن ئۆرە بولدى ۋە:

— تېزرەك كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت قىلدى.

يەن جياڭجۈن شىنخەي ئىنقىلاۋىغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئىلىنىڭ دوۋپىيسى① بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قومۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەسكەر توپلاپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

لېكىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسكەر-لىرى باتۇرنىڭ پالۋانلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ ھالاك بولدى.

ئاخىرى ۋەزىيەتنىڭ قىستاپ كېلىشى، تەرەپ-تەرەپتىن بولۇۋاتقان بېسىمنىڭ كۈچىيىشى بىلەن يەن جياڭجۈن ياڭ زېڭشىڭغا ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەردى-دە، قومۇلدىن بىرىنچى قېتىم ياردەمگە بارغان قىسىمنىڭ باشلىقلىرىنى ئالداپ، ئۇلارغا "بوشقى"② مەن-سىۋىنى بېرىپ قولغا كەلتۈرۈۋالدى ۋە ئۇلارغا ئاقلاي مۈنچاقلىق③ قارا قالپاق كىيدۈرۈپ قومۇلغا كېلىشۋالغان ئىدى. ھازىر ئۇ بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن ۋاڭدىن ھال-ئەھۋال سورىماقچى بولغان ئىدى.

يەن داخۇانى كۈتۈپ ئولتۇرغان ۋاڭ تاقەتسىزلەندى ۋە ئۇنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈردى. يەن داخۇا كىرگىچە ۋاڭ تەختىدىن پەسكە چۈشۈپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەي يەن داخۇا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ قوللىرىنى ئۇزۇن يەڭلىرى ئىچىگە تىقىپ قوشتۇرغان ھالدا، بىلىنەر-بىلىنمەس سالام بەردى. يەن داخۇا تىزىنى سەل ئېگىپ، ئالقانلىرىنى ئالقانلىرىغا تەككۈ-زۈپ پېشانىسىگە ئېلىپ بارغان ھالدا تازىم قىلدى.

ۋاڭنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىنى كۆرۈپ يەن داخۇا ئېچىلىپ

---

① دوۋپىي — ھەربىي ئىشلار نامىبلى.

② بوشقى — ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك مەنسىۋى.

③ ئاقلاي مۈنچاقلىق قارا قالپاق — مەنسەپ بەلگىسى.

## ئوتتۇزىنچى باپ

پالۋانلارمۇ ئاتلاندى.
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەندارىنىڭ ئەسكىرى
قاچتى خۇددى توڭگۇزدەك.

يەن داخوا قالدۇرۇپ كەتكەن چەندارىن ئوز چېرىكلىرىنى ئوردىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر نەچچە كۈنلەرگىچە مەشق ئېلىپ باردى. ۋاڭ ھەر توت چېرىككە ئىككى كۈندە بىر قوي سويۇپ بېرىپ باقتى. چېرىكلەر:

ئاسماندىكى ئۆكەر بىز،
چەندارىنغا نوۋكەر بىز.
كۈندۈزلىرى مەشق قىلىمىز،
كېچىلىرى بىكار بىز.

دىگەن غەزەلنى ئېيتىپ، كوچىلاردا غادىيىپ يۈرۈشەتتى ھەمدە "باتۇر دىگەن نىمە ئۇ، تاققا ھوجۇم قىلساق، ئۇ ئۇغرىلارنى كومپەيكوم قىلىۋېتىمىز" دەپ كورەڭلىشەتتى.

ياسىن قازىسىڭ چېرىكلىرى ئىككى خىل ئىدى. بىر قىسمى شەن يامۇلدىن ياردەمگە كىرگەنلەر بىلەن ۋاڭنىڭ ئەسلىدىكى چېرىكلىرى، يەنە بىر قىسمى بولسا، قۇمۇلدا قوزغىلاڭ يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ھەر قايسى تاغلاردىن زورلۇق بىلەن ئالدۇرۇپ

كېلىنگەن پالۋانلار بىلەن يەن داخۋاغا ياردەمگە بارغان چېرىك-
لەرنىڭ ساق قالغانلىرى ئىدى. ھازىر ھۇجۇمغا ھازىرلىنىۋاتقانلار
بىرىنچى قىسىمدىكى چېرىكلەر ئىدى. ئىككىنچى قىسىم چېرىكلىرى-
نىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى.
شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ياسىن قازى بۇنىڭ-
دىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى چەندارىنىڭ چېرىكلىرىگە
ئارىلاشتۇرمىدى.

چەندارىن ياسىن قازى بىلەن بىرلىكتە بۇ چېرىكلەر قو-
شۇنىنى بىر قانچە قىسىمغا بولدى. ھەر بىر قىسىمغا بىردىن يەر-
لىك، بىردىن چەندارىنىڭ ئادىمىدىن باشلىق تەيىنلىدى ۋە
بۇ چېرىكلەر باشلىقى بىلەن بىرنەچچە كۈن تاغ شارائىتى،
تاغ يوللىرى، ئۇرۇشۇش پىلانى ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ باردى.
ۋاڭ بولسا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئۇمىت باغلاپ، خەلقتىن ئال-
دىغان ئالۋاڭ-سېلىقنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش چىقىمى-
نى خەلقتىن تولەتمەكچى بولدى.

چەندارىن بىلەن ياسىن قازىنىڭ بىرلەشمە چېرىكلىرى
شۇرغانلىق بىر كۈنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن باتۇرغا قارشى
ئۇرۇشقا ئاتلاندى. قوشۇنىنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى. يېڭى ئە-
گەر-يۈگەنلىك ئاتلار ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان بۇ چېرىكلەر-
نىڭ قولىدىكى يېڭى قوراللار پاقىرايتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى
تۆتتىن ئات قوشۇلغان سەككىز ھارۋىدا ئوق-دورا، تۆت ھار-
ۋىدا پو، تۆت ھارۋىدا جادۇ، ئون سەككىز ھارۋىدا يېمەك-ئىچ-
مەك، يىگىرمە ھارۋىدا ئوت-بوغۇز بار ئىدى.

ئاتلارنىڭ تۇۋاق تېۋىشلىرى شۇرغاننىڭ ھۇۋۇلىشىغا قو-
شۇلۇپ كەتكەن ئىدى. شۇرغان ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئىسكەندەك
سانجىپ، كۆزلىرىنى ئاچقۇرمايتتى.

ئۇلار كۆزلىگەن تاققا ئاز قالغاندا، چەندارىن دۇربۇن

بلەن تاغنى ۋە تاغنىڭ يان باغىرلىرىدىكى سانسىز ئادەملەرنى كوردى. ئۇ كوڭلىدە "نىمە دىگەن كوپ ئادەم-ھە" دەپ ئويلىدى ۋە دۇربۇننى ياسىن قازىغا بەردى. قازى چەندارىنىغا قاراپ:

— ئەخمەقلەر ھەممىسى بىر تاققا يىغىلىپ، بىزگە يەم بولۇشقا تەييار تۇرۇپتۇ، قىنى ئېچكىرىلەپ كىرىپ، پوچى تىسمىنى ئىشقا سالايلى! — دىدى.

ئۇلار ئۇچ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ سايغا ئىچكىرىلەپ كىردى. چېرىكلەر بىرنەچچە بولەككە بولۇنۇپ، ئاۋال پو ئاتقۇچى چېرىكلەرگە يول بەردى. ئۇلار تاققا پو ئاتتى.

لېكىن ھېچقانداق قارشىلىق، شەپە بولمىدى. ھەتتا كورۇنۇپ تۇرغان كىشىلەرگىمۇ ئوق تەگمىدى. چەندارىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى.

ئەنە شۇ چاغدا توت تەرەپتىن شىددەت بىلەن ئۇشتۇۋەتۇت باستۇرۇپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى.

ياسىن قازىنىڭ كوز ئالدىدا ئاسمان چاقپىلەكتەك ئايلىنىشقا باشلىدى. چوققۇر چەندارىنى بېشىغا چاقماق چۈشۈپ كۆكۈم تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك شۇمشىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ شىرىن ئارزۇلىرى تامامەن يوققا چىقتى. ئەتراپتىن كوتىرىلگەن "تۇت! ئات! باس" دىگەن ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئوچۇق ئاڭلانماقتا ئىدى. چەندارىنى ئۇدۇلدىكى تاققا قارىدى. بايا كورگەن ئادەملەر شۇ پېتى قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ ئەمدى بىلدىكى باتۇر تاشلارغا چاپان بىلەن تۇماق كىيگۇزۇپ، يالغان ئادەم ياساپ قويغان. چەندارىنى ئالدىنىپ، قاپقانغا كىرىپ قالغانلىغىنى ئەمدى تۇيۇپ، غەزەپلىنىپ سوزلەپ كەتتى:

— ئۇلار بىزگە تاغار ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن-دە! بىز ئەمدى تاغارغا سولىنىپ قاپتۇق. ھەي......چاتاق بولدى!

ياسىن قازىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئۇ چوچۇپ چەندارىنغا قاراپ دىدى:

— بولماپتۇ، قاچايلى!

ئۇلار قىچىپ ئۈلگۈرگىچە چېرىكلەر قىرىلىپ كەتتى. باتۇر-نىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى نۇرغۇن قورال، ئوق، دورا، يېمەكلىك-لەرنى غەنىمەت ئالدى.

كېچىدە تاغ ئۈستىدە يېقىلغان گۈلخانلار يىراق-يىراقلار-غىچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باتۇر قوشۇنلارنى ئارىلاپ چىق-تى. ئۇ ئالدى بىلەن، مامۇت زور بىلەن نايمەتنىڭ قوشۇنى بار يەرگە كەلدى. ئۇ يەردىن يېنىپ باغداش دوغىسىنىڭ، ئاندىن ئالى پالۋان بىلەن سادىقنىڭ قوشۇنى بار يەرگە كەل-دى. ئۇ كامال بىلەن ناسىرنىڭ قوشۇنى يېنىغا كەلگەندە ناسىر-نىڭ قىزغىنچىلىق قىلىپ بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. باتۇر ناسىرنى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەت-كەنلىكى ئۈچۈن ماختىدى.

— ناسىر ئاكام، دۈشمەننى ئالداپ قاپتالغا كىرگۈزۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى، ئۇ ئوردا بەگلىرىگە بىزنىڭ تۇرار جايىمىزنى مۇشۇ يەردە دەپ ئىشەندۈرمىگەن بولسا، بۇ غەلىبىمۇ قىيىنغا چۈشكەن بولاتتى، — دىدى باتۇر.

ناسىر باتۇرنىڭ سۆزىنى بولۇپلا قىزغىنچىلىق قىلىپ دىدى:

— بولدى، مىنى ماختىما ئۇكا، بۇ ماختاشلارنى ئۇرۇش تۈ-گىگەندە ئاندىن ئاڭلىغۇم بار.

ناسىرنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. باتۇرمۇ كۈلگەن پېتى نىرى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئىتىنى چاپتۇرۇپ يارىدارلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆڭكۈرگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇرۇش-قا قاتناشقان ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ يارىدارلار-نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىلغان بولۇپ، گۈلخان ئەت-

راپىدا ئۈستىگە ئۈزۈن چاپان كىيىپ، بەللىرىنى باغلىغان، باشلىرىغا تۇماق كىيگەن بىرنەچچە ئايال گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى.

باتۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.

— كېلىڭ باتۇر ئاكا، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈلدەستە مۇلايىملىق بىلەن.

— ئەھۋاللار قانداقراق، يارىدارلارنىڭ ھالىچۇ؟ — سورىدى باتۇر.

— ياخشى، يارىلىرى ئانچە ئېغىر ئەمەس.

— ھەممىسلا يېنىك يارىلانغان ئىكەن، تېڭىقلىرىنى يوتكەپ قويدۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى زۇمرەت.

— نەچچە كۈندىن بەك چارچاپ كەتتىڭلار، يارىدارلارنىڭ ھالى ياخشى بولسا، ئارام ئېلىشمۇ مۇھىم ئىش، — دېدى باتۇر گۈلخاننىڭ يورۇغىدا گۈلدەستىگە مېھرىۋانلىق بىلەن نەزەر سېلىپ.

— ئارام ئالىدىغان كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى ئاياللاردىن بىرسى باتۇر بىلەن گۈلدەستىگە قاراپ قويۇپ. باتۇر قاراسلاپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يېنىدا گۈلدەستىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئاۋال ئوتنى تۈزەتتى، ئاندىن قوشۇپ قويدى:

— زالىم ۋاڭ بىلەن ھاياسىز شاھزادىنى يوقاتمىغىچە خەلققە تېچ، ئاراملىق تۇرمۇش بولمايدۇ!

ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىتىپ بۇ گەپنى تەستىقلاشتى.

باتۇرنىڭ بۇ يەردە خېلى ئولتۇرغۇسى، گۈلدەستە بىلەن پاراڭ سېلىشقۇسى بار ئىدى. ئەپسۇس ئەتراپتا ئولتۇرغان قىز-ئاياللاردىن ئۇيۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ئاردىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. چەندارىن ئۆتكەن قېتىم ئالدانغانلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ، بۇ قېتىم باتۇرنى ئالداپ كورۇشنى پىلانلىدى. ئۇ نۇرغۇن سوغا-سالام بىلەن بىر قىسىم ئادەمنى باتۇرنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئۇلار ئەگەر باتۇر ئەل بولسا، نۇرغۇن پۇل-مال، چوڭ مەنسەپ ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن باتۇر بۇنىڭغا جاۋابەن "ئۇرۇشىمەن دېسەڭلار كېلىڭلار، پۇل، دۇنيا، مەنسەپ سىلەرگە خاس، بىز ۋاقتنى يوق قىلمىغىچە ئۇرۇشنى توختاتمايمىز" — دېدى.

ئاچچىقى كەلگەن چەندارىن ياسىن قازى بىلەن بىللە، چېرىكلەرنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، توپ-توغرا تورۇككە ھۇجۇم قىلدى.

گۈلدۈرلىگەن پو يەرنى تىترىتەتتى. ئىس-تۈتەك پۈتۈن تاغنى قاپلىدى. چېرىكلەر ئوقدانلىرى قۇرۇپ قالغىچە ئوق ئاتتى. تورۇك تېغىنى قولغا كىرگۈزدۇم، دەپ ئويلىغان چەندارىن چېرىكلىرىگە ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەردى. لېكىن موكۇنۇپ ياتقان باتۇرنىڭ قوشۇنى چەندارىن ۋە ياسىن قازى تەرەپكە ئېتىلدى. قوشۇننىڭ بىر قىسمى سانىغا تاشلاپ نۇرغۇن چېرىكنى ئاتقا سورەتتى، يەنە بىر قىسمى قىلىچۋازلىق قىلىشقا كىرىشتى. ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولدى. چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈگى ساينىڭ تېشىدەك يېيىلىپ كەتتى. چەندارىن بىلەن ياسىن قازى ئاران دېگەندە ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈلگۈردى.

چەندارىننىڭ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىغا كوزى يەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇ ۋاقتىغا ئەمدى باتۇر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بارمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.



ۋاڭ ئەسلى ۋەدىسى بويىچە چەندارىنىڭ ئۆلگەن ئەسكەرلەرگە كۆپرەك، تىرىك قالغانلىرىغا ئازراق ھېساپلاپ ئۆرغۈنلىغان ئالتۇن-كۈمۈش ئاجراتتى ۋە ياسىن قازىغا بۇنى دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلاردىن ھۆزۈرخالىق سوراشنى ئېيتتى. لېكىن ياسىن قازى ۋاڭنىڭ ئالدىدا ماقۇل، دەپ قويۇپ كەينىدىن ئۆزى بىلگەننى قىلدى. ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ، قالغىنىنى چەندارىنغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئازلىغىنى كۆرگەن چەندارىن غەزەپلەندى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان بولۇپ، ۋاڭنى ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ماتەم-مۇراسىمىگە قاتنىشىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. چەندارىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئادىمى ئۆلگەن ئىدى.

ھەشەمەت بىلەن ئاق كىيىم كىيىپ ماتەم مۇراسىمىگە چىققان ۋاڭنى چەندارىن سوغاققانلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ ۋاڭنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈشنى ئاز ئاجراتقانلىغىغا خاپا ئىدى. ئۇ ئوغىسى قاينىغان ھالدا ۋاڭغا دېدى:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك ئىدى، سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ چەندارىنىڭ سۆزىنى ۋاڭغا:

— ئالىيلىرىنى رازى قىلالمىدۇق دەۋاتىدۇ، — دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى.

ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ سەل كۈلۈمسىرىدى ۋە تەكەللۇپ بىلەن دېدى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈشتىن باشقا چارە يوق.

چەندارىن ۋاڭنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن باشقا بىر مەنىنى چۈشىنىپ تېخىمۇ قايناپ كەتتى:

— ساڭا مال قايغۇسى، بىزگە جان قايغۇسى بولۇۋاتىدۇ. تىرىكلەرنىمۇ، ئۆلۈكلەرنىمۇ تولۇق رازى قىلىشىڭ كېرەك! يەنە ئون باراۋەر كۆپەيتىپ ئالتۇن-كۈمۈش بېرىسەن، بولمىسا ئوردىنى تۈزلىۋېتىمىز!

ۋاڭ چەندارىنىڭ بولەكچە ئەلپازىنى كورۇپ چوچۇپ كەتتى ۋە قازىدىن سورىدى:

— نىمە دەيدۇ ئۇزى؟ گەپنىڭ ئەينىنى ئورۇپ بېرىڭ.

— خوش، — دىدى ھودۇقۇپ كەتكەن ياسىن قازى. — ئالتۇن-كۈمۈشنى ئون باراۋەر ئاشۇرۇپ بېرىسەن، دەيدۇ. بۇلار قارىغاندا، ئوردا غەزىنىسىنى قۇرۇتۇۋېتمەدىغان ئوخشايدۇ!

ئوزىنىڭ ئىززەت نەپسىگە تېگىۋاتقان مۇئامىلە ۋە گەپلەر ۋاڭنىڭ تازا ئاچچىغىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسىن قازىنىڭ كېيىنكى سوزلىرى ۋاڭنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ چەندارىغا بولغان ئۆچلۈكىنى قوزغاپ قويدى.

— بىز ئەسلىدە، باتۇرنىڭ ئادەملىرىنى پاك-پاكىز يىرقاتقاندىن كېيىن، سىلەرگە ھازىر بەرگەن ئالتۇن-كۈمۈشنى بېرىدىغان بولغان، مەن تېخى كەڭ قوساقلىق بىلەن مەرتلىك قىلىپ ئەسلىدىكىنى بەردىم. سىلەر باتۇر دىگەن ئوغرىلارنى بولسا يوقىتالمىدىڭلار، بەلكى ئۇلار كۆچىيىپ كەتتى. پىلانسىز ئۇرۇش قىلىپ، مېنى پاراكەندە قىلغانىڭ ئۈستىگە كوپ چىقىمدار قىلدىڭلار. ئەمدى مەن سىلەرگە يەنە ئون باراۋەر ئالتۇن-كۈمۈش بېرەمدىكەنمەن؟ ئەگەرچەندە يەنە ئون باراۋەر ئالىدىغان بولساڭلار، باتۇرنىڭ ئوغرىلىرىنى تولۇق يوقىتىپ، باتۇرنى ماڭا تىرىك تۇتۇپ بېرىڭلار! — ۋاڭ زەردى بىلەن شۇ سوزلەرنى دەپ بولۇپ، مەپىسىنى ئوردا تەرەپكە ھەيدەشنى بۇيرۇدى.

چەندارىن غەزەپلىنىپ، ۋاڭنىڭ كەينىدىن كوزلىرىنى ئالايتقان ھالدا نىمىلەرنىدۇ كوتۇلداپ تۇرۇپ قالدى. ئۇيلىمىغاندا

چەندارىسى بىلەن ۋاڭ ئوتتۇرىسىدا خەتەرلىك سۈركىلىش كېلىپ چىققان ئىدى...

ۋاڭ نەچچە كۈنلەر كېسەل ھالەتتە ياتتى. ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن چەندارىسىنىڭ تەھدىتىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، باتۇرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ ئورنىدا خاتىرجەم ياتالمىدى. شۇڭا ئۇ كېسەل ھالەتتە پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

يېقىندىلا ئۇلار ئۈرۈمچىگە ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، يەنە قايتىدىن ئادەم ئەۋەتىشنى كېلىشتى. بارىكۆلدىنمۇ ياردەم سورىماقچى بولدى. كېڭەش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ۋاڭ سەل ئۆرە بولۇپ، ياسىن قازىنى باش تەيجى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكالىدى. ئۇمۇر بويى ئۆز ھۆكۈمرانىغا سادىق بولۇپ ئىشلىگەن، كېچە-كۈندۈز ۋاڭنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان باش تەيجى ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان گۇناسىنى ۋاڭدىن يەر سۆيۈپ تۇرۇپ تىلىدى. لېكىن ۋاڭ:

— ماڭا ھازىر جېنىمغا ئەسقاتىدىغان يارامىلىق ئادەم كېرەك!— دەپ قويدى.

زاھىر تەيجى چوڭ تەيجىلىك مەنسۇپىدىن ئېلىنغانلىقىغا ئانچە نارازى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ياسىن قازىنىڭ بىرىنچى تەيجى بولۇشىغا سەل نارازى بولدى.

كېڭەش بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى زاھىر تەيجى تۆت ئات قوشۇلغان يىگىرمە بەش ھارۋىغا ئۆرگۈن سوغىلارنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى.

ياسىن قازى بولسا يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شەھىرىدە يەنە ئۆي-ئۆيدىن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە نىياز پالۋاننىڭ ئۆيىدە بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ كۈندە دېگۈدەك قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، تۇرقىدىن قارىغاندا پالۋان ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ياسىن قازىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

ياسىن قازى بۇنى ئاڭلاپ سەل ئەنسىرەپ قالدى-دە، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باپ

لەپ - لەپ قىلىپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
ئۆتكۈر كۆزلەر ئوقيا بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

مامۇت زورنى تۇتقىلى كەلگەن ئون چېرىك پالۋاننىڭ بەستىنى كۆرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى. پالۋاننىڭ كۈچ-قۇۋۋەت يېغىپ تۇرغان قاۋۇل بەستى چېرىكلەرنىڭ ئاڭلىغىنىدىنمۇ باشقىچە سۈرلۈك كۆرۈندى. مامۇت زور بەستلىك گەۋدىسىنى كۆتىرىپ تۇرغان يوغان پۇتلىرىنى ئېغىر-ئېغىر يۆتكەپ چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. چېرىكلەر باشلىقى ئەيمەنگەن ھالدا كەينىگە داجىپ تۇرۇپ مامۇت زورغا دېدى:

— ياسىن قازى تەيجى ئۆزلىرىنى چىللىغان ئىدى.

مامۇت زور كۈلۈپ كەتتى، ئۇ تۈلكە جۇۋا، بورە تېرىسىدىن تىكىلگەن شالۋۇر كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ يېڭىلا بىر يەردىن كەلگەنلىكىنى ياكى بىرەر يەرگە بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چېرىكلەر سېزىپ قالدى. مامۇت زور بىردىنلا ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىپ، ھوشيار كۆزلىرىنى چېرىكلەرگە تىكتى-دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— تەيجى بېگىملار مېنى چىللىمىغاندۇ، تۇتۇپ كېلىڭلار دېگەندۇ-ھە قېچان؟ قېنى ئاۋال ئولتۇرۇڭلار، تەيجى بېگىملار مېنى نېمە قىلىدىكەن؟ — مامۇت زورنىڭ ئەپتىدىن بىر خىل خاتىر-

جەملىك بىلىنىپ تۇراتتى. چېرىكلەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ جىم ئولتۇرۇشتى. چېرىكلەر باشلىقى سوزلىدى:

— بارسىڭىز چىق ئىنىنام، مۇكاپات بەرگۈدەك، سىزنى پالۋان باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگۈدەك.

— ئەگەر بارمىسامچۇ؟

— خالىسا باشلاپ كېلىڭلار، خالىمىسا باغلاپ كېلىڭلار دىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى چېرىكلەر باشلىقى.

مامۇت زور يەنە كۈلۈپ كەتتى:

— خوپ، مەن راسلىناي، ئايلا! — خوتۇنىنى چاقىردى مامۇت زور، — بۇلارغا ئىسسىق چاي قۇي، بىرئاز ئىسسىنىۋالسۇن. ئاندىن ماڭايلى!

مامۇت زور شۇ سوزنى دىدى-دە، ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاۋال ئوگزىگە چىقىدىغان شوتىنى ئېلىۋەتتى. ئاندىن ئاشقار-قى ئىشىكنى ئېتىپ قۇلۇپلىدى. ئۇ بىر پەس ھويلىنى ئايلانغاندىن كېيىن باغنىڭ ئىشىگىنى ئېتىپ قويۇپ، ئويىگە يېنىپ كىردى ۋە چېرىكلەرگە دىدى:

— قېنى، يىگىتلەر يۈرۈڭلار!

چېرىكلەر مامۇت زورنىڭ ناھايىتى يۇۋاشلىق بىلەن ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇشتى ۋە خوشال بولۇشۇپ ھويلىغا چىقىشتى.

— ئەگەر مەن ئىختىيارىم بىلەن بارمىسام، باغلايدىغان ئاغامچا ئېلىپ كەلگەنمىدىڭلار؟ — مامۇت زورنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران بولغان چېرىكلەر بىرئاز تېڭىرقاپ قېلىشتى. چېرىكلەر باشلىقى ھودۇققان ھالدا جاۋاپ بەردى:

— ئېلىپ كەلدۇق.

— ۋۇ، ئەبلەخلەر! ۋاك بىلەن ياسىن قازىدىن قورقسام تاغدىن قۇمۇلغا چۈشەتتىمىمۇ؟ — مامۇت زور ئالدىدا تۇرغان

ئىككى چېرىككە تويۇقسىز ئىككى مۇشت ئۇرۇۋەتتى، — سەنلەر مېنى ھەيدىسە ماڭىدىغان قوي دېيىشتىڭمۇ؟!

— ياخشىلىقچە ئالدىمىزدا ماڭ. بولمىسا ئېتىپ تاشلايمىز! — چۇقۇرۇشۇپ ھەيۋە قىلىشتى چېرىكلەر.

مامۇت زور چېرىكلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پەسەن قىلماي، چەبدەسلىك بىلەن كەينى-كەينىدىن بىرقانچە چېرىكنى تېپىۋىدى، چېرىكلەر ئارقا-ئارقىدىن يەرگە دۈم چۈشتى. چېرىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى قولىغا قورال ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇلار ئۆلۈم تەھلىكىسىنى سەزگەن ھالدا ئۇياق-بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. پالۋان مۇشتىنى كۆتەرگەندە ئۇنىڭ بىلىكىدە جىرىڭلاپ تۇرغان كۆمۈش بىلەيزۈكلەر كۈننىڭ نۇرىدا پاقىرايتتى. بىلەيزۈكنىڭ ھەر بىرى ئون ئىككى سەر كۆمۈشتىن ياسالغان ئىدى. بىر چېرىك ئوق ئاتماقچى بولۇۋىدى، مامۇت زور ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى، مامۇت زور ھەتتا ئۆلگەن-ئۆلمىگەنلەرنى، بار-يوقلارنى ساناشقىمۇ ئۈلگۈردى. بىرسى يوق ئىدى. ئۇ بىرسىنىڭ تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. مامۇت زور شۇ ھامان ئۇنىڭ كەينىدىن تام توپىسىگە چىقتى ھەم سەكرەپ پەسكە چۈشتى-دە، چېرىكنى قوغلاپ تۇرۇپ ۋاقىردى:

— قولۇمدىن تىرىك قۇتۇلالمايسەن!

تولىمۇ تورقۇپ كەتكەن چېرىك مامۇت زورنىڭ ئاياق ئاستىغا يىقىلدى. لېكىن غەزىۋى تولۇپ تاشقان مامۇت زور ئۇنىمۇ تىرىك قويمىدى.

مامۇت زور ھويلىغا كىرگەندە خوتۇنى ئولدىغا چۈشكەن ھالتىق-ئوقلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئېرىگە دېدى:

— ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلە، بۇ قورال-ياراقلار ئەمدى

بىزنىڭ بولامدۇ؟

—شۇنداق،— دېدى مامۇت زور مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ،— زورۇر كەلگەندە ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ. بۇلار ياسىن قازىنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسا ئۆلمىگەنمۇ بولاتتى. قورقساق ئامەت ئۇلارنىڭ، قورقمىساق ئامەت بىزنىڭ، كوردۇڭمۇ، كىم ئۆلۈمدىن قورقسا، ئالدى بىلەن شۇ ئۆلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۇلار ئۈگەتتى. بىز بۇرۇن مۇنداق ئىشنى نەدىن بىلەيلى! تاغدىكى ئۇرۇشتا ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋىدى، قارشى كورۇۋەتكەننى باپلىدىم. بىر پاي ئوقمۇ زايا بولمىدى. ئەگەر ياسىن قازى قورقمىسا يەنە ئادەم ئەۋەتىدۇ. تاماق راسلاپ تۇر.

پالۋان يوغان ئېتىغا مىنىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئېرىنىڭ خوي-پەيلىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان بۇ ئايال ئۇنىڭ قورقماس، باتۇرلۇقىغا، پالۋانلىقىغا قايىل ئىدى. شۇڭا ئېرىنىڭ ھازىرقى قەھرىمانلىقىغا ۋە دېگەن سوزلىرىگە ھەيرانمۇ قالمىدى.

مامۇت زور ئېتىنى چاپتۇرۇپ ياسىن تەيجىنىڭ يېڭى ئويلىرى ئالدىدا توختىدى-دە، ۋاقىراشقا باشلىدى:

—ھەي زالىم! ئەۋەتكەن ئادەملىرىڭ ھويلامدا يەر چىشلىدى، بىرىپ ئېلىۋال، مەن ئۇلارنىڭ قانسىز پىشانىلىرىگە خۇدا نېمىنى يازغان بولسا، شۇنى كورسىتىپ قويدۇم!— ئۇ شۇنداق دەپ ۋاقىراپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇھاپىزەتچى ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇز-ئۇزىگە "قانداق گاڭگۇڭ نېمە بۇ؟" دەپ پىچىرلىدى. كېيىن مامۇت زورنىڭ سوزلىرىنى تەكرارلىغان پېتى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ياسىن قازىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى.

مامۇت زورنىڭ ياسىن قازى ئىشىكى ئالدىدا قىلغان سوزلىرى ۋە شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىپ كېتىشى بىر دەمنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ ئاغزىدا داستان قىلىنىشقا باشلىدى. خەلق ئۇنىڭ قورق-

ماس باتۇرلۇغىدىن ئاپئاملانىدى. ئۇنى كۆرگەن بەگ-خوجىلارمۇ ھاڭ-تاڭ قېلىپ نە سۆزلەشكە، نە ئۇتتۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلال-مىدى.

ھېلىگەرلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئالدامچىلىق بىلەن تەپچىم-لىك مەنسۇپكە چىققان، ھەممە ئىشنى قان توكۇش بىلەن-ھەل قىلىشنى قوۋۇەتلەپ كېلىۋاتقان ياسىن قازى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان بۇ پالۋان ھەققىدە ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ مۇ-ھاپىزەتچىنىڭ ئېلىپ كىرگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپ-تىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە ئۇزىنى باسالماي ۋاقىرىۋەتتى:

— نېمە؟! بىر ئادەم بىردەمدىلا ئون چېرىكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ-تىمۇ، ياق، بۇ كۆپ ئادەم بولۇشى مۇمكىن. زادى كىمكەن ئۇزى؟

— ماموت زور دىگەندەك قىلدىغۇ، — دىدى مۇھاپىزەتچى.

— ماموت زور؟! — ياسىن قازىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە خېلىدىن كېيىن بېشىنى چايقاپ دىدى، — بوزەك بوپتىمىز، بوزەك! باتۇر، موللانىيازنىڭ ئادەملىرى ئىشىگىمىزگە كېلىپ زورلۇق قىلغىنىچە بولغاندىكىن، ئەتە-ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلالىغۇدەك، — ئۇ شىرەنى ئۇرۇپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى، — سالى ئۈچ بېگىگە ئېيت، دەرھال ئىككى يۈز چېرىك چىقىرىپ ماموت زورنى ئاسمانغا چىقسا تاپىمىزدىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ سورەپ كەلسۇن!

بىراق پالۋان تامغىنى يەپ بولۇپ، ئايىلىنى ئېلىپ، ياغىنىڭ كەينى ئىشىگى بىلەن ئاللىقاچان تاققا قاراپ كەتكەن ئىدى. ئىككى يۈز چېرىك قورۇق ئۆيىنى قورشاپ، يېرىم كېچىگىچە ئاۋارە بولۇشۇپ قايتىپ كېلىشتى.

تاڭغا يېقىن تاققا يېتىپ كەلگەن پالۋان خەۋەر كۈتۈپ

ئولتۇرغان باتۇر بىلەن موللانىيازنى تاپتى ۋە ناسىر ئارقىلىق ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنى ئۇلارغا يەتكۈزدى. ئۈرۈمچىدىن زاھىر تەيجىنىڭ تەلۋىگە بىنائەن ياردەمگە چېرىكلەرنى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى، بارىكولدىن كېلىدىغان چېرىكلەرنىڭمۇ ئەتە-ئۆگۈننىڭ ئىچىدە يولغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باتۇر بىلەن موللانىياز قوشۇنلارنى ھوشيارلىق بىلەن پۇختا تەييارلىق كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى.

— بارىكولدىن كېلىدىغان چېرىكلەر مۇشۇ تاغنىڭ باشلىنىش ئاغزىدىن ئۆتىدۇ، — دېدى باتۇر مامۇت زورغا. — سىز قوشۇنىڭىزنى يۆتكەپ، مۇشۇ ئېغىزنى توساڭ، شۇنداق قىلىپ، بارىكولدىن كېلىدىغان ياردەمنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك!

باتۇرنىڭ ئويلىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنىڭ بىر يەردىن چىققانلىقى مامۇت زورنى خوشال قىلىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دۈشمەننىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى-دە، چىقىپ كەتتى.

مامۇت زور ئۆز قوشۇنىنى كېچىلەپ ئېغىزغا يۆتكىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقىچە ئاكوپلارنى قازدى. تاش توشۇپ دۆۋىلىدى.

ئەتىسى سەھەردە يىراقتىن داقا-دۇمباق، كاناي، سۇنايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بۇ ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلاشتى. دېمەك، ۋاڭغا ياردەم بېرىدىغان بارىكولنىڭ چېرىكلىرى كەلمەكتە ئىدى. باتۇرنىڭ قوشۇنى ئۇلار ئۆتىدىغان ئېغىزنى توساپ تۇرغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن!

— بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىڭلار! — بۇيرۇق بەردى مامۇت زور ئۇلار ئېغىزغا يېقىن كەلگەندە.

بۇيرۇق بىلەن تەڭ مامۇت زورنىڭ ئەزىمەتلىرى چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئوق ۋە تاش ياغدۇردى. ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن چېرىكلەر كەينىگە قاراپ قاچتى. مامۇت زورنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن شىددەت بىلەن قوغلىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ

كوپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. ئېلىنغان ئەسىرلەر ئىچىدە تونۇش-لۇق بىر جاللات بار ئىدى. ئۇ ئۆتكەندە چېرىك باشلاپ كېلىپ شەھەردە بولغان قوزغىلاڭنى باستۇرغان، ھازىر دۈشمەن قوشۇنى-نىڭ باش قوماندانى ئىدى.

ئۇنى مامۇت زورنىڭ دادىسى سوپى دىخان ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ يېنىدا قىزىل كىگىز تۇتۇپ تۇرغان كىشى يەنە مامۇت زورنىڭ خوشنىسى تونۇۋالغان ئىدى.

ئۇ جاللاتنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ توپ-توغرا مامۇت زورنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— سېنىڭ داداڭنى ئۆلتۈرگەن جاللات مانا مۇشۇ! — دېدى ئۇ.

— ھە ......؟! — پالۋان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ جاللاتنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ سورىدى، — مېنىڭ دادام سوپى دىخاننى ئۆلتۈرگەن سەنمۇ؟

"سوپى دىخان" دېگەن سوز بىلەن ئۇز قىلمىشىنى ئېسىگە ئالغان جاللات ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، مامۇت زوردىن گۇناھىنى تىلەشكە باشلىدى.

پالۋان جاللاتنىڭ گېلىدىن دەسسەپ تۇرۇپ:

— قىلىچنىڭ قولۇڭدىن ئۇچۇپ كەتكەندە، قونجىڭدىن خەنجەر ئېلىپ دادامنىڭ يۈرىگىگە پىچاق ئۇرغان سەنمۇ؟! — دەپ يەنە سورىدى.

— ۋاك ..... ۋاڭنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىپ، چوك گۇنا قىلدىم. گۇناھىمنى كەچۈرگىن، مەن سىلەرگە جېنىم بىلەن خىزمەت قىلاي، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي .....

پۈتكۈل ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان پالۋان ئۆزۈن قىلىچنىڭ سېپىنى چىك تۇتۇپ ۋاقىردى:

— ساڭا ئۆلۈم!!
پالۋانلار جاللاتنى ئۇرە قىلىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى.
كىچىكىدىن تارتىپ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتا داڭقى چىققان
ماموت زور گويا دادىسىغا ئۆلۈم ئېلان قىلغان جازا مەيدانىدا
جاللات چامباشى ئوينىغاندەك چامباشى ئوينىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەت-
لىك تۇرقى تېخىمۇ كۈچلۈك كورۈنەتتى. ئۇ يوغان قوللىرىدا
چىڭ تۇتقان قىلىچنى سورىگەن پېتى مەيداننى بىر ئايلىنىپ
چىقتى. ئاندىن قىلىچنى ئېگىز كوتىرىپ ھاۋادا خېلى ئويناتقاندىن
كېيىن، يىراقتىن سەكرەپ كېلىپ قىلىچنى بىر پىقىراتتى-دە،
جاللاتنىڭ كاللىسىنى شارتلا قىلىپ ئالدى ھەم كېسىلگەن باشنى
قىلىچقا ئىلگەن پېتى باتۇر بىلەن موللانىيازنىڭ ئالدىغا باردى.
باتۇر ھاياجان بىلەن:
— ئاتىمىز سوپى دىخاننىڭ ئەتىسىنى ئالغىنىڭىزغا بىز ناھايە-
تى خوشال. بۇ قانخورنى قىيما-چىيما قىلىۋەتسەكمۇ دەردىمىز چىق-
مايدۇ. لېكىن بۇندىن كېيىن مۇنداق جاللاتلار تىرىك قولغا
چۈشكەندە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلايلى! — دىدى.
ئۇ بايا قانداق كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن
كېسىلگەن باشنى ئالغان پېتى چىقىپ كەتتى.
ئۇ ئېغىزنىڭ باشلىنىشىدىكى تاشنىڭ يېرىلغان يېرىگە بىر
تاياقنى تىققىتى-دە، ھىلىقى كېسىلگەن باشنى سانچىپ قويدى.
شۇندىن كېيىن ماموت زور گويا ھاردىغى چىققان ئادەمدەك
خوشاللىقتا چۈمدى.
بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر نەچچە ھەپتىلەرگىچە ئۇرۇش بول-
ماي تىچ ئۆتتى.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باپ

ئىشىك ئالدى قوم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ. ...

باتۇر تاققا چىققاندىن بېرى ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بولدى. ئۇن ئىككى تاغ خەلقى ۋاڭنىڭ تۆمۈر سانىغىدىن قۇتۇلدى. نۇرغۇن پالۋانلار باتۇرغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ، ۋاڭنىڭ نۇرغۇن ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلدى.

گۇلدەستىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئەرلەر بىلەن تەڭ ئۇرۇش قىلغانلىقى، جىددىي پەيتلەردە باتۇرغا يار-يۆلەك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى چاققان-چەبدەسلىكى، قەيسەرلىكى باتۇرنىڭ يۈرىكىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئەمما باتۇرنىڭ كۆڭلىدە تېخى ئورۇنلانمىغان بىر مۇشەققەتلىك ۋەزىپىمۇ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ ۋاڭنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئىزىغا يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورايدىغان بىر كىشىنى تۇرغۇزۇش، بۇنىڭ بىلەن خەلققە تېچ-ئاراملىق تۇرمۇش ئاتا قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە جاپالىق جەڭلەرنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇنىڭ شەرت-شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ ۋاڭغا ياردەم بەرمەكتە ئىدى. ۋاڭ بولسا، بىر ئۇرۇشۇش بىلەنلا ھەممە يەرنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ، باتۇرنىڭ ئالدىدا

تۇغان ناھايىتى ئېغىر ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە ئىدى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە گالى پالۋان بىلەن سارىخان موللانىياز- نى چاقىرىپ باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ تويىنى قىلىۋېتىش ھەققى- دە مەسلىھەتلەشتى.

— بۈگۈن ئۆلەمدۇق، ئەتىمۇ، — دەپ گەپ باشلىدى سارىخان، — تولىمۇ مۇشكۈل ئۇرۇشلار بوپ كەتتى. يەر يۈتقۇر ۋاڭ بولسا تېخى يوقالمىدى. ئۇ يەنە نىمە ئىشلارنى قىلىشنى قەستلەۋاتىدۇ، تېخى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. باللار بولسا خېلى يىللاردىن بۇيان بىر-بىرىنى كۈتۈپ كەلدى. رەھمەتلىك باقى ئاخۇنىڭمۇ ئارزۇسى شۇنداق ئىدى. مەرھۇمنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن، — سارىخان بىر ئاز تىنىۋېلىپ ئاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — شەرىئىتىمىزدە قىزلار 12 ياشتىن، يىگىتلەر 14 ياشتىن ئاشسىلا تويىنى قىلىشقا بولىدۇ، "دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما" دەپتىكەن. بۇ ئىشنى قىلماي ئۆلۈپ-تارتىپ قالساق ئاچام بىچارىمۇ بىزدىن رازى بولماس. ئەمدى بۇلارنىڭ ئىككىسىنى قوشۇپ قويايلى، ئاتا-ئانىسى- نىڭ چىرىغىنى ياقسۇن.

گالى پالۋان خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا چۈشەندۈردى:

— ئىككىسىنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى. نەچچە يىلدىن بېرىقى پاراكەندىچىلىك بولمىغان بولسا، بىر-ئىككى باللىقمۇ بولۇپ كېتەر ئىدى. ۋاڭ قاچان سەپ تارتىپ چىقىپ بىز بىلەن ئۇرۇش قىلغىچە بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال-خۇرام ئۆتكىنىمىز غېنىمەت، شۇڭا سىزنى مەسلىھەتكە چاقىردۇق. باتۇر قانداق ئوي- لايدۇ، گۈلدەستىچۇ، ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. ھەر نىمە بولسا سىز ئۇلاردىن سوراڭ، بۇ ئىشنىڭ ستىغىنى ئېلىپ بېرىڭ. بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز پۈتسە ئۇلارمۇ گېپىمىزنى يىرماس.

موللانىياز مەقسەتنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرگىنى ئۈچۈن، راستىنلا خۇشال بولدى.

— بۇ ھەقتە ئويلانغانلىرى ياخشى بوپتۇ، — دېدى مولانىياز خوشال بولغان ھالدا. — ئۆزەممۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن ئىدىم. مەن بۇ ئىشنى باتۇرغا دېسەم، ئۇ "ئالدىمىزدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا تاغنى تۈزلەۋېتىپ، ئاندىن قىلساقمۇ كېچىكمەسمىز" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق. دېمىسىمۇ كىشىلەر بىر نىيەتتە جان بېرىپ، جان ئالىدىغان ئېلىشىشلار بىلەن بولۇۋاتقان بۇ مۇشەققەتلىك يىللاردا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدىكى ئوغرا تەلەپلەردىن ۋاز كېچىشى، ھەتتا ئۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىمۇ تەبىي بىر ھال. لېكىن قىز-يىگىت بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىشقا ئالدىراش شەرىئەتنىڭ قانۇنى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىرچە نىكاھنى ئوقۇتۇپلا قويساق بولىدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن چىراق توي قىلىپ بەرسەك.

شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن گالى پالۋان بىلەن سارىخان تويىنىڭ تەييارلىقىغا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. مولانىياز بۇ ھەقتە باتۇرغا ئۆزى بىر نەرسە دېگەندىن كۆرە "كامال ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك، نېمە گەپ بولسىمۇ بىر-بىرىگە دېيىشەلەيدۇ" دېگەننى ئويلاپ، ئارىغا كامالنى قويدى.

كامال بىلەن باتۇر بىر ئۆيدە تۇراتتى. ئۇلار كەچكى تاماقتىن كېيىن قوشۇننى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ۋاكنى يوقىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ھەققىدە پالۋان باشلىقلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم كېڭەش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈگى ئۈستىدە سۆزلەشتى. ئاندىن ئۇلار بىر ئاز جىم بولۇشۇپ قالدى. شۇ ئارىدا كامال باتۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا گەپ ئاچتى:

— ئالدىمىزدا بىزنى غەلىبە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئاداش، بۇ غەلىبىنى كۈتۈۋالغىچە پالۋانلارغا ھاردۇق چىقىرىش كېرەككۇ دەيمەن. سەن شۇنى ئويلاۋاتامسەن-يوق؟

كامالنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى باتۇر دەرھال چۈشىنىپ.

جاۋاپ بەردى:

— تېخى ئەتىگەنمىكىن، كامال.

— بولىدىغان ئىشنىڭ ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى ئاداش، توي قىلساڭ ئىشىمىزمۇ ئاقساپ قالمايدۇ. تويىنىمۇ قىلۋېرىمىز، ئورۇشنىمۇ قىلۋېرىمىز. گۈلدەستىمۇ چېنىققان قىز. ئات مىنەلەيدۇ، مىلتىق ئاتالايدۇ. ئورۇشقا بارالايدۇ. تويدىن كېيىنمۇ ئىشىمىز ئۆز يولىدا بولۇۋېرىدۇ. ھازىر چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئىككىڭلارنىڭ تويى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. يەنە كەينىگە سۈرۈۋەرسەڭ ياخشى بولماس.

باتۇر كامالنىڭ مېھرىۋانلىق، دوستلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

باتۇرنىڭ شۇ كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى، يۈرەكنى پارە-پارە قىلىدىغان ئېغىر پاجىئەلەرنى ئويلىدى. بوۋىسى ھەم مېھرىۋان مومىسىنى ئەسلىدى. توختاخۇننى نوم زىندانىغا تاشلاشقا ئېلىپ ماڭغاندا شەھەردىكى قوزغىلاڭ تۈپەيلىدىن ھەممە يەر قالايمىقان بوپ كەتكەچكە، قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆردىغا سولاپ قويغان ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردە مومىسىنى ياسىن قازىنىڭ ئادەملىرى بويىنىغا زەنجىر سېلىپ، قولىنى باغلاپ ئۆردا قوۋۇق دەرۋازىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. يېقىندا مومايىنىڭ ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تاپتى. كېيىن ناسىرنىڭ خەۋەر قىلىشىدىن قازىنىڭ مومايغا "نەۋرەڭنى ئىنساپقا كەلتۈرگىن" دەپ نۇرغۇن خۇشامەتلەر قىلغانلىقىنى بىلدى. بوۋىسى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ ئاندىن كامالنىڭ مەسلىھىتى ھەققىدە خىيال سۈردى. بۇ خىيال ئۇنى بايىقىدەك قايغۇ، ئېچىنىش، ئۆچ-ئاداۋەت بىلەن غەزەپلەندۈرمەي، بەلكى شېرىن-شاتلىق مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن

تۇرىۋالدى.

ئۇ يېقىندا بولغان مۇنداق بىر ۋەقەنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى:

گۈلدەستە ئادىتى بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەملەنگەن چاي، قايماق بىلەن پىشۇرۇلغان نان، سوۋۇتۇلغان گوش ئېلىپ باتۇر بىلەن كامال ياتقان ئۆيگە كىرەتتى.

بىر ئەتىگىنى گۈلدەستە كىرگەندە كامال يوق ئىدى. ئۇ ھىلىلا تاغ گۈللىرىدىن تۈزۈلگەن چىرايلىق گۈلدەستىنى گۈللۈك ساپال قاچىغا چىلاپ ئويۇققا قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. باتۇر بۇ گۈلدەستىنى كورۇپ قانماي پۇراۋاتقاندا قىز كىرىپ كەلدى-دە، جىنەستىمدەك لەۋلىرىنى تىترىتىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ قولاقلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەن، ھەتتا چىمدىپ قويغاندەك چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇنچىدەك يالتىراق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغان ئىدى. داستىخانغا ئېگىشىۋالغان قىزغا باتۇر يېنىشلاپ-يېنىشلاپ قاراپ، قىزدىكى ئاجايىپ يېقىملىق ئۆزگىرىشنى كوردى-دە، گۈلدەستىنى قىزغا ئىما قىلىپ:

— تاغ گۈللىرىدىن تۈزۈلگەن مۇنۇ دەستە، — دېدى قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، — ئادەمگە بەكمۇ ھوزۇر بېرىدىكەن. مەن كىچىكىمدىنلا تاغ گۈللىرىگە ئامراق ئىدىم. گۈلنى پۇرىسام بۇرنۇمغا بالىلىق چاغلىرىم پۇراۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا...... — دېدى قىز جۈرئەت قىلىپ، — گۈلدەستىدىن ئايرىلماڭ!......

لېكىن قىز ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نىمىشقا كۈلىسىز؟ — قىز نۇر چاقناپ تۇرغان كوزلىرىنى باتۇرغا تىكتى.

— بىلەمسىز گۈلدەستە، — دېدى باتۇر قىزنىڭ مېھرى-مۇھەببەتلىك كوزلىرىگە قاراپ، — بىزگە بۇ دۇنيانىڭ قىسمىتى كوپ،

لەززەتنى ئاز ئاتا قىلىنغان ئىكەن. ئاشۇ ئازغىنا لەززەتنى بولسىمۇ قەدىرلىگىم كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىمدا قىلىچ ئوينىتىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، خوشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي تۇرۇپتۇ!......

قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ پىسىڭگىدە كۈلدى. باتۇر تېخىمۇ چەرايلىق ۋە تەسىرلىكرەك گەپلەرنى قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، قىز قەپەزدىن بوشانغان تورغايدەك ئۇيدىن چىقىپ كەتتى.

باتۇر قىزنىڭ كەينىدىن:

— گۈلدەستە، ھەي گۈلدەستە! — دەپ قىچقاردى.

گۈلدەستە كەينىگە قايرىلىپ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ:

— ئىزا تارتىدىكەنمەن، — دېدى-دە، ئىشىكنى ياپتى.

باتۇر ساپال قاچىغا چىلانغان گۈلدەستىنى قايتا-قايتا پۇراپ قويدى ۋە ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ،
نېمە ئانچە قىينايسەن،
يۈرىگىمگە ئوت يېقىپ.

ئەپسۇسكى قىز شۇندىن كېيىن ئاش-چاي توشۇمايدىغان بولۇۋالدى. باتۇرنىڭ كۆزىگىمۇ ئاز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. باتۇر بۇ ئىشلارنى ئويلىغان ھالدا، تويىنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

دىگەندەك بىر ھەپتىدىن كېيىن تويمۇ بولدى. تويىنى ئاددىلا قىلىشماقچى بولسىمۇ، تاغ خەلقىنىڭ ئادىتى بۇنىڭغا يول قويمىدى. "باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ تويى بولىدىكەن" دىگەن خەۋەر تارقىلىشى بىلەن، ئون ئىككى تاغنىڭ خەلقى ئۆز ئىشىمىز دەپ بىلدى-دە، ھەرقايسى جايلاردىن ئۇستا سازەندىلەر،

ناخشىچىلار يىغىلدى. گالى دوغىسىنىڭ چوڭ سارىيىدىن تارتىپ ئورغۇن ئۆيلەرگىچە مەشرەپ سورۇنلىرى قۇرۇلدى. مەشرەپ ئىككى كۈن بۇرۇن باشلىنىپ، تويدىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن داۋاملاشتى.

توي كۈنى نۇرغۇن مېھمانلار كېلىشتى. گالى پالۋاننىڭ پۇت-قولى يەرگە تەگمەيتتى. چوڭ سارايدا مەشرەپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. نەغمىچىلەر كېچىلەپ ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ چىقتى. ئۇسۇلغا چۈشمىگەن بىرمۇ ئادەم بولمىدى. ھەتتا سارىخانمۇ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ياشلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتتى. گالى پالۋان بولسا ئۇسۇلغا چۈشتى.

چوڭ سارايدا ئەر-ئاياللار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ سازەندە ناخشىچىلىرى بار ئىدى. قومۇل ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ئۆزگىچە خاس يېقىملىق بولۇپ، نەچچە كېچە-كۈندۈز ئېيتسىمۇ تۈگىمەيتتى.

نەغمىچىلەر ئاۋال مۇقامدىن باشلىدى. مۇقەددىمىنى بىر ناخشىچى داپنى يۈزىگە ياققان ھالدا مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئانىدەك مېھرىۋان قايدا، ئاتىدەك غەمگۇزار قايدا،
زالىملار زۇلۇم قىلدى، ئىچ كۆيەر دوست-يار قايدا؟
گۈللەر بەرگىدە تۇزۇپ، ئەلەمگە تولدى دەرتمەنلەر،
قۇتۇلماس قېچىپ ئەمدى، بىزنى بوزەك ئەتكەنلەر.

مۇقەددىمە خېلى سوزۇلۇپ ئېيتىلغاندىن كېيىن پەدە يۆتكەلدى:

ساناق بىلەن يىللار ئۆتتى،
جۇدا بولدۇق ھەممىدىن.
يۈرەكلەر خۇن بولۇپ ئاقتى،
ۋاڭ خوجاملار دەستىدىن.

زالىملار ئۆلتۈردى يار—
كۆردۈڭلەرمۇ؟
يۈنگان كوڭۈللەر ھالىنى—
سوردۇڭلارمۇ؟

يارنى ياردىن ئايرىغان—
كىمنىڭ ئىشى بۇ؟
سايدا ئاققان كىملەرنىڭ—
ھەسرەت يېشى بۇ؟

بۇ بېيتلار ئاساسەن گۈلشەن، كامالللارغا قارىتىلغان ئىدى. خېلىغىچە كىشىنىڭ قەلبىنى ئېزىدىغان بېيتلار ئېيتىلغاندىن كې- يىن ئاستا-ئاستا شوخ، مەشرەپ پەدىلىرى ئېيتىلىشقا باشلىدى. سورۇن جانلىنىپ بەزىلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئەر-ئايال ناخشە- چىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا كەتتى:

ئاپپاق، ئاپپاق قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كورەر كوزلەر كورمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

ئاتىنىڭ ئۇبدىنى بولسا،
تاغنى يايلىمايمەنمۇ؟
يارنىڭ ئۇبدىنى بولسا،
بىللە يايرىمايمەنمۇ؟

كېپتەرىڭنى بىلگەن بولسام،
يولدا تۇراردىم.

يىغلاپ - قاخشاپ قالغىنىمدىن،
بىللە باراردىم.

بىللە كەتسەك بىر ئۆمۈرلۈك،
يولداش ئېتەرمەن.
سەن ۋاپادار يارىم ئۈچۈن،
جاندىن كېچەرمەن.

مەن بېلىمنى باغلىۋالدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
سەن كېتەرسەن مەن قالۇرمەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن؟

يار كېلىپ گۈلدەستە تۇتسا،
تار كېلۇر دۇنيا ماڭا.
جان دىلىمدىن ئەتىۋادۇر،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا.

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يارلا بولسا يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.
....................

قىقاس، چۇقان، ھەشقاللا كوتىرىلدى. گاللى پالۋان ئۇسۇل-چى، ناخشىچىلاردىن مەمنۇن بولۇپ، پەتنۇسقا بىر تۇتام پۇلنى سالدى-دە، سازەندە ھەم ناخشىچىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇردى.

بىرىنچى مۇقام يىگىرمە ئىككى ئاھاڭ ئېيتىلغاندىن كېيىن تۈگىدى. ئىككىنچى مۇقامنى باشلىغاندا يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىدى. توي مەشرىپى قالتىس قىزىپ كەتتى. پوتا ئويناش بىلەن ئۇسۇل توختىمىدى. قىقاس، چۇقان، ھەشقاللا كوتىرىلىپ تۇردى. پەتنۇس، پەتنۇستا پۇل نەغمىچىلەر ھەم ئۇسۇلچىلار بېشىدىن ئايلىنىپ تۇردى. بۇ تاغدىكى خەلقلەرنىڭ ناخشا ئېيتالمايدىغىنى يوق، گايىدا كوپچىلىكنىڭ ھەممىسى ناخشىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ناخشىلار داپىنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ تاغلارلى يېرىپ سايلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. تاغ خەلقىنىڭ مىسكىن كوڭلى بىردەم بولسىمۇ كوتىرىلىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خوشاللىق-قا چۆمگەن ئىدى......

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باپ

جان چىقاردا كەلسەڭدى
جانانى قاشىمغا مېنىڭ.
نى ئالامەت تاغلىرى،
سېرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

تاڭ سۈزۈلگەن چاغ. كامال يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان خەۋەرچىنى كوردى ۋە ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كورۈشتى. كامال سەمەتنىڭ چىرايىدىكى بىرخىل جىددىيلىكنى سېزىپ سورىدى:

— نەدىن كېلىۋاتىسەن، قانداق خەۋەرلەر بار؟

مىجەزى چۈس، كۈچلۈك يىگىت سەمەت ئاقۇقا چىققاندىن بېرى، ئات چېپىپ تاغ ئايلىنىپ يۈرۈپ، خەۋەرچىلىك ئىشىنى كىشى رازى بولغىدەك ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىسى بۇنىڭدىن خوش ئىدى. ئۇ كامال بىلەن كورۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سوئالىغا چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئۈچىنچى تاغدىكىلەر ئونبەش ھارۋىدا ئاشلىق ئېلىپ ئۇن تارتقىلى ئىككىنچى ئاقۇقا كېتىۋاتقان ئىكەن، ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى ئاشلىق ۋە ئات-ئۇلاقلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ، ئادەملەرنى بولسا ھالاك قىپتۇ.

— ئاپلا...... دۈشمەن بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىلا يۈرۈپتۇ-دە، مەن بۇ خەۋەرنى ھازىرلا باتۇرغا يەتكۈزەي، سەن يەنە تەكشۈ-

رۇپ كور، — دېدى كامال ۋە ئابدىراپ باتۇر تەرەپكە كەتتى.

ئاق ۋە بوز كىگىز ئۈستىدە ياش چوڭلۇغىغا قاراپ چوردەپ ئولتۇرۇشقان پالۋان باشلىقلىرى نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار قىلدى.

گالى پالۋان ئاۋال سوزلىدى:

— قارىغاندا بىزنىڭ قاراۋۇللىرىمىز ناھايىتى بىخوتىلۇق قىپتۇ. جەڭدە بىخوت بولساق، كاللىمىز كېتىدۇ. دەرھال كۈزەتچى ۋە قاراۋۇللارنى كوپەيتىپ، جىددى ئۇرۇش تەييارلىغى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ۋاڭ سىرتتىن نۇرغۇن ئادەم ئالغانىنىڭ ئۈستىگە خېلىدىن بېرى چوڭ تەييارلىق قىلىۋالدى. بۇ ئۇرۇش بۇرۇنقى ئۇرۇشلارغا قارىغاندا چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

— مېنىڭ ئويۇمچە، — دەپ گەپنى بولدى مامۇت زور، — ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى نەگە ئورۇنلاشقان بولسا، دەرھال شۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ، كۈچىنى چېچىۋەتكىلى بولىدۇ.

— ياق، — ئېتىراز بىلدۈردى نايمەت ئىسىملىك بىر پالۋان، — ئۇرۇشنى كۈچكە يولىنىپ پىلانسىز، تەۋەككۈلىگىلا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن دۈشمەن قەيەردە، قانچىلىك، بۇنى بىلىپ، ھۇجۇم قىلىش ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاش كېرەك. ھۇجۇم قىلىدىغان ئورۇنلار ئايان بولسا نىشان ئوچۇق بولىدۇ. مىڭلىغان پالۋان، مەرگەن، باتۇرلىرىمىز بىلەن ھېچنەرسىدىن قورقماي ئۇرۇش قىلىۋېرىمىز، سەن ئوز كۈچۈڭگە ئىشەنسەڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە، پىلانىڭ توغرا بولسا، ھەرقانچە كۈچلۈك دۈشمەننىمۇ يېڭەلەيسەن.

— توغرا، توغرا ئېيتتىڭ! — دەپ ئۇنىڭ سوزىگە قوشۇلدى مامۇت زور، — مەنمۇ شۇنى دېمەكچى ئىدىم. ئۇرۇشنى بىز قىلىمىز-دە!

تالاش-تارتىش خېلىغىچە داۋام قىلدى. باتۇر ھەممىنىڭ سۆزىنى زەڭ قويۇپ تىڭشىدى ۋە ئاخىرىدا جىددى ھالدا سۆزلىدى:

— بىز دۈشمەنگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلساق بولمامدىكىن، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋېتىپتۇ، قېنى، ئالدىمىزغا كەلسۇن. ئەگەر مۇداپىئە ئۆڭكۈرلىرىمىزنى تاشلاپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلساق، خەتەرلىك بولىدۇ. ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغان بولسا، بىز ئۆزىمىزگە بەش قولدەك تونۇش بولغان تاغ ئۆڭكۈرلىرى، قېلىن قارىغايلىقلاردا ئۇرۇشۇپ دۈشمەننى چوقۇم ھالاك قىلالايمىز. ئۇرۇمچىدىكى ئەمەلدارلار ۋاڭغا نۇرغۇن چېرىك، قورال-ياراق ياردەم قىلغان بولسا، بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق، بىزنىڭ پالۋانلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى نەچچىگە تېتىيدۇ. مامۇت ئاكامنى ئالايلى، — باتۇر مامۇت زورنىڭ شەھەردە ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئون چېرىكنى بىر يولىلا ھالاك قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى، — مانا قاراڭلار، بىزنىڭ پالۋانلىرىمىز مۇرىتى كەلسە، يۈز چېرىككە تېتىيدۇ. بىز ئەھۋال ئۇقۇشقا بىر قىسىم كىشىلەرنى يولغا سالدۇق. ئۇرۇش پىلانى نۇزۇلگىچە ھەممىمىز تەييارلىق قىلىپ، سەپ تارتىپ، ئۆز ئورۇنلىرىمىزنى ساقلاپ تۇرساق بولىدۇ، — باتۇر ئاندىن ھەر بىر قوشۇننىڭ تۇرىدىغان جايى، ئۇرۇشۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە سۆزلىدى، — ئالدى بىلەن دۈشمەن تاغ قاپتاللىرىنىڭ ئىچىگە كىرسۇن. ئەگەر تاغ قاپتاللىرىنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، شەپە بېرىپ ئۇلارنى كەينىمىزدىن ئەگەشتۈرۈپ ئىچكىرى كىرگۈزەيلى، دۈشمەن تاغارغا كىرگەندىن كېيىن جايلاش ئاسان.

باتۇرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە بىرسى سوئال قويدى:

— كەينىمىزدىن يەنە تۈزلەڭدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسىچۇ؟

— ئۇنىڭ چارىسى ئاسان، ئۇ چاغدا نەيزە - قىلىچلىرىمىزنىڭ كۈچى بىلەن تېرى - پېرەك قىلىۋېتىمىز. لېكىن ياردەمچى قوشۇنلىرىمىز، تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغان قوشۇنلىرىمىز ھوشيار بولۇشى كېرەك.

موللانىياز قوشۇمچە قىلدى:

— بىزنى پەقەت ھوشيارلىغىمىز، تېز ھەركىتىمىزلا يېڭىشكە ئېلىپ بارالايدۇ. ئەگەر دۈشمەن كوپ بولسا، ئۇنى پارچىلاشقا ماھىر بولۇشىمىز، پارچىلانغان دۈشمەنگە ھەر تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك.

كېڭەشتىن كېيىن ھەرقايسى قوشۇنلار ئوز ئالدىغا مۇداپىە ئوتكۈزلىرى ياسىدى. نايىمەتىنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغان قوشۇنىدىكى مەرگەنلەر ئوچتۇر ئاتلارغا مىنىپ، كەڭ ئېتەكلىك چاپانلىرىنىڭ بېلىدىن قاتتىق باغلاپ، ئىگىز ئوكچىلىك ئوتۇكلىرىنىڭ قونچىغا قازاق پىچىغىنى تىقتى. ئۇلار ئالدى بىلەن دۈشمەن قايسى تاققا كەلسە، نەدە موكۇپ تۇرىدىغانلىغىنى، نەدىن چىقىپ ۋلارغا زەربە بېرىدىغانلىغىنى پىلانلىدى. ئەگەر ئېغىر ئەھۋال ۋز بەرسە ئىككىگە بولۇنۇپ، ئىككى ياقتىن تاغلارنىڭ كەينى بىلەن يۇرۇپ، يەنە بىر تاغدا ئۇچراشماقچى، دۈشمەنگە شۇ جايدا توساپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇلار ھەتتا دۈشمەن قانچىلىك چېرىك بىلەن ھۇجۇم قىلسا، ئۇرۇش قانچىلىك ۋاقىتقا سوزۇلىدىغانلىغىنىمۇ ئويلاشتى.

بىرىنچى ئېغىزدا يەنە مامۇت زورنىڭ باتۇرلىرى تۇردى.

مامۇت زور پالۋانلىرىنى كوزدىن كەچۇرۇپ ئالدىدىن كەلگەن دۈشمەنگە قانداق، ئارقىدىن كەلگەن، ياندىن كەلگەن دۈشمەنگە قانداق زەربە بېرىش ھەققىدە يول كورسىتەتتى. ئۇ ئوز قوشۇنىغا — پالۋانلارغا تولىمۇ مېھرىۋانلىق بىلەن قارايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ "يىگىتلىرىم، پالۋانلىرىم، باتۇرلىرىم" دىگەن سوزلەرنى

ئىچىمىزدىن چۈشۈرمەيتتى.

پالۋان، باتۇرلارمۇ مامۇت زورنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مېھرىۋانلىقى، باتۇرلۇقى، مەرتلىكى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىغا قارىتا جىددى تەييارلىق كېتىۋاتقان شۇ پەيتتە، مامۇت زور يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆز قوشۇنىغا سوزلىمەكتە ئىدى:

— ھەي پالۋانلىرىم، ماڭا قاراڭلار، ئەگەر بىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەننى مۇشۇ يەردىلا تارمار قىلىۋەتمەك ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ ئارقىمىزدىن كېلىدىغان دۈشمەننى كۈتۈۋالايلى! دۈشمەننىڭ كۈچى زور كېلىپ، ئېغىر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئالدىمىزدىكى ئىگىز تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەيلى. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇ يەردىمۇ تۇتۇشۇپ قالساق، ياردەمچى قوشۇن دەرھال يېتىپ كېلىدۇ. كەلگەن ئەبلەخلەرنى بىر-بىرلەپ يوقاتساق، ئۇدۇل شەھەرگە ھۇجۇمغا ئاتلىنىمىز. ئاڭلىدىڭلارمۇ باتۇرلىرىم!

— ئاڭلىدۇق! بىزمۇ دۈشمەننى تىرىك قويمايمىز! — دەپ قەسەم ئىچىشتى پالۋانلار.

موللانىيازمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا سۆزلەيتتى:

— بىز تۇرغان تاغلار ناھايىتى ئىگىز — چىقىشمۇ، چۈشۈشمۇ قىيىن، دۈشمەن كەلگىچە مەزمۇت ئورۇنلىشىۋالايلى. دۈشمەن كەلگەندە شۇنداق كېلىشتۈرۈپ سالايلىكى، بىرىمۇ ساق قالمىسۇن!

ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلار بىر مۇنچە دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرۇشتا داڭ چىقارغان ھىلىگەر بىر جاللاتنى باشچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ ئەمەلدار ئالدى بىلەن بۇ تەرەپكە ئۆز ئادەملىرىنى يوشۇرۇنچە كىرگۈزۈپ، قوشۇننىڭ ئىچكى ئەھۋالى، ئۇرۇش تەييارلىقى، مۇھىم ئورۇنلىرى قاتارلىق ئەھۋال-

لارنى ئىگەللىۋالدى. ئاندىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشنىڭ پى-
لانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن ياسىن قازىنى تۆت يۈز
ئاتلىق چېرىك بىلەن يولغا سالدى.

ئۇلار بىرىنچى ئېغىزدا توختاشتى. كۈن قايرىلغىچە ئۇرۇش
قىلىپ ياسىن قازىنىڭ چېرىكلىرى جان تالاشتى. مامۇت زورنىڭ
بۇيرۇغى بىلەن پالۋانلار ئالدىدىكى تاغنىڭ كەينىگە ئۇچقاندەك
ئۆتتى-دە، ئەتراپتىكى تاغلار ئۈستىگە يېيىلدى. چېرىكلەرنىڭ
بىر بۆلىكى ئىچكىرىلەپ كىردى، لېكىن قايتالغا كىرمىدى. تاغنىڭ كەي-
نى يانباغىرلىرىدىن ئۆتۈپ بىر-بىرلىرىگە قوشۇلدى. پالۋانلار چېرىك-
لەرنىڭ ھىلىگەرلىكىنى سېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقماقچى بولدى.

موللانىيازنىڭ قوشۇنى تېخىمۇ-تېخ ئېلىشىۋاتقان بىر ۋاقىت-
تا مامۇت زورنىڭ قوشۇنىدىن بىر قىسىملار كېلىپ ئۇلارغا
ياردەم بەردى. كۆپ قىسمى بولسا، ئۆز جايىغا قايتىپ ئۆز
ئورنىنى ساقلىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز پەي-
دا بولغان قازاق مەرگەنلەر چېرىكلەرنى ئوجۇقتۇرۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياسىن قازى يەنە
تۆرگۈن ئاتلىق چېرىكلەرنى باشلاپ كەلدى. چېرىكلەر تۇرۇپ
كەتكەن قاقاس چۆلدە غالجىرلىق بىلەن كەلمەكتە ئىدى. ئالدىن-
قى جەڭدىن كېيىن باتۇرنىڭ قوشۇنلىرى سەگەكلىشىپ قالغان
ۋە جىددى ھالەتتە تۇرغان ئىدى. باتۇر چېرىكلەرنى نېرىدىن
كۆرۈپ پالۋانلارغا مەزمۇت تۇرۇپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق بەردى
ۋە ئېتىغا مىندى-دە، مامۇت زورنىڭ قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ
چېرىكلەر ئىچىگە بوسۇپ كىرمەكچى بولدى. لېكىن مامۇت زور
بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال ئىككى
بۆلەككە بۆلۈنۈپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغلار كەينىگە
يوشۇرۇندى.

چېرىكلەر باشلىغى دۇربۇن بىلەن قاراپ باتۇرلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنى پەرەز قىلدى ۋە ئىككىگە بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن ياسىن قازى بۇنى رەت قىلىپ:

— بۇ ئۇلارنىڭ ھىيلىسى بولۇشى مۇمكىن. پارچىلانماي ئۇدۇل مېڭىش كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئاخىرى ئۇلار يۇقىرىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى ئالدىن ھۇجۇمغا سالدى.

بۇ ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى شۇنداق ئىتتىك چاپتىكى ئۇلارنىڭ باشلىغىمۇ ئارقىدا قالدى.

مامۇت زور ئۇلارنى تونۇپ ئۆز قوشۇنىغا ئوق چىقارماسلىقنى ئۇقتۇردى ۋە قولىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ ۋاقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي قېرىنداشلار! ئاكا-ئۇكىلار! ئۆز يېغىمىز بىلەن ئۆز گوشىمىزنى قورۇماقچىمۇ بىز؟ ۋاڭ سىلەرگىمۇ-بىزگىمۇ ئوخشاش زۇلۇم قىلغانغۇ. سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ؟ قېنىڭلار قارا سايدا تۆكۈلسە، بالا-چاقاڭلار يېتىم قالسا، بۇ ئۇۋالچىلىقنى كىم تارتىدۇ؟ بىز تەرەپكە ئۆتۈڭلار! سىلەرگە ئوق چىقارمايمىز! مىلتىقىڭلارنىڭ ئۇچىنى كەينىگە قارىتىڭلار!

قارا ساي بىلەن ئېگىز تاغ جىمجىتلىقتا چۆككەندەك بولدى. ئۇلار مامۇت زورنىڭ تەرغىباتىنى قۇمۇلدىكى چاغلىرىدىمۇ ئاڭلىغان ئىدى. ئۇلار مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقتىن، نارازىلىق ئىچىدە قېچىپ كېتىش پۇرسىتىنى ئىزلەپ يۈرۈشەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قېچىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت بولمىسا ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويۇشقان ئىدى. ئۇلارغا مامۇت زورنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ تەسىر قىلدى. شۇڭا ئۇلار دەرھال كەينىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرغان پېتى

ماھمۇت زورنىڭ قوشۇنىغا ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ياسىن قازى قاتتىق غەزەپلەندى. قان يۇتۇپ ئاھ ئۇردى. ئۇ نېمە قىلىشنى ئويلاپ يەتمىگەن بىر ۋاقىتتا نايمەتنىڭ قوشۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چېرىكلەرنى چېچىۋەتتى. نايمەت ئۆزى ياسىن قازىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قوغلاپ كەتتى. چېرىكلەر ھەر تەرەپكە چېچىلغان ھالدا تېخىمۇ غالجىرلاشتى. نايمەت ياسىن قازىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقتىن، قايتىپ كېلىپ قوشۇنى بىلەن بىللە كامالنىڭ قوشۇنىغا ياردەم بەردى.

شۇندىن كېيىن يەنە ئون كۈن جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتتى. پالۋانلار قوشۇنى ئارىسىدا: "دۈشمەننىڭ نەچچە ئايلىق تەييارلىقى بىراقلا ئاسمانغا توزۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇلار خېلىغىچە ھۇشىغا كېلەلمەيدۇ. بىزگە يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ھالىمۇ قالمىدى" — دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ، بىخۇتلۇق يۈز بېرىشكە باشلىدى. باتۇر بۇ خىل ئەھۋال بىلەن بىر قىسىم قوشۇنلارنى ئوردىغا ھۇجۇم قىلغىچە ئائىلىلىرىگە بېرىپ، بىرنەچچە كۈن ھاردۇق ئېلىپ كېلىشكە قويۇۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن چارلاش ئىشلىرىمۇ بوشىشىپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈش مەزگىلىدە باتۇرنىڭ قوشۇنلىرى تۇرغان جايلارنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئۈستىلىرىدە بىردىنلا توپ-توپ ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەنلەر: "نېمە ئادەملەر بۇ، ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى بولمىسۇن يەنە، بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالغاندۇ" دېيىشىپ، دەرھال باتۇر بىلەن موللانىيازغا خەۋەر قىلىشتى.

— دۈشمەن بۇ قېتىم ھىيلە ئىشلىتىپتۇ، — دېدى موللانىياز خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇلار بىزنىڭ بىخۇتلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، چېرىكلىرىنى يىراقتىن ئايلاندۇرۇپ بىزنى قورشىماقچى بولۇشقان، قارىغاندا بۇ ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. بىز بۇلارنى توسماپتىمىز.

دەرۋەقە ئىش شۇنداق بولغان ئىدى. دۈشمەن پالۋانلارنىڭ ئويلەنگەن يېرىدىن چىقىپ، خۇپىيانە ھالدا كېلىشكەن، بارلىق كۆچى، جېمى ئادىمىنى ئىشقا سالغان ئىدى.

باتۇر ئۇزاقلارغا تىكىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى كوردى-دە، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىغىنى پەرەز قىلدى ۋە جىددى ھالدا دېدى:

— دۈشمەن ناھايىتى كوپ، قارىغاندا بىز قورشاۋدا قالغاندەك تۇرىمىز. لېكىن بۇنىڭدىن قورقۇپ چوچۇپ كېتىش — پالۋانلارنىڭ شەنىگە سەت ئىش. بىز دۈشمەننى يوقىتىشقا قەتئى بەل باغلاپ، بىر ئادىمىمىز قالغىچە ئۇرۇشىشىمىز كېرەك. دەرھال ھەرقايسى تاغلارغا خەۋەرچىلەر ماڭسۇن. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ئوز قوشۇنلىرىنى تاپسۇن!

باتۇر دەرھال ئەتراپقا يېڭى چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ چارلاش نەتىجىسىنى كۈتمەيلا، پۈتۈن قوشۇنغا بۇيرۇق قىلدى:

— بىرىنچى، ئىككىنچى قوشۇن دۈشمەننىڭ ئارقىدىن زەربە بېرىشكە دەرھال تەييارلانسۇن. قالغان قوشۇنلار جىددى تەييارلىق بىلەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرسۇن. ئاياللار بولسا، قېرى-چورىلەرنى، ئاجىز-كېسەللەرنى، بالىلارنى باشلاپ ياندىكى قىزىل تاققا يوتكەلسۇن!

باتۇرنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلىغان بارلىق پالۋانلار ۋە پۇقرالا دەرھال شۇ بويىچە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدا باتۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان گۈلدەستە قەيسەر كوزلىرىدىن ئوتلار چاقنىتىپ:

— قىزىل تاققا يوتكىلىدىغانلارنى يوتكەپ بولغاندىن كېيىن مەن قايتىپ كېلىپ سىز بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىمەن، — دېدى.

— ياق بولمايدۇ، — باتۇر مۇلايىملىق بىلەن گۈلدەستىگە

قارىدى، — بۇنداق ئەھۋالدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئاددى ئىش ئەمەس. قىزىل تاغدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز چوڭ ئىش، سىز شۇلارغا ياردەملىشىڭ!

— نېمە دەۋاتىسىز، مەن سىز بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمەن، — دېدى گۈلدەستە كەسكىن بىر ئاھاڭدا.

— ئۇنىڭغۇ شۇنداق، بىراق......

گۈلدەستە باتۇرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بۇ گەپلەرنى قويۇڭ، مەن كەچكىچە بەربىر سىزنى تاپىمەن!

گۈلدەستە شۇنى دېدى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى. باتۇر ئۇنىڭ كەينىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا قاراپ قالدى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھەربى ئەمەلدار ۋاڭنىڭ ھەممە چېرىكلىرىنى يىغىپ، ياسىن قازى بىلەن يولغا سالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەممە باسمىچىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، باتۇرنىڭ قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق تاغلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان ئىدى.

پۇقرالار تېخى يۆتكىلىپ بولمىغان، ھەتتا ھەر قايسى تاغلارغا ھاردۇق ئېلىشقا كەتكەن پالۋانلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلەلمىگەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەن تاغلاردىن يامراپ چۈشۈپ مەھەللىلەرگە باستۇرۇپ كىردى. مەھەللىلەرنى قىيا-چىيا، يىغا-زارە قاپلىدى. دۈشمەن شۇنچىلىك ۋەھشىلەشتىكى، ئۇچراشقانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇششاق باللارنىڭ چاتىرىقىدىن يېرىپ تاشلىۋەتتى. چىرايلىق باللارنى بۇلاپ كەتتى. قىز-ئاياللارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا تۆت تاغنى

بىسىۋېلىپ، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. ئۆي-جايلارغا ئوت قويدى. ئەشرەپلەر قىزىغان كاتتا سارايلار، باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ يېڭى ھوجرىلىرى ئوت ئىچىدە لاۋۇلداپ ياندى. دۈشمەن بەشىنچى تاقتا قاراپ ماڭغاندا، موللانىيازنىڭ قوشۇنى بىلەن باغداش دوغىسىنىڭ قوشۇنى بىرلىشىپ، ئىككى ياندىن ئۇلارنى قورشىدى. مامۇت زورنىڭ قوشۇنى ئالدىدىن توستى. كامالنىڭ قوشۇنى كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. پالۋانلار بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قىزچاقلاشما جەڭ پەيدا بولدى. قىلىچ-نەيزىلەر ھاۋادا ۋال-ۋۇل قىلاتتى. جاق-جۇق تېگەتتى.

باتۇر ئالدىغا كەلگەن دۈشمەننى شىددەت بىلەن چېپىپ تاشلايتتى. ئېسىلغانلىرىنى كۆتىرىۋالاتتى-دە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە تاشلايتتى. شىددەتلىك ئېلىشىش كەچكىچە داۋاملاشتى. دۈشمەن قىرىلىپ بىر يەرگە بارغان، باتۇرنىڭ قوشۇنى چارچىغان بىر ۋاقىتتا، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان زاپاس قوشۇنى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي يەنە باتۇرلارغا غالجىر بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلدى. ھەممە تەرەپنى قارا قاغىدەك دۈشمەن ئادىمى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. لېكىن پالۋانلارمۇ بوش كەلمەي، دۈشمەن بىلەن قاتتىق تۇتۇشماقتا ئىدى......

بۇ دەھشەتلىك جەڭ ئون ئىككى كۈنگە سوزۇلدى. پۈتۈن تاغ ئارىلىرى، كەڭ سايلار ئۆلۈك بىلەن تولدى. لېكىن دۈشمەن چېكىنمىدى. باتۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا ھېچبىر ئارام بېرىلمىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ قالدى. چارچاش، ئاچلىق پالۋانلارنى ھالسىرىتىپ قويدى. دۈشمەن كەينى-كەينىدىن ئون ئىككى تاقتا ئاپەتتەك يېيىلىشقا باشلىدى. پالۋانلار قورشاۋ ئىچىدە بارغانسېرى قىسىلىپ قالدى. ئەمدى پالۋانلارغا قورشاۋدىن يېرىپ چىقىپ كېتىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. ئۇلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا

قوشۇن بولۇنۇپ كېتىپ، باتۇر بىلەن كامال قوشۇندىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار قورشاۋنى يېرىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلمىدىغان تىك تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئىگىرىلەپ، يەنە بىر ئېگىز تاققا كەلگەندە ئۇ يەردە تۇساپ تۇرغان دۈشمەنلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا باتۇر بىلەن كامالنىڭ كوزىگە بىر ئۆڭكۈر كورۈندى. ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈرنى ئىستىھكام قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن ئاخىر-غىچە ئېلىشىش قارارىغا كەلدى. ئۆرۈمچىدىن كەلگەن ھەربى ئەمەلدار ۋە ياسىن قازى باتۇر بىلەن كامالنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن ئەتراپنى ئۈچ قەۋەت قورشىدى، لېكىن بەش كۈنگىچە ئۇلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرەلمىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كەلگەن دۈشمەن ھالاك بولدى.

ئاچلىق باتۇر بىلەن كامالنى ھالدىن كەتكۈزدى. بۇ ئۆڭكۈردە تاش-تۇپراقتىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. سوغاق ۋولسا جاندىن ئۆتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ كوزلىرىدە ئۈمىت ئۇچقۇن-لىرى يېنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئوقدانلارنى تەكشۈرۈپ كوردى. بىر تالمۇ ئوق قالمىغان ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا دۈشمەننىڭ ئۆلۈكلىرى دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ جانسىز گەۋدىسىدىكى مىلتىق، ئوقلارنى ئېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يەنە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. سىرتتىن ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوق ۋە تاغنىڭ كەينىدىن ئۆڭكۈرگە قاراپ كېلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان چېرىكلەرنىڭ گايىدا پۇتلىرى، گايىدا قوراللىرى كورۈنۈپ قالاتتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى باتۇر كامالغا قاراپ.

— مەقسىدىمىزگە يەتمەي تۈگىشىدىغان بولدۇق. بۇ ماڭا ئەلەم قىلىدۇ، — دېدى كامال مەيۈسلەنگەن ھالدا.

باتۇر كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى تاشقا تىرەپ قالدى.

بۇ مۇشكۈل دۇنيانىڭ ھەممە جەبرى-جاپالىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، شىددەتلىك ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھازىرغىچە ئۆز ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتىرى توغرىسىدا ھېچقانداق تەسىرات ھېس قىلمىغان باتۇرغا بۇ ھال قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ پۈتۈن پىكىر-خىيالىنى يىغىپ كامالنى چاقىردى:

— كامال، ماڭا يېقىن ئولتۇر.

كامال باتۇرنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ مۈرىسىنى باتۇرنىڭ مۈرىسىگە تىرەپ ئولتۇردى.

— كامال، سەن بىلەن مەن قىيامەتلىك دوست، ئىككىمىز بىللە زۇلۇم چەكتۇق، بىللە ئۇرۇش قىلدۇق. بېشىمىزغا كەلسە، يەنە بىللە ئۆلىمىز. ئەمما بىز ئۆلگەن بىلەن خەلق ئۆلمەيدۇ. خەلق سەندەك، مەندەك يەنە تالاي مەرتلەرنى تۇغىدۇ. ئۇلار بىر كۈنى زۇلۇم تېغىنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ كامال؟

باتۇر ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرغان كامالغا قاراپ ھاياجانلاندى ۋە مۈرىسىدىن قىسىپ قۇچاقلىدى.

— شۇنداق، دېگىنىڭ توغرا، — دېدى كامال، — ئەمما بۇ ئىپلاسلارنىڭ قولىغا تىرىگىمىز چۈشكىچە، ئۆلۈكىمىز چۈشكىنى ياخشىراق، ئادالەت يولىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ؟ بىزمۇ ئۇلارنىڭ بىرى. بەربىر ئۆلىدىغان گەپ. ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگىچە ئۆزىمىز ئۆلگىنىمىز تۈزۈك.

— ئۆزى ئۆلۈش مەرتنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى باتۇر، — بىز ئۆزىمىزمۇ ئۆلۈۋالمايمىز. ئۇلارنىڭمۇ قولىغا تىرىك چۈشمەيمىز. لېكىن بىز ھازىر ھايات، يەنە ھەرھالدا ھاياتتىن ئۈمىت كۈتۈش كېرەك. مەرتلىك ۋە ئۈمىتلىك بولۇش ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ خىسلىتى.

كامال باتۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىيالغا كەت-
تى. باتۇرمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە
باشلىدى.
ئۇ كىچىك چاغلىرىدىلا زۇلۇم - ئازاپنى بىلگەن. شۇڭا ئۇ
ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشەققەتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ياسىن قازىنىڭ
ئۆيىگە كېلىپ ئىشلەشكىمۇ رازى بولدى. ھەر خىل دەردى - بالا-
لار يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرسىمۇ چىدىدى. لېكىن ياسىن قازى
تەرىپىدىن ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللۇققا سېتىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن
پاجىەنىڭ يىلتىزى، خەلقنىڭ ئاھ - زارىنىڭ مەنبەسى ئوردا
ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ كومۇر كانىغا پالانغىنىدا، خەلقنىڭ يۈرى-
كىدىكى ۋاڭغا قارشى غەزەپنى بىلدى. ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ خەلق
بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا، ھامان
خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى
بېغىشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ پۈتۈن يۇرتنى قوزغاپ، ۋاڭنى ئاغدۇرۇ-
ۋېتىشكە قەسەم ئىچتى. ئۇزۇن ئوتمەي ئوردا زالىملىرى تىترى-
گەن ھالدا، خەلق كۈچىنىڭ ھەيۋىتىدىن قاراڭغۇ كېچىلەردە
ئىگىز تاغلارنىڭ ئۈستىلىرىگە يېقىلغان جەڭ گۈلخانلىرىنى كوردى.
ئون ئىككى تاغ خەلقى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ ئەركىن،
كەڭ كۆشادا تۇرمۇش كەچۈردى. كېيىن تويۇقسىز جاھان قاراڭ-
غۇلىشىپ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ، — ئاچلىقتىن دەرمانى
كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكەندىمۇ يەنىلا ئەل - يۇرت ئۈچۈن جەڭ
قىلدى. ئەمدىچۇ؟ پۈتۈن تېنى ئاچلىق، دەرمانسىزلىقتىن ئاجىز-
لىدى. ئوقدانلىرى قۇرۇپ كەتتى. لېكىن قەلبىدە يەنىلا رەقىپلىرى-
گە بولغان چەكسىز غەزەپ، زۇلۇم چەككەن، خورلانغان قېرىنداش-
لىرىغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت يېنىپ تۇرۇپتۇ.
تۇنىڭ كوز ئالدىدىن مېھرىۋان ئانىسى، شەپقەتلىك دادىسى،
غەيرەتلىك بوۋىسى، شىرىن سوزلۇك مومىسى، جان جىگەر چىراي-

لىق سىڭالىسى ئۆتتى. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى يورۇق كۈننىڭ باھارىنى كۆرەلىدى ــ ھە؟

— كامال، — دېدى باتۇر، كامالنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — مەن ئۇلۇپ كېتىشىمىزگە رازى ئەمەسمەن، بىز مەقسىدىمىزگە يېتەلمىدۇق، بىز يەنە ياشىشىمىز كېرەك ئىدى. زالىم ۋاڭ تېخى تىرىك، يەرتەۋچ ياسىن قازى تېخى تىرىك. ئوردا تېخى گىدىيىپ تۇرۇپتۇ. يۇرتىمۇ تەس، ئەلگىمۇ تەس!

باتۇرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدەستىنىڭ: "مەن كەچكىچە سىزنى تاپىمەن" دىگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، چوڭقۇر تىنىپ ئەتراپقا قارىدى. قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تال-تال كىرپىكلىرى ئارىسىدا چاقناپ تۇرىدىغان قاپ-قارا كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان، ئاي يۈزلۈك گۈزەل گۈلدەستە پەيدا بولدى.

باتۇر گۈلدەستىنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈشلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ قىسقا كۈنلەر ئىچىدە ئۆتكەن ئىنتايىن شىرىن مىنۇتلارنى يادىغا ئالدى: "ئىخ گۈلدەستە، سەن نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟ ئەمدى سېنىڭ ھالىڭ نىمە بولار؟ ساڭا ئېغىر، ناھايىتىمۇ ئېغىر!" باتۇرنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك قاتتىق ئاغرىدى.

— كامال ئېيتقىنا، گۈلدەستە قانداق ياخشى-ھە! جەڭ مەيدانلىرىدا ئەرلەردەك تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بېلىنى چىڭ باغلاپ، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟!

كامالنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلىدى. ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان ئەزىمەت دوستىنىڭ يۈرەك ئارزۇسى ئۈچۈن يىغلاپ تاشلىدى.

— قانچىلىك ياش تۆكسەكمۇ قايغۇنى باسالمايمىز، — دىدى باتۇر كامالنى بەزلەپ.

دۈشمەن غالجىرلىق بىلەن مەھەللىلەرگە باستۇرۇپ كىرگەن-دە، گۈلدەستە پۇقرالارنىڭ قېچىشىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. ئۇ ھەر قانچە ئالدىرىسىمۇ باتۇرنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى بىرلىشىپ، ئون ئىككى تاغنى ئەجدىھادەك يۇتۇۋالدى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە باتۇردىن ئەنسىرەپ تۇرغان گۈلدەستە: "يىلسىن قازى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھەربى ئەمەلدارنىڭ نەچچەچە مىڭ ئەسكىرى باتۇرلار قاپسىلىپ قالغان ئۆتكۈرنى نەچچە كۈنگىچە قورشاپ تۇرۇپتۇ. باتۇر بىلەن كامال بىرمۇ دۈشمەننىڭ ئۆتكۈردىن ئۆتۈشىگە يول قويماپتۇ. ئۆتكۈرنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئىكەن، ئۆلۈكىنى ۋاڭغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپتۇ" — دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ زەنجىر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ چۇۋۇلۇپ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى بىر سىلكىپ كەينىگە تاشلىۋېتىپ، ھەرقاچان ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى زاھىر تەيجىگە نەشتەردەك سانچىدى. تەيجىنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ چەكچىيىپ كەتتى ۋە ھودۇققان ھالدا ئادەملىرىگە بۇيرۇدى:

— ئالدى بىلەن باتۇرنىڭ مال-دۇنياسى، ئوق-قوراللىنى دەرھال مۇسادىرە قىلىڭلار!

— باتۇرنىڭ مال-دۇنياسى يوق! بىزدە مال-دۇنيا نېمىش قىلسۇن؟ باتۇرنىڭ بىردىن-بىر قورالى خەلق. خەلقنى ھەرگىزمۇ يوقىتالمايسەن! — دېدى گۈلدەستە غەزەپ بىلەن.

تىلى تۇتۇلغان تەيجى باشقا گەپ تاپالماي، چېرىكلەرگە قاراپ يەنە بۇيرۇق بەردى:

— بۇنى ئەپ بېرىڭلار! ۋاڭ خوجامغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار! بۇ ئەجەللىك توشقاننى ۋاڭ خوجام ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ

ئۆلتۈرسۇن!
چىرىكلەر گۈلدەستىنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلانغان باتۇرنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ دەلدەڭشىپ تۇرۇپ كامالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى:

— تۇر كامال، تۇر! مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەك ئارماندا كېتىمىز، ھېچبولمىغاندا تاش ئېتىپ بولسىمۇ بىرنەچچىسىنىڭ نەدۈنى بېرەيلى!

لېكىن كامالدىن ئۈن چىقمىدى، ھەتتا مىدىرمۇ قىلمىدى. كۆڭلىنى قاراڭغۇ بىر ۋەھىمە قاپلاشقا باشلىغان باتۇر ئۈنلۈك ۋاقىرىۋەتتى.

— كامال! كامال! جان جىگىرىم كامال!

لېكىن ئۇنىڭ دەرمانسىزلىقتىن ئاۋازى چىقمايتتى. باتۇر چىدىمىدى. باشلىرى ئايلىنىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى كامالنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. كامال يېرىلغان لەۋلەرىنى مىدىرلىتىپ، نىمىدۇ بىرنىمىلەرنى دەيتتى. باتۇر كامالنىڭ بېشىنى سىلاپ، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى. كامالنىڭ لەۋلىرى مىدىرلاشتىن توختىغان ئىدى.

— دوستۇم كامال، گەپ قىلساڭچۇ، سەن باتۇر ئەزىمەت ئىدىڭغۇ! — باتۇرنى قورقۇنچلۇق بىر خىيال چىرمىۋالدى، — ياق، ياق، سەن ئۆلمەيسەن! سەن ئۆلمەيسەن! — باتۇرنىڭ تىترىگەن قوللىرى كامالنىڭ قوللىرىنى مۈرىسىگە ئالدى. ئۆزى كامالنى قۇچاقلاپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى...

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. باتۇرنىڭ كۆز ياشلىرى كامالنىڭ يۈزىگە چۈشتى. باتۇر يەنە پىچىرلاشقا باشلىدى: "ياق، ياق، سەن ئۆلمەيسەن، ئۆلسەك ئىككىمىز

تەڭ ئۆلىمىز. سەن بىلەن مېنىڭ باسقان ئىزىمىز ئوخشاش، بىزنىڭ بۇ ئىزىمىز ھېچقاچان ئۆچمەيدۇ. بىز ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ خەلقىمىز بىزنى ئۇنتۇمايدۇ. بىز قالدۇرغان ئىشنى ئەنە شۇ قودرەتلىك يېقىرا ئۆزى قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىمىز ئۇلارغا مەدەت بولىدۇ......" تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇنىڭ قوچىقىدا تۇرغان كامال پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

سىرتتا ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەر ئۆڭكۈر ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە كەلمىگەنلىكىنى سېزىپ، ئاستا ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىشتى. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئىچىگىمۇ كىرىشتى. ئۇلار باتۇر بىلەن كامالنىڭ جەسىتى ياتقانلىقىنى كۆرۈپ "ئۆلۈپتۇ" دېيىشتى. كېيىن "ۋاڭ خوجامغا ئۆلۈكلىرىنى كۆرسىتىش كېرەك" دېيىشىپ، ئۇلارنى كۆتىرىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى. شۇ ئارىدا دۈشمەنلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا، تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر: "ئۆلۈكىنى قولىغا چۈشۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟" دېسە، بەزىلەر: "ئۆلۈكىنى ئېلىپ بارغاننىڭ نېمە پايدىسى، ئۆلگەنلىگىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بارساق بولمامدۇ؟" دېيىلىشەتتى. يەنە بەزىلەر: "بېشىنىلا كېسىپ ئېلىپ بارايلى" دېيىشتى. بۇ غۇلغۇلا ئىچىدە گاڭگىراپ كەتكەن ياسىن قازى ئاخىرى بېشىنى كېسىپ ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلدى. شۇ چاغدا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان — ئۆڭكۈرگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەيدەپ كېلىنگەن ناسىر "سوغ":

— ۋاڭ خوجام، تۆلۈك بولسا ئۆلۈكىنى، تىرىك بولسا تىرىكىنى ئېلىپ كېلىڭلار دېگەن! ھېچقاچان كاللىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار دېمەپتۇ. مۇشۇ پېتى ئاتقا ئارتىپ ماڭسا بولمامدۇ؟! — دەپ گەپكە ئارىلاشتى.

— ياسىن قازى ناسىر "سوغ"نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇتۇلۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئويىدىن يېنىپ:

— بۇمۇ راست، ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ مېڭىڭلار، — دېدى.

شۇ چاغدا قاتتىق ئازاپلانغان باتۇر بىلەن كامالغا ئىچ ئاغرىتىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ناسىر ئىككىلا تەننىڭ سەل تىترىلاپ قالغىنىنى سەزدى.

— ھەي، ھەي، توختاڭلار، — دېدى ناسىر چاندۇرماي، — بۇلارنىڭ جېنى باردەك قىلىدۇ. بۇلار ئاچلىق، ھالسىزلىقتىن ھوشىدىن كەتكەن چېغى، ھوشىغا كەلتۈرۈپ ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا تىرىك ئېلىپ بارايلى، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ تومۇرلىرىنى تۇتتى، — قېنى، ئاغزىغا ئەينەك تۇتۇپ كۆرەيلى.

ياسىن قازى بويىندىكى دۇربۇنىنى سۇندى. ناسىر دۇربۇنىنىڭ ئەينىكىنى باتۇرنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ باردى. ئەينەك ھوردىلىشقا باشلىدى.

— دېمىدىممۇ، مانا بۇلار تىرىك. ئاۋۋال ھوشىغا كەلتۈرەيلى، بۇ تەرىپىنى ئۆزەمگە قويۇپ بېرىڭلار!

ناسىر شۇ كۈنى چۈشكىچە ئىككىسىنى ھوشىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئەتىسى چېرىكلەر ئىككىسىنى باغلاپ ئاتقا ئارتتى. ياسىن قازى ئادەم ئايىغى باسمىغان يەرلەردىن ئايلاندۇرۇپ قۇمۇلغا ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. ناسىر بىلەن بىر چېرىكنى ئالدى بىلەن ۋاڭغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يولغا سالدى...

ئۇرۇش جىددى داۋام قىلىۋاتقاندا گالىي پالۋاننى تۇتۇپ كەتتى. باغداش دوغىسى ئوق تېگىپ ۋاپات بولدى. بۇ خىل ئىشلار، بولۇپمۇ باتۇر بىلەن كامالدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى يۈرىكىنى چەكسىز ئازاپلاۋاتقان موللانىياز بىلەن مامۇت زور قويۇق قارىغايلىق ئىچىدە، مۇندىن كېيىن نېمە قىلىش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا سەمەت بىلەن سادىق ئات چاپتۇرۇپ كەلدى-دە، ناسىرنىڭ ئۇلارغا باتۇر بىلەن كامالنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىش يوللىرىغىچە

ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىككى پالۋاننىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىت نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇلار موكتۇرۇپ قويغان يۈزدىن ئارتۇق پالۋاننى كەينىگە سالدى، — دە، ئات سېلىپ قارا تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

جىلغىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پالۋانلار باتۇر بىلەن كامالنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىككى يۈز چېرىككە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

ياسىن قازى باتۇرنىڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىۋەتتىم دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ تويۇقسىز ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالدى ۋە بايىلا باتۇرنىڭ ھۇشىغا كەلگەندە دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. "سەن مېنى قولىغا چۈشۈردۈم، دەپ ئويلامسەن، سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، خەلقنىڭ قولى ھامان سېنىڭ گېلىڭدا، سەن ئىككىمىزنى تۇتقۇنۇڭ بىلەن پۈترا ئىچىدە سىڭىلغان، مىليونلىغان باتۇر، كاماللار بار. سەن ئۇلارنى تۇتۇپ تۈگىتەلمەيسەن!" ياسىن قازىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان پالۋانلار چېرىكلەرگە ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. چېرىكلەر قاچتى. پالۋانلار بوراندەك باستۇرۇپ كېلىپ قوغلىدى.

باتۇر بىلەن كامال ئارتىلغان ئاتلار ئىگىسىز قالدى. سەمەت بىلەن پازىل ئاتلارنى قارىغايلىق ئىچىگە ئەپكىرىپ كەتتى.

ماھمۇت زور بىلەن موللانىياز چېرىكلەرنى خېلى يەرگىچە قوغلاپ، كېيىن قايتىپ كەلدى. باتۇر بىلەن كامال پالۋانلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىت ياشلىرى تامچىلىدى.

كېيىن باتۇر ھەمرالىرىنى ۋە گۈلدەستىنى سورىدى.

موللانىياز بىلەن ماھمۇت زور جاۋاپ ئورنىدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يەرگە قارىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ناسىر گۈلدەستىنى ۋاڭنىڭ ئوم زىندانىغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

باتۇر ئىگىز تاغنىڭ باغرىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يوللىرىنى توسۇپ تۇرغان قاتمۇ- قات ئىگىز تاغلارغا قارىغان ھالدا بىر ھازاغىچە خىيال سۈردى. ئاندىن غەزەپ بىلەن قىلىچىنى بىلەشكە باشلىدى. پالۋانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەزەپ بىلەن قىلىچلىرىنى بىلىدى. قىلىچلارنىڭ بىسلىرىدىن ئوت ئۇچقۇن- لىرى چاچرايتتى. بۇ ئۇچقۇنلار يۈرەكلەردە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان غەزەپ يالقۇنىنىڭ ئۇچقۇنلىرى، قىساس، ئىنتىقام ئوتىنىڭ ئۇچ- قۇنلىرى ئىدى. يۈزلىگەن قىلىچ بىسلىرىدىن چاچراۋاتقان ئوت ئۇچ- قۇنلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ زور يالقۇن پەيدا قىلماقتا ئىدى...

1981 - يىل، ماي.

**قومۇل**